# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

(28)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



باۋۇدۇنباي (1851 - 1928)



ھۈسەنباي (1844 - 1926)



# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (28)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.5، قىستۇرما ۋارىقى: 3
1990 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 2،450 —— 1
ISBN 7—228—01353—0/K·118
باھاسى:
(ئىچكى قىس


20



ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان كوچا تىياتىرىدىن بىر كۆرۈنۈش



ئاپرېل بايرىمىغا بېغىشلانغان كوچا تىياتىرىدىن بىر كۆرۈنۈش



تۇنجى ئۇيغۇر ئۇچقۇچىلىرىدىن بىرى — ئەخمەت

## مۇندەرىجە


ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىدىن ئەسلىمە......ئابدۇللا تالىپ 1

30-، 40- يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى جەڭگىۋار تېما — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش..........................جاپپار ئەمەت 12

ياپون مىلىتارىزمىغا قارشى ئاممىۋى ھەرىكەت ۋە «شاڭخەي كېچىسى»......................مەمتىمىن نورۇز 36

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە قىلغان ياردىمى توغرىسىدا... شىرىپ خۇشتار 41

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى ۋە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى..........................ئېلى ئېزىز 54

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىخۇا خەلق ئارىلىق تېلېگراف ئىستانسىسى توغرىسىدا.......................... گۇ مىڭلىك 62

شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پائالىيەتلىرى (ماتېرىيال).......................ئابلەت نۇردۇن 72

شىنجاڭنىڭ تاشيول تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە.......................مەخسۇت تېيىپوۋ 81

شىنجاڭنىڭ تاشيول - ترانسپورت ئىشلىرىدىن ئەسلىمە.......................سوپاخۇن سوۋۇروۋ 99

ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئەسلىمىسى..........






مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر زات — مەتنىياز مەخسۇم



ئاتاقلىق كارخانىچى — قادىر بەگ ھاجىم

قۇددۇس ئابدۇسەمەت رەتلىگەن ........ 107
ئەھمەت زىيائىنىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى
........ئۈن ئالغۇغا ئاساسەن رەتلىگۈچى: دىلدار 135
مۇسابايوۋلار كارخانىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى........
........ ئېزىزوۋ ئابدۇللا 189
ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە تەنتەربىيىسىنى تارقاتقۇچى
ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار........ شىرىپ خۇشتار 229
ئاتاقلىق كارخانىچى — قادىربەگ ھاجىم.........
........شىرىپ خۇشتار 248
ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 1945 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە
بولغان مەدەنىي مائارىپ ئەھۋالى (ماتېرىيال)........
........قۇددۇس ئابدۇسەمەت رەتلىگەن 255
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باي ناھىيىسىگە قوشقان
تارىخىي تۆھپىلىرى........باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 262
ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەكتەپ مائارىپىنىڭ قىسقىچە
ئەھۋالى........ ئادىل مۇھەممەت 286
مەرىپەتپەرۋەر مۇھەممەت داموللا ھەققىدە........
........ئابلىز ئابلەت 296
مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر زات — مەتنىياز مەخسۇم
........شىرىپ خۇشتار 304
قەشقەر يېقىنقى زامان تىبابەتچىلىكى ۋە مەشھۇر
تېۋىپلار ........شىرىپ خۇشتار 312
تۇنجى ئۇيغۇر ئۇچقۇچىلىرىنىڭ بىرى — ئەخمەت.....
........شىرىپ خۇشتار 334
21 - ئىيولدىكى تۇتقۇن........مەتىمىن نۇرۇز 337
چىڭ سۇلالىسى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئىلىدا
قۇرۇلۇشى........نىئمەت ياقۇپ 341
ياقۇپبەگ بىلەن نىياز ھېكىم بەگنىڭ مۇناسىۋىتى



توغرىسىدا غەيرىي رەسمىي ماتېرىيال........ئابدۇۋەلى روزى 352
جاڭ جىژجۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىقتىسادىي ئاخبارات
جەھەتتىن نازارەت........ۋېي شىشى 363
ئۇيغۇرلارغا خەنزۇچە «维吾尔» نامىنى بېرىش
توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن.....خې يۈيجۇ، كاڭ بىڭلىن 373
«ئىلى بەيخۇا گېزىتى» توغرىسىدا........ۋاڭ مىڭتاڭ 375
شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى
........ سەي جىنسۇڭ 378

# 目 录

忆维吾尔族人民在抗日战争时期的爱国行动
……………………………………阿不都拉·塔里甫 1
三、四十年代维吾尔族文学的战斗口号——抗日救国
……………………………………加帕尔·艾买提 12
反对日本帝国主义的群众运动和《上海之夜》
……………………………………买买提明·努肉孜 36
关于新疆人民支援抗日前线的一些事
……………………………………谢曰甫·胡西塔尔 41
抗日战争时期的新疆维吾尔戏剧和募捐运动
……………………………………艾力·艾则孜 54
抗日战争时期的迪化国际电信站
……………………………………谷梦林 62
新疆各民族人民在抗日战争时期的种种活动（资料）
……………………………………阿不来提·努尔东 72
忆新疆的公路建设
……………………………………买合苏提·铁依波夫 81
忆新疆的公路运输事业
……………………………………苏帕洪·苏吾罗夫 99
乌依古尔·沙依然尼的回忆录
……………………………………库都斯·阿不都色买提整理 107
艾合买提·孜亚依的回忆
……………………………………根据录音整理：迪里达尔 135
木沙巴尤夫厂史简述
……………………………………艾孜佐夫·阿不都拉 189

维吾尔族新式教育和体育的传播者——木沙巴依兄弟俩
……………………………………………………谢曰甫·胡西塔尔 229
著名的企业家——卡德尔别克·阿吉
……………………………………………………谢曰甫·胡西塔尔 248
1945～1949年间伊犁地区文教情况（资料）
…………………………………………库都斯·阿不都色买提整理 255
维吾尔族文化促进会在拜城……………………………………拜城县政协 262
解放前麦盖提教育之简况
……………………………………………………阿迪里·穆罕默德 286
教育家——穆罕默德·大毛拉
……………………………………………………阿不力孜·阿不来提 296
教育家、进步人士——买提尼牙孜·买合苏木
……………………………………………………谢曰甫·胡西塔尔 304
近代喀什的医学和名医……………………………谢曰甫·胡西塔尔 312
维吾尔族第一代飞行员之一——艾合买提
……………………………………………………谢曰甫·胡西塔尔 334
“7·21”大逮捕……………………………………买买提明·努肉孜 337
清朝在伊犁设立将军府的经过
……………………………………………………尼合买提·亚库甫 341
关于阿古柏与尼牙孜阿奇木伯克之间关系的资料
……………………………………………………阿不都外力·肉孜 352
从经济公报上对张治中的活动进行监督
……………………………………………………………………魏锡恕 363
关于汉文“维吾尔”三字的定名会议
……………………………………………………何语竹、康炳麒 373
关于《伊犁白话报》之情况
……………………………………………………………………王梅堂 375
新疆近代史大事记
……………………………………………………………………蔡锦松 378

译者：阿不来提·努尔东
阿不利孜·穆罕默德·沙依拉米

# ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىدىن ئەسلىمە

## ئابدۇللا تالىپ

1931 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىنى زىلزىلىگە سالغان «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتەر - ئۆتمەي خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن تاجاۋۇزچىلار خۇددى «پىلە قۇرتى ئۈجمە غازىڭىنى يېيىش ئۇسۇلى» بويىچە يەنە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرىپ، 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەشھۇر «7 - ئىيول لوگوچياۋ ۋەقەسى»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جۇڭگو زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش غەرىزى بىلەن باشلانغان بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ مىللىي بىرلىكسەپ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىنى كەڭ كۆلەمدە باشلىۋەتتى. سەككىز يېرىم يىلغا سوزۇلغان بۇ جاپالىق ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇقەددەس زېمىنى — شىنجاڭ ئۆلكىسى بۈيۈك ئارقا سەپلىك رولىنى ئويناپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇلۇغ كۈرەشكە مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشتى. بولۇپمۇ ئەينى مەزگىللەردە شىنجاڭ ئۆلكىسى ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ نىسبەتىنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇر خەلقى تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭ-

خۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئازادلىق يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. پىدائىي بولۇپ ئالدىنقى سەپتە جەڭگە قاتناشقانلار؛ پىداكار بولۇپ ئارقا سەپتە تاشيول ياسىغانلار؛ كارۋان بولۇپ ئالدىنقى سەپكە ماددىي بۇيۇم ۋە قورال - ياراق توشۇغانلار؛ زاۋۇت - كانلاردا جان پىدالىق بىلەن قان - تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىگەنلەر؛ مال - مۈلۈك ۋە ئالتۇن - جابدۇقلىرىنى ئايىماي بەس - بەس بىلەن ئالدىنقى سەپكە ھەدىيە - ئىئانە قىلغانلار؛ مەنىۋى جەھەتتە: ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان يۈزلىگەن سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققان دراماتورگلار، شائىرلار، ناخشا ئىجادكارلار، تەشۋىقاتچى - ناتىقلار، مەرىپەتچى - ئۇستازلار، ئارتىس، ئارتىسكا ۋە مۇزىكانتلار، رەسسام، ژۇرنالىستلار ھەم نۇرغۇنلىغان ساھەلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىش ئىزلىرىنى قالدۇرغانىدى.

بۇ ماقالەمدە مەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆرسەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك جاسارىتى ۋە ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردىكى پائالىيەتلىرىدىن بىر قىسىم پاكىتلارنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1

1937 - يىلى ياپونغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇش مەملىكەت مىقياسىدا باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي تاجاۋۇزچى قوشۇنلار جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۆلكىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. نەتىجىدە ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا قاتناش يولى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. ئەينى زاماندا تېخى ئىقتىسادىي قالاق، ماددىي شارائىتى بىر قەدەر ناچار ھالەتتە بولغان جۇڭگو خەلقئارا ياردەمگە جىددىي مۇھتاج ئىدى. بۇنداق ئېھتىياج-



نىڭ تارىخىي مەجبۇرىيىتىنى ئەينى زامان جۇغراپىيە شارائىتىدا پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىسىلا ئۆز ئۈستىگە ئالالايتتى. بۇ ئۆلكىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى «چوڭ ئارقا سەپلىك تارىخىي ئورنى» ئەنە شۇنداق تەقەززا بىلەن شەكىللەنگەنىدى. چۈنكى، ئەينى يىللاردا جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىگە يېقىندىن ھېسداشلىق قىلغۇچى ۋە ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى قاتارلىق ماددىي ياردەم بەرگۈچى بىردىنبىر دوست ئەل — سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۈملىدىن باشقا ئەللەرنىڭ ھەر خىل ماددىي ياردەملىرىنى جۇڭگونىڭ ئالدىنقى سەپ فرونتلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى قاتناش لىنىيىسى ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىسى ئارقىلىق بولاتتى. بىراق، ئەينى زامانلاردا شىنجاڭدا زامانىۋى تاشيوللار تېخى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلىشى ئارقىسىدا ئىنتايىن تېزلىك بىلەن شىمالدا «قورغاس - لەنجۇ» تاشيول لىنىيىسى؛ جەنۇبتا «قاراقول - ئۈرۈمچى» تاشيول لىنىيىسى ياسالدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقان ياشلىرى بۇ ئېغىر ئەمگەك جەريانىدا ئىسسىق قان - تەرلىرىنى تۆكتى. بۇ ئىككى قاتناش لىنىيىسىدىكى ئاتاقلىق دەريا ۋە ئۆستەڭ كۆۋرۈكلىرىدىن ماناس دەرياسى كۆۋرۈكى، ئاقسۇ دەرياسى كۆۋرۈكى، ئاقسۇ «دولان ئۆستىڭى كۆۋرۈكى» («قىزىل كۆۋرۈك» دەپ نام بېرىلگەن)، باي «قىزىل دەرياسى كۆۋرۈكى»، باي «ياقئېرىق دەرياسى كۆۋرۈكى»، «جىپىسلاڭ دەرياسى كۆۋرۈكى»، كۇچا «كۇسەن كېچىكى كۆۋرۈكى»، «باغراش كۆۋرۈكى»، «داۋانچىڭ كۆۋرۈكى» ۋە مىڭلىغان كەلكۈن جىلغىلىرىدا ياسالغان چوڭ - كىچىك كۆۋرۈكلەر ئۇيغۇر دېھقان ئەمگەكچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى بەدىلىگە ياسالغانىدى. ئۇيغۇر ھارۋىكەشلىرى، ئات، ئېشەك ۋە تۆگە كارۋانلىرى بۇ يوللاردا توختىماي ئالدىنقى سەپكە كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچ-

مەك، ئوق - دورا توشۇپ تۇراتتى.

ئۇنىڭدىن سىرت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىمىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادا قۇرۇپ چىققان قورال - ياراق زاۋۇتىدا، گېئولوگىيە ئەترەتلىرىدە، ھەر خىل رودا قېزىش كانلىرىدا تۈمەنلىگەن ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلىشاتتى.

1940 -، 1941 - يىللىرى ئالدىنقى سەپكە ھەر بىر ناھىيەدىن ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى قوزغىتىلغان چاغدا، ئۇيغۇر خەلقى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتارىدا بۇ داغدۇغىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ئىنتايىن قىزغىن ئاۋاز قوشتى. دېھقانلار، ئوۋچىلار، چارۋىچىلار قوللىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مىلتىق، نەيزىلىرىنى، ئەرلەر ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى، تۆمۈر، تۇچ قاتارلىق جابدۇقلىرىنى؛ ئاياللار ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ساپاق قاتارلىق بىزەكلىرىنى؛ چارۋىچىلار ئات، كالا، قوي قاتارلىق ماللىرىنى مەردانىلىق بىلەن ئىئانە قىلدى. بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلارنى ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ تارىخىي ئارخىپلىرىدىن تەپسىلىي كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ستراتېگىيە جەھەتتىن ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان جاپالىق ئۇرۇش بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئۇرۇشقا ماددىي سەپەرۋەرلىك بىلەن تەڭلا مەنىۋى سەپەرۋەرلىكمۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن 1934 - يىللىرى شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» («فەندىخۇي») تەسىس قىلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»مۇ دۇنياغا كەلدى. جايلاردا ئۇلارنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى. ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ھەمدە ۋىلايەت، ناھىيەلەردە ساناييىنەپىسە ئۆمەكلىرى قۇرۇلدى. ئاشۇ جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلارنى يادرو قىلغان ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە سەھنە تىياتىرى قاتارلىق تەشۋىقات تۈرلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتراپلىرىدا كەڭ غۇلاچ يېيىپ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئازادلىق ئۇرۇشقا قارىتىلغان ئەدەبىي - سەنئەت دولقۇنى بارلىققا كەلگەنىدى. «دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى»، «دۆلەت مۇداپىئە سەنئىتى» فاكچىنىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا قىسقىلا مۇددەت ئىچىدە يۈزلىگەن سەھنە ئەسەرلىرى يېزىلىپ چىقىپ، پۈتۈن شىنجاڭ سەھنىلىرىدە نامايان قىلىندى. ئاشۇ سەھنە ئەسەرلىرى ئىچىدە 1938 - يىلى زۇنۇن قادىر ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەرىپىدىن ھەمكارلىشىپ يېزىلغان «ئۇچراشقاندا» دراممىسى؛ يەنە شۇ يىلى ئابدۇشۈكۈر يالقۇن تەرىپىدىن يېزىلغان «شاڭخەي كېچىسى» دراممىسى؛ 1939 -، 1941 - يىللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغان «كۆرەش قىزى» ۋە «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» دراممىلىرى سەۋىيە جەھەتتىن خېلى يۇقىرى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا كەڭ تەسىر قوزغىغان سەھنە ئەسەرلىرى ئىدى. شۇڭلاشقا «شاڭخەي كېچىسى»، «كۆرەش قىزى» قاتارلىق دراممىلار ئەينى يىللاردا جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرى ماۋدۇن ۋە شاۋسەن ئەپەندىلەرنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەزمۇندا يېزىلغان چوڭ - كىچىك سەھنە ئەسەرلىرى، شېئىر، داستان، قوشاقلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. لېكىن، شۇ بىر نۇقتا خاراكتېرلىك ئىدىكى، ھەر قېتىم ۋە ھەر قانداق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينىلىشنىڭ يا ئالدى، يا كەينىدە، ياكى باشقا تەشۋىقات سورۇنلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۆۋەندىكى خىتابلىق ناخشا مۇقەددىمە ياكى خاتىمە بولۇپ ئوقۇلاتتى:

ئۇزۇن يىللاپ جۇڭگو ئۈچۈن ھازىرلانغان،
ھەربىي قورال، بار كۈچىنى تەييارلىغان؛
پۈتۈن جۇڭگو تۇپرىقىنى باسماق بولغان،
ياپونلارنىڭ چىرىك پىكرىنى بۇزۇۋەتتۇق بىز.

* * *

پات ئۇرۇشۇپ پات ھەل قىلىش پىلانىنى،
يۈز مىڭلىغان سامۇرايلار ئەسكىرىنى،
ۋەھشى قانخور باندىتلارنىڭ شۇم پەيلىنى،
قەھرىمانلىق ئۇرۇش قىلىپ قايتۇردۇق بىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان تەلىم - تەربىيە فاكچىنى پۈتۈن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يېتەكچى پروگراممىسى ئىدى. مەكتەپ ناخشىلىرى، رەسىم ۋە تەنتەربىيە دەرسلىرىنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئاشۇ نىشانغا قارىتىلغانىدى. مەشھۇر رەسسام پەزىل سالىھ دەرسلىك سۈرەت ۋە تەشۋىقات رەسىملىرىنى سىزىشتا شىنجاڭ بويىچە نەمۇنە ياراتقانىدى. ئىنقىلابىي تالانتلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەرىپىدىن يېزىلغان نۇرغۇن مەكتەپ شېئىرلىرى ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولغان ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى قوزغاتقانىدى. ئاشۇ مەكتەپ شېئىرلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق يېزىلغان:

«ئۆلۈم يا كۈرۈم» دەپ مىليونلىغان ئەل،
قانلىق مەيدانغا چۈشتى باغلاپ مەھكەم بەل؛
بۇ يولدا ئاقسىمۇ قانلار بولۇپ سەل،
ئاقىۋەت مەقسىتىمىز بولغۇسىدۇر ھەل.
...............



يۇقىرىقىدەك كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن پىدائىيلىققا يېزىلغانىدى. ئاشۇ پىدائىيلىققا يېزىلغانلارنىڭ ئەڭ ئاكتىپ نامزاتلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ مەرھۇم ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بولغانىدى.

«ۋەتەن مۇداپىئەسى» مەزمۇنى قويۇق تۈس ئالغان ئۇيغۇر خەلق مائارىپى ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ زىچ ھەمكارلىقى ۋە ياردىمى بىلەن ھەردەرىجىلىك مەكتەپلەر دائىرىسىدە ھەپتە ئارىلاپ ئاخبارات لېكسىيىلەر ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. تۈتۈق مۇسابىقىلىرى يۈرگۈزۈلەتتى. ناخشا مۇسابىقىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. بازار كۈنلىرى كوچا تەشۋىقاتلىرىنى ئېلىپ باراتتى. ئاي ئارىلاپ رەسىم كۆرگەزمىلىرى ئېچىلاتتى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى رول ئېلىپ، سەھنە ئەسەرلىرىنى رېپېتىتسىيە قىلىپ تەييارلاپ يېزا - كەنتلەردە ئويۇن قويۇپ، ئېلىمىزنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش فرونتلىرىغا ياردەم ئىئانە توپلايتتى. مەجرۇھ بولۇپ داۋالىنىش ئۈچۈن ئارقا سەپكە قايتقان جەڭچىلەر ئۈچۈن قان تەقدىم قىلاتتى. كىچىككىنە كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىرى 1939 ـ، 1940 ـ يىللىرى «شاڭخەي كېچىسى»، «كۈرەش قىزى» دراملىرىنى سەھنىگە تەييارلاپ، سەييارە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا 450 مىڭ دوللار ئىئانە توپلاپ، ياپونغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش فرونتىغا ئەۋەتكەنىدى. بۇ خىل تىپىك مىساللار ئىنتايىن كۆپ...

## 3

يۇقىرىدىكى رىۋال پائالىيەتلەردىن باشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىللىرىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە يەنى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئاساس قىلغان «دۆلەت مۇداپىئە تەنتەربىيە ھەرىكىتى» ئەۋج ئالدۇرۇلدى. تەنتەربىيە ھەرىكىتى ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەتىياز پەسلىدىكىسى «12 - ئاپرېل تەنتەربىيە مۇسابىقىسى» نامى بىلەن، كۈز پەسلىدىكىسى «18 - سېنتەبىر تەنتەربىيە مۇسابىقىسى» نامى بىلەن يۈرگۈزۈلەتتى. بۇ مەزگىلدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە تەنتەربىيىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بويىچە نەچچە مىڭلىغان تەنھەرىكەت ماھىرلىرى ۋە چېمپىيونلىرى يېتىلىپ چىققانىدى.

تەنتەربىيە تۈرلىرى ئىچىگە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ۋە زامانىۋى تەنتەربىيە خىللىرى كىرگۈزۈلگەنىدى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى: چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قىلىچ ۋە نەيزىۋازلىق، پومزەك ئېتىش، دارۋازلىق، سالما تاشلاش، ئىلاڭگۈچ ئويناش، ئات ئۈستىدە تەڭگە ئېلىشىش، تاغار يۈدۈپ يۈگۈرۈش، تۇخۇم چىشلەپ يۈگۈرۈش، ئارغامچا تارتىشىش، سەكرەش قاتارلىق خىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى ئىچىگە يېڭى زامان تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن: دامكا، بىليارد، شاھمات، تامپاس، ئېگىز ۋە يىراققا سەكرەش، پۇتبول، ۋالبول، ۋاسكېتبول، چويۇن توپ ئېتىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، قارىغا ئېتىش، ئاتلىتىكا... قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرى كىرىپ كەلدى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە خەلقنىڭ جىسمانىي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئېھتىياجى ۋە جىددىي تەلىپى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى تەنتەربىيە خىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «18 - سېنتەبىر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى» تۈرى بولۇپ ئىزچىللاشتۇرۇلاتتى. ئاشۇ مەزگىللەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى يالغۇز ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە تەلىم ئېلىۋاتقان ياش - ئۆسمۈرلەر ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ يېزا - كەنتلىرىگىچە كەڭ تارقالغان ئاممىۋى پائالىيەتكە ئايلانغانىدى. جۈملىدىن «18 - سېنتەبىر تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى» ئۈچۈن تاللانغان مىڭلىغان تەنتەربىيە چولپانلىرى ئىچىدە يېرىم نىسبەتىنى دېگۈدەك خوتۇن - قىزلار تەشكىل قىلاتتى. بۇ ھال تېخى فېئوداللىزم شارائىتىدا كېتىۋاتقان جەمئىيەت ئۈچۈن ئالغاندا ئىنتايىن زور تارىخىي ئىلگىرىلەش ئىدى.

«18 - سېنتەبىر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى» ئۈچ دەرىجە بويىچە ئۆتكۈزۈلەتتى. بىرىنچى باسقۇچتا ناھىيىلەردە؛ ئىككىنچى باسقۇچتا ۋىلايەتلەردە؛ ئۈچىنچى باسقۇچتا ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ھەيۋەتلىك داغدۇغا بىلەن باشلىنىپ، داغدۇغا بىلەن يېپىلاتتى. ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىملىرىدا ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئۆلكىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەنتەربىيىنىڭ ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تەكىتلەيتتى. رەتلىك ۋە بىر خىل فورمىدا چىرايلىق كىيىنىشكەن ئەر - ئايال ساغلام تەنھەرىكەتچىلەر كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تۆۋەندىكى تەنھەرىكەت مارشىنى ئۈنلۈك ئېيتىشىپ، مۇسابىقە مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى:

بىز ئوينايمىز ئات مەشنى،
ھەم ئوينايمىز قىلىچ مەشنى؛

ئۇنى ئويناپ ئۇستا بولۇپ،
ئالىمىز ياپوننىڭ بېشىنى①.
..........

4

ئەمما ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى بىر ئوچۇم ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش» ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. ئۇلار كۆچلەرنى قاماش، سۈرگۈن قىلىش، خارلاپ زەربە بېرىش قاتارلىق زىيانكەشلىكلەرنى يۈرگۈزدى. دەسلەپكى باسقۇچلاردا جاكارلانغان ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلغان مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئەمەلدارلار پاك بولۇش سىياسىتى بىكار قىلىنىپ، مىللەتلەر ئارىسىدا ئىناقسىزلىق ۋە بىر - بىرىنى كەمسىتىش كەيپىياتى ھەمدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىچىدە پارىخورلۇق، خىيانەت قىلىش ھەرىكەتلىرى كۈندىن - كۈنگە ئەدەپ كېتىشكە باشلىدى. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى توپلانغان ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقلار ئەمەلىيەتتە بولسا خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى: خوتەن ۋە ئالتايدىكى ئالتۇن كانلىرىدا بولسا مىڭلىغان ئۇيغۇر ئىشچىلىرى ئاشۇ ئالتۇن كانلىرىنىڭ ناچار مۇھىت ۋە ئۇسال تۇرمۇش شارائىتىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي دۆلەت مۇداپىئە ئۇرۇشى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كېچە - كۈندۈز ئالتۇن ئىشلەپ چىقىراتتى. بۇ كانلاردا قۇربان بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىدى. تېخى «ئۆل-

① بۇ شېئىر ل. مۇتەللىپنىڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندىكى ئۇستازى ئابىت ناسىرى تەرىپىدىن 1940 - يىلى يېزىلغان.



مەكتىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىپ 1942 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا «ئالتۇن ئالۋىڭى» سېلىقى قويۇپ، نەچچە تۈمەن مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى مەجبۇرىي تۇتقۇن قىلىپ، پىيادە ئۈرۈمچىگە ھەيدەپ كېلىشتى. بۇ مەھكۇم تۇتقۇنلارنىڭ نۇرغۇنلىرى قامچا - كالتەك ئاستىدا، بەزىلىرى ئاچلىقتا، يەنە بەزىلىرى ۋابا كېسەللىكىدە ئۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىخانلىرى چۆل - جەزىرىلەردە قەبرىسىز قالغانىدى. يېزىلاردىكى زالىم بەگلەر ۋە شەھەرلەردىكى پارىخور مەنسەپدارلار ئاشۇ گۇناھسىز قۇربانلارنىڭ بەدىلىگە قىزىل قاندىن شاراپ ئىچىشەتتى، ھارامدىن ئەيشى - ئىشرەت سۈرەتتى.

«ئالتۇنچى» يىگىتلەرنىڭ ئۈرۈمچىگە ساق يېتىپ كەلگەنلىرىنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي ئۆلامباي ئۆستەڭى ۋە بوغدا ئۆستەڭى ئەمگىكىگە ھەيدىلىپ قەھرىتان سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلگەن بولسا، بىر قىسمى ئالتاي تاغلىرىدا نابۇت بولۇپ تۈگەشكەنىدى. بۇ ئۇنتۇلغۇسىز تارىخىي تراگېدىيە - قانلىق پاجىئە توغرىسىدا «ئالتۇنچى» يىگىتلەردىن بىرى تۆۋەندىكى قوشاقنى يېزىپ قالدۇرغانىدى:

بېشىمىز قايدىمۇ باللا،
پۇتىمىز تايدىمۇ باللا؛
قاراپ ھوناق بىلەن كۆككە،
كۆزىمىز ئايدىمۇ باللا.

* * *

ئۆلۈپ يوللاردا، چۆللەردە،
ئېقىپ ياش، تاشتى كۆللەردە؛
تۇرار جاي بولمىنى ئەمدى،
باياۋان سايدىمۇ باللا.

* * *

ئىسسىق توپ - توپ قىرىلدۇق بىز،
ئېچىمىزدىن سىرىلدۇق بىز.
قىرىلسۇن ھەم تۈگەشسۇن دەپ،
پەلەك نۇر يايدىمۇ باللا...

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ساپ پىداكار قۇربانلىرى بولغان ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ قان بەدىلىگە توپلانغان زەر ئالتۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىنى مىللىتارىست شېڭ شىسەي نەچچە ماشىنىغا بېسىپ، 1944 - يىلى يازدا ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتكەندە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ ھەقتە ئۇزۇن يىل تۈرمىدە ياتقان بىر ۋەتەنپەرۋەر شائىر تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت نەزمىنى يېزىپ قالدۇرغان:

شېڭ جاللاتنىڭ دەۋرىدە بويسۇندۇردى ئالتىنغا،
كاللا كېسىپ، زەر يىغىپ سېلىپ ماڭدى خالتىغا.



## 30 - ، 40 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى جەڭگىۋار تېما — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش

**جاپپار ئەمەت**

ياپونىيە جاھانگىرلىكى ئاسىياغا خوجا بولۇش ياۋۇز نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇن مۇددەت تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن جۇڭگوغا چاڭگال سالدى. 1931 - يىلى «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى»نى تۇغدۇرۇپ، شەرقىي شىمال ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ جۇڭگو زېمىنىگە ئۆزلۈكسىز ئىچكىرىلەپ كىردى؛ 1937 - يىلى 7 - ئىيول كۈنى بېيجىڭغا ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى لوگوچياۋغا ھۇجۇم قىلىپ، «7 - ئىيول قانلىق ۋەقەسى»نى تۇغدۇردى. شۇ كۈنى بۇ يەردىكى جۇڭگو قىسىملىرى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. شۇنداق قىلىپ «7 - ئىيول» كۈنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن، خەلقنى قۇل بولۇشتىن ساقلاپ قېلىش يولىدىكى جەڭگىۋار كۈرىشى — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىش كۈنى بولۇپ قالدى.

ھايات - ماماتلىق ئالدىدىكى مۇنداق بىر جىددىي پەيتتە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش - تۇرماسلىق — كىمنىڭ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، كىمنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ ئىكەن-

لىكىنى، قايسى پارتىيە ـ گورۇھنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلابچى ياكى يالغان ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان سىناق بولۇپ قالغانىدى. دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا، خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ چوڭ ئىشتا، ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە مۇراجىئەت چىقىرىپ: «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش»نى تەلەپ قىلدى. بۇ چاقىرىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئىگە بولدى، ئىككى پارتىيە ھەمكارلىقى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى.

بۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئەھۋالى مۇنداق ئىدى:

1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىش»دە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىقتى. لېكىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن قالايمىقان ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېييۇەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلغان، قۇمۇل، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئەۋج ئالغان ئىدى. شېڭ شىسەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ شىنجاڭنى كونترول قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە باغلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۆزىگە چېگرىداش بولغان شىنجاڭدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىسىز بولغان غەيرىي ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى خالىمايتتى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېييۇەن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئۈرۈمچىنى قىيىن ۋەزىيەتتىن قۇتقۇزدى؛



كېيىن يەنە 50 مىليون روبلى قەرز پۇل بېرىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى. شۇنداق قىلىپ شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ما جۇڭيىڭنىڭ خوتەنگە قېچىپ بېرىۋالغان ئاخىرقى كۈچلىرىنى تىرە ـ پىرەڭ قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تىنچلىق ئورناتتى.

شېڭ شىسەي يەنە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە مۇھتاج ئىدى. جۈملىدىن بۇ چاغدا شىنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم ئارقا سېپى بولۇش بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى خەلقئارا دوستلارنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا بەرگەن ماددىي ياردەملىرىنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزىدىغان خەلقئارا قاتناش تۈگۈنى ئىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 3 ـ ئىنتېرناتسىئونال بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن بارىدىغان خادىملىرى ۋە سوۋېتتە ئوقۇشقا چىقىدىغانلارنىڭ بېرىش ـ كېلىشىمۇ شىنجاڭ ئارقىلىق بولاتتى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. 1935 — 1936 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال نامىدا ۋاڭ شۇجىڭ، ۋاڭ باۋچەن، لىيۇ بىنچۇڭ قاتارلىق 30 نەچچە پارتىيە ئەزاسىنى، كېيىن يەنە نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، سودا، قۇرۇلۇش خادىملىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 نەچچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ھەر يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقارتىلىپ، ھەر مىللەتتىن بولغان بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر كادىرلار تەربىـ

بىلەندى. گەرچە ھاكىمىيەت بېشىدا شېڭ شىسەي بولسىمۇ، لېكىن مالىيە ـ ئىقتىساد، سىياسىي ـ قانۇن، مەدەنىي ـ مائارىپ قاتارلىق مۇھىم تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەۋەتكەن ياكى ئۇلار يېتىشتۈرگەن ئىلغار كىشىلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. شېڭ شىسەي يەنە «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىش»تىن ئىبارەت «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يۈرگۈزگەچكە، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بىر قەدەر مۇقىم ئىدى.

بۇنداق پايدىلىق مۇھىت شىنجاڭنىڭ سانائەت، سودا، يېزا ئىگىلىكى ۋە مەدەنىي ـ مائارىپ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تېز قەدەم بىلەن راۋاجلىنىشىغا يول ئېچىپلا قالماستىن، بەلكى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدىمۇ يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. كومپارتىيە ئەزالىرى ئاساسىي رەھبەرلىكنى ئۈستىگە ئالغان، ئىلغار كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك گىمنازىيە، مەدەنىيەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى، ساقچى زابىتلار مەكتىپى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى قاتارلىق ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم يېڭى زىيالىيلار يېتىشىپ چىقماقتا ئىدى. ھازىر بىزگە مەلۇملۇق بولغان شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىمۇ ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم ئارقا سېپى بولۇپ قالدى. 1934 ـ



يىلى 1 ـ ئاۋغۇست كۈنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ نامى «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە»گە ئۆزگەرتىلدى ۋە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى. 1938 ـ يىلى بۇ ئۇيۇشما ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، كومپارتىيە ئەزاسى خۇاڭ خوچىڭ ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى بولدى، ئۇيۇشمىنىڭ مۇھىم بۆلۈملىرى كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن تولۇقلاندى. كېيىن جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ شۆبىلىرى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە قەدەر قۇرۇلۇپ، بۇ تەشكىلات شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدىكى جەڭگىۋار قورغىنى بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا قېرىنداش پارتىيە، تىنچلىق سۆيەر ئەللەرنىڭ جۇڭگوغا بەرگەن ماددىي ياردەملىرى شىنجاڭ ئارقىلىق بىخەتەر ھالدا ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما رەھبەرلىكىدە 1937 ـ يىلدىن باشلانغان «ئالدىنقى سەپكە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى» ئارقىلىق ھەر يىلى تۈرلۈك مىقداردا پۇل توپلىنىپ، ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بېرىلدى. يالغۇز 1937 ـ يىلى توپلانغان ئىئانە پۇل 90 مىليون سەر شىنجاڭ ئاقچىسىغا يەتتى. ھەر يىلى قىش پەسلىدە يۈز مىڭ كىشىلىكتىن كۆپرەك قىشلىق كىيىم ـ كېچەك، جۇۋا تەييارلىنىپ 8 ـ ئارمىيە جەڭچىلىرىگە سوۋغا قىلىناتتى. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما رەھبەرلىكىدە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ئاڭ سېزىمى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىنتېرناتسىئونالىزملىق ئىدىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىدە خەلقنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، پۇلى بارلار پۇل تەقـ

دىنى قىلالىتتى، دېھقانلار ئاشلىق تەقدىم قىلالىتتى. بەزى ئۇيغۇر ئاياللىرى تەشۋىقات سورۇنلىرىنىڭ ئۆزىدىلا قوللىرىدىكى ئالتۇن بىلەيزۈك ۋە ئۈزۈكلىرىنى، قۇلىقىدىكى ئالتۇن زىرە ۋە ھالقىلىرىنى، دوپپىسىدىكى ئالتۇن گۈللەرنى تەقدىم قىلىپ، نەچچە ئون مىڭ سەر ئالتۇن توپلانغانىدى.

بۇنداق زور تەنتەنىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى شۇ ۋاقىتتا قۇرۇلغان ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشۋىقى پائالىيىتى، ھەر مىللەت يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ قەلەمنى قورال قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىش ۋە تەربىيىلەش جەھەتتە ئوينىغان رولىدىن ئايرىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرقايسى دەۋردە ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن مۇھىم مەسىلىلەر ئارقىلىق دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دەۋر چاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ھەربىر يازغۇچى، شائىرمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، خەلق بىلەن قەلبداش ۋە مۇڭداش بولالىغاندىلا، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپ قالىدۇ ۋە ئەۋلادلارنىڭ مەڭگۈ قەدىرلىشىگە ئىگە بولىدۇ.

30 - ۋە 40 - يىللار جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر بالايى - ئاپەت كەلگەن، دۆلەت يوقىلىش خەۋپىگە، خەلق قۇل بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن يىللار ئىدى. شۇڭا بۇ چاغدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش — پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇ جۇڭگونىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا، دۇنيانىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر ۋاقىتتا، ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غە-



لىبىسىنى كۈيلىدى، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ «قىرىپ تۈگىتىش، ئوت قويۇپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىش»دىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى، ۋەتەن خائىنلىرى ۋە ساتقىنلارنىڭ تەسلىمچىلىك، سۇلھىپەرەسلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. 1941 - يىلى 6 - ئايدا گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ جىنايەتكارلىرى بولغان گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە فاشىستلىرى گۇرۇھىنى بىردەك ئەيىبلەپ، خەلقنى جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش روھىدا تەربىيىلىدى. 30 - ۋە 40 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز سەھىپىسىدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى يوقىتىپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، فاشىزمنى يوقىتىپ پۈتۈن دۇنياغا تىنچلىق ئورنىتىشتىن ئىبارەت جەڭگىۋار تېمىنى گەۋدىلەندۈرەلىگەنلىكى — بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىلغار يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

بىز شۇ ۋاقىتتا چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى»، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ سىياسىي، ئىلمىي ژۇرنىلى «يېڭى نۇر» ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە چىقىدىغان يەرلىك گېزىتلەرنىڭ 1937 — 1945 - يىللاردىكى سەھىپىلىرىنى ئاقتۇرۇپ كۆرسەك: مەرۇپ سەئىدى، زۇنۇن قادىرى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇرېھىم ئەيسا (دەدەمەن)، ئەھمەد زىيائى، ئارمىيە داموللا (نىمشېھىت)، لۇتپۇللا مۇتەللىپ (قايىنام ئۆركىشى)، ئابدۇرېھىم تىلەشۋ (ئۆتكۈر)، شۈكۈر يالقۇن، ئەنۋەر ناسىرى، ياسىن خۇدابەردى، نۇر بوساقوۋ، داۋۇت تۇرەخمەتوۋ، ئۇيغۇر سايرانى، ئابلىمىت مەخسىدوۋ، ئىمىن تۇرسۇن (دەۋرانى)، بىلال ئەزىزى، تۇرغۇن ئالماس، ئىبراھىم قۇربان، ئەمەت غوپۇرى، تۇرسۇن ۋاھىدى، ئابلىز نازىرى، ئابدۇكېرىم سائادەتوۋ، قۇربان ئىمىن،

نۇرمۇھەممەت ئېركى قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تېمىسىدا يازغان
سەھنە ئەسەرلىرى، ھېكايە، فېليەتون، داستان، شېئىر، ناخشا
تېكىستى ۋە ئوبزور، ماقالىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ تېمىدا يېزىل-
غان ئەسەرلەر شۇ چاغدا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى بېشىدىن
كەچۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىي نۇقسان، ئۇقۇم-
لاشتۇرۇش، شوئارۋازلىق، كالىندارچىلىق خاھىشلىرىدىن خالى
بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن يۈك-
سەك ئىدىيىۋى مەزمۇن — ۋەتەنگە، خەلققە، ئىنسانىيەتكە بول-
غان چوڭقۇر مۇھەببەت، جاھانگىرلىك ۋە فاشىزم زوراۋانلىقىغا
بولغان ئۆتكۈر نەپرەت، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى قوغدايدىغان
جەڭگىۋار روھ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىلىق كۈچ-
نىڭ ئۇيغۇن تۇرۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن؛ تىلىنىڭ
يەڭگىل، راۋان بولۇشى، كىشى چۈشەنمەيدىغان چەت سۆز ۋە
تېرمىنلاردىن مۇمكىنقەدەر خالىي بولۇش بىلەن بىزنىڭ دىققى-
تىمىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

30 – ۋە 40 – يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ
تېمىنىڭ قانداق يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا سۆز ئاچقان-
دا، گەپنى ئالدى بىلەن شۇ چاغدا تەسىرى بىر قەدەر چوڭ
بولغان سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.
شۇ چاغدا شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئازاد رايونلاردىن كەلگەن ئا-
تاقلىق يازغۇچى ماۋدۇن (شىڭ يەنبىڭ)، دراماتورگ جاۋدەن
قاتارلىق يولداشلار يازغان «كۆرەش»، «18 – سېنتەبىر ۋەقەسى»،
«نەنىڭ ھارپىسىدا»، «يېڭى شىنجاڭ» قاتارلىق دراممىلار خەنزۇ
تىلىدا ئوينالغاندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ،
ئوينالغانىدى. شۇ قاتاردا مىللىي يازغۇچىلار يازغان بىرمۇنچە سەھنە
ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭغا پېشقەدەم دراماتورگ شۈكۈر



يالقۇننىڭ 1939 – يىلى يازغان «شاڭخەي كېچىسى» دراممىسىنى، ياش
شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 1941 – يىلى يازغان «كۆرەش
قىزى»، 1943 – يىلى يازغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ئوپېرالى-
رىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ئۈچ ئەسەر شۇ چاغ-
دا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئوينىلىپ، زور شۆھرەت قازانغان
ۋە تاماشىچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ھەرقايسى ئىلغار پارتىيە –
گۇرۇھلار، جۈملىدىن گومىنداڭ پارتىيىسى ئىچىدىكى سولقاناتلار
پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش، ياپون
تاجاۋۇزچىلىرىنى جۇڭگودىن ئۇزۇل – كېسىل قوغلاپ چىقىرىش
مەيدانىدا چىڭ تۇردى. لېكىن يەنە بىر قىسىم ئىرادىسىز كىشى-
لەر جاھانگىرلارنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا لاغىلداپ تىترەپ، قانداق-
تۇ «تەسلىم بولۇش»، «سۈلھە قىلىش» سەپسەتىسىنى بازارغا سې-
لىپ، جاھانگىرلارغا تىز پۈكمەكچى بولدى. شۈكۈر يالقۇننىڭ
«شاڭخەي كېچىسى» ناملىق دراممىسىدا دەل مۇشۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك
بىلەن ۋەتەن ساتقۇچلۇق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئاساسىي تېما
قىلىنغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىغا ئىلھام
بېرىدۇ، خەلقتە دۈشمەنگە ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا قارشى كۈچلۈك
غەزەپ تۇيغۇسىنى قوزغىتىدۇ.

كىرپىك قاقماي ناخشا ئېيتىپ ئۇزۇن تۈنلەردە،
مەن قەھرىمان جەڭچىلەرگە تىكىمەن كىيىم.
ئۇ جەڭگىۋار باتۇرلارنى يادىمغا ئالسام،
كۆتۈرۈلەر ۋۇجۇدۇمدىن ھارغىنلىق سىزىم.

ئەنە شۇ مۇزىكىلىق ناخشا بىلەن باشلىنىدىغان «كۆرەش
قىزى» ئوپېراسىدا ئاددىي دېھقان قىزى يۈلەتنىڭ پارتىزانلار

بازىسىغا قېچىپ بېرىپ، ئايال پارتىزانلار ئەترىتى قۇرغانلىقى، كېيىن ياۋۇز دۈشمەن ئوفىتسېرىنى «هاراق زىياپىتى» بىلەن ئالداپ ۋە زەھەرلەپ، ئۇنىڭ قورالىنى قولغا چۈشۈرۈپ، مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئەڭ ئاخىرىدا مۇنتىزىم قوشۇنلار بىلەن پارتىزانلار بىرلىشىپ، دۈشمەننىڭ بىر تۇرۇش رايونىنى تىرە - پىرەڭ قىلىۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتلار ئارقىلىق، قەھرىمانلارنىڭ جاسارىتىگە مەدھىيە ئوقۇلسا؛ ئالۋاستىلار دۈيجاڭنىڭ يۇلەنى تېپىپ بېرىشكە قىستاپ، ئۇنىڭ ئانىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكى، يەتتە ياشلىق سىڭلىسىنىڭ چېتىنى يېرىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، دادىسىنىڭ بىر كۆزىنى ئويىۋالغانلىقى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ فاشىستىك جىنايەتلىرى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئوپېرانى كۆرگەن ھەربىر كىشىدە ئىنقىلابىي قوشۇنلارغا قىزغىن مۇھەببەت ۋە ھېسداشلىق، دۈشمەنگە كۈچلۈك نەپرەت تۇغۇلماي قالمايدۇ. «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»تا مەلۇم قىسىمنىڭ ئالاقىچى جەڭچىسىنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، قىيىن - قىستاقلارغا چىداپ مەخپىي ئالاقە خېتىنى ساقلاپ قالغانلىقى، دۈشمەن تۈرمىسىدىن قېچىپ، پارتىزانلار بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى شەرەپ بىلەن ئورۇندىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئوپېرا ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىب - سەنەم»دىكى سوئال - جاۋاب شەكلىدىن پايدىلىنىپ، پارتىزان بوۋاي بىلەن جەڭچى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوپېرانىڭ مۇزىكىسى ۋە ناخشىلىرى «12 مۇقام» ئاھاڭلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەچكە، ئوپېرانىڭ جازىبىدارلىق كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. بىز سوئال - جاۋابلار ئارقىلىق جەڭچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ۋەتەنگە، خەلققە سادىق پاك قەلبىنى چۈشىنەلەيمىز. مەسىلەن:

پارتىزان بوۋاي:

ئۇ نېمىدۇر دۈگىلەك، گۈل - غۇنچىغا ئوخشىغان؟
ئۇ نېمىدۇر كۈمۈش - ئالتۇندەك پارقىرىغان؟



ئۇ نېمىدۇر ئۈستىدە ھېسابسىز مىليونلىغان؟
سادىق جەڭچى بولساڭ ماڭا جاۋاب بەر.

جەڭچى:

ئۇ ۋەتەننىڭ زېمىنى گۈل - غۇنچىغا ئوخشىغان،
كۈمۈش دەريالىرى، ئالتۇن تاغلىرى پارقىرىغان،
تۆت يۈز ئەللىك مىليون ئەل ئۈستىدە مىليونلىغان،
پارتىزان بوۋاي بولسىڭىز جاۋابىم شۇدۇر.

«ئابۇ چەشمە» ئاھاڭىدا سېلىنغان بۇ ناخشا سەھنىدە ئوقۇلغاندا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈل - غۇنچىغا ئوخشايدىغان گۈزەل زېمىنى، بىپايان ۋادىلىرى، كۈمۈشتەك پارقىراپ، ئۇزاقتىن ئۇزاققا سوزۇلغان تاغ - دەريالىرى، جاپاكەش - ئەمگەكچى خەلقى نامايان بولىدۇ. تۆۋەندىكى سوئال - جاۋابتىن بىز جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆلسىمۇ دۈشمەنگە قۇل بولۇشنى خالىمايدىغان كۈرەشچان ئىرادىسىنى، پەقەت قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، دۈشمەنگە قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلغاندىلا، ئاندىن ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن، خەلقنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنقىلابىي داۋلىنى چۈشىنەلەيمىز.

پارتىزان بوۋاي:

ئۇ نېمىدۇر دۈشمەنگە قۇل بولماسلىقنىڭ ئاساسى؟
ئۇ قانداق چارىدۇر ئازادلىقنىڭ ئاساسى؟
ئۇ قانداق ئۇسۇلدۇر شاد - خۇراملىقنىڭ ئاساسى؟
سادىق جەڭچى بولساڭ ماڭا جاۋاب بەر!

جەڭچى:

ئازادلىق ئۇرۇشتۇر ئازادلىقنىڭ ئاساسى،
غەيرەت بىلەن چېلىششتۇر ئازادلىقنىڭ ئاساسى،
بىر ياقىدىن باش چىقىرىشتۇر زور شادلىقنىڭ ئاساسى،
پارتىزان بوۋاي بولسىڭىز جاۋابىم شۇدۇر.

30 – ۋە 40 – يىللار ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش — ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ جەڭگىۋار تېما بولۇپ قالغانىدى. بىز شۇ يىللار ئەدەبىياتىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن تۆت چوڭ داستاننىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز: يەنى، 1942 – ئىيولدا شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» داستانى، شۇ يىلى دېكابىردا شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئابدۇرېھىم تىلەشوۋ (ئۆتكۈر)نىڭ «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق لىرىك داستانى، ئەھمەد زىيائىينىڭ 1943 – يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «كۆك ئاسمان، ئاق كۈن مېدالى» داستانى، ئابلىز نازىرىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن 1947 – يىلى ئېلان قىلىنغان «شانلىق قۇربان» داستانى، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ داستانچىلىق ساھەسىدىكى تۇنجى مېۋىلىرى بولۇپلا قالماستىن، ئارقا سەپتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش يولىدىكى كۈرەشلىرىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئىدى. «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانى» داستانىنىڭ پرولوگ قىسمى مۇنداق باشلىنىدۇ:

كۈز ئاخشىمى،
ھاۋا بەك سۈزۈك،
خۇددى شىشىدەك.
قىدىرساممۇ كۆك يۈزىنى
تاپالمىدىم زادى
دانچە بۇلۇتنىڭ ئەسىرىنى.

كۆك دېڭىزنىڭ تىنىق قوينىدا
كۈمۈش ئاي شوخ ئۈزۈدۇ.



خۇددى مېنى قۇتلىغاندەك
نازلىقىنە كۈلۈپ باقىدۇ،
كەتكۈسى كەلمەي ياتىقىغا.
شادلىنىپ نۇر سېپىدۇ،
ئاسمان چىراغلىرى پىلىلدايدۇ،
جىمىر – جىمىر ۋىلىلدايدۇ.

بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا باي بۇ مىسرالار بىزگە ئۇرۇشتىن ئاۋۋالقى خاتىرجەملىكنى ئەسلىتىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل قىياپىتىنى جانلاندۇرۇپ بېرىدۇ. داستاننىڭ باش قىسمىدا بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ھازىر بۇ ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ مۇنقەرز بولۇش خەۋپىگە، خەلقنىڭ قۇل بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكى ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپتە مۈرىنى – مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىۋاتقان قەھرىمانلار شەنىگە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. داستاننىڭ خاتىمە قىسمىدا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلدۈرۈلىدۇ:

چېلىش دەۋرىنىڭ گاڭ قانىتىغا
باغلاپ يېڭى دەۋر ئىقبالىنى
كۈنلەرگە،
سېكۇنت – مىنۇتلارغا
بېغىشلاپ چېلىش تويلىرىنى،
چوغ ئېقىملىق چېلىش دەرياسىدا
كېتىپ بارىمىز
يېڭى جۇڭگو شاد ئىستىقبالىغا!

چاچما شېئىر شەكلىدە يېزىلغان بۇ داستاندا شائىر ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، ماجاز - ئىستىئارە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن كەڭ پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» داستانىنىڭ سيۇژېتى مۇنداق: جاڭ بوۋاي دۈشمەن ھۇجۇمى ئاستىدا خارابىلىققا ئايلانغان يېزىسىنى تاشلاپ، مومايىنى ئېلىپ پارتىزانلار بازىسىغا كېتىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ بىر يىگىت كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى مەيۈس، چىرايى ئۆڭگەن، مىلتىق ستۋولى يەرگە قارىغان، جانسىز قوللىرى پەسكە ساڭگىلىغان ھالدا تۇراتتى. بوۋاي ئۆز ئوغلىنى تونۇماي، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالىدۇ. «مەن ئوغلۇڭلار» دەپ يەرگە يىقىلىدۇ يىگىت. موماي: «قوزام» دەپ ئۇنىڭغا تاشلىنىدۇ. لېكىن بوۋاينىڭ يۈرىكىدە غەزەپ ئوتى يېلىنجايتتى. چۈنكى، ئوغلىنىڭ ئالدىنقى سەپتىن ۋاقىتسىز قايتىپ كەلگەنلىكى ئۇنى چوڭقۇر گۇمانغا سالغانىدى. «ئېيت، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ بۇ ياققا؟ — دەيدۇ بوۋاي غەزەپلىنىپ، — دۈشمەن خەلقىمىزگە زۇلۇم قىلىۋاتسا، پارتىزانلار قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتسا، سەن نېمىشقا فرونتنى تاشلاپ قايتتىڭ؟!» يىگىت جاڭ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالىدۇ، كۆرەشتىن زېرىكىپ كەلدىم دېسۇنمۇ؟ سىلەرنى سېغىندىم، نىگارىم يۈلىنىڭ ئىشقى ئارام بەرمىدى دېسۇنمۇ؟ ئۇ بىر پەس لام - جىم دېمەي تۇرۇپ قالىدۇ. كېيىن: «سىلەرنى سېغىنىپ كەلدىم، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە سىلەر بىلەن بىللە ئۆلەي دەپ كەلدىم» دەيدۇ. غەزەپلەنگەن بوۋاي: «كەچتىم سېنىڭدەك ئوغلۇمدىن!» دەيدۇ - دە، مومايىنى ئېلىپ تاغقا قاراپ يول ئالىدۇ. يىگىت چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا ھەيكەلدەك قېتىپ قالىدۇ ... ئۇ، بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ قارىسى كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇرىدۇ. يىگىت يولغا راۋان



بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان مەھەللىلەر، ۋەيران بولغان باغۇ - بوستانلار، ھېسابسىز جەسەت دۆۋىلىرى ياتاتتى. ئۇ ھوشىنى يىغىپ ئالدىغا قارايدۇ، ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقان سۆيگەن قىزى يۈلىنى كۆرىدۇ. «سەنمۇ ئۈمىدىم، سۆيگۈنۈم يۈلى!» دەپ قىزغا ئېتىلىدۇ. بىراق قىز ئارقىغا داجىپ، غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا: «ماڭا قول سوزما! مۇھەببەت شەرتىمىزنى بۇزما! سەن ئەسكەر ئىدىڭغۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كەلدىڭ؟ قېنى سېنىڭ كۆرەشتە باتۇر بولغىنىڭ، دۈشمەننى سۈرۈپ تارمار قىلغىنىڭ ... سەن بىزنىڭ ۋەدىمىزنى بۇزدۇڭ، مېنىڭ سەندەك سۆيگۈنۈم يوق!» دەيدۇ يۈلى. ئۇمۇ پارتىزانلار بازىسىغا قاراپ يول ئالىدۇ. يىگىتنىڭ باشلىرى ئايلىنىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ، سۆيگەن يارىنىڭ نەپرىتىگە يولۇققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ - دە، دەرھال قىسمىغا قايتىپ لەنجاڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ. دەل شۇ پەيت دۈشمەنگە قارشى جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. يىگىت جاڭ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن نەيزىنى مەھكەم ئۇشلاپ، دۈشمەنگە تاشلىنىدۇ. گىرەلەشمە جەڭدە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، بىر قانچە دۈشمەن ئەسكىرىنى يەر چىشلەتكەندىن كېيىن قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ كېتىدۇ. دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ جەڭچىلەر ئۆز ئورنىغا قايتقان بولسىمۇ، ئارىدا باتۇر يىگىت جاڭ كۆرۈنمەيتتى. لىيەنجاڭ ئۇنىڭ شۇ كۈنكى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىنى تىلغا ئېلىپ، تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتقاندا، توپ ئارىسىدىن بىر قىز پەرياد كۆتۈرىدۇ، ئۇ جەڭ مەيدانىنى كېزىپ دەريا بويىغا قاراپ يول ئالىدۇ، قۇربان بولغان يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلايدۇ. ئۇنىڭ يۈزىگە قىزىل بايراقنى يېپىۋېتىپ: «ۋەتەن ۋە يۇرتۇڭ، ئاتا - ئاناڭ سەندىن رازى!» دەيدۇ. داستان مۇڭلۇق مىسرالار بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

تاڭنىڭ شولىسى ئەنە يىراقتا،
كۈرەش بىلەن سەن چامدا شۇ ياقــقا!

داستاندا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت يۈكسەك ماھارەت بىلەن كۈيلەنگەن. يىگىت جاڭ باشتا ئاتا - ئانىسىنى، سۆيگەن يارىنى سېغىنىپ ئالدىنقى سەپتىن ۋاقىتسىز قايتىدۇ، ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋە سۆيگەن يارىنىڭ نەپرىتىگە يولۇققاندىن كېيىن، ئەس - ھوشىنى تېپىپ، شەخسىي مۇھەببىتىنى ۋەتەنگە بولغان يۈكسەك مۇھەببەت ئالدىدا قۇربان قىلىدۇ، بۇ قانداق ئالىيجاناب پەزىلەت - ھە!

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى بولغان 1937— 1945 - يىللار ئارىلىقىدا چىققان گېزىت - ژۇرناللارغا كۆز تاشلايدىغان بولساق، بۇ دەۋردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېمىلار ئىچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنني قۇتقۇزۇشنى مەزمۇن قىلغان شېئىرلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «كۈرەش»، «جۇڭگو»، «چوڭ كۈرەش قوينىدا»، «كۈرەش ئىلھامى»، «كۈرەش سېپىدىن شەپە»، «كۈرىشۋاتىمىز»، «كۈرەش دولقۇنلىرى»، «قىزىل گۈلگە پۈركەنگىنچە يەر جاھان»، «ئازادلىق تويى»، «باتۇر يىللار»، «جۇڭگو قىزى رەيھاننىڭ مارت شامىلىغا بويرۇقى»، «ماي ناخشىسى»، «چوڭ قەھرىمان ئويغاندى»، «يەنە ئويغان»، «ماي — كۈرەشچان ئاي»، «تۇن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» قاتارلىق شېئىرلىرى جەڭگىۋارلىققا تولغان يۈكسەك مەزمۇنى بىلەن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. شائىر «تۇن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» دېگەن مەشھۇر شېئىرىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنني قۇتقۇزۇش يولىدا قۇربان بولغان باتۇرلارنىڭ روھىغا مەرسىيە ئوقۇپ مۇنداق دەيدۇ:



يەرگە سىڭمەس قانلىق ياشلار،
يەرگە سىڭمەس ياللىدار.
قانلىق ياشلار، قىزىل قانلار
خۇددى كۈندەك پاللىدار.

شائىر ئابدۇرېھىم تىلەشۇۋ (ئۆتكۈر) نىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يازغان شېئىرلىرىمۇ بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇ 1942 - يىلى 18 - سېنتەبىر شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلغان «دولقۇنلۇق ھايات» ماۋزۇلۇق شېئىرىدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىگە زور ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ ۋە يېڭى تاڭ نۇرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ:

پەرەنجە تاشلاپ، تۈن قاچقاندا
ھەر باغ، ھەر تاغدا تاڭ ئاتار.
قىزىرىپ ئاتقان تاڭ
يەر يۈزىنى يورۇتار!

ئۆزىنىڭ ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئارمىيە داموللا (نىمشېھىت) 1942 - يىلى ماي ئېيىدا يازغان «بۈيۈك جۇڭگو» ناملىق مۇرەببەسىدە بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان باغۇ - بوستانلىرى ۋە گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئويناقلىشىپ يايراپ يۈرگەن تاغلىرىڭدا كېيىكلىرىڭ،
سېنى كۈيلەپ سايراپ تۇرغان چىمەنلىكتە بۇلبۇللىرىڭ،
ئازاد - ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن سۇدا ئالتۇن بېلىقلىرىڭ،
مىليون سىرلار يوشۇرۇنغان قاتلام - قاتلام جايلىرىڭ بار.

شائىر ئەنە شۇنداق گۈزەل ۋەتەننىڭ ئالۋاستىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا خانۇ - ۋەيران بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر

ھەسرەت بىلەن ئەسلىگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدىكى جەڭگىۋار ئىرادىسىنى مۇنۇ مىسرالارغا يىغىنچاقلايدۇ:

دەرھال كۈرەش باشلىدۇق بىز، دۈشمىنىڭگە قارشى تۇرۇپ،
ئازادلىق دەپ پۈتۈن خەلقنى بىر نىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇپ،
ئالدىنقى سەپ، ئارقا سەپتە گاڭ پولاتتىن قورغان قۇرۇپ،
دۈشمىنىڭنى گۇم قىلىشقا قەتئىي كۈرەش ۋەدىمىز بار.

شائىر ئەنۋەر ناسىرى 1939 - يىلى فېۋرالدا يازغان «كۈنچىقىش شامىلى» سەرلەۋھىلىك شېئىردا ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ ياۋۇز قىلمىشى ۋە كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەيرانچىلىقلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، شامالغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

ھەي، كۈنچىقىشنىڭ شوخ شامىلى!
سېنىڭ نازۇك ئۈنىڭنى ئاڭلاي
كۆڭلۈم بۇزۇلادى.
چۈنكى،
يۈز مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ
ناھەقتىن تۆكۈلۈپ،
شارقىراپ ئاققان قانلىرى،
تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلىرىدىن
خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭسەن.
ياپونلارنىڭ بومبا، توپىدىن،
ھېسابسىز خەلقنىڭ كۆمۈلگىنىدىن،
چىرايلىق بىنالارنىڭ،
مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ،
بىتچىت بولۇپ ئۆرتەنگىنىدىن
خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭسەن.



شائىر ئەمەت غوپۇرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى ئەنە شۇ جەڭگىۋار تېما — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەزمۇنىدا يېزىلغان شېئىرلىرى بىلەن باشلانغانىدى. ئۇنىڭ 1941 — 1942 - يىلى يازغان «يانمايمىز»، «كۈرەش سۆبھىسى»، «غەلىبە بەختىمىز» قاتارلىق شېئىرلىرى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي جەھەتتە بىرقەدەر پۇختا ئىشلەنگەنلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. «غەلىبە بەختىمىز» دە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئازادە ئەركىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئىرادىسى مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

يېڭىشتىن تۇغۇلار بەختىمىز بىزنىڭ،
كۈرەشتۇر ئانتىمىز، قۇل بولۇش ئويات.
ۋەتەنگە ۋەدىمىز مەرد ئوغۇل - قىزنىڭ
يۇيىمىز دېغىڭنى، نومۇس بىزگە يات!

1941 - يىلىنىڭ ئىيۇن ئېيىدا گىتلېر گېرمانىيىسى پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇش ياۋۇز نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇرۇش ئوتىنى دۇنيادىكى بىردىنبىر سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيىدىن ئىبارەت فاشىزم جاللاتلىرىغا قارشى ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. 1941 — 1945 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فاشىزمغا قارشى تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئۇلۇغ كۈرەش مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. مەسىلەن: شائىر تۇرغۇن ئالماس 1942 - يىلى يازغان «بىزنىڭ دۈشمەن» ماۋزۇلۇق شېئىردا فاشىزم پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ، خەلقنى فاشىستىك ئۇرۇشقا قارشى كۈرەشكە چاقىرىدۇ:

بىزنىڭ نەسلىمىز ئالىي دەپ يۇرۇپ،
باشقا ئىنساننى ئىتتىن پەس كۆرۈپ،
ۋەھشىي قۇللۇقنى دەۋا قىلغۇچى،
«ئۇرۇش ھايات» دەپ جاكار قىلغۇچى
قانخور فاشىزم بىزلىنىڭ دۈشمەن!

شائىر نۇر بۇساقوۋ «يات يوقىلىدۇ پات» شېئىرىدا سوۋېت خەلقىنە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ. دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزم جاللاتلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلاپ مۇنداق يازىدۇ:

فاشىزم — ئۇرۇش،
ئىنسانىيەت تارىخىدا يات.
شۇڭلاشقا
تىغ كۆتۈرگەن ئۇ «مېھمانلار»
بىزلەرگە يات،
دۇنياغا يات،
زەربە بىلەن يوقىلىدۇ پات!

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 30 – ۋە 40 – يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، شېئىرىيەت مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالغان ھەر بىر شائىرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تېمىسىدا شېئىر يازمىغىنى يوق. جۈملىدىن مېنىڭ تۇنجى شېئىرىم — 1944 – يىلى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ۋەتەن ئوغلى»مۇ ئەنە شۇ تېمىدا يېزىلغانىدى.

ئەينى يىللاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تېمىسىدا يېزىلغان بىر قىسىم شېئىرلار كوم-



پوزىتورلىرىمىز تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ، سەھنىلەردە ۋە چوڭ سورۇنلاردا ئوقۇلىدىغان جەڭگىۋار ئومۇمىي خورغا، مارشقا ئايلانغانىدى. بۇنىڭغا شۇ چاغدا تىيانشاننىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغا قەدەر كەڭ تارقالغان «ئازادلىق كۈرەش»، «ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ»، «ئالدىنقى سەپكە بارايلى»، «بىز يېڭىمىز»، «ئۇلۇغ ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغدايلى»، «جۇڭخۇا ئېلىدىن ھال سوراڭ» قاتارلىق ناخشىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. مۇندىن باشقا شۇ چاغدا مەملىكەت بويىچە كەڭ تارقالغان «پارتىزانلار ناخشىسى» (ھازىرقى دۆلەت شېئىرىمىز)، «ماي قىزىلگۈلى قاپلىدى چۆلنى»، «ياپون ئالۋاستىلىرى قاشقەردەك ئوسال» قاتارلىق ناخشىلار خەمىت ھېكىمى قاتارلىق مەشھۇر تەرجىمانلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئۆز ئاھاڭى بويىچە جايلارغا تارقالغانىدى. ئازاد رايونلاردا ئىجاد قىلىنغان بۇ ناخشىلار كەڭ سورۇنلاردا بەس – بەس بىلەن ئوقۇلغاندا، كىشىلەر شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئارقا سەپنى خۇددى ئازاد رايونلاردەك جۇشقۇن ھېس قىلاتتى.

30 – ۋە 40 – يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا ژانىرى ئەمدىلا بىخ سۈرۈشكە باشلىغان يۇمران مايسا ئىدى. جۈملىدىن ئۇ چاغدىكى گېزىت – ژۇرنال سەھىپىلىرىدە ھېكايە، ئوچېرك، فېليەتون قاتارلىق نەسرى ئەسەرلەر بەكمۇ كەم كۆرۈلەتتى. لېكىن بۇ ئەسەرلەر ئىچىدىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بەلگىلىك سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. مەسىلەن: يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ 1941 – يىلى يېزىلغان «شانلىق قۇربان» ھېكايىسى شۇ چاغدىكى نەسرى ئەسەرلەر ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ياخشى ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا بارلىقىنى ۋەتەنگە، خەلققە بېغىشلىغان بىر قەھرىماننىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ھېكايىدە دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى مەلۇم رايوندا، كۆۋ-

رۇك ئاستىغا پارتلاتقۇچ دورا كۆمۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان بىر قىزنىڭ پىداكارلىق سەرگۈزەشتىسى بايان قىلىنغان. ئالۋاستىلار ھەرقانچە قىيىن - قىستاققا ئالسىمۇ، قىز ئۆزىنى پاش قىلمايدۇ. دۈشمەن ئۇنىڭغا «بىزنى پارتىزانلار تۇرغان جايغا باشلاپ بار» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. دۈشمەننىڭ ئەمدى ئەدىبىنى بېرىش ۋاقتىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى پەملىگەن ئەقىللىق قىز بۇ تەلەپكە «ماقۇل» بولىدۇ - دە، دۈشمەننى ئالداپ ئۇدۇل مىنا كۆمۈلگەن كۆۋرۈك ئۈستىگە باشلاپ كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ 400 دىن كۆپرەك ئەسكىرىنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىپ، ئۆزىمۇ شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ. ھېكايىنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىدىكى: «ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا قارىغاندا، كۆۋرۈكنىڭ ئەسكەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆردى - دە، ئىككى قەدەم ئالدىغا يۈرۈپ، ئارقىسىغا قارىدى ۋە بارلىق ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— مانا ساڭا يول، ۋەھشىيلەر! مەن قۇربان بولىمەن، لېكىن مەردلىك بىلەن ئارمانسىز كېتىمەن!» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغاندا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان، ئۆلۈم ئالدىدىمۇ قىلچە تەۋرەنمەي، مەردانىلارچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر قەھرىمان قىزنىڭ ئوبرازى گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى نابۇت قىلىش يولىدا، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمۇ قۇربان بولغانلىقى بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

شۇ چاغدا يېزىلغان نەسرى ئەسەرلەر ئىچىدە ياش شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ»، «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق نەسىر ۋە فېلىيەتونلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئىگە بولغان ئەسەرلەر ئىدى. «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق فېلىيەتونىدا، فاشىستلار باشلىقى گىتلېر بىلەن



مۇسسولىنىنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن. مۇنۇ ئابزاسنى كۆرۈپ باقايلى:

— ھۆكۈمرانلىق ھارۋىسىز پاتقاققا پاتتى، بىر چاقى شەرققە، يەنە بىر چاقى غەربكە... — دېدى گىتلېر.

— پېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئوقىمۇ سۇندى...

— ئوقى سۇندى!

ئىككىسىنىڭ كۆزى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى.

بۇ دىئالوگلار قىسقا، ئىخچام، ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېگىدە پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇش يولىدا كۆرەشلەپ يۈرگەن گىتلېر بىلەن مۇسسولىنىنىڭ ھالاكەت ئالدىدىكى بىچارە قىياپىتى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، 30 - ۋە 40 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قوغداش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتەك ئالەمشۇمۇل ئىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى، خەلقنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ چاغدا يېزىلغان ئەسەرلەر يۈز مىڭلىغان خەلقنىڭ قەلبىنى تىترىتىپ، دۈشمەنگە قارشى كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرەلىدى. شۇڭا ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى بولۇشقا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق بولۇشقا مۇناسىپ.

## ياپون مىلىتارىزمىغا قارشى ئاممىۋى ھەرىكەت ۋە «شاڭخەي كېچىسى»

مەتتىمىن نورۇز

1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ياپون مىلىتارىزمى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ شەرقىي شىمالنى بېسىۋالدى.

1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى لوگوچياۋ ۋەقەسى پەيدا قىلىپ ياۋۇزلۇق بىلەن قىرىش، چېپىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللاندى. ئاياللارغا ھەتتا نارەسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلدى. مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان خەلق ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرسان - سەرگەردان بولدى. مەدەنىيەت ئورۇنلىرى، ئىلىم - پەن ئورۇنلىرى ۋەيران قىلىندى.

بۇ ھايات - ماماتلىق پەيتتە جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ كەڭ بىرلىك سەپ ئۇيۇشتۇرۇپ سىرتقى تاجاۋۇزغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ياپون مىلىتارىزمىغا قارشى ئاممىۋى ھەرىكەت ئەۋج ئالدى. جۈملىدىن شىنجاڭدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىلىرى تەشكىللىنىپ، ئالدىنقى سەپتە ياپونغا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيىگە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش، جۇۋا تەقدىم قىلىش ھەرىكەتلىرى داغدۇغىلىق قانات يايدى.

بۇ چاغدا پېشقەدەم يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ ئابدۇشۈكۈر يالقۇن قولىغا قەلەم ئېلىپ «شاڭخەي كېچىسى» ناملىق



بىر پەردىلىك درامىنى يېزىپ چىقىدۇ. دراما چۆچەك ۋىلايىتىدە 1 - قېتىم ئوينالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما شاپىگرافتا بېسىپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلارغا تارقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتلەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى (سانائىنەپىسلىرى) ۋىلايەت، ناھىيە ھەتتا يېزا - قىشلاقلاردا ئوينايدۇ. نەتىجىدە بۇ دراما خەلقنى تەربىيىلەيدۇ ھەم ئاممىنى قوزغايدۇ. بىرىنچى نۇسخا دراما يېزىلغاندا درامىدىكى پېرسوناژلار ئارىسىدا ئائىلە خىزمەتچىسى يوق ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئوينالغاندا ئاتاقلىق يازغۇچى، مەدەنىيەتچى يولداش ماۋدۇن (شىڭ يەنبىڭ) ئەپەندى بۇ ئويۇننى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ تەرجىمان، سەنئەتچى خەمىت ھېكىمى ئارقىلىق ئاپتور بىلەن كۆرۈشۈپ، كەڭ كۇشادە سۆزلىشىپ، ئاپتور (ئابدۇشۈكۈر يالقۇن)نىڭ لۇشۈن، گومورو، باجىن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانلىقىنى ۋە «شاڭخەي كېچىسى» درامىسىنى يېزىش جەريانلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، درامىغا خەنزۇ تۇرمۇشى ئاساسىدا بىر ياۋمۇ (ئائىلە خىزمەتچىسى) قوشۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاپتور درامىغا بىر ياۋمۇ ئوبرازىنى قوشۇپ رەتلەيدۇ. كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ھەتتا مەھەللە، كوچا ئويۇنلىرىدا بۇ دراما شۇ بويىچە كۆپ قېتىم ئوينالغان. شۇ چاغدا «شاڭخەي كېچىسى»دىكى قىزنىڭ رولىنى ئوينىغان شايارىدىكى نىساخان موماي پەخىرلەنگەن ھالدا ئاپتورغا: «مەن قىز ۋاقتىمدا ‹شاڭخەي كېچىسى› درامىسىدا ئىلغار پىكىرلىك قىز جياڭ گۈلەننىڭ رولىنى ئالغانىدىم» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، غۇلجىدا زۇنۇن قادىر، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، ئۈرۈمچىدە سىراجىدىن زەپەر، قاسىمجان قەمبىرى، خوتەندە ئەمەت ئۆمەر، ئابلىز ھاجى، قەشقەردە راخمانجان، مەتتىمىن نورۇز، ئابلىز ئاقچى، مەمەت رېھىم، چۆچەكتە تۇرسۇن ھەسەنلەرنىڭ بۇ درامىنى كۆپ قېتىم ئوينىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

كېيىنكى چاغلاردا «شاڭخەي كېچىسى» درامىسى قازاقچىغا ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىتى-

لىپ ئوينالغىنىنى ھېسابلىغاندا، بىرەر مىلىك مەيدان قېتىمغا يەتكەن دېسە خاتا بولمايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان بىر نەچچە دراما ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ شەھەر، كان ۋە كەڭرى يېزا - قىشلاقلاردا ئاممىنى قوزغىتىشى ۋە ئىلھام بېرىشى نەتىجىسىدە ئالدىنقى سەپكە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىئانىلەر توپلانغان. مۇشۇ خىلدىكى تەشۋىقاتلار ئارقىلىق ھەتتا ئادەتتىكى ئائىلە ئاياللىرىنىڭمۇ ئىئانە توپلاش قىزغىنلىقى كۈچىيىپ، پۇلى بارلار پۇلى بىلەن، مېلى بارلار مېلى بىلەن ياردەم قىلغان. دراماتورگ ئابدۇشۈكۈر يالقۇن شۇ چاغلاردا «شاڭخەي كېچىسى»دىن كېيىن 1 - قېتىم يەنئەن ئېغىزغا ئېلىنغان دراما «مۇھىم ھۆججەت»، تەنجىڭدىكى زور قىرغىنچىلىقنى كۆرسىتىدىغان دراما «ئەڭ ئاخىرقى ئوق»، دراما «شانلىق غەلىبە» قاتارلىق بىر قاتار سەھنە ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە يازغان يىگىرمىدىن ئارتۇق دراما، كومېدىيە، ھېكايىلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئوينالغان، ئەڭ كۆپ تەربىيىۋى تەسىر كۆرسەتكىنى يەنىلا «شاڭخەي كېچىسى».

تۆۋەندە «شاڭخەي كېچىسى» دراممىسىدىكى ئاساسىي ۋەقە ۋە بىر قىسىم دىئالوگلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ۋەقە: ياپون باسقۇنچىلىرى شاڭخەينى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شاڭخەيدىكى ئۆز فابرىكىسىنى ياپونغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى ئۈچۈن ئىئانە قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن مەلۇم بىر كاپىتالىستنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بىلەن ياپونلۇق گېنېرال ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن. گېنېرال ۋىتاكوئا گۈزەل جىڭ گولەن قىزنىڭ ئۆيىگە يامان نىيەت بىلەن كېلىپ، پەسكەش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يېشىپ يان قوراللىرىنى كارىۋاتقا تاشلاپ تۇرۇشىغا، پىلانلىق يوشۇرۇنۇپ تۇرغان كىچىك ئاكىسى ۋەتەنپەرۋەر جىڭ گوپىڭ جەسۇرانە قىياپەتتە پەيدا بولىدۇ:

ۋىتاكوئا: (ھودۇقۇپ، رەڭگى تاتىرىپ) مەن، مەن. مېنىڭ كىيىملىرىم نەدە ئىدى؟



جىڭ گوپىڭ: (تاپانچىنى تەڭلەپ) ئورنىڭىزدىن مىدىرلىماسلىقىڭىز كېرەك. خاتىرجەم بولۇڭ، كىيىملىرىڭىزنى ئوغرى ئالمايدۇ... چۈنكى، بۇ يەردە سىزدىن باشقا ئوغرى يوق.

ۋىتاكوئا: مەن چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، مەن ئوغرى ئەمەس...

جىڭ گولەن: ياق. سىز ئوغرى، چوڭ ئوغرى، سىزنى بۇ ئائىلىگە كىم كەلتۈردى؟

ۋىتاكوئا: دوستلۇق كەلتۈردى. قەدىردانىمىز جىڭ گوجىڭ ئەپەندىنىڭ دوستلۇقى كەلتۈردى.

جىڭ گوپىڭ: ياخشى، شاڭخەيگىچۇ، سىزنى شاڭخەيگە كىم كەلتۈردى؟ جۇڭگوغا كىم كەلتۈردى؟

جىڭ گوپىڭ: دوستلۇق؟ سىز دوستلىرىڭىزغا نېمىلەرنى قىلىۋاتىسىز؟ سىز شاڭخەيگە ئۆلۈم، ئاپەت، ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كەلدىڭىز. سىز شاڭخەي خەلقىگە قىرغىنچىلىق، ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدىڭىز. سىز شاڭخەينى تالاۋاتىسىز، بۇلاۋاتىسىز، ئاياغ - ئاستى قىلىۋاتىسىز. سىزنىڭ دوستلۇقىڭىز شۇنىڭدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ... (گولەن قىزغا قاراپ) سىڭلىم، سەن گېنېرال ئەپەندىنىڭ قورالىنى ئېلىپ چوڭ ئىشىككە پەخەس بولۇپ تۇر!

جىڭ گولەن: سەن خاتىرجەم بول ئاكا، گېنېرالنىڭ قورالى ئاللىقاچان مېنىڭ قولۇمدا (يېڭى ئىچىدىن تاپانچىنى ئېلىپ كۆرسىتىدۇ.)

جىڭ گوپىڭ: (ۋىتاكوئاغا) قاراڭ، ھەربىي ساقچى گېنېرالى! سىز گۈللەپ ياشناۋاتقان شاڭخەي كېچىسىگە بىر قاراپ بېقىڭ: قېنى، قېنى، تۈنۈگۈنكى ئاۋات، يورۇق شاڭخەي؟ قېنى تۈنۈگۈنكى گۈزەل شاڭخەي! بۇ، زۇلمەتلىك تۈندە شەپەرەڭدەك قانات ياپ يۈرگەن سوغۇق ماشىنىلار شاڭخەينىڭ ئەڭ ئوبدان ئوغۇل - قىزلىرىنى تۇتۇپ زىندانلارغا

تاشلاۋاتىدۇ، ھەر خىل بىلىم يۇرتلىرىنىڭ گۈزەل بىنالىرىغا ئادەمخور ھەربىيلەر جايلىشىۋالغان. سىزنىڭ قورالliq ساقچىلىرىڭىز ھەربىر مەدەنىيەت، ئىستىراھەت ئورۇنلىرىنى ئەيشى - ئىشرەت، بۇزۇقچىلىق ئورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. مۇشۇلار سىزنىڭ شاڭخەيلىككە تەقدىم قىلغان دوستلۇقىڭىزمۇ؟ سۆزلەپ بېقىڭ گېنېرال جانابلىرى!

جىڭ گولەن: گوپىڭ ئاكا، چوڭ ئاكام كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

جىڭ گوپىڭ: قويۇپ بەر كىرىۋەرسۇن. سەن كەينىدە كۆزىتىپ تۇر (ۋىتاكوئانى ئۇستەل يېنىغا ئېلىپ كېلىپ: ئىچىڭ گېنېرال جانابلىرى، قەدەھتىكىسى جۇڭگولۇقنىڭ قېنى، بۇ قانغا سىز ئامراق، بۇ قاننى سىز كۆپ ئىچكەنسىز، ئەمما تويمىغانسىز، يەنە بىر قەدەھ ئىچىڭ!

ۋىتاكوئا: (تەمتىرەپ) ئىچىشىم شەرت بولسا ئىچەي...

جىڭ گوپىڭ: ئىچىڭ، ئىچىڭ!

ۋىتاكوئا: (قەدەھنى ئېلىپ) سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن...

جىڭ گوپىڭ: ئېھتىمال مېنىڭ سالامەتلىكىم، سىزنىڭ ھالاكىتىڭىز بولۇپ قالار (ئالدى بىلەن ئۆز ئاكىسىنى ئاندىن گېنېرالنى ئاتىدۇ). شاڭخەيدە چوقۇم يورۇق تاڭ ئاتىدۇ! يۈر سىڭلىم! (ئاكا-سىڭىل قول تۇتىشىپ چىقىپ كېتىدۇ)

ئاپتور ئەنە شۇ تەسىرلىك دىئالوگلار ئارقىلىق شاڭخەيدىكى ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەر خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. دېمەك، ياپون مىلىتارىزمىغا قارشى كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان «شاڭخەي كېچىسى» درامىسى ۋە شۇ درامىنىڭ تەشۋىقى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون مىلىتارىزمىغا قارشى پىداكارانە ياردەملىرى تارىخ بېتىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.



# شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە قىلغان ياردىمى توغرىسىدا

**شېرىپ خۇشتار**

## I

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئىئانىلىرىنى بايان قىلىش پۇرسىتى بىلەن 30 - ۋە 40 - يىللاردىكى بىر قانچە مۇرەككەپ چوڭ ئىشلار تېمىسىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلماقچىمەن.

1. 1931 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «قۇمۇلدا پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى» شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا تەسىرى ناھايىتى زور، كۆلىمى كەڭ، ئىلغارلىقى خېلى ئۈستۈن بولغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ، 1931 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 1934 - يىلى 5 - ئايغىچە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى.

زۇلۇمغا، ئىستىبداتلىققا، قۇللۇققا قارشى كۆتۈرۈلگەن بۇ ئىنقىلاب قۇمۇلدىن تارتىپ خوتەنگىچە، پامىر تاغلىرىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا خۇددى پايانسىز ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك مىسلىسىز يالقۇنجاپ جىڭ شۇرېن ۋەكىللىكىدىكى مۇستەبىت قارا ھاكىمىيەتنى تۈپتىن ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، 1933 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىش، يەنى ئاتالمىش «12 - ئاپرېل» ئىنقىلابىنىڭ كې-

لىپ چىقىشىغا مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىـ
لەن شىنجاڭدا بىر قەدەر ئىلغارراق بولغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت
قۇرۇلۇپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۆرۈنەرلىك ئالغا سۈردى.
2. 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى
ئەمەلدارلاردىن «ئۈچ ئەزىمەت» دەپ ئاتالغان چىن جۇڭ، لى
شاۋتيەن، تاۋ مىڭلارنىڭ پىلانلىشىدا، جاڭ شىڭ، چېن دېلى قا-
تارلىقلار روس ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، سىياسىي ئۆز-
گىرىش ياساپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلدى. تۇيۇقسىز
قىلغان ھۇجۇمدىن ئالاقزادە بولغان جىن شۇرېن تامغىسىنى ئې-
لىشقا ئۈلگۈرەلمەي 1274 سەر نەخ ئالتۇننى ئېلىپ، سوۋېت ئىت-
تىپاقىنىڭ يول بېرىشى بىلەن سىبىرىيە ئارقىلىق ئىچكىرىگە قې-
چىپ، جياڭ جېيشى قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.
3. ئاتالمىش «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىش پۇر-
سىتىدىن پايدىلىنىپ ھەربىي كۈچكە يۆلەنگەن شېڭ شىسەي،
شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى.
4. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن،
شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «قايمۇقتۇرۇپ سۇيىقەست پى-
لانلىغان» دېگەن «ئەنزە» بىلەن «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆز-
گىرىشى»نى پىلانلىغان ۋە باشچىلىق قىلغان «ئۈچ ئەزىمەت»نى (10-
ئايدا) بۇ سىياسىي قوزغىلاڭنى قوللىغان تايانچى كۈچ شەرقىي-
شىمال پىدائىيلار باشلىقلىرىدىن، جىڭ رۇنچىڭ، پىڭ جىيەنباڭ،
سۇ گو، ياڭ ياۋجۈن قاتارلىق كىشىلەرنى «باندىتلار بىلەن تىل
بىرىكتۈردى» دېگەن «ئەنزە» بىلەن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ
30 مىڭ ھېسابىدىكى ئەسكەرلىرىنى (شەرقىي - شىمال پىدائىيلىرىنى)
قورالландۇرۇپ ئۆزىگە قوشۇۋالدى.
5. شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ بۇ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلغان
جياڭ جېيشى ھۆكۈمىتى، 36 - دىۋىزىيە قوماندانى ما جۇڭيىڭغا
بۇيرۇق بېرىپ، قايتا شىنجاڭغا چىقىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشنى



ئۇقتۇردى. ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن، ئىككى يۈزلىمىلىك
قىلىپ، يوشۇرۇن ھالدا شېڭ شىسەي، خوجىنىياز ھاجىم بى-
لەن بىر - بىرىگە ئۇقتۇرماي كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، «سۇنى-
لىيىتىپ بېلىق تۇتتى».
6. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى
«ئاتالمىش 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»دە رەئىس
بولغان ليۇ ۋېنلۇڭ، شېڭ شىسەي ۋە جاڭ پېيۋەنلەرنى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى دەپ ئېلان قىلدى.
قوشۇمچە جاڭ پېيۋەننى ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋالى-
سى ۋە يېڭى تۈزۈلگەن 8 - دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭلىقىنى ئۆتەي-
دۇ، دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن جاڭ پېيۋەن ما جۇڭيىڭ بىلەن
ئىتتىپاق تۈزۈپ شېڭ شىسەيگە ھۇجۇم قىلدى. ئامالسىز قالغان
شېڭ شىسەي سوۋېتنىڭ ھەربىي ياردىمى ئارقىلىق، جاڭ، ما
ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى.
7. 1934 - يىلى شېڭ شىسەي ياپونىيىدە بىللە ئوقۇغان
ساۋاقداشلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە تەكلىپ قىل-
دى. شۇ يىلى 6 - ئايدا «ئاتالمىش» ئون چوڭ دوكتور دەپ
ئاتالغان خې يوجۇ (خې گىڭگۇڭ)، كاڭسىڭلىن (كاڭ مىنيۈەن)، لاڭ
داخىڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. 7 - ئايدا، خې يوجۇ
شېڭ شىسەيگە سىياسىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇش
تەكلىپىنى بېرىدۇ. شۇ تەكلىپ بىلەن «يېڭى شىنجاڭ جەمئىيىتى»
دېگەن سىياسىي ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇلىدۇ. بىرقانچە ھاكىم
مۇتلەق ئەمەلداردىن تەشكىل تاپقان بۇ تەشكىلات شىنجاڭدىكى
تۇنجى ئىجتىمائىي ئاممىۋى مەدەنىي تەشكىلات «ئۇيغۇر مەدەنىي
ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»غا چاڭ سېلىپ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇ-
لۇشى، ئىقتىسادىي - مەدەنىي پائالىيىتىنى نۇقتىلاپ ئۇنىڭغا سىيا-
سىي رەھبەر بولۇۋالىدۇ.
بۇ تەشكىلات قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت كونسۇلخانا

كاتىپلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن «يېڭى شىنجاڭ جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى خەلق ئۇيۇشمىسى» قىسقارتىلىپ «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما»غا ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئۇيۇشمىغا ئۇيغۇرلاردىن ئابدىراخمان كومىتېت باشلىقى بولدى. تاھىربەگ (تاھىربەگ، ئەينى ۋاقىتتا چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى ئىدى) ۋە كېرىمخانلار (كېرىمخان شىنجاڭ مىللەتلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى) ھەيئەت ئەزاسى بولدى. بۇ ئۇيۇشما 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، 1935 - يىلى 5 - ئايغىچە داۋام قىلدى.

8. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن جۇڭگو گۇڭچەنداڭى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇق خەنزۇ، ئۇيغۇر كوممۇنىستلار (بولشېۋىكلار) نى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى. 1935 - يىلى 5 - ئايدا، ۋاڭ شوچىڭ (يۈي شۇسۇڭ)، ۋەن شەنتىڭ، (جاڭ يىخەن)، ۋاڭ باۋچەن (جې جژ)، ۋو دىمىڭ (جياڭ جىمىڭ)، يۈي چىڭنى، مەنسۇر (ۋەتەن ئوغلى) ياسىن، قادىر ھاجى، جاڭ يونرۇڭ، لىيۇ شۇمىڭ، گاۋ شۈيىڭ، ۋاڭ يې، دىڭ يۈگۈي، جاۋ گوگاڭ، جاۋ گويۈەن، لى باۋخۇا، ئەبەي، سىيىت ھاجى، ھاشىم ھاجى، تۇڭ باۋ قاتارلىق 25 كىشىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

9. مەزكۇر كوممۇنىستلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن (1935 - يىلى 5 - ئايدا) جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلى ئۆزگەرتىلدى. كوممۇنىست ۋاڭ شوچىڭ باش كاتىپ نامى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇيغۇر كوممۇنىست (بولشېۋىك) مەنسۇر ئەپەندى (ۋەتەن ئوغلى) ئۇيۇشمىسىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى مەسئۇلى بولدى.

10. 1938 - يىلى 1 - ئايدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش



ئۇيۇشمىسى، 2 - قېتىم ئۆزگەرتىلىپ ئۇنىڭغا جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى خۇاڭ مىنخۇ (خۇاڭ خۇاچىڭ) باش كاتىپ نامى بىلەن رىياسەتچىلىك قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى باشقىچە قانات يايدى. يەنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا رەھبەرلىك قىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش مەركىزىي ئۇيۇشمىسىنىڭ شۆبىلىرىنى جاي - جايلاردا كېڭەيتىپ قۇردى. بىرلا مىسال، 40 - يىلىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجى قاتارلىق جايدا توققۇز شۆبە ئۇيۇشما، ئۈچ بىۋاسىتە قاراشلىق ئۇيۇشما تەسىس قىلدى. باشقا ناھىيە، ۋىلايەتلەرمۇ شۇنداق.

## 2

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە قىلغان ياردىمى بىلەن، «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن جىڭ رۇيچىڭ باشچىلىقىدىكى شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىدىن 40 مىڭ ھېسابىدىكى قىسىم شەرقىي شىمالدىن (ياپوندىن) چېكىنىپ سىبىرىيە ئارقىلىق روسىيىگە ئۆتتى، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ قىسىمنىڭ شىنجاڭغا چېكىنىشىنى ئۇقتۇردى.... بۇ ئىشتىن ۋاقىپ بولغان ۋەتەنپەرۋەر شىنجاڭ خەلقى ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە قارشى ئالدى. ئۇلاردىن قىزغىن ھال سورىدى. ھەم ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كېيىم - كېچەك ۋە بارلىق راسخوتىنى زىممىسىگە ئالدى.

1936 - يىلى سۇيىيۈەنگە قىلغان نەقپۇل ياردىمى 1 مىليارد 700 مىليون سەر بولغان، بۇ پۇل كونا ئۆلكە پۇلى بولۇپ، قەشقەر پۇلىنىڭ 160 سەرى، ئۆلكە ئۈرۈمچى پۇلىنىڭ 400 سەرى، 600 سەرى ماۋ زېمىن

ئىسلاھ قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىر يۈەنىگە تەڭ ئىدى.

1937 - يىلى «7 - ئىيۇل» ۋەقەسىدىن كېيىن، شۇ يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭدا ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئارقا سېپى قۇرۇلدى. بۇ سىياسىي تەشكىلاتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ پۇلى بارلار پۇل چىقىرىپ، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە، 8 - ۋە 4 - ئارمىيە ئىشغالىيىتىدىكى ئازاد رايون خەلقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي (يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك) قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىش، جۈملىدىن قىشلىق كىيىم ياردەم قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ چاغدا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشقان شىنجاڭنىڭ توققۇز ۋىلايەت 64 ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇيۇشمىلىرى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، 1937 - يىلى 11 - ئايدا 50 مىڭ كىشىلىك جۇۋا، ئەيلەنگەن تېرە ۋە باشقا بۇيۇملار ياردەم توپلىدى. مەزكۇر ياردەم 1938 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى ئەزاسى خۇاڭ مىڭفۇ (خۇاڭ خۇاچىڭ) جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىغا رەھبەرلىك قىلىش بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلدى. بۇ ھەقتە، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش ئىزلىرى»دىن ئېلىپ يازغان ماقالىدە: «1938 - يىلى 1 - ئايدا، ياپونغا قارشى توپلانغان ئىئانىدىن 1 - قەدەمدە 3600 جۇۋا، 103 تاي ئەيلەنگەن تېرە، 800 جىڭ تىببىي دورىنى ئون يۈك ماشىنىسى بىلەن شېڭ شىسەي نامىدا ئىچكىرىگە ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا 2000 دانە ئات ھارۋا، قېچىر، تۆگە قاتارلىق قاتناش ۋاستىلىرىمۇ بار ......» دەپ يازىدۇ (1981 - يىلى 3 - سان شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلىدىن ئېلىندى).



1938 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلار، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار مەسئۇللىرىنى يىغىنغا چاقىرىپ، ئالدىنقى سەپكە قىشلىق كىيىم - كېچەك ياردەم قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە 24 تەشۋىقات دۈيى ئۇيۇشتۇرۇپ 100 مىڭ كىشىلىك قىشلىق كىيىم ئىئانە قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن يېرىم ئاي ئىچىدىلا 10 مىليون سەردىن ئارتۇق ئۆلكە پۇلى ئىئانە قىلىندى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا يەتكەندە ئۈرۈمچى قوشۇلۇپ ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن ئىئانە قىلىنغان پۇل 6 مىليون 929 مىڭ 100 سەر كۆمۈشكە يەتتى (مەزكۇر 6 مىليون 929 مىڭ 100 سەر كۆمۈش ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرغاندا 56 مىليون سەردىن ئاشاتتى).

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى دۈبەن مەھكىمىسى غەربىي زالدا ئىئانە توپلاش يۈزىسىدىن ئويۇن قويغان، شۇ چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان شېڭ شىيچى (شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى)، ئۇنىڭ ئايالى چېن شوۋيىن 1 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى، ئىلىدا تۇرۇۋاتقان تەلئەت مۇسابايېۋ 30 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى ئىئانە قىلغان (شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى 1988 - يىل 2 - سان ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ گېزىتى ئېلان قىلغان چىڭ شاۋرۇڭنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ).

دىخۋا (ئۈرۈمچى)دا تىجارەت قىلغۇچى يو پىڭلۇك دېگەن سودىگەر ئۈچ كۈنلۈك سودىسىنى قالدۇرماي ئىئانە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلغۇچى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، خۇيزۇ سودىگەرلەردىن 10 مىليوندىن 3 مىليونغىچە ئىئانە قىلغانلار 103 نەپەر، 3 مىليوندىن 1 مىليون سەرگىچە ئىئانە قىلغانلار 94 نەپەر، 1 مىليوندىن 1 سەرگىچە ئىئانە قىلغانلار ئۆيدىن - ئۆيگە ئۇلاشتى، دەپ ئېلان قىلغان (شىنجاڭ گېزىتىدىن).

كىشىنى تەسىرلەندۈردىغىنى دەپ يازىدۇ شىنجاڭ گېزىتى: ئۈرۈمچىدە ئولتۇرۇشلۇق لى ۋاڭشى ئىسىملىك بىر ئائىلە قىزىنىڭ 500 مىڭ سەرگە يارايدىغان بىر پەداز قۇتىسىنى ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلدى. ئۈرۈمچىدە كۇتلۇك ئىشلەپ تامچىلىق قىلغان بىر ئۇيغۇر بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى 3500 سەرنىڭ 500 سەرنى تاماققا ئېلىپ قېلىپ 3000 سەرنى ئىئانە قىلغان. ماناستا تۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇر دېھقان جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىككى كالىسىنىڭ بىرىنى ئۆيىگە قالدۇرۇپ بىرىنى ئىئانە قىلىپ بولۇپ جان ئۈزگەن (شىنجاڭ گېزىتىدىن).

1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1938 - يىلى 9 - ئايغىچە پۈتۈن شىنجاڭدىن توپلانغان ئىئانە نەخ پۇل 2 مىليارد 412 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى (شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى 3 - توپلام 286 - بەتتە 1 مىليون 525 مىڭ يۈەن دەپ يازىدۇ) ئىئانە توپلانغان بولۇپ، 3 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى قارار ماقۇللاپ بۇ پۇلغا ئون دانە ئايروپىلان (شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى 8 - سانىدا ۋېيپېيرەننىڭ ماقالىسىدە 17 ئايروپىلان دەپ يېزىلغان) سېتىۋېلىپ، «شىنجاڭ» ماركىلىق بۇ ئايروپىلانلار ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىپ ۋۇخەن مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا ئالدىنقى سەپكە كونا كىيىم (ئازاد رايون خەلقلىرىگە) ياردەم قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان بۇ چاغدا، پۈتۈن شىنجاڭدىن 4 مىليون جىلىتكە، 5 مىليون كونا كىيىم توپلاپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن. 1938 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى شىنجاڭ گېزىتى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، 4 مىليون نوپۇسى بار شىنجاڭ خەلقى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە 4 مىليون جىلىتكە، 5 مىليون كونا كىيىم ياردەم قىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاھالىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزدى» دېدى ۋە ئىككى پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ رەھمەت تېلېگراممىسىدا ئېلان قىلدى (شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي



ژۇرنىلى ۋە 1938 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنخۇا رىباۋدىن ئېلىندى).

ئوقۇغۇچىلار ئارا ئېلىپ بېرىلغان ئىئانە قىلىشتا ئۈرۈمچىدىكى بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى دادىسى بەرگەن خەجلەيدىغان پۇلىنى ئەسلىدە نۇ، كەمپۈت ئېلىپ يېمەك بولسىمۇ، ئىئانىنى ياد ئېتىپ ئىئانە قىلغان (شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى 1985 - يىل 3 - سان). قەشقەر دارىلئېيتامدا ئوقۇيدىغان بىر يېتىم بالا دارىلئېيتام مەكتىپى بەرگەن بىر قۇر پاختىلىق كىيىمنى ياپونغا قارشى ئىئانە قىلغان (قەشقەر گېزىتىدىن). يەنە قەشقەر گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا يېزىلاردىكى كۆپلىگەن تۇل ئاياللار تەرگەن باشاقلىرىنى ئىئانە قىلغان، بۇ خىل ئەھۋاللار يۇقىرىغا يەتكەندىن كېيىن مەمۇرىي پالاتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگراممىا يوللاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بولۇپمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا 73 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان ئاساسىي مىللەت ئۇيغۇر خەلقىنى مەدھىيىلىگەن (شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى 1985 - يىل 3 - سان).

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر چوڭ ئىش، دارۋاز ھاشىم ھاجى 1937 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دار ئويناپ كىرگەن كىرىمىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئاشقان قىسمىنى ئىئانە قىلىپ تۇرغان.

شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئالتۇن ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىدە، ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان شاجىڭشاڭ دېگەن كىشى خوتۇنى بىلەن ئون سەر ئالتۇن ئىئانە قىلغان. بۇ خەۋەر گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئالتۇن ئىئانە قىلىش شىنجاڭنىڭ ھەممە يېزا - كەنت، ناھىيە، ۋىلايەتلىرىدە قانات يايدى، شۇنىڭ بىلەن 50 سەردىن بىر سەرگىچە ئالتۇن تەقدىم قىلغان كىشىلەر بىر نەچچە مىڭغا يەتكەن، ئاياللار ئىچىدە ئالتۇن بىلەيزۈك (بەش سەردىن بىر يېرىم سەرگىچە)، ئۈزۈك، قاداق، زىرە، ھالقا، سىرغا،

پەپەيزە، كۈمۈش، يامبۇ، زىخچا ئالتۇن، كىپەك ئالتۇن تەقدىم قىلغانلار ھېسابسىز ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ خىزمەتكە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرپان ئاستانىسىدا ھەر قېتىم ئاياللار ئارا ئالتۇن تەقدىم قىلغاندا، بىر قول ياغلىققا زىرە، بىلەيزۈك، ئۈزۈك، ھالقا ۋە باشقا كۈمۈش سايمانلار پاتمايدۇ، ئاياللار بەسلىشىپ ئىئانە قىلاتتى دەيدۇ. مەسىلەن: ئاقسۇدا ئېلىپ بېرىلغان ئىئانە توپلاشتا × × × دېگەن ئايالنىڭ 27 دانە 50 سەرلىك يامبۇنى پەتنۇسقا سېلىپ ئەپچىقىپ ئىئانە قىلغانلىقى ناھايىتى روشەن.

بۇنىڭدىن باشقا بۇ ھەرىكەت ئىدارە - جەمئىيەتتىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغان. بۇ چاغدا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇيۇشمىلىرى سانايىنەپىسە ھەۋەسكار ئارتىسلىرى ئويۇن قويۇپ كىرگەن كىرىمنى ئىئانە قىلغان، ھەتتا ئۇراجىم دېگەن مەدداھ سۆز قىلىپ تاپقان پۇلىنى داستىخان بىلەن ئىئانە قىلغان.

1942 - يىلى سوۋېتتىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن قەمبەرخانىم سىڭلىسى گۈلبەھرەم بىلەن ئىلى، قەشقەردىكى بەزى ئاتاقلىق ئارتىسلار كوللېكتىپ ئويۇن قويۇپ كىرگەن كىرىمنى ياپونغا قارشى ئىئانە قىلغان.

شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى دېگەن كىتاب خەنزۇچە 285 - ۋە 286 - بەتلىرىدە: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش خىزمىتىدە ئاممىنى قوزغاپ كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلدى. 1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1938 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان 13 ئاي جەريانىدا، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەيئىتى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، قاراشەھەر، ئاقسۇ، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى ۋە زەيسەن، تاشكەنت، شەمەي قاتارلىق جايلاردىكى كونسۇللار، جۇڭگو



مۇھاجىرلىرى ھەم ئىلىدا سېتىلغان ماللارنىڭ پۇلى بولۇپ 2 مىليارد 410 مىليون 755 مىڭ 144 سەر كۈمۈش ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئالتۇن - كۈمۈش، ھارۋا، فوتو ئاپپارات، گىلەم، سۇغۇر تېرىسىدە ياسالغان جۇۋا، قوي تېرىسىدە ياسالغان جۇۋا، رەخت، تۇماق، ئالتۇن سائەت، كۈمۈش سائەت قاتارلىق نەرسىلەر ئىئانە قىلىندى دەيدۇ. يەنە شۇ ماقالىدە: «ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتا 1940 - يىلىغىچە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى 100 مىليون ياردەم قىلغان، قىشلىق كىيىمگە 678 مىڭ يۈەن، ئالتۇن ياردەم 94 مىليون يۈەن، زەھەرلىك بويۇملارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قىلغان ياردەم 70 مىليون يۈەن، نەخ پۇل 2 مىليون يۈەن، بۇنىڭدىن باشقا ئون دانە ئايروپىلان ئۈچۈن 1 مىليون 525 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلىغان. بۇنىڭدىن باشقا 100 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھال سوراش خېتى يازغان» دەپ يازىدۇ.

جاڭ داجۇن يازغان «شىنجاڭدىكى بوران چاپقۇنلۇق 70 يىل» دېگەن كىتابنىڭ 5427 - بېتىدە ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۆلكىسى، بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلغان. مىنگو 33 - يىلى مىلادى 1944 - يىلى 8 - ئايدىكى مەزكۇر ھەيئەتنىڭ ئېلانىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئىئانە توپلاش ھەيئىتى ئۆتكەن يىلى (14 - ئاۋغۇست)» ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى قوزغىلغاندىن بۇيان ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلار بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى. خۇسۇسەن ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى مەمۇرىي تەپتىش ئەمەلدارلىرى بىلەن ۋالىيلار، ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى، ئىدارە باشلىقلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى قىزغىن ياردەم بېرىپ ھەرىكەتتە ئومۇميۈزلۈك توپلانغان پۇلنىڭ مىقدارى غايەت زور بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 144 ئايروپىلاننىڭ پۇلى توپلىنىپ، مۆلچەردىن 64 ئايروپىلان پۇلى ئېشىپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى ئىئانە توپلاش مۇشۇ ئاينىڭ 8 - كۈنى بىر قېتىمدىلا تاماملاندى. ھەيئىتىمىزگە پۇل تاپشۇرغان ئورۇنلارنىڭ ئىسىملىكى گېزىتتە ئېلان قىلىندى. دىخۇا رايونى (ئۈرۈمچى) 13 ئايروپىلان، قۇتۇبى ناھىيىسى بىر ئايروپىلان بەردى. قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ زايوم ۋە پۇل تەقسىم قىلىش جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە بولدى: 100 يۈەنلىك زايومدىن بىر، 3000 يۈەنلىكىدىن ئالتە، 5000 يۈەنلىكىدىن بىر، 1000 يۈەنلىكىدىن قىرىقنى، 500 يۈەنلىكىدىن يىگىرمىنى، 200 يۈەنلىكىدىن 15. جەمئىي 245 مىڭ يۈەنلىك زايوم ئىئانە قىلدى » دېيىلگەن (شىنجاڭ تارىخي ماتېرىياللىرى 19 - سان 104- ۋە 105- بەتلەر). جاڭ داجۇن ئېيتقان بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئارقىلىق قىلىنغان ياردەم بولۇپ، باشقا ئەشيالار بۇ سانغا كىرگۈزۈلمىگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ تەرەققىياتى بولۇپمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ياردەمنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ئۈچۈن 1937 - يىلى 7 - ئايدا، ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى، ئۈرۈمچى بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدىكى يول ياسالدى. 1939 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئېچىلغان ئۆلكىلىك تاشيول يىغىنىدىن كېيىن، خەلق ئاممىسى ئۆزى پۇل چىقىرىپ يول ياساش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ چاغدا، چۆچەكتىن ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەر، قاراشەھەردىن ئاقسۇ، ئاقسۇدىن قەشقەر، قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان تاشيول ياسالدى. ھەر بىر ۋىلايەت ئۆز تەۋەسىنى ياسىدى. 1942 - يىلى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ياسالغان تاشيول 3423 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا ياسالغان چوڭ - كىچىك كۆۋرۈك 2439 دانە ئىدى. مەزكۇر يول ياسىلىشتا پۇلى بارلار پۇل چىقارغان بولسا، پۇلى يوقلار ھاشا ھېسابىدا كۈچ چىقاردى. مۇشۇ يولنى ياساش جەريانىدا كۆپلىگە كىشىلەر ھەر خىل ھادىسە ۋە



كېسەل سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ كېيىنكى يەنە بىر ياردىمى گومىنداڭ دەۋرى بولۇپ، 1944 - يىلى ئامېرىكا جياڭ جيېشىگە قىلغان ياردەمنى دېڭىز ئارقىلىق ئۆتكۈزەلمەي ھىندىستان ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى كۆپلىگەن خەلق، ئاتچىلار ۋە ئېشەكچىلەر ئامېرىكىدەك بىر دۆلەتنىڭ ياردىمىنى بەش ئايدىن ئارتۇق ئات - ئېشەك ۋە مۈرىسىدە① كۆتۈرۈپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېشىپ سالامەت ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. مۇشۇ جەرياندا، كۆپلىگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلار ئاچلىق، سوغۇق، تۈنەك ۋە قار كۆچۈش ئازابىدىن ئېزىز جېنىدىن ئايرىلدى. بۇ ھەقتە، 1987 - يىلى خەلق گېزىتىمۇ ئىزاھلىق ماقالە ئېلان قىلدى.

خۇلاسە قىلغاندا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە قىلغان ياردىمى ھەر تەرەپلىمە بولۇپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ۋە باش قوماندان جۇدې، مۇئاۋىن باش قوماندان فىڭ دېخۇي ۋە گومىنداڭ مەركىزىي پالاتاسى كۆپ قېتىم مەمنۇنلۇق بىلدۈرۈپ تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش روھىنى مەدھىيىلىگەن (تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى 8 - ئارمىيە ئىش باشقۇرۇش ئورنى رەتلىگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش ئىزلىرى خاتىرىسىدە) ئىدى.

① مۇشۇ چاغدا، ئالىم ئەھمەت زىيائىمۇ ئۆز ئېتى بىلەن يۈك توشۇغانىدى

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى ۋە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى

ئېلى ئېزىز

1933 - يىلى 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇبەنى، قوشۇمچە رەئىسى بولدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلقنىڭ تەقەززاسى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلھامى بىلەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى «ئۈچ بۈيۈك ۋەزىپە»، «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى ئېلان قىلىپ، ئەمەلىي ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەسىس قىلىندى. ئۇيۇشمىلار قارمىقىدا سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلدى. ئۆلكە بويىچە مائارىپقا كەڭ يول ئېچىلىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

فېئودالىزىم بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئىلىم - پەندىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان، بولۇپمۇ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ «خەلقنى نادان قالدۇرۇش، ئاڭسىز، ساۋاتسىز ئىپتىدائىي ھالەتتە قالدۇرۇپ، مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىپ ئېزىش»تەك مۇستەبىت سىياسىتىنىڭ دەرت - ئەلىمىنى يەتكىچە تارتقان شىنجاڭ خەلقىنىڭ، ئۇلۇغ جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيە - تەسىرى بىلەن كۆزى يورۇشقا باشلىدى.



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇلدۇرايلى دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بۇ چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بىلەن بۇ ئۇلۇغ كۈرەشنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. بۇ دەۋردىكى مۇشۇنداق بىر پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر خەلقى مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتلەردىن ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشۇپ، دەۋرگە مۇناسىپ بەلگىلىك رول ئوينىدى. بۇ دەۋردىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۆھپىسى بىر جەھەتتە تەشۋىقات جەھەتتىن ئىپادىلەنسە، يەنە بىر جەھەتتىن ماددىي جەھەتتىكى ياردەملەردىن ئىپادىلەندى.

مەن 1937 - يىلدىن باشلاپ ئاقسۇ، باي ناھىيىلىرىدە ئىلغار تىياتىر ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش جەريانىدا ماقالىنىڭ مەزمۇنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم، تۆۋەندە بۇلارنى خاتىرەم بويىچە ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

شۇ چاغلاردا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى خۇاڭ خۇچىڭ، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىن جىلۇ ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلارمۇ ناھىيە، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. ئومۇمەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن مۇنەۋۋەر ئەزالىرى يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىدى. ئالدى بىلەن ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ۋە باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردە «ئالدىنقى سەپكە ياردەم توپلاش ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن ئايروپىلان تەقدىم قىلىش، ئالتۇن تەقدىم قىلىش، جۇۋا ۋە خەي-پايپاق تەقدىم قىلىش، ئالدىنقى

سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان پارتىزان جەڭچىلەردىن هال سوراش، ئۇرۇشتا مېيىپ بولغانلاردىن هال سوراش، ئۇرۇشتا ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىلغان يېتىم گۆدەكلەرگە كىيىم تىكىپ ئەۋەتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى. خەلق تەشكىلاتلىرى، هۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە مەكتەپلەردە تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى قويۇلۇپ، سەنئەت ئارقىلىق كەڭ تەشۋىقاتچىلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، زور ئۈنۈم هاسىل قىلىندى.

بۇ جەھەتتە ئەلنەغمىچى، دارۋاز، سېرىكچى قاتارلىق يەرلىك خەلق سەنئەتچىلىرى ۋە مەكتەپلەردە تەشكىللەنگەن سەنئەت گۇرۇپپىلىرى تۈرلۈك يېڭى ئويۇنلارنى تەييارلاپ، كوچىلاردا، توي-مەرىكىلەردە، هېيت-نورۇز بايراملىرىدا كەڭ تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. بولۇپمۇ شۇ دەۋرنىڭ تالانتلىق ياش ئاۋانگارتلىرىدىن بولغان مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ دراما-سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالغاندىن كېيىن هەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ئالاهىدە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش قىزغىنلىقىنى ئۆرلەتتى. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى سەھنە نومۇرلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ① يازغان «كۈرەش قىزى»: بۇ ئۈچ پەردىلىك ئوپېرا بولۇپ، ئالدىنقى سەپتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان خەنزۇ قىزىنىڭ قەهرىمانلىقى تەسۋىرلەنگەن. «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»: بۇ كىچىك ئوپېرا بولۇپ، ئالدىنقى سەپ پارتىزانلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇش غەلىبىسى تەسۋىرلەنگەن.

ئابدۇشۈكۈر يالقۇن يازغان «شاڭخەي كېچىسى»: بۇ بىر

① لۇتپۇللا سەھنە ئەسەرلىرىدىن باشقا ياپونغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا كۆپلەپ نەسرى ۋە شېئىرى ئەسەرلەرنى يازغان.



پەردىلىك دراما بولۇپ، شاڭخەي خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن. «مۇهىم هۆججەت»: بۇنىڭدا ئالدىنقى سەپ جەڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، يەنە ئالدىنقى سەپ پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش هۆججىتىنى دۈشمەن قولىغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقى تەسۋىرلەنگەن.

«18 سېنتەبىر پاجىئەسى» ناملىق ئالدىنقى سەپتە يېزىلغان خەنزۇچە دراما ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭدا سۇڭخۇاجاڭلىق بىر كەمبەغەلنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن ئائىلە بويىچە خانىۋەيران قىلىنغانلىقى، نارەسىدە قىزىنىڭ پاجىئەلىك ئەهۋالى بايان قىلىنغان. «كۈرەش» دراممىسى: (ماۋدۇن يازغان) خىسمەت هېكىمى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان «پارتىزان قىز» بىر پەردە ئىككى كۆرۈنۈشلۈك دراما بولۇپ، بۇنىڭ ۋەقەلىكىنى لىن جىلۇ سۆزلەپ بەرگەن، مۆيدىن غوجا درامىلاشتۇرغان. «پارتىزان قىز» دراممىسىدا، بىر پارتىزان قىزنىڭ بىر بەن ياپون چېرىكلىرىنى هاراق بىلەن زەهەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرىنى پارتىزانلار ئەترىتىگە تاپشۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

يۇقىرىدىكى سەھنە ئەسەرلىرى 1937-يىلدىن 1945-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرى تەسلىم بولغانغا قەدەر شىنجاڭدا كۆپ قېتىم ئوينالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەت كىرىمى «ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن ئايروپىلان تەقدىم قىلىش هەيئىتى»گە تاپشۇرۇلغان. تەرغىباتچىلىق پۈتۈن شىنجاڭنىڭ شەهەر، يېزا-قىشلاق هەتتا هەر بىر ئائىلىلەرگىچە قانات يايغان. بۇ پائالىيەتكە تەشۋىقات ئەترەتلىرى، تىياتىر ئۆمەكلىرى، نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر، خەلق سازەندىلىرى ۋە رەسساملار، شائىرلار، يازغۇچىلار تاغ-داۋانلارنى ئېشىپ تەشۋىقاتچىلىق قىلغان. ئون-ئون بەش كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى ئاق خەسىگە جۇڭگو ۋە دۇنيا خەرىتىسىنى سىزىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى، خەلق نوپۇسىنى ئېپا-

دىلەيدىغان بەلگىلەر ئارقىلىق (شۇ چاغدا جۇڭگونىڭ نوپۇسى 450 مىليون، ياپونلارنىڭ نوپۇسى 45 مىليون ئىدى)، ئەنە شۇ كىچىككىنە بىر ياپونىيىنىڭ جۇڭگودەك بىر چوڭ دۆلەتكە تەپتارتماي ۋەھشىلەرچە تاجاۋۇز قىلىپ، ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقانلىقىنى، جۇڭگونىڭ نېمە ئۈچۈن ھازىرقى يېرىم مۇستەملىكە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ، خەلققە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىلگەن. شۇنداقلا بىز يەنە شىنجاڭ خەلقى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە جاپالىق جەڭ قىلىۋاتقان قەھرىمانلىرىمىزغا ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم قىلىش، بۇ بىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىز دەپ تەشۋىق قىلاتتۇق. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەر - ئاياللارغا «قوزغال»① مارشىنى ئۆگىتەتتۇق. نەتىجىدە خەلق ئاممىسى بەس - بەس بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش، ئات، كالا، قوتاز، قويلىرىنى؛ ئاياللار ئالتۇن زىرە - سىرغا، بىلەيۈزۈك، ئۈزۈك، گىلەم، ئەتلەس، ماتا - چەكمەن گەزلىمىلىرىنى ئىئانە قىلىشتى. «ئالتۇن تەقدىم قىلىش مۇنبىرى» ئالدىدا ھەمراخانىم (باي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئايالى) بىلىكىدىن ئىككى سەرلىك ئالتۇن بىلەيۈزۈكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ تەقدىم قىلغان. باينىڭ گوڭچى رابىيە خېنىم بەش سەر ئالتۇن، گۈۋۋا خېنىم 100 سەر كۈمۈش تەڭگە، مۇھەممەتخان زەرگەرنىڭ ئايالى بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك، ئەخمەت ئەلەم (قازى ئالان)نىڭ ئايالى ئىككى دانە ئالتۇن تۈگمە، ئەپكەشتە سۇچىلىق قىلىدىغان ھامىتنىڭ ئايالى ئايتۇلۇنخان كىر يۇيۇپ تاپقان ئىككى مىسقال ئالتۇن زىرىسىنى تەقدىم قىلغان.

1938 - يىلى 9 - ئايدا ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئۆلكىلىك مىللىي، دىنىي، ئاياللار قۇرۇلتىيىغا باي ناھىيىسىدىن قاتناشقانلار ئىچىدە باي سايراملىق ئەئىلەم مۇھەممەت

① «قوزغال» مارشى — ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت شېئىرى قىلىندى.



رىھىم ئاخۇنۇم شۇ يىغىندىلا 500 يامبۇسىنى «ئايروپىلان تەقدىم قىلىش»قا ئىئانە قىلغان، كېيىن باي ناھىيىسىدە ئېچىلغان بەش كىشى قاتناشقان ئالدىنقى سەپكە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش يىغىنىدا ئۇ يەنە شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلغان ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى توشۇش ئىشلىرى ئۈچۈن 100 تۆگىسىدە ھەقسىز يۈك توشۇپ بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرگەن. شۇ كۈنكى يىغىندا باي خەلقى ئىئانە قىلغان نەچچە يۈز يامبۇ، نەچچە مىڭ ئات، كالا، قوتاز، قوي، ئالتۇن جابدۇق (زىرە، ئۈزۈك، تۈگمە)، كۈمۈش تەڭگىلەر توپلانغان. ناھىيە ھاكىمى ئىبراھىم ھاجىم خۇلاسە قىلىپ: «بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان تەقدىم قىلىش» پائالىيىتىدە باي ناھىيىسى ئىككى ئايروپىلان ئېلىشقا يەتكۈدەك ئىقتىساد توپلىدى» دەپ ئېلان قىلغان.

بۇ داغدۇغىلىق پائالىيەتتە، شىنجاڭدىكى كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن باشقا ھەرقايسى ئىدارە ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا قۇرۇلغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىلىرىمۇ ئالاھىدە رول ئوينىدى. شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا لوتپۇللا مۇتەللىپ نابورچىكلاردىن سەنئەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۆزى يازغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «كۈرەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينىتىپ، ئويۇن كىرىمىگە ئۇيغۇر، قازاق، رۇس نابورچىكلىرى نامىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» ناملىق بىر ئايروپىلان سېتىۋېلىپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن.

«بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان تەقدىم قىلىش» ھەرىكىتىدە ئۈرۈمچى رايونى 1942 - يىلدىلا توپلىغان ئىئانە پۇلغا 19 ئايروپىلان سېتىۋېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن. يۇقىرىدىن جوبىڭ (ماۋ زېمىن)غا رەھمەت تېلېگراممىسى كەلگەن. ئۈرۈمچى كىنو شىركىتى «شاڭكوكۋەنلى» ناملىق كىنونى شەھەر، يېزىلار-

غا ئاپىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كىرىمىگە «شىنجاڭ كىنو مەھسۇلاتلىرى» نامى بىلەن بىر ئايروپىلان سېتىۋېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن. ئىلى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى سەنئەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئويۇن قويۇپ كىرىم قىلغان بەش مىڭ يۇەننى ئالدىنقى سەپكە ئات ئەۋەتىش ئۈچۈن تەقدىم قىلغان. ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى مىللەت ئۇيۇشمىلىرى ئۆزلىرىگە تەۋە سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن قويۇپ كىرىم قىلغان 2557 كوي 40 پۇڭ شىنجاڭ پۇلىنى ئالدىنقى سەپكە ھال سوراپ ئەۋەتكەن. ئاقتۇ كونىشەھەر ئۇيۇشما ئويۇن قويۇپ كىرىم قىلغان 450 يۇەن پۇلنى، پوسكام ناھىيىسى 30 مىڭ 700 يۇەن پۇلنى، دۆربىلجىن ناھىيىسى 1900 يۇەن پۇلنى، تۇرپان ناھىيىسى ئىككى قېتىملىق ئويۇندىن كىرىم قىلىنغان 158 يۇەن پۇلنى، ئاستانە مەكتىپى 450 يۇەن پۇلنى، ئۈرۈمچىدىكى تىككۈچىلەر 200 يۇەن پۇلنى ئالدىنقى سەپكە ھال سوراپ ئەۋەتكەن. لوپنۇر ناھىيىسى ھەيئىتى تەشۋىقات ئويۇن كىرىمىدىن 16 مىڭ 425 يۇەن؛ يارىدار ھەربىلەردىن ھال سوراش ئۈچۈن 7580 يۇەن؛ پىچان ناھىيىسى مەكتەپ مۇئەللىملىرى 729 يۇەن؛ قارا شەھەر سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويۇپ تاپقان كىرىمىدىن 10 مىڭ يۇەن؛ كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن توقسۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بىرلىشىپ 3600 يۇەن توپلاپ ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ھەيئىتىگە تاپشۇرغان؛ قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، چەرچەن، لوپنۇر، خوشۇت، خېجىڭ ناھىيىلىرى بىرلىشىپ 230 مىڭ يۇەن توپلاپ ئۆلكىلىك ئايروپىلان تەقدىم قىلىش باش ھەيئىتىگە تاپشۇرغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، 1942 - يىلىلا شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرىگە خەي، پايپاق ياردەم ئۈچۈن 1 مىليون 646 مىڭ يۇەن ئەۋەتىلگەنىدى. 1944 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرىدىن ھال سوراپ 100 مىڭ يۇەن ئەۋەتكەن



ئارقىدىنلا يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما خادىملىرى ئىئانە قىلغان 4181 يۇەن؛ مارالبېشى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما خادىملىرى ئىئانە قىلغان 5703 يۇەن؛ پوسكام ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما خادىملىرى ئىئانە قىلغان 30 مىڭ 756 يۇەن پۇل ئۆلكىلىك ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ھەيئىتىگە تاپشۇرۇلغان. يەكەن ناھىيە قىزىل ئاۋات يېزىسىدىن موھەممەت پاتى 15 مو تېرىلغۇ يېرىنى سېتىپ ئۇرۇش رايونلىرىدىكى يېتىم - مەسۇم باللار ئۈچۈن ئىئانە قىلغان.

1938 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئۆلكىلىك «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما»نىڭ يەرلىك ئامموۋى تەشكىلاتلىرىدىن 500 كىشى ئالدىنقى سەپكە 100 مىڭ كىشىلىك كىيىم ئىئانە توپلاش ئۈچۈن 24 تەشۋىقات ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەنگەن. بۇلاردىن ئىشچىلار «ۋەتەن قۇتقۇزۇش» ئەترىتى 10 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى توپلىغان. ھەرقايسى ئەترەتنىڭ 15 كۈن ئىچىدە توپلىغان ياردەم پۇلى 6 مىليون 929 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلىغا يەتكەن.

1943 - يىلى غۇلجىدىكى ليۇتېچىكلەر مەكتىپىگە تەلئەت مۇسابايوۋ 3500 دوللار ياردەم قىلغان. ماناسلىق كەمبەغەل ھارۋىكەش ئەمەت بىر دانە كالىسىنى تەقدىم قىلغان. دارۋاز ھاشىم ھاجىم ۋە سىدىق ھاشىملار 1939 - يىلى ۋە 40 - يىللىرى كۇچا، كورلا، بۈگۈر، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىرىدە ئويۇن قويۇپ 1000 سەر تەڭگە پۇل توپلاپ كۇچا ناھىيىلىك ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ھەيئىتىگە تاپشۇرغان. شۇ چاغدا لىن جىلۇ كۇچا ناھىيىسىگە ھاكىم ئىدى. لىن جىلۇ ھاشىم ھاجىمنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى ماختاپ: «سىزنىڭ بۇ خىل ياردىمىڭىزنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىمەن» دېگەن.

يۇقىرىقى قىسمەن مىساللاردىن شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى قىياپىتىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى دىخۇا خەلقئارالىق تېلېگراف ئىستانسىسى توغرىسىدا ئەسلىمە

گۇ مېڭلىك

دىخۇا خەلقارالىق تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى:

شىنجاڭنىڭ تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى ئەزەلدىنلا قالاق بولۇپ، ئۆلكە مەركىزى دىخۇا (ئۈرۈمچى) مەركەز قىلىنغان ئاخبارات تۈگۈنى ھەتتا 1937 - يىلغىچىمۇ شەكىللەندۈرۈلمىگەنىدى. ئەينى زامانلاردا، ئۆلكە مەركىزىدىن ۋىلايەت ۋە قىسمەن مۇھىم ناھىيىلەر ئوتتۇرىسىدا سىمسىز تېلېگراف تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، زاپچاسلار كونا، تېلېگرامما دولقۇنىنىڭ ئىقتىدارى بەك ئاجىز بولغاچقا، تېلېگراممىلار ئۇزۇن مەزگىل بېسىلىپ قېلىپ، خەلق ئىچىدە «تۆگە تېلېگراممىسى» دېگەنگە ئوخشاش كۈلكىلىك گەپلەرنىمۇ پەيدا قىلغانىدى.

1937 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، دىخۇادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن «تېلېگراف ئىستانسىسى» قۇرۇش كېلىشىمىنى ئىمزالايدۇ. بۇ خەلقئارا تېلېگراف ئىستانسىسى (15 - تېلېگراف ئىستانسىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئانتېنا تۈۋرۈكىدىن تاكى سېمونت، ماگنىت تاختا ۋە ئاپپارات ئۈسكۈنىلىرىگىچە ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۆتكەپ كېلىنىدۇ.



قۇرۇلۇش ئىشلەشكە باش ئىنژېنېر ۋورسوف باشچىلىقىدىكى ئون نەپەر ئىنژېنېر تېخنىك ئەۋەتىلىدۇ. قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئۇلار خىزمەتنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەقسىم قىلىشىۋالىدۇ. ۋورسوف قۇرۇلۇشقا ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولغاندىن سىرت، قالغان توققۇز خادىم ھەربىرى بىر تۈرگە يەنى گېنېراتور، قوبۇللىغۇچ، ئانتېنا، بېنزىن ماشىنىسى، ستانوك، باتارېيە، سۇ مۇنارى، توك تەقسىملىگۈچ ۋە مېتاللاشچىلىق قاتارلىقلارنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولدى.

بۇ ئىستانسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1937- يىلى باشلىنىپ، 1938 - يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى. ئۇ سۈپىتى ياخشى، سۈرئىتى تېز، ۋاقىت ئەڭ ئاز كەتكەن قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ ئىستانسا ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن باش ئىنژېنېر ۋورسوف دىخۇادا قېلىپ خىزمەتلەرگە داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلدى. قالغانلار ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. ۋورسوف خىزمەتتە ئەستايىدىل، ئاددىي - ساددا، مۆلايىم ئادەم ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ جاپادىن قاچمايدىغان، ئەمگەكچانلىقى، شەخسىيەتسىزلىكى كىشىلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى 15 - ئىستانسىنىڭ خىزمەتچىلىرى قاتناش باشقارمىسىنىڭ قاتناش مەكتىپى 2 -، 3 - قارارلىرىنى پۈتتۈرگەن ياكى شۇنىڭدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، تېخنىكىنى تېخى ئىگىلەپ كېتەلمىگەچكە، ۋورسوف بىر تەرەپتىن 2 - قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر كۈنى 3 - قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارغا رادىئو تېلېگراف ئىلمى ۋە ئېلېكتر ماگنىت ئىلمىنىڭ قائىدىلىرىدىن دەرس ئۆتەتتى، ئۇ شىنجاڭنىڭ تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى ئۈچۈن قالتىس ئەجىر سىڭدۈرگەنىدى. 1941 - يىلى قىشتا، ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى. ئارىدىن 45 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ شىنجاڭدا بەش يىل خىزمەت قىلغان ۋاقتىدىكى ئىنتېرناتسىئونالىستىك روھىنى تېخى ئۇنتۇغىنى يوق.

خەلقارا تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ يەنئەن بىلەن بولغان ئاخبارات ئالاقە ئەھۋالى: خەلقئارا تېلېگراف ئىستانسىسىدا مىڭ ۋاتلىق قوبۇللىغۇچ، تارقاتقۇچ ئاپپاراتىدىن بىرى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پەرقلەندۈرگۈچ تېلېگرامما قوبۇللىغۇچ ئاپپاراتىدىن ئىككىسى، ئاپتوماتىك سىمسىز تېز سۈرئەتلىك تېلېگرافتىن بىر يۈرۈش ۋە توك مەنبەسى بولغان چوڭ تىپتىكى بېنزىن گېنېراتوردىن ئىككىسى بار ئىدى. شۇنداقلا ئۇلارنى ئىنچىكە رېمونت قىلىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە ئىدى. بۇ ئۈسكۈنىلەر ئەينى زامانلاردا دۆلىتىمىز بويىچە قۇۋۋىتى زور، ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل بولۇش جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ ئارقىلىق خەلقئارا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالمۇتا، دۆلەت ئىچىدە ئازاد رايونلارنىڭ بۆشۈكى يەنئەن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىن چوڭچىڭ، لەنجۇ، قاتارلىق جايلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا بولاتتى. باش ئىنژېنېر ۋورسوفنىڭ ئېيتىشىچە، ئالمۇتىدىكى تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى بىزنىڭ 15 - ئىستانسىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەن، چوڭچىڭ، لەنجۇ تېلېگراف ئىستانسىلىرىنىڭ قۇۋۋىتىمۇ يۇقىرى ئىكەن. بىراق، ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن يەنئەن تېلېگراف ئىستانسىسىدا قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان 15 ۋاتلىق گېنېراتور ئىشلىتىلگەچكە، بۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دىخۇا تېلېگراف ئىستانسىسى بىلەن ئالاقىلىشىش بەكمۇ قىيىنغا چۈشەتتى.

15 - تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتىن بۇرۇن، يەنئەن بىلەن دىخۇا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى دىخۇادىكى 1 - تېلېگراف ئىستانسىسى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئىككىلا تەرەپتىكى تېلېگرامما ئاپپاراتىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا، قىيىنچىلىق كۆپ بولۇپ، ئالاقە دائىم دېگۈدەك ئۈزۈلۈپ قالاتتى. تېلېگراممىلارنىڭ بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالىمۇ ئېغىر ئىدى. 15 -



تېلېگراف ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئالاقە شۇ ئارقىلىق قىلىنىدىغان بولدى. 15 - تېلېگراف ئىستانسىسىدىكى ئىستانسا باشلىقى ۋە ئۈچ ماشىنىست، رادىستتىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى 1936 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە دىخۇا قاتناش مەكتىپىنىڭ 2 -، 3 - قارارىنى پۈتتۈرگەنلەر بولۇپ، 16 ياش بىلەن 20 ياش ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ئۇلار كېچىسى يەنئەن، ئالمۇتا بىلەن ئالاقىلىشىپ، كۈندۈزى چوڭچىڭ، لەنجۇ قاتارلىق جايلار بىلەن ئالاقىلىشەتتى. يەنئەن بىلەن بولغان تېلېگراممىلار ئالاقىسىنى 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بېرەتتى. كۈندە دېگۈدەك قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە يوللايدىغان تېلېگراممىلار چېقىپلا تۇراتتى. يەنئەندىن قوبۇل قىلىنغان تېلېگراممىلار 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا بىۋاسىتە ئەۋەتىلەتتى. يەنئەنگە ئەۋەتىلىدىغان تېلېگراممىلار 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى تەرىپىدىن بېيىلياڭ تېلېگرامما ئىدارىسى ئىش باشقارمىسىدا تىزىمغا ئېلىنغاندىن كېيىن، 15 - تېلېگراف ئىستانسىسى ئارقىلىق ئەۋەتىلەتتى. ھەر قېتىملىق تېلېگرامما ئاخىرىغا مۇنداق دەپ يېزىلاتتى:

«908» (يەنئەن تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ نامى)غا يوللىنىدىغان × پارچە تېلېگرامما ئەۋەتتۇق، بالدۇرراق يوللىشىڭلارنى سورايمىز. ھۆرمەت بىلەن:

ئىنقىلابىي سالام
8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
ئىش بېجىرىش باشقارمىسى فاڭ لىڭ
× يىل × - ئاينىڭ × - كۈنى

يەنئەن تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ ماشىنا ئاپپاراتى كىچىك، سىگنالى ئاجىز بولغاچقا خىزمەتتە قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇڭا دىخۇادا ھەر سىمېنىغا تېلېگرامما يوللاشقا تېخنىكىدا بىر قەدەر پىششىق رادىستلارنى قويۇشقا توغرا كېلەتتى.

ئەينى چاغدا، يەنئەن بىلەن ئالاقىلىشىشتە لى يۈەنفىن، ساڭ
بولىيەن، شۈي ۋېيلۇڭ، ليۇ جىرۇڭ قاتارلىق رادىستلار ئىشلىگەنىـ
دى. ئۇلار 1936 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە دىخۇا قاتناش مەكـ
تىپىنىڭ 2 ـ، 3 ـ قارارىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. يەنئەن تېلېـ
گراف ئىستانسىسىنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولسىمۇ،
رادىستلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى ۋە تېلېگراممىا ئەۋەتىش تېخـ
نىكىسى بىرىنچى دەرىجىلىك سەۋىيىدە ئىدى، ئۇلار خىزمەتتە
مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، قىلچە بىخەستەلىك قىلمايتتى، ئالاقە ئىنـ
تىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى سەۋرچانـ
لىقى، ئىنچىكىلىكىنى 15 ـ تېلېگراف ئىستانسىسىدىكىلەرنىڭ ھەمـ
مىسى دېگۈدەك ماختايتتى، سەككىز يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار
يەنئەن بىلەن دىخۇا 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى
ئوتتۇرىسىدا مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تېلېگراممىا ئالاقىسىنى
بېجىرگەنىدى.

خەلقئارا تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاـ
قىدىكى چاقىرىش سىگنال بەلگىلىرى:

ئازادلىقتىن بۇرۇن سىمسىز تېلېگراف ئالاقىسىدە تېلېگراف
ئىستانسىلىرىنىڭ نامىنى چاقىرىشتا ئېنىق بەلگىلىمە
بار ئىدى. يەنە ھەربىر دۆلەتنىڭ سىمسىز تېلېگراف
ئىستانسىسىنىڭ ئىنگلىزچە باش ھەرپىنى ئېلىش خەلقئارادا مۇقىم
بېكىتىلگەنىدى. ئالايلۇق، جۇڭگو تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ باش
ھەرپى «X»، چوڭچىڭنىڭ «xun»، سوۋېت ئىتتىپاقى تېلېگراف
ئىستانسىسىنىڭ «R» ئىدى، بىراق يەنئەن تېلېگراف ئىستانسىـ
سىنىڭ «*gas*» ئىدى، رادىستلارنىڭ قىزىقتانلىقىدىنمۇ ياكى باشقا غەـ
رەزى بارمۇ ئەيتاۋۇر چوڭچىڭ تەرەپنىڭ رادىستلىرى ئاپپاراتتا
«*gas*» نىڭ قەيەرلىكىنى سوراپ قالسا دىخۇا تېلېگراف ئىستانسىـ
سىدىكى رادىستلار بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمايتتى. شۇڭـ
مۇ بۇ ئىستانسىنىڭ ئورنى ئىزچىل مەخپىي بولۇپ كەلگەنىدى.



شېڭ شىسەي گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن
يەنئەن بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلدى.

1943 ـ يىلى، يەنى سۇڭ مېيلىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزۇن
ئۆتمەي، شېڭ شىسەي ئوپئوچۇق ھالدا گومىنداڭنىڭ قويـ
نىغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن 15 ـ تېلېگراف ئىستانسىسىمۇ
«بۈگۈندىن باشلاپ ‹*gas*› بىلەن بولغان ئالاقىنى توختىتىسۇن»
دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى. ئەڭ ئەشەددىي بولغىنى شۇكى،
ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئادەتتىكى ئالاقە بەلگىلىمىسى بويىچە
ئىش كۆرمەي، ئالاقىنىڭ بۇيرۇق بويىچە توختىتىلغانلىقىنى قارـ
شى تەرەپكە ئۇقتۇرماي تۇرۇپلا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئالاقىـ
نى ئۈزگەنىدى. يەنئەن تېلېگراف ئىستانسىسى ھەر كۈنى بەلـ
گىلەنگەن ۋاقىت بويىچە سائەت 21 دىن 23 كىچە دىخۇانى چاـ
قىرسىمۇ، 15 ـ تېلېگراف ئىستانسىسى بۇيرۇق بويىچە قۇلىقىنى
يوپۇرۇۋېلىپ جىم تۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ياش رادىستلارـ
نىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇ خىل قىلمىشىغا غەزىپى كەلـ
سىمۇ گەپ ـ سۆز قىلالمايتتى. بەزى بىر رادىستلار ھەققانىيەت
تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىدە ۋاقىت توشقاندا «*gas*» نىڭ چاقىرىقىنى
يوشۇرۇنچە ئاڭلاپ قوياتتى. توختىماي داۋاملىشىۋاتقان «*xup*»
نى چاقىرغان ئاۋاز نەقەدەر زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىدنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ـ ھە! بىراق ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ ۋەدىسىگە
ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى تا س س ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىنى قوـ
بۇل قىلىشنىڭ توختىتىلىشى:

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تېلېگراممىا ئالاقىسىدە 15ـ
تېلېگراف ئىستانسىسى سوۋېت ئىتتىپاقى تا س س ئاگېنتلىقىنىڭ
خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ــ تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسىنى قوـ
شۇمچە ئۈستىگە ئالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا تا س س نىڭ خەـ
ۋىرىنى قوبۇل قىلىش ــ تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسى تېلېگراف ئىسـ

تانسىسى خىزمەت مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى.

ھەر ئاخشىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككى سىمسىز تېلېگرافىدىن تېز سۈرئەتتە بېرىلگەن خەۋەرنى 15 - تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ ئىككى رادىستى قول بىلەن كۆچۈرۈپ قوبۇل قىلاتتى. دىخۇادا تا س س نىڭ شۇ كۈنلۈك خەۋىرىنى شۇ كۈنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. «gas» بىلەن بولغان ئالاقە توختاپ قېلىشى بىلەن تەڭلا تا س س خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىشمۇ توختىدى. شۇنىڭ بىلەن 15 - تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ كەسپىمۇ ئازىيىپ، رادىستلارغىمۇ قىلىدىغان ئىش قالمىدى. بەزىلىرى ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىپ، باشقا يول تاپتى. بەزىلىرى بېيلياڭ تېلېگراممىسى ئورنىغا تەقسىم قىلىۋېتىلدى، 15 - ئىستانسىسىدا پەقەت مانتيۇرلا قېلىپ ئاپپاراتلارنى ئېچىپ - يېپىشقىلا مەسئۇل بولدى. ھەر كۈنى تارقىتىلىدىغان سىگنال سىرتتىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئاپپارات ئارقىلىق بېيلياڭ تېلېگراممىسى ئورنىغا ئەۋەتىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي «xup» نىڭ ئالاقىلىشىش ئوبيېكتى بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلار بولۇپ قالدى.

غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش توغرىسىدىكى خەۋەرنى قوبۇل قىلىش:

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، 1936 - يىلى يازدا، چېگرا رايون ئىشلىرى باشقارمىسى تېلېگراف ئىدارىسىگە: يېقىندا مۇھىم خەۋەرلەر بولىدۇ، تېلېگراف لىنىيىسىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭلار، چېگرا رايون ئىشلىرى باشقارمىسى ياكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ خەۋىرىلا بولىدىكەن، ۋاقتىدا تارقىتىشىڭلار ۋە ئەۋەتىشىڭلار لازىم، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. شۇ بىر نەچچە كۈندە، بۇ 15 - ئىستانسىسىنىڭ «ۋاقتى چەكلىك، تېز يەتكۈزۈلسۇن» دېگەنگە ئوخشاش ئىمزالار قويۇلغان ئاشكارا ۋە مەخپىي تېلېگراممىلىرى ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. بەلگىلىمە بويىچە بۇنداق تېلېگراممىلار ۋاقتىدا قوبۇل قىلىنىپ، ۋاقتىدا تارقىتىلدى.



غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسى شىڭشىڭشياغا كەلگەندىن باشلاپ تاكى دىخۇاغا كەلگەنگە قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئىستانسا خادىملىرى 4 - يۆنىلىش ۋە غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش خىزمىتى ئۈچۈن ئالدىراش ئىشلىدى. ئۇلار غەربىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، قوشۇننىڭ دىخۇاغا ئوڭۇشلۇق يېتىپ كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭدا قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسى ئاساسلىق خەۋەرلىشىش تۈگۈنى قىلىنىپ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تۆھپە يارىتىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، چېگرا رايوننى ئېچىشنىڭ شانلىق قوشۇنىنى كۈتۈۋالدى.

(ئىزاھات: ئەينى چاغدىكى قۇمۇل چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى دۇ جاڭيەن، لۇ دېشۇن، جۇ ۋېنگى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈي چېڭفا، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قاسىم، شىڭشىڭشا چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شۈدېيەن، ۋۇ نەنشەنلەر ئىدى.)

شىنجاڭنىڭ تېلېگراف خىزمىتى مەركىزىي ترانسپورت كوللېگىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلغان ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇش خىزمىتىدە تۆھپە ياراتتى.

سەككىز يىل داۋام قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە دۆلەت ئىچىدە ئۇرۇش ئوتى يامراپ، ھەممە جايىنى قالايمىقانچىلىق قاپلاپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا خەلق بالايىئاپەتكە ئۇچراپ، ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران بولغانىدى. يىراق شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقاچقا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئىبلىس قولى بۇ زېمىننى بولغاشقا يەتمەي قالدى. ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بەردى، ئۇرۇشقا ياردەم قىلىنغان ماددىي ئەشيالار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭنىڭ قورغاس - چۆچەك قاتارلىق ئېغىزلاردىن كىرگۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچى - ئىلى، ئۈرۈمچى - چۆچەكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ترانسپورت تۈگۈنى بىلەن دىخۋا ئارقىلىق قۇمۇلغا توشۇلۇپ، ئاندىن ئىچكىرىدىن ئەۋەتىلگەن ماشىنىدا ھەرقايسى ئۇرۇش لىنىيىلىرىگە يەتكۈزۈلەتتى. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن شىنجاڭدا مەركىزىي ترانسپورت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى. سوۋېت ئاپتوموبىل كالونى تۈركۈملەپ تۈرلۈك ماددىي ئەشيانى ئۈزۈلدۈرمەي توشۇپ تۇردى. ھەر تۈركۈمدىكى ئاپتوموبىل سانى تەخمىنەن 100 گە يېتەتتى، ترانسپورت كوللېگىيىسى پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ھەرقايسى تاشيول لىنىيىلىرىدە مېھمانخانىلار قۇرۇپ، ئاپتوموبىل كالونىدىكىلەرنىڭ تاماق، ياتاق ۋە يېقىلغۇ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى. ئاپتوموبىللارنىڭ ئوڭۇشلۇق قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تاشيول قۇرۇلۇشى ۋە يول ئاسراش ئىشىنى پائال ياخشىلىدى. قاتناش ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، شۇ ئارقىلىق ترانسپورت كومىتېتى ئاپتوموبىللىرىنىڭ كېچە - كۈندۈز توسالغۇسىز قاتنىشىغا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، قۇمۇل شىنجاڭنىڭ ئىچكىرىگە بارىدىغان مۇھىم قاتناش ئېغىزى بولۇپ، بۇ جايدا ترانسپورت كوللېگىيىسىنىڭ ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغان، جۇڭگو تەرەپتىن فىڭ جىلۇ ۋەكىل قىلىنغان بولۇپ، تېلېگراممىلارنىڭ ھەممىسى قۇمۇل تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئەۋەتىلەتتى. قوبۇل قىلىنغان ۋە ئەۋەتىلىدىغان تېلېگراممىلارنىڭ ھەممىسى مەخپىي سىفىردا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى پەقەت رادىست لى يەن بىلەن ساڭ بۇجىڭلا ۋەكالىتەن تەرجىمە قىلاتتى. تېلېگرامما «× - ئاينىڭ × - كۈنى × × دانە زەمبىرەك. × × مىڭ دانە زەمبىرەك ئوقى، × × ئايروپىلان، × × × تۈمەنپاي ئوق توشۇپ كېلىندى، تەكشۈرۇپ تاپشۇرۇپ ئالغايسىزلەر» دېگەن مەزمۇندا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا تېلېگراممىلارنى ئەۋەتكۈچى تەرەپ فىڭ جىلۇنىڭ نامىغا يوللايتتى. شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسىگىمۇ بىر نۇسخا يوللاش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەنىدى.

شۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ رادىست ۋە خىزمەتچى خادىملىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىش، ماددىي ئەشيالارنىڭ ئالدىنقى سەپكە توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى قەتئىي تۈردە يېڭىپ، جان دىلى بىلەن ترانسپورت كوللېگىيىسى بىلەن ترانسپورت كالونىنىڭ ئالاقىلىشىشى ئۈچۈن تاكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغانغا قەدەر خىزمەت قىلدى. بۇنىڭدا مۇنداق بىر سانلىق مەلۇمات ئۇلارنىڭ خىزمەت مىقدارىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ماددىي ئەشيالار قورغاس، چۆچەك، ئۈرۈمچى ئارقىلىق قۇمۇلغا يەتكۈزۈلگىچىلىك بولغان تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى قۇمۇلدىن شىڭشىڭشاغىچە 1451.8 كىلومېتىر؛ چۆچەكتىن شىڭشىڭشاغىچە 1430 كىلومېتىر ئىدى. بۇ مۇساپە 14 ناھىيىنىڭ 13 تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئۆتەتتى. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 3 - ئايدا، ترانسپورت كوللېگىيىسى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ۋە قوبۇل قىلىنغان ترانسپورت ئاخباراتىدىن ئىبارەت تېلېگرامما كەسپىي كىرىمى 8 مىليون 15 مىڭ 290 سەر (شۇ چاغدىكى ئۆلكە پۇلى) گە يېتىدۇ. بۇ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تېلېگراف ئومۇمىي كەسپىي كىرىمىنىڭ 17.01 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تولۇپ - تاشقان سىياسىي قىزغىنلىقى ئارقىلىق مۇقەددەس ۋە جاپالىق خەۋەرلىشىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەككىز يىللىق جاپالىق مۇساپە شىنجاڭنىڭ تېلېگراف ئالاقە تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇردى.

ئىبادەت تۇردى تەرجىمىسى

## ماتېرىيال

# شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى پائالىيەتلىرى

ئابلەت نۇردۇن

شىڭ شىسەي 1933 - يىلى ئۈرۈمچى (دىخۇا) دا يۈز بەرگەن «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى داۋامىدا «تۇپىلاڭدىن تۇغاچ ئوغرىلاپ» شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ «چېگرا مۇداپىئە دۇبەن»ى بولۇۋالدى. ئۇ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزىگە قارشى قۇدرەتلىك رەقىبلىرى— جاڭ پېيىيۈەن، ما جۇڭيىڭلارنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىپ شىنجاڭنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا تولۇق كىرگۈزۈش ئۈچۈن «تەرەققىيپەرۋەر»لىك تونىنى كىيىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا يېقىنلىشىش، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئۆز رەقىبلىرىگە سېلىش سىياسىتىنى قوللاندى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ياڭ زېڭشىڭ، جىن شۇرېنلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى تەمىر قىلىشتىن ئىبارەت بەش بۈيۈك سىياسەتنى ئېلان قىلدى. 1935 - يىلى «12 - ئاپرېل»نىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا يەنە پاك بولۇش سىياسىتىنى قوشۇپ، ئالتە بۈيۈك



سىياسەت، قىلىپ تولۇقلىدى. ئۇ يەنە بۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى: «بۇ جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى ئاساس قىلىنغان شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن نىجادلىق ئېلىپ كېلىدىغان سىياسەت، شۇڭا ھەرمىللەت خەلقى رىئايە قىلىشقا ۋە ھەقىقىي ھىمايە قىلىشقا تېگىشلىك»دەپ شەرھىلىدى. «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» بىلەن پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پروگراممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلاپ بەردى. شۇڭا بۇ سىياسەت شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە خەلقىنىڭ قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەيپىياتنىڭ ئەۋج ئېلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

1935 - يىلى 5 - ئايدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزاسى ۋاڭ شۇچېڭ (يوشىيۇسوڭ)، ۋەن شەنتىڭ (جاڭ يىفۇ)، ۋاڭ باۋچيەن (جاۋشىپ) قاتارلىق 25 كىشىنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. 1936 - يىلى يەنە كوممۇنىست لىيۇ جىنجۇڭ (جاڭ بىشىڭ) قاتارلىق بەش كىشىنى ئەۋەتىپ چېگرا مۇداپىئە باشقارمىسىنى قۇرۇپ چىقتى، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. سۈيىيۈەندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى كەڭ كۆلەمدە ئىئانە توپلاپ 90 مىليون سەر شىنجاڭ پۇلى ياردەم قىلدى. ھەرقايسى مەكتەپلەردە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان دەرسلىكلەر ئۆتۈلدى.

مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، 1935 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. شۆبە ئۇيۇشمىلىرىمۇ

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. بارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە تېخنىكۇم، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بۇ تەشكىلاتقا ئومۇمىيۈزلۈك قاتناشتى. ئۇيۇشمىنىڭ پەخرى باشلىقى شىڭ شىسەي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى كوممۇنىستلارنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ قولىدا ئىدى. مەسىلەن، ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ شۇچېڭ، ۋاڭ باۋچيەن، خۇاڭ خوچىڭ، بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى ماۋ زېمىن، ۋەن شەنتاڭ، مەنسۇر ئەپەندى، سېيىت ھاجى قاتارلىقلار ئىدى. ئۇيۇشمىنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن كومىتېت تەسىس قىلىنىپ ئۇنىڭغا بىر كومىتېت باشلىقى، بىر مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى سايلاندى. كومىتېت قارمىقىدا كاتىبات باشقارمىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت بۆلۈمى، ياشلار بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، كېيىن ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. باشقارما، بۆلۈملەرگە بىردىن بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قويۇلدى. ھەرقايسى شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، بىرقانچە يېتەكچى تەيىنلەندى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ھەرمىللەت خەلقىگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ناملىق ژۇرنال چىقاردى①. ئۇيۇشمىنىڭ ئەزالىرى ۋە تەشكىلىي ئاپپاراتى خېلى تەرەققىي قىلدى. مەسىلەن: ئۇيۇشما ئەزالىرى، 1935 - يىلى 2417گە، 1936 - يىلى 2954گە، 1937 - يىلى 5281گە، 1938 - يىلى 8050 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 116سى ئايال ئەزا ئىدى. 1938 - يىلى 10 - ئايدا ئۇيۇشمىنىڭ رايونلۇق

① «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» 1935 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان، خەنزۇچىسى بىر توم، بىر سان، 55 جىلد چىققان، ھەر بىر ساننىڭ تىرىژى 15 مىڭ نۇسخىدىن 4000 نۇسخىغىچە، ئۇيغۇرچىسى بىر توم 2 سان 8 جىلد چىققان.



تارمىقى 17گە، شۆبىسى 84گە، بىۋاسىتە قاراشلىق گۇرۇپپىسى 18گە، بىۋاسىتە قاراشلىق ياچېيكىسى 1گە، گۇرۇپپا 793گە يەتتى. 1943 - يىلى 8 - ئايغىچە ئۇيۇشما ئەزاسى 10 مىڭدىن ئاشتى.

ئۇيۇشما 1935 - يىلدىن 1942 - يىلى ئەتىيازغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاممىۋى نامايىشلارنى تەشكىللىدى. ھەر يىلى «12- ئاپرېل»، «7 - ئىيۇل»، «1 - ئاۋغۇست» خاتىرە كۈنلىرىدە كەڭ تۈردە تەشۋىقات ھەرىكىتى، ئاممىۋى يىغىن، ئاممىۋى كەچلىك يىغىن ئۇيۇشتۇردى. ھەرقېتىمقى پائالىيەتكە يالغۇز ئۈرۈمچىدىلا 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى يەنى ئۈرۈمچى ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرى قاتناشتى. تۈرلۈك پائالىيەتلەردە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، رۇسچە تەشۋىقات ماتېرىياللىرى، بىروشۇرلار تارقىتىلدى. 1938 - يىلى تارقىتىلغان تەشۋىقات ماتېرىيالى 450 مىڭ نۇسخىغا يەتتى. شۇ يىلى ئەتىيازدا ئىككى قېتىم سەككىز ناھىيىگە تەشۋىقات ئەترىتى ئەۋەتىلدى.

ئۇيۇشما يەنە «ئۇيۇشما كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى» ئېچىپ 1934 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە 20 قارارلىق كادىر تەربىيىلەش كۇرسىدا 34 سىنىپ، 1700 گە يېقىن كۇرسانت تەربىيىلىدى. 1940 - يىلى ئۆلكە بويىچە ئومۇمىي ئىمتىھان ئېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۆز مۇسابىقىسى، دراما مۇسابىقىسى، ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. رەسىم، فوتو سۈرەت، كىتاب كۆرگەزمىسى ئېچىلىپ ۋىلايەتلەرگە ئاپىرىپ سەييارە كۆرگەزمە قىلىندى.

1937 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بويىچە ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئاممىغا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىشقا چاقىرىق قىلىندى. 1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1938 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان 13 ئايدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى

تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بويىچە ئارقا سەپ ياردەم بېرىش باش ئۇيۇشمىسى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، قارا شەھەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئىلى ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، جۇڭگونىڭ زەيسان، تاشكەنت، شەمەيلەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى ۋە مۇھاجىر قېرىنداشلاردىن ئىلىدا ياپون مىلىدىن ئېلىنغان جەرىمانە بولۇپ جەمئىي 2 مىلليارد 410 مىليون 755 مىڭ 144 سەر پۇل ۋە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، بىزەك، تەڭگە، هارۋا، فوتو ئاپپاراتلىرى، يۇڭ ئەدىيال، ئۆي جاهازلىرى، كەمچەت جۇۋا، تېرە جۇۋا، رەخت، قۇلاقچا، ئالتۇن سائەت، كۈمۈش سائەت تاپشۇرۇۋالدى. 1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئۆلكىلىك مىللىي دىنىي ئاياللار قۇرۇلتىيىدا ئون دانە ئايروپىلان ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىش قارار قىلىندى. 1939ـ يىلى شىنجاڭدا ئىئانە توپلانغان بىر مىليون 525 مىڭ يۈەنگە ئون دانە كۈرەشچى ئايروپىلان سېتىۋېلىپ مەركىزىي هۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتتى. بۇ ئايروپىلانلار 1939 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىپ، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە «دۆلەت مۇداپىئەسى شىنجاڭ» ماركىلىق ئايروپىلانلار ۋۇخەن هاۋا بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلدى. 1938 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جاهانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى، ئاياللار جەمئىيىتى، ئىشچىلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش باش ئۇيۇشمىسى، خەلق ئۇيۇشمىسى، سودىگەرلىك جەمئىيىتى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، دۇبەن مەھكىمىسى سىياسىي تەربىيە باشقارمىسى، خەلق ئاقارتىش يۇرتى قاتارلىق ئون نەچچە ئاممىۋى تەشكىلات بىرلىشىپ، قىشلىق كىيىم ئىئانە توپلاش هەيئىتى قۇردى. بۇ هەيئەتنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە قىشلىق كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ



بويىچە 230 مىڭ يۈەن (فابى) ئىئانە قىلدى. كېيىنكى يىللاردا هەر يىلى 200 مىڭ يۈەن (فابى) دىن ئىئانە ئەۋەتىلىپ تۇردى. شۇ چاغدا بىر ئۇيغۇر يېتىم بالا دارىلئېيتامدىن بېرىلگەن بىر قۇرپاختىلىق كىيىمنى ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە ئەۋەتكەنىدى.

شىنجاڭدا يەنە ئىتتىپاقچى دۆلەتلەرنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن غەزىنە چېكى سېتىۋېلىش دولقۇنى قوزغالدى. مەسىلەن، 1942 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 26 مىليون 666 مىڭ 600 يۈەن، 1943 ـ يىلى 50 مىليون يۈەن خەزىنە چېكى سېتىلدى.

1943 ـ يىلى دۇنيا بويىچە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش بولدى، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىدىمۇ قىسمەن قايتۇرما هۇجۇم باشلاندى. بۇ خىل ياخشى ۋەزىيەتنىڭ ئىلهامىدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى هەرمىللەت خەلقى بىر ناھىيە بىر ئايروپىلانغا يەتكۈدەك ئىئانە توپلاش چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشتى. 1943 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 940 مىليون 583 مىڭ يۈەن (سەر) پۇل ئىئانە توپلىنىپ، 144 ئايروپىلان سېتىۋېلىش ئۈچۈن هەدىيە قىلىندى. بۇنىڭغا 1939 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن «دۆلەت مۇداپىئەسى شىنجاڭ» ماركىلىق ئون كۈرەشچى ئايروپىلانىنى قوشقاندا جەمئىي 154 ئايروپىلان بولىدۇ.

1939 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە شىنجاڭ خەلقى يەنە 500 مىليون يۈەننى زەھەرلىك گازدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە هەدىيە قىلدى.

جەڭچىلەرگە تۇمەن مىڭ پارچە هال سوراش خېتى يېزىلدى

پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبە قىلاي دەپ قالغان، جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئومۇميۈزلۈك قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتكەن 1944 ـ يىلى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى 3 - ئاينىڭ 16 - ۋە 19 - كۈنلىرى «ھەربىي ئات يىغىپ ھەدىيە قىلىش چارىسى»، «مۇراجىئەتنامە»نى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 10 مىڭدىن كۆپ ھەربىي ئات يىغىلدى. ئىلى، تارباغاتاي، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرى يۇقىرىغا ئات تاپشۇردى، قالغان ۋىلايەتلەر ئات كەلگۈدەك پۇل تاپشۇردى، بۇ پۇلغا يۇقىرىقى ئۈچ ۋىلايەتتىن ئات سېتىۋېلىندى. بۇ قېتىمقى ئات يىغىش پائالىيىتىدە شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تولۇق نامايان قىلدى. مەسىلەن، كۈنەس ناھىيىسىدىن ئاجا ئىسىملىك بىر دېھقان 25 ئات تەقدىم قىلغان. ھەرقايسى جايلارنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئىلى ۋىلايىتى 2200 ئات تاپشۇرغان، 4100 ئات سېتىپ بەرگەن؛ تارباغاتاي ۋىلايىتى 1300 ئات تەقدىم قىلغان، 900 ئات سېتىپ بەرگەن؛ قاراشەھەر ۋىلايىتى 200 ئات تاپشۇرغان، 1000 ئات سېتىپ بەرگەن؛ ئۈرۈمچى ۋىلايىتى 1800 ئات ئېلىشقا پۇل ھەدىيە قىلغان؛ قەشقەر ۋىلايىتى 1500 ئات ئېلىشقا پۇل ھەدىيە قىلغان؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى 1100 ئات ئېلىشقا پۇل ھەدىيە قىلغان؛ خوتەن ۋىلايىتى 700 ئات ئېلىشقا پۇل ھەدىيە قىلغان؛ قۇمۇل ۋىلايىتى 100 ئات ئېلىشقا پۇل ھەدىيە قىلغان؛ يەكەن ۋىلايىتى 1000 ئات ئېلىشقا پۇل ھەدىيە قىلغان؛ ئالتاي ۋىلايىتى 100 ئات تاپشۇرغان. مۇھاجىرلار ھەتتا مۇساپىرلار، جىنايەتچىلەرمۇ ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىگە قىزغىن ئاۋاز قوشتى. كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان، ھاياجانلاندۇرىدىغان ياخشى ئىشلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، ئىشچىلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان (17 شۆبە ئۇيۇشمىسى بار ئىدى) دىن كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پۇل ۋە قىشلىق كىيىم ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ كىرىشتى، ئۇلار ئۈچ ئاي



ئىچىدە توپلىغان ئىئانە پۇل 16 مىليون سەرگە يەتتى. بىرمۇنچە ئىشچىلار يېرىم ئايلىق ياكى بىر ئايلىق ئىش ھەققىنى ئىئانە قىلدى. قۇمۇل ناھىيىسىدە سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ سەپەرۋەرلىكى بىلەن غوپۇر ھاجى 15 مىليون سەر قىممىتىدىكى مال چارۋىسىنى ئىئانە قىلدى. چۆچەكتە تاتار ئۇيۇشمىسى يېڭىچە تىياتىر قويۇپ تاپقان كىرىمىنى پۈتۈنلەي قىشلىق كىيىم ئۈچۈن ئىئانە قىلدى. ئۈرۈمچىدە نەنسەندىكى قازاق خەلقى 300 سەر ئالتۇن ئىئانە قىلدى. ئۈرۈمچى دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى جىن يۈنخۇا ئەر - خوتۇن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئىئانە توپلاش يۈزىسىدىن قويۇلغان خالىس ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن، ئويۇن مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا ئىككى مىسقال ئالتە پۇڭلۇق ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن چاچ قىسقۇچنى ئىئانە قىلغان. ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە مەرھۇم ئىسمايىل باي ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا 27 يامبۇ قەرز بەرگەنىكەن، ئۇنى ساقچى ئىدارىسى سۈرۈشتۈرۈپ خوتۇنى ئاتىكىخانغا ئېلىپ بەرگەندە، ئاتىكىخان ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلغان. ئۇيغۇر يۇسۇپ ئاخۇنۇم قۇربان ھېيتتا چۈشكەن 94 دانە تېرە، 50 يۈرۈش ئۈچەي، بىر پارچە كالا تېرىسىنى ھەدىيە قىلغان ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاخۇن، موللىلارنى شۇنداق قىلىشقا چاقىرغان. ئۇيغۇرلاردىن سابىت، توختى، ئېلى ئۈچ كىشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ دۈشمەنلەرنى قىرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى لى شۇخۇا ئاتا - ئانىسى خەجلەشكە بەرگەن پۇللاردىن يىغىلغان 9 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلىنى تەقدىم قىلغان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە يىراق شەرق رايونىدىكى مۇھاجىرلارمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىگە قىزغىن ئاۋاز قوشتى. ئۇ

چاغدا، مۇھاجىرلارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ كۈنى نامراتلىقتا ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆمۈر كېنى ئاستىدا، كارخانىلاردا، پاختا پىروكاتلاش زاۋۇتلىرىدا، ماي زاۋۇتلىرىدا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلاتتى، ئەمما ئىش ھەققى تۆۋەن ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش روھىنى ئىپادىلەپ، 1937 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 1938 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە ھەر مىللەت مۇھاجىرلىرىدىن 282 كىشى 10 مىڭ رۇبلىدىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى. شەمەي رايونىدىكى ھەرمىللەت مۇھاجىرلىرى نەچچە يۈز كىشىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىئانە قىلغان پۇلى نەچچە مىڭ رۇبلىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەنجان ۋە تاشكەنت رايونىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ مۇھاجىرلار 1940 - يىلى 7 - ئايغىچە 100 مىڭ رۇبلىدىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ بەزىلىرى تىياتىر ئۆمىكى تەشكىللەپ ئويۇن قويۇپ، تاپقان كىرىمنى ئىئانە قىلدى.



## شىنجاڭنىڭ تاشيول تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەسلىمە

مەقسۇت تېيىپوۋ

ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسى بولغان شىنجاڭ — ئوتتۇرا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىسى، جەنۇبتا شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالدا موڭغۇلىيە، غەربىي شىمالدا سوۋېت ئىتتىپاقى، غەربىي جەنۇبتا ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

يەر ئاستى ۋە ئۈستى تەبىئىي بايلىقىغا تولغان بۇ باي، گۈزەل شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر گۆھەر زېمىنى. لېكىن ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھەرقايسى دەۋردىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشى، ئۇرۇش يېغىلىقى ۋە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي ئىنتايىن قالاق، تاشيول، ترانسپورت ئىشلىرى بەكمۇ ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش قەد كۆتۈرۈپ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولدى؛ يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ئىشلىرى كۈنسېرى تەرەققىي قىلدى، شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا نېفىت، كۆمۈر، ماشىنىسازلىق، توقۇمىچىلىق، مېتاللۇرگىيە ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائەتلىرى بارلىققا كېلىپ خەلق ئىگىلىكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تومۇرى بولغان تاشيول

ئىشلىرىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى.

1. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يول ئەھۋالى

تاشيول — قۇرۇقلۇق قاتنىشىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق، ئازادلىقتىن ئىلگىرى كونا - يېڭى فېئودال بۇرژۇئازلار ۋە مىلىتارىست ھۆكۈمرانلارنىڭ بىلىدىغىنى پەقەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مال مۈلكىنى شۇلۇش بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىشنى زادىلا بىلمەيتتى. شۇڭا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى تا ئازادلىق ھارپىسىغىچە، قەدىمىي يىپەك يولى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كارۋان يوللىرى ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىپ كەلگەنىدى. ۋەھالەنكى، بۇ كونا يوللار بەكمۇ تار ۋە ناچار بولغاچقا، شۇ چاغنىڭ قاتناش قوراللىرى بولغان ئات - ئۇلاغ، تۆگە - ئېشەكلەر داۋانلاردىن ئۆتۈشتە دائىما دومىلاپ كېتىپ ئۆلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن قاتناش توختاپ قالاتتى. كونا مىلىتارىست ياڭ زېڭشىندىن تارتىپ يېڭى مىلىتارىست شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭلار شىنجاڭغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. بۇ مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار نامدا ھازىرقى زامان تاشيولى دەپ ئاتىۋالغان ئۈرۈمچى - گۇچۇڭ، شىخشىخسىيا - قورغاس، ئۈرۈمچى - قەشقەر يولى قاتارلىق ئادەتتىكى ئات - ئۇلاغ، ھارۋا يوللىرى بار ئىدى. ئادەتتە بۇ يوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3361 كىلومېتر بولۇپ، ھەر 500 كىۋادرات كىلومېتر دائىرىگە بىر كىلومېتر يول توغرا كېلەتتى. يولنىڭ زىچلىق ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە خەلقئارادىكى دۆلەتلەرنىڭ يولىغا سېلىشتۇ-



تۇرغاندا، يول ئىنتايىن شالاڭ جايلارنىڭ بىرسى ھېسابلىناتتى. زامانىۋى تاشيول دەپ ئاتالغان بۇ يولنىڭ ھەممىسى توپا يول بولۇپ سۈپىتى ناچار، يول ئۈستى ئوي - دوڭغۇل، ئېگىز - پەس، يول كېسىپ ئۆتكەن دەريا ئۆستەڭلەر كۆۋرۈكسىز بولغاچقا، ئاپتوموبىللارنىڭ مېڭىشى ئىنتايىن قىيىنغا چۈشەتتى. گومىنداڭ دەۋرىدىكى ئىسمى بار جىسمى يوق بۇ تاشيولدا ئاپتوموبىللار ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغا 30 كۈندە بارالايتتى، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە بېرىشتىمۇ بىر ئاي ئەتراپىدا ۋاقىت كېتەتتى. مەن 1925 - يىلى شوپۇرلۇق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر ئاشۇنداق ئادەتتىكى كارۋان يوللىرىدا 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئاپتوموبىل ھەيدىگەن ئىدىم. ئاشۇنداق ناچار يوللاردا ئاپتوموبىل ھەيدەش ئات، كالا قوشقان كۆتەك ھارۋىسى ھەيدەشتىن قىيىن ئىدى. مەن ئاپتوموبىل ھەيدىگەن ۋاقىتلىرىمدا، كۆڭلۈمدە شىنجاڭدىمۇ سۈپەتلىك تاشيوللار قاچان ياسىلار، بىز قايسى ۋاقىتتا توپا - چاڭ يېيىشتىن قۇتۇلارمىز؟ دەپ ئويلايتتىم. ئاخىرى مېنىڭ بۇ ئويۇم رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئەمەلگە ئاشىدىغان كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلدى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىندى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ تاشيول ئىشلىرى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ ياسىلىشقا باشلىدى.

2. ئازادلىقتىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ تاشيول ئەھۋالى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تاشيول سىستېمىسىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تومۇز ئىسسىق، قەھرىتان سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ، قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تاغلارنى يېرىپ يول ئېچىپ، سۇ ئىچىدە كۆۋرۈك سېلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى،

چارۋىچىلىق ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا، شۇنىڭدەك خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئېھتىياجلىق بولغان زامانىۋى تاشيوللارنى ياساپ، شىنجاڭنىڭ تاشيول ئىشلىرىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

1950 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك قاتناش نازارىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭدا تاشيول قاتناش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگان بولماسلىقتەك ھالەتكە خاتىمە بېرىلدى. مەن ئۇزۇن مۇددەت شوپۇرلۇق ۋە قاتناش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىم ئۈچۈن شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەرىپىدىن قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندىم. ئەمدىلا ئازاد بولغان شىنجاڭ، گومىنداڭ قوزغىغان ئىچكى ئۇرۇشنىڭ كاساپىتىدىن ئىگىلىكى ۋەيران قىلىنغان، خەلق تۇرمۇشى ناچار، يول - كۆۋرۈكلەر تېخىمۇ ۋەيرانە قىلىنغان ئەھۋالدا ئىدى. ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە قاتناشنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم ئىدى، شۇڭلاشقا يوللارنى رېمونت قىلىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش بىزنىڭ قاتناش نازارىتىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالغانىدى.

1950 - يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يوللارنى رېمونت قىلىش، ئاسراش يوليورۇقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇ يىلى مەملىكەتلىك قاتناش يىغىنى ئېچىلغاندا، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاممىغا يۆلىنىپ، ئاز پۇل خەجلەپ كۆپ يول ياساش پرىنسىپى بەلگىلەندى، بىز مەركەزنىڭ بۇ پرىنسىپىنى شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا تەدبىقلاپ ئالدى بىلەن دۆلەت ۋە ئۆلكە يوللىرىنى نۇقتىلىق رېمونت قىلىپ ياساشنى بەلگىلىدۇق. 1950 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى غوللۇق يوللار رېمونت قىلىندى ۋە بىر قىسىم يوللار يېڭىدىن ياسالدى.



(1) قىسقا مۇددەت ئىچىدە رېمونت قىلىنغان ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالغان يوللار:

شىڭشىڭشيا - قورغاس تاشيولى: بۇ غول لىنىيە شىنجاڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ قان تومۇر. 1950 - يىلى غەربىي شىمال قاتناش يىغىنىدا شىڭشىڭشيا - قورغاس غوللۇق لىنىيىسىنى دۆلەت يولى قىلىپ ئايرىغان. بۇ لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1468 كىلومېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن قورغاسقىچە 655 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ لىنىيە شەرقتە شىڭشىڭشيادىن باشلىنىپ قۇمۇل، يەتتەقۇدۇق، پىچان، تۇرپان، ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، شىخو، جىڭ قاتارلىق جايلارنى كېسىپ ئۆتۈپ قورغاسقا بارىدۇ. يول لىنىيىسىنى 1937 - يىلى شېڭ شىسەي ھەر مىللەت خەلقىگە ھاشار سېلىپ ياساتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆلچەمگە يەتمەيدىغان توپا يول ئىدى. 1945 - يىلى گومىنداڭ ئارمىيىسى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن قاخشاتقۇچ زەربە يېگەندىن كېيىن شەرققە چېكىنىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن يوللارغا ۋە كۆۋرۈكلەرگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ھەتتا ماناس دەريا كۆۋرۈكىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ، قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلىغانىدى.

گومىنداڭ دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ يول - كۆۋرۈكلىرى پۈتۈنلەي ۋەيرانە قىلىنغان بولغاچقا، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەت مالىيىسىگە تايىنىپ يوللارنى رېمونت قىلىپ، كۆۋرۈكلەرنى سېلىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش ناھايىتى قىيىن ئىدى. يېڭى ئازاد بولغاندا تاشيول ئاسراش ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمۇ ئاران تۆت يۈزگە يېتەتتى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ سېكرېتارى، ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۇەنى يولداش ۋاڭ جېن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنى سېلىش توغرىسىدا

يولىيورۇق بەردى. 1950 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش قىسىملىرى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى باشلاپ
ئىككى ئايدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلەپ 4 ـ ئايدا 246 مېتىر
ئۇزۇنلۇقتىكى، سەككىز مېتىر كەڭلىكتىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك
پۈتتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بەش يىلدىن ئارتۇق ئۈرۈمچى بىلەن
ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، بورتالا قاتارلىق جايلارنىڭ قاتنىشى
ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئۈرۈمچى بىلەن
شىمالدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ قاتنىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈل-
دى. بۇ غوللۇق لىنىيىدە ئاپتوموبىل قاتنىشى ئەسلىگە كەل-
گەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئاپتوموبىلنىڭ ئۆتۈشىگە كاپالەت-
لىك قىلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تاشيول ئىشچىلىرى ۋە كەڭ
خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يولنى ھەر يىلى رېمونت
قىلىپ، پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ ياساپ، قۇم كۆچۈش،
شور كۆچۈش، پاتقاق ئۆرلەش، تاش غولاش، قېلىن قار يولنى
توسۇۋېلىش قاتارلىق توسقۇنلۇق ھادىسىلەرنى يېڭىپ يولنىڭ
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش چىڭ تۇتۇلدى. 1953 ـ يىلدىن باشلاپ
خەلق ئىگىلىكىنىڭ 1 ـ بەشيىللىق پىلانى ئىجرا قىلىنىش
بىلەن مەركەز شىنجاڭنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا ئىقتىسادىي
جەھەتتىن ئالاھىدە ياردەم بەردى، تاشيول قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى
يىلدىن يىلغا كۆپەيتىلىپ ئۈرۈمچى ـ قورغاس لىنىيىسىنى ئۆز-
گەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيە-
سىنىڭ ياردەم بېرىشى، خەلق ئىشچىلىرى ۋە تاشيول ئىشچى ـ
خىزمەتچىلىرىنىڭ سەككىز يىلدىن ئارتۇق جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈرەش
قىلىشى ئارقىسىدا، 1958 ـ يىلى ئۈرۈمچى ـ قورغاس لىنىيىسى
سۈپىتى خېلى ياخشى زامانىۋى تاشيول قىلىپ پۈتتۈرۈلدى.
1956 ـ يىلى قاراماي نېفىتلىكى تېپىلغاندىن كېيىن، بۇ لىنى-
يىدە قاتنايدىغان ئاپتوموبىللار كۆپىيىپ تاشيوللارنىڭ سۈپىتىگە
يەنىمۇ يېڭى تەلەپلەر قويۇلۇشقا باشلىدى. تاشيوللارنى ئاسراش



ياخشى بولمىسا، تاشيول ئۈستى ئاسانلا ئويدوڭغۇل بولۇپ،
ئاپتوموبىللارنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىپ قالماستىن بەلكى
زاپچاسلارمۇ ئاسانلا كېرەكتىن چىقىدۇ. تاشيول بولسا ئاساس،
قاتناش بولسا مەقسەت؛ قاتناشنى بىخەتەر، راۋان قىلىشتا
تاشيولنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. بىرىنچى
بەشيىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدا
تۇنجى بولۇپ ئۈرۈمچى ـ قورغاس لىنىيىسىنى ئوچاستىكىلارغا
بۆلۈپ قارامايلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. 1956 ـ يىلى تۇنجى
قېتىم ئۈرۈمچى ـ قورغاس لىنىيىسىنى ئۈرۈمچىدىن سانجىغىچە
قارامايلاشتۇردى، 1960 — 1964 ـ يىلغىچە سانجىدىن
كۈيتۇڭغىچە، كۈيتۇڭدىن قارامايغىچە ئارىلىق قارامايلاشتۇرۇلدى،
1974 ـ يىلدا، گوزىگۇ قار شۇۋرغانلىق ئارىلىقتىن باشقا پۈتۈن
لىنىيە ئومۇميۈزلۈك قارامايلاشتۇرۇلۇپ بولۇندى، شۇنىڭدىن كېيىن
ئۈرۈمچى ـ قورغاس لىنىيىسىنىڭ قىياپىتىدە يېڭى كەيپىيات بارلىققا
كېلىپ ئاپتوموبىللارنىڭ ئۆتۈشۈشى ئەڭ يۇقىرى لىنىيىگە ئايلاندى.
ھازىر بۇ غوللۇق لىنىيە شىمالىي ۋە غەربىي شىنجاڭ رايون-
لىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا چېگرىداش رېسپۇبلىكىلىرى بىلەن
دوستلۇق ۋە سودا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم
رول ئوينىماقتا.

ئۈرۈمچى ـ قەشقەر يولى: بۇ غوللۇق لىنىيە، ئۈرۈمچىدىن
باشلىنىپ توقسۇن، قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ،
سانساكۇ، ئاتۇشنى كېسىپ ئۆتۈپ قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە
تۇتىشىدۇ. 1970 ـ يىللاردا بۇ يول جۇڭگو ـ پاكىستان چېگرى-
سى بولغان قۇنجىراپ ئېغىزىغىچە ئۇزارتىلىپ ياسىلىپ، پاكىستان
تاشيولىغا تۇتاشتۇرۇلغان.

ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە بۇ غوللۇق لىنىيىنىڭ تومۇمىي ئۇ-
زۇنلۇقى 1438 كىلومېتىر بولۇپ، يىپەك يولى ئاساسىدا شەكىللەنگەن

ئىككىنچى ئۇزۇن لىنىيە ھەم جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتنىشىنى باغلايدىغان مۇھىم تۈگۈن. 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، بۇ يولنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ رېمونت قىلىش ۋە ياساش پىلانلاندى. بىرىنچى باسقۇچىدا، كونا يولنى ئاساس قىلىپ، يولنى ئومۇمىيۈزلۈك توپا بىلەن تەكشىلەپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاندىن ئىككىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشنى ھەر يىلى تۈركۈمگە بۆلۈپ ياساپ 2 - بەشيىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈش كېرەك ئىدى. شۇڭا 1950 - يىلى قاراشەھەردە ۋاڭ جېن سىلىگىيەنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى بىلەن ئۈرۈمچى - قەشقەر يولىنى تېزدىن رېمونت قىلىپ پۈتتۈرۈش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندىن كېيىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر جەڭچىلىرى، ھەرمىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى يول رېمونت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، 1950 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يول رېمونت قىلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، يول ياساشقا قاتناشقان ھەربىي ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈچ ئايدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلىشى ئارقىسىدا، 1951 - يىلى 2 - ئاينىڭ بېشىدا يول رېمونت قىلىنىپ بولۇندى. يول رېمونت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنغان ئادەم 550 مىڭ ئادەم قېتىم، يولغا توشۇلغان توپا ۋە شېغىل تاشلار 780 مىڭ كۇپ مېتىر، توشۇشقا ئىشلىتىلگەن ئاپتوموبىل ۋە ئات، كالا ھارۋىلىرى 210 مىڭ دانە بولۇپ، ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە 26 ئورۇنغا سۆڭگۈچ ياسالدى ھەم 84 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا كۆۋرۈك سېلىندى.

بۇ يولنى جىددىي تۇتۇش قىلىپ رېمونت قىلىش ئارقىلىق يول ئەھۋالىدا روشەن ياخشىلىنىش بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا توپا يول بولغاچقا ئاپتوموبىل قاتنىشى ئېھتىياجىغا تازا ماسلى-



شالمايتتى. 1951 - يىلدىن باشلاپ بۇ يولنى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئۆزگەرتىپ ياساش ئېلىپ بېرىلدى، قەشقەر، قاراشەھەرگە ئىككى تاشيول ئاسراش باش ئۇچاستكىسى قۇرۇلدى، ئۇچاستكا قارمىقىدا 61 ئىش رايونى تەشكىللەندى، تاشيول ياساش خادىملىرىمۇ 414 ئادەمدىن 1175 ئادەمگە كۆپەيتىلىپ، ئۆزگەرتىلىپ ياساش يىلدىن - يىلغا كۈچەيتىلدى. ئۈرۈمچى - قەشقەر يولى كېسىپ ئۆتىدىغان كۆپ جايلىرىنىڭ يەر تۈپرىقى زەي، شورلۇق بولغاچقا ئەتىياز ۋاقىتلىرى يول ئۈستىدىن پاتقاق ئۆرلەپ ئاپتوموبىللارنىڭ قاتنىشىغا قىيىنچىلىق كەلتۈرەتتى. تاشيول ئاسراش خادىملىرى ياز ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ يولنىڭ پاتقاقلىشىشىنى كونترول قىلىش، زەي، پاتقاق ئۆرلەيدىغان جايلارغا قۇم تۆكۈپ، شېغىل ياتقۇزۇپ، يول ئۇلىنى ئېگىزلىتىپ، ئۇن يىلدىن ئارتۇق كونا يول ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ياساش ئارقىلىق 1960 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى زامانىۋى بولغان تاشيولنى بارلىققا كەلتۈردى. 1966 - يىلغا كەلگەندە، بۇ لىنىيىگە ماي ياتقۇزۇش ئىشى باشلىنىپ 1979 - يىلغىچە گەنگۇدىكى 33 كىلومېتىر تاغ ئىچىدىن باشقا جايلار قارامايلاشتۇرۇلۇپ بولۇندى، ھەتتا قاراماي يول قەشقەردىن خوتەنگىچە ئۇزارتىلدى. ھازىر قاراشەھەر، تارىم دەريالىرىغا ئوخشاش چوڭ - كىچىك دەريا - ئۆستەڭلەردىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈكنىڭ ئورنىنى پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈكلەر ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى - قەشقەر غوللۇق لىنىيىسى قارامايلاشتۇرۇلۇپ يېڭى قىياپەت يارىتىلغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم تۈگۈن بولۇپ قالدى.

(2) يېڭىدىن ياسالغان يوللار:

قەشقەر - ئۇلۇغچات يولى: 1950 - يىلى قاتناش نازارىتى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا قەشقەر - ئۇلۇغچات يولىنى ياسىدى، بۇ يول قەشقەردىن ئۇلۇغچاتقىچە 240 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ يوللار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولغاچقا، ئات - ئۇلاغ ۋە كۆتەك ھارۋىلىرىمۇ ناھايىتى تەستە ماڭالايتتى. بۇ يولغا 1950 - يىلى قاتناش نازارىتى تېخنىكا خادىم ئەۋەتىپ ئۆلچەپ لايىھىلىگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 5 - ئايدا ياسىلىشقا باشلىنىپ، 9 - ئايدا پۈتتۈرۈلۈپ، يول ئەھۋالىدا خېلىلا ياخشىلىنىش بولدى. يولغا سەپەرۋەر قىلىنىپ قاتناشتۇرۇلغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر جەڭچىلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىدىن بولۇپ 190 مىڭ ئادەم كۈن، ھەر خىل ئۇستىلار 14 مىڭ ئادەم كۈن، توشۇشقا ئىشلىتىلگەن ماشىنا - ھارۋىلار 800 دانىدىن ئارتۇق بولغانىدى. ھازىر بۇ لىنىيە دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇلۇغچات ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەشقەر، قىزىلسۇ بىلەن سودا — ئىقتىسادىي ئالاقە ئېلىپ بېرىشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

قەشقەر - تورغات لىنىيىسى: قەشقەر - تورغات تاش يولى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتاشتۇرۇلغان ئىككىنچى مۇھىم لىنىيە بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 149.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1951 - يىلى 6 - ئايدا قاتناش نازارىتى تەرىپىدىن لايىھىلەش ئېلىپ بېرىلىپ، 8 - ئايدا لايىھىلەپ ئۆلچەش ئاخىرلاشتۇرۇلغان، 9 - ئايدا يول ياساش باشلىنىپ 11 - ئايدا بۇ يول پۈتتۈرۈلدى. يول ياساشقا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىدىن 3600 ئادەم كۈن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر جەڭچىلىرىدىن 1000 ئادەم كۈن سەپەرۋەر قىلىندى؛ يولغا توشۇلغان توپا،



تاشلار 143 مىڭ كۇب مېترغا يېتىپ، تۆت مېتر ئۇزۇنلۇقتا بىر ياغاچ كۆۋرۈك، 500 مېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇ توسمىسى ياسالدى. بۇ لىنىيە 1951 - يىلى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئۆلچەم بويىچە ياسالماي پەقەت ئات - ئۇلاغ ھارۋىلىرى قاتنىيالىغۇدەكلا قىلىپ ياسالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يولنىڭ بىر قىسىم جايلىرى بەك ئەگرى - بوگرى، يول ئۈستى تار بولۇپ قالغانىدى. 1954 — 1955 - يىلغىچە بۇ يول قايتىدىن ئۆلچەم بويىچە ياسىلىپ، ماشىنا راۋان قاتنىيالايدىغان، سۈپىتى بىر ئاز ياخشى بولغان تاشيول قىلىپ پۈتتۈرۈلدى. بۇ لىنىيە ھازىر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قەشقەر رايونلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسى ئېلىپ بېرىشتا ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلماقتا.

شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولى: بۇ لىنىيە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن باشلىنىپ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي رايونىغا بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق. قاغىلىقتىن ئالىي رايونىغا بارغۇچە 5000 مېتىردىن ئېگىز ئون داۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ (بىزنىڭ چارلاپ بارغان خادىملىرىمىز يول شارائىتىنى چارلاش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا تاغدىن دومىلاپ ئۆلگەن چارۋىلارنىڭ ئىسكىلىتىنى ناھايىتى كۆپ ئۇچراتقان). ئالىي رايونى دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قاتمۇ قات كەتكەن تاغلارنى ئارىلاپ ئەقلىگە مۇۋاپىق تاشيول لايىھىسىنى ئىشلەپ چىقىشمۇ ناھايىتى قىيىن ئىدى. 1954 - يىلى قاتناش نازارىتى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئالدىدىن بىر چارلاش دۆيى تەشكىللەپ بۇ يول ئورنىنى چارلاش ئېلىپ باردى. بىرىنچى قېتىم چارلاپ تاپقان يول لىنىيىسىنى ئاساس قىلىپ، 1955 — 1956 - يىللىرىنىڭ ياز پەسلىدە قاتناش نازارىتى چارلاش لايىھىلەش دۆيى بىلەن قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ چارلاش - لايى-

ھىلەش ئەترىتى بىرلىكتە تەپسىلىي ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپ، يولنى
تېزدىن ياساشقا ئاساس سالدى. 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونـلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن قاغىلىق ناھىيىسىدە
يول ياساشقا قوماندانلىـق شـتابى قۇرۇلۇپ، شىنـجاڭ - شىـزاڭ
تاشيول قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشقا 5000 ئادەم يۆتـكەپ
كېلىنىپ، ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇش ئەترىتى ۋە 22 ئوتتۇرا ئەترەت قىلىپ
تەشكىللەندى. بىز 1957 - يىلى قۇرۇلۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىش رايونلىرىغا بېرىپ، ئىشـچى - خىزمەتـ
چىلەر بىلەن جاپا - مۇشەققەتلەردە بىرگە بولدۇق، نۇرغۇنلـىغان
ئىـشـچى - خىزمەتـچىـلەر بۇنىڭدىن تـەسىرلـىنىپ ۋە ئىلھامـ
لىنىپ، تېخىمۇ غەيرەتكە كەلدى. قىشتا قېلىن قار يېغىپ، قاتـ
تىق سوغۇق بولغاچقا، 10 - ئايدىن كېلەر يىل 5 - ئايغىـچە يول
ياساشقا مۇمكىن بولمايتتى. شۇڭا بۇ يولـنى ئەسلىدىـكى پىـلان
بويىچە ئۈچ يىلدا پۈتتۈرۈش مۆلچەرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما يول
ياساشقا قاتناشقان ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر جەڭچىلىـرى بىلەن
تاشيول ئىشچىلىرى ھەرخىـل قىيىنچىلىقـلارنى يېڭىپ، خىـزمەت
ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، ئىشنىڭ سۈرئىـتى ۋە ئۈنۈمىـنى ئۆسـتۈرۈش
ئەتىجىسىدە 1210 كىلومېترلىق تاشيولنى پىلاندىن بىر يېرىم يىل
بۇرۇن ياساپ پۈتتۈردى. يول ئۆستىگە پۈتۈنلەي ئۇششاق شېغىل
تاش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، توشۇلغان شېغىل تاشلار 3 مىليون كۇب
مېتىردىن ئاشىدۇ. يولغا يەنە ئالتە ئورۇنغا كۆۋرۈك، سەككىز ئورۇنغا يول
مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى سېلىنـدى. بۇ يولـغا جەمـئىي 16
مىليون 136 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولسىمۇ خام چوتىدىكى
مەبلەغدىن 3 مىليون يۈەن تېجەپ قىلىنـدى. بۇ تاشيولـنى دۆ-
لەت 1957 - يىلى 10 - ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شۇ يىـ
لى رەسمىي ماشىنا قاتناشقا باشلىدى. بۇ يولـنىڭ ياسىلـىشى —
ئالىي رايونغا بەخـت سائادەت ئېلىپ كەلدى، ئۇزۇن يىلـلاردىن
بۇيان بىكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ، دۇنيادىن خەۋەرسىز بولغان ئالىي



رايوندىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق زاڭزۇ قېرىنداشلارغا ۋەتىنىمىزدىـ
كى ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، جۇڭگونى چۈشىـ
نىشكە قولايلىق قاتناش شارائىتى يارىتىلدى؛ قۇللۇق تۈزۈمدىكى
زاڭزۇلار پارلاق بەختلىك كەلگۈسـىنى كۆردى. شىنـجاڭ - شىزاڭ
تاشيولى ئېگىز تاغ يوللىرى بولغاچقا، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بۇز-
غۇنچىلىقى كۆپ بولاتتى، شۇڭلاشقا مەركەز ھەر يىـلى بۇ يولـغا
مەبلەغ ئاجرىتىپ بەرگەچكە بىر قانچە يىل ئۇدا ئىشلەش ئارقىـ
لىق يولنىڭ سۈپىتى داۋاملىق يۇقىـرى كۆتۈرۈلـدى. مەركەز ۋە
قاتناش نازارىتىمىز شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولغا ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ 20 مىليون يۈەنـدىن ئارتۇق مەبـلەغ سالـدى، ھازىر بۇ
يولدا ياز ۋاقىتلىرى سوتكىسىغا 200 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىـل ئۆ-
تۈشۈپ تۇرىدۇ.

قەشقەر — قونجىراپ يولى: بۇ يولنى ھازىر كۈئىنلۈن تاشـ
يولى دەپ ئاتايدۇ. بۇ يول ئۈرۈمچى - قەشقەر يولـىنىڭ قەشـقەر
شەھىرىدىكى توققۇزاق يول ئېغىزىدىن باشلىنىپ، جۇڭگو پاكىسـ
تان ئىككى دۆلەت چېگرا سىزىقى قىلىپ ئايرىلـغان قونـجىراپ
داۋىنىغا بېرىپ توختايدۇ. لىنىيە قەشـقەر كونىشەھەر ناھىيـسى،
ئاقتۇنىڭ ئويتاغ يېزىسى، سۇگەز دەرياسىنى بويـلاپ، كۈئىنـلۈن
تاغ تىزمىسىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىنى كېسىپ، بۇلۇڭكۆل سۇباش
داۋىنىدىن ھالقىپ تاغارما ۋە تىزىپ ئارقىلىق تاشقورغان تاجىك
ئاپتونوم ناھىيىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ قونجىراپ ئېغىزى ئارقـىلىق
پاكىستان تاشيولىغا تۇتىشىدۇ، قەشـقەر - قونجـىراپ تاشيولـىنىڭ
قەشقەر - تاشقورغان بۆلىكىنى شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانـ
دىن كېيىنلا ياساش پىلانـلانـغانـدى. بىراق بۇ لىنىيە ئۆتىدىـ
غان جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى مۇرەككەپ بولۇپ، 7000
مېتىردىن ئېگىز مۇز داۋاننى كېسىپ ئۆتۈشكە توغـرا كەلـگەچكە،
يول سەل كېچىكتۈرۈلۈپ 1956 - يىلى ياسىلىشقا باشلىدى. يولـ
نىڭ قەشقەر - تاشقورغان بۆلىكى دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە 3000

مېتر ئېگىز بولغاچقا، يول ياساشتا يەنىلا تۆگە، قوتاز ماڭىدىغان كونا كارۋان يولى ئاساسىدا 6-دەرىجىلىك تاشيولغا ئايلاندۇرۇش پىلانلاندى. 1956-يىلى قاتناش نازارىتىگە قاراشلىق 1-تاشيول قۇرۇلۇش دۈيى يول ياساشنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىككى يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق 290 كىلومېترلىق لىنىيىنى ياساپ پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى-قەشقەر تاشيولىنى 1958-يىلى تاشقورغان ناھىيىسىگە تۇتاشتۇردى. بۇ يول 1958-يىلدىن كېيىن داۋاملىق ياسىلىپ 1959-يىلى جۇڭگو-پاكىستان چېگرىسىدىكى قونجىراپ ئېغىزىغىچە ياسالدى. ئەينى ۋاقىتتا مەبلەغ ۋە شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن بۇ يول 6-دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى بىلەن ياسالماي، يولنىڭ كۆپچىلىك بۆلەكلىرىدە توپا بىلەن تەكشىلەپ يول چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، شۇڭا دۆلەت 1966-يىلى بۇ يولغا ئىككىنچى قېتىم مەبلەغ سېلىپ ياساشقا ئورۇنلاشتۇردى. 1966-يىلدىن 1969-يىلغىچە تاشقورغاندىن قونجىراپ ئېغىزىغىچە ئارىلىق 5-دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى بىلەن ياساپ پۈتتۈرۈلدى. بۇ يول بۇرۇن ئىككى قېتىم ياسالغان بولسىمۇ تاشقورغان بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى بىر قىسىم جايلاردا كەلكۈن كېلىش، قار توسۇۋېلىش، تاغ ئۆرۈلۈش سەۋەبلىرىدىن يوللاردا قاتناش توسۇلۇپ قالاتتى. قەشقەر-قونجىراپ تاشيولىدا تاشيول ئاسرىغۇچى ئىشچىلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشچىلار ئۇزۇن يىللار جاپالىق بىلەن يول ئاسرىسىمۇ ئادەم كۈچى يېتىشمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن تاشيول قىياپىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولماي كەلگەنىدى. 1983-يىلغا كەلگەندە، گوۋۇيۈەن بۇ تاشيولنى ياساشنى كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە قويۇپ، بۇ يولنى قايتىدىن 3-دەرىجىلىك ئۆلچەم بىلەن ياساشنى بېكىتتى ھەم 7-بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كىرگۈزدى. بۇ يولنىڭ 3-دەرىجىلىك قارامايى ياتقۇزۇپ ياساش قۇرۇلۇشى 1986-يىلى 3-ئايدا



باشلىنىپ، 2000 نەپەر ھەر مىللەت تاشيول ياساش تېخنىك ئىشچىلىرىنىڭ ئىككى يېرىم يىل جاپالىق كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا پىلاندىن بىر يىل بۇرۇن پۈتتۈرۈلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، يۇقىرىدىكى تاشيوللاردىن باشقا دۆلەتلىك ۋە ئۆلكىلىك يوللاردىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆكتوقاي-جېمىنەي، بۇرچىن-ئالتاي، ئىلى-كۈنەس، قەشقەر-نىيە، نىيە-چاقىلىق، ئۈرۈمچى-كورلا، كورلا-چاقىلىق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان غوللۇق لىنىيىلەر ياسىلىپ ھەم ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ھالقىسىمان تاشيول تورى بەرپا قىلىندى.

(3) ناھىيە، يېزا يوللىرى:

1955-يىلى شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز 16 ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست، شەھەر ۋە 86 ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە ۋە ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر قىلىنىپ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلدى. بىراق ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەلىكىدە ناھىيە بىلەن ناھىيە ئارىلىقى تەخمىنەن 110 كىلومېتر، ناھىيە بىلەن يېزا ئارىلىقى تەخمىنەن 35 كىلومېتر ئەتراپىدا بولغاچقا، مۇقىم قاتناش ئاساسى بولمىسا يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ناھىيە تاشيولى دەپ ئاتالغان ئادەتتىكىچە يولدىن 39 كىلومېترلا بولۇپ، پەقەت بىر ناھىيىنىڭ بىر يېزىسى ئارىلىقىدىكى يولغىلا توغرا كېلەتتى. شىنجاڭ ئازاد بولۇپ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا خېلى زامانىۋى دۆلەت، ئۆلكە تاشيوللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، ناھىيە يېزا يوللىرىمۇ كۆپىيىپ بارلىققا كەلدى. 1950 — 1952-يىللىرىدىكى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، مەركەز ئاممىغا يۆلىنىپ يول ياساش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى، قاتناش نازارىتى مەركەزنىڭ فاڭجېنىغا ئاساسەن ھەر مىللەت خەلقىدىن 1 مىليون 510 مىڭ ئادەم كۈن سەپەرۋەر قىلىپ يول

ياساشقا قاتناشتۇردى ۋە 280 مىڭ ئات، كالا كۆتەك ھارۋىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ 3529 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھارۋا يولى ياساپ چىقتى. 1953 - يىلى قاتناش مىنىستىرلىكى مەركەزدە ئاچقان قاتناش يىغىنىدا: «ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋە يەرلىك خاراكتېرلىك قاتناش خىزمىتىدە، يەرلىكتىكى ئاممىغا، يەرلىكنىڭ مالىيىسىگە تايىنىپ، ئۆز جايىدىن ماتېرىيال تەييارلاپ، مەسىلىلەرنى ئۆز جايىدا ھەل قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. 1953 - يىلى بىرىنچى بەشيىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدىمۇ بىرئاز ياخشىلىنىش بولدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ يەرلىك يوللارغا بىرئاز مەبلەغ ئاجراتتى. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قاتناش نازارىتى ھۆكۈمەت مەبلىغى بىلەن ئاممىنى يول ياساشقا ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قاراشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەردە يەرلىك يول ياساش دولقۇنىنى قوزغاپ، 1953 — 1955 - يىلىغىچە 1074 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ناھىيە ئادەتتىكى يوللىرى ياساپ چىقىلدى، بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ يوللىرىدا خېلىلا ياخشىلىنىش بولۇپ ئاپتوموبىل قاتنىيالىغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. بۇ قېتىملىق يول ياسىلىشتىن كېيىن ئاقسۇدىن - ئۇچتۇرپانغا، خوتەندىن - نىيەگە، ئىلىدىن نىلقا، تېكەس، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىگە ئاپتوموبىللار بارالايدىغان بولدى. 1956 - يىلى ئۈرۈمچىدە يەرلىك قاتناش ۋە يېزا كەنت پوچتا تېلېگراف ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا يىغىن چاقىرىلدى. يىغىندا: پوچتا تېلېگراف ۋە تاشيول تورىنى تېزلىتىش بەلگىلەندى، يىغىندىن كېيىن قاتناش نازارىتى تاشيول ياساش تېخنىكا خادىملىرىنى تۆۋەندىكى ناھىيىلەرگە ئەۋەتىپ، خەلق ئاممىسىنى قوزغاپ خەلقنىڭ يولىنى خەلق ياساش دولقۇنى قوزغىتىلدى. بۇ قېتىملىق يول ياساشتا ئون ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 78 ناھىيىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى قوزغىتىلىپ، بىر يىل ئىچىدە 4200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ناھىيە يېزا يوللىرى



ياسالدى. 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ياسالغان ناھىيە يېزا يوللىرىنى 1950 - يىلىدىكى يولغا سېلىشتۇرغاندا 68 ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، بىرىنچى بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكى يول ياساش پىلانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى. يەرلىككە تايىنىپ، خەلقنى قوزغاپ ئالتە يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن باشقا بارلىق ناھىيە، شەھەر ۋە يېزا - ئىگىلىك مەيدانلىرىغا ھەرخىل ئات، كالا ھارۋىلىرى ۋە ئاپتوموبىللار بارالايدىغان يول ئاساسى يارىتىلدى.

1958 - يىلى مەملىكەت مىقياسىدا پولات تاۋلاش دولقۇنى قوزغالغاندا، ھەرساھە - ھەركەسپلەر پولات تاۋلاش جېڭىگە ئاتلاندى. قاتناش سىستېمىسىمۇ پولات تاۋلاش ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن 1958 — 1960 - يىلىغىچە ئىككىنچى قېتىملىق يول ياساش دولقۇنىنى قوزغىدى. يول ياساش ئېلىپ بېرىلغان ئىككى يىل ئىچىدە پولات تاۋلاش ۋە يېزا - ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىلىپ ياسالغان يوللار 9164 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئات - ئۇلاغ ھارۋىلىرى قاتنىيالايدىغان يوللار 3100 كىلومېتىرغا، قاتناش نازارىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يول ياساشقا سالغان مەبلىغى 20 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى. ئىككىنچى قېتىملىق يول ياساش دولقۇنى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 84 ناھىيە ۋە يېزا - بازارلارنىڭ يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى. 1958 — 1960 - يىلىغىچە ياسالغان يولنى ئىلگىرىكى يوللارغا سېلىشتۇرغاندا 3.2 ھەسسە ئارتۇق بولدى. 1961 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ياساشقىلا ئېتىبار بېرىلىپ ئاسراشقا ئېتىبار بەرمەيدىغان ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىلدى. مەخسۇس كەسپىي يول ئاسراش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، شۇ ۋاقىتتا بار بولغان يوللارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش چىڭ تۇتۇلۇپ يوللاردا

ئاپتوموبىللارنىڭ قاتناش ئۈنۈمى كۈنسېرى ئۆسۈپ ماڭدى. 1964-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ناھىيە يوللىرى يېزا-كەنتلەرگىچە تەرەققىي قىلىشنىڭ يولى ئېچىلدى. 1966-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا يەنە بىر قېتىملىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك يول ياساشنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئىچكى مالىمانچىلىق باشلىنىپ، جۇشقۇن كۆتۈرۈلگەن بۇ يول ياساش دولقۇنىنى ئۈزۈپ قويدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى ناھىيە، يېزا يوللىرىنىڭ قايتىدىن تەرەققىي قىلىشىغا زور ئىمكانىيەت ياراتتى. بولۇپمۇ يېزا-كەنت يوللىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، يېزا-كەنتلىرىدە 1978-يىلىدىن 1984-يىلىغىچە 110 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياسالدى؛ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا-كەنتلىرىدە 1983-يىلىغا قەدەر 5800 كىلومېتىر يول ياسالدى؛ تۇرپان ۋىلايىتى يېزىلىرىدا 1984-يىلىغىچە 559 كىلومېتىر قارامايلاشتۇرۇلغان يېزا-كەنت يوللىرى ياسالدى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ناھىيە، يېزا يوللىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ توپا يولغا، توپا يولدىن تاشيولغا، تاشيولدىن ئاسفالت-قاراماي يوللارغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.



## شىنجاڭنىڭ تاشيول ترانسپورت ئىشلىرىدىن ئەسلىمە

### سۇپاخۇن سۇۋۇروۋ

شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي شىمالىي تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن، شەرقىي مەملىكىتىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى، جەنۇبىي شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا. غەربىي جەنۇبىي ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئافغانىستانلار بىلەن چېگرىداش، غەربىي شىمالىي 1000 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان ئۆلكىنىڭ بىرى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ، ئۈرۈمچى (دىخۋا)، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، قۇمۇل، قاراشەھەر (يەنجى)، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت توققۇز ۋىلايەتكە ئايرىلاتتى. ئۆلكىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى ئىدى. بۇ چاغلاردا تاشيول ترانسپورت ئىشلىرى تولىمۇ قالاق بولۇپ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنىدى. سودا-سانائەت، مەدەنىي-مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلارمۇ تەرەققىي قىلالماي بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن ئەسلىدە بار بولغان تاشيول ترانسپورتىمۇ يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى.

شىنجاڭدا «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شېڭ سىسەينىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى تىكلەندى. بۇ ھاكىمىيەت شىنجاڭنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىقتىساد، سودا-سانائەت ئىشلىرىدا بىر قەدەر

تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودا، ئالاقە ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش شۇنداقلا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلىشۋاتقانلارغا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ماددىي ياردىمىنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى بىلەن تاشيول ترانسپورتىنى ياخشىلاشنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇتۇشقا كىرىشىپ، ئۈرۈمچىدىن جىمسار ئارقىلىق قۇمۇل — شىڭشىڭشياغا بارىدىغان بۇرۇنقى ھارۋا يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساپ ماشىنا قاتنىيالايدىغان يولنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. 1934 — يىلىغا كەلگەندە تۇرپان، پىچان كونا كارۋان يولىنى ئاساس قىلىپ ئۈرۈمچىدىن يەتتەقۇدۇققا بارىدىغان تاشيولنى ياساپ چىقتى. ھازىر داۋانچىڭدىكى خوگۇلۇغا كىرىش ئېغىزىدا ساقلىنىۋاتقان ياغاچ كۆۋرۈك شۇ چاغدا سېلىنغان كۆۋرۈك بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تاشيول كۆۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ.

1935 — يىلى 5 — ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا بارىدىغان تاشيولنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ياساش قارار قىلىندى ھەم بىرىنچى باسقۇچتا ئۈرۈمچىدىن شىخوغىچە، ئىككىنچى باسقۇچتا شىخودىن جىڭغىچە، ئۈچىنچى باسقۇچتا جىڭدىن قورغاسقىچە ياسىلىپ پۈتتۈرۈلدى. بۇ يوللارنى ياساش بىلەن بىرلىكتە يەنىسخەي، جىڭ، تاللىق، چىڭشۇر كۆۋرۈكلىرىمۇ ياسالدى. يول ياسىلىپ پۈتكەندىن كېيىن يولنى ئاسراپ، رېمونت قىلىش ئۈچۈن تېخنىكلار ۋە ئىشچىلار قويۇلۇپ ئۇلار ئۈچۈن ياتاق — ئۆيلەرمۇ سېلىندى. يوللارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۇچاستكا ۋە دۇبەنلەر (يول ئاسراش گۇرۇپپىلىرى) قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاشيول يەنە چىڭشۇردىن غۇلجىغا قەدەر ئۇزارتىپ ياسالدى. ئاندىن بۇ يوللارنى مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا جەھەتلەردىن باشقۇرۇش ئۈچۈن غۇلجىدا بىر باش ئۇچاستكا قۇرۇلدى.



تاشيولنىڭ ياسىلىشى بىلەن بىللە كەڭسايدا بىر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىمۇ قۇرۇلغان. بۇ ئىستانسا شىنجاڭدىكى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئىچىدە تارىخىي ئەڭ ئۇزۇن ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ ھازىرمۇ شۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

ئۈرۈمچى — ئىلى تاشيولى شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم رەسمىي ياسالغان، مۇساپىسى ئەڭ ئۇزۇن تاشيول بولۇپ، كېيىن دۆلەت مۇداپىئە تاشيولى بولۇپ قالدى. 1938 — يىلى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ۋەتىنىگە قايتتى، يەنە بىر قىسىملىرى شىنجاڭدىكى تاشيول ئىدارە، ئۇچاستكىلىرىدا قېلىپ ئىشلەۋەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى — شىڭشىڭشيا، ئۈرۈمچى — قورغاس، شىخو — ئالتاي، شىخو — چۆچەك ۋە ئۈرۈمچى — ئاقسۇ، قەشقەر — خوتەنگىچە بولغان ئاساسلىق يوللار ياسىلىپ، ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ شىنجاڭنىڭ مالىيە — ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي — مائارىپ ئىشلىرى راۋاجلىنىپ ئېگىز ئۆستى، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىمۇ جانلىنىپ كېسەل، ئۆلۈم — يېتىم ئىشلىرى ئازايدى.

شىنجاڭدا دەسلەپكى مەزگىلدە ئامېرىكىنىڭ دوتكى ماركىلىق ئاپتوموبىللىرى بولۇپ ئۈرۈمچى — گۇچۇڭ ئارىلىقىدا يولۇچى ۋە يۈك توشۇلاتتى. كېيىن چۆچەك ئارىلىقىدا (جۇڭگو — سوۋېت چېگرىسىدىن كىرىپ — چىققۇچىلار ئۈچۈن) قاتناش باشلاندى. يول ناچار بولغانلىقتىن ئاپتوموبىللار بۇزۇلۇپ ياكى پاتقاققا پېتىپ قېلىپ چۆللەردە قېلىشتەك ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇنى نەزەردە تۇتۇپ يولنى چىڭداش، رېمونت قىلىش ئۈچۈن بورھان ئەپەندىم گېرمانىيىسىگە بارغاندا يول چىڭداش ماشىنىلىرىدىن تۆت — بەشنى سېتىۋالدى. بۇ ماشىنىلار كېيىن تاشيول ئاسراشتا ئىشلىتىلدى. كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن

يەنە بىرقىسىم ئاپتوموبىللار ئىمپورت قىلىنغانلىقتىن شوپۇر
يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى سەن-
شىخاڭزىدا تۇنجى قېتىم شوپۇرلۇق كۇرسى ئېچىلىپ مىخاينىڭ
مۆمىن ئەپەندىنىڭ تەربىيىلىشىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ
ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەردىن ئوتتۇزغا يېقىن كىشى تەربىيىلىنىپ
چىقتى. مەخسۇت تىيىپوۋ، خەمزە كىرىباي، ئابدۇللاخۇن قاتارلىق-
لار شۇ قېتىمقى كۇرسىدا ئوقۇغانلار بولۇپ شىنجاڭنىڭ قاتناش
ئىشلىرىغا ئۆچمەت تۆھپىلەرنى قوشقان پېشقەدەم يولداشلاردۇر.
شىنجاڭنىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچىنىڭ قاتناش قوراللىرى
ئاساسەن ئات، خېچىر قوشۇلغان ئىككى چاقلىق ياغاچ هارۋىلار-
دىن ئىبارەت ئىدى. كېيىن شەھەر ئىچىدە مەپىلەر ۋە تۆت چاق-
لىق خادىك هارۋىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. هەرقايسى جايلار-
دىن كەلگەن ئات هارۋىلىرى چۈشىدىغان دەڭ - سارايلار بولۇپ،
كوچا يوللىرى بىر قەۋەت تىزەك، سامانلار بىلەن كۆمۈلۈپ كې-
تىپ يول يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. هاۋا ئىسسىغاندا چىۋىن،
پاشا ۋە كۆكۈيۈنلەر قايناپ كېتەتتى. هەممە جايدا سېسىقچىلىق
دىماغقا ئۇرۇلۇپ كىشىلەرگە ئارام بەرمەيتتى. يۇقۇملۇق كېسەل
مىكروپلىرى كۆپىيىپ كېسەل پەيدا قىلاتتى. ئۈرۈمچىنىڭ قىش
پەسلى ئۇزاق بولۇپ قار كۆپ ياغاتتى، كوچىلارغا دۆۋىلەنگەن
قار - مۇزلار سۇپۇرۇلمىگەنلىكتىن قاتناش - ترانسپورت ئىشلى-
رىغا چوڭ توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر ئاھالىلى-
رى ئەخلەت - يۇندىلارنى كوچىلارغا ئەپچىقىپ تۆكۈۋېرەتتى.
بۇنىڭ بىلەن قاتناش ئىشلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، كېلىپ
چىقىدىغان جېدەل - ماجىرالارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

* * *

1935 — 1936 - يىللىرى هەربىلەر شىخابا (ئۈرۈمچى دەر-
ياسى) دىن چوڭ - كىچىك تاشلارنى تېرىپ ئەكىلىپ كوچىلار-



غا تاش ياتقۇزغاندىن كېيىن، كوچىلاردىكى پاتقاقچىلىق بىرقەدەر
تۈگىدى. ئاۋۋال دوكمىن (شەرقىي دەرۋازا)دىن دۇبەن مەهكىمى-
سى (هازىرقى خەلق مەيدانى) غىچە تاش ياتقۇزۇلدى. ئاندىن
ئاساسلىق كوچا ياڭخاڭزىچە (هازىرقى 3 - دوختۇرخانىغىچە) تاش
ياتقۇزۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بارا - بارا باشقا كوچىلارغىمۇ تاش
ياتقۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ شەهەر كوچىلىرىغا ئا-
ساسىي جەهەتتىن تاش ياتقۇزۇلۇپ، شەهەر كوچىلىرى ئەسلىدىكى-
دىن بىرئاز ياخشىلاندى.

* * *

1942 - يىلى شىڭ شىسەي قەشقەردىكى مۇستەقىل 6 -
باتالىيوننى (6 - يىڭنى) تۇرپانغا يۆتكىمەكچى بولىدۇ. پۈتۈن
هەربىلەر بالا - چاقىلىرى بىلەن كورلىغا يېتىپ كەلگەندە هۆ-
كۈمەت قورال - ياراقلىرىمىزنى ئېلىۋېلىپ (خوتۇن، بالا - چاقى-
لىرىمىزنى قاراشەهەردىكى دەڭ، سارايلارغا سولاپ قويۇپ)
ئەرلەرنىڭ قولىغا كەتمەن، گۈرجەكلەرنى تۇتقۇزۇپ كورلىدىن
چاقىلىقچىچە بولغان 448 كىلومېتىر يولنى ياساشقا بۇيرۇدى. بىز-
نىڭ باتالىيونغا كورلىنىڭ كۈنچى تاهىيىسىنىڭ ئۇلۇغ كۆل، چوڭ
كۆل ئارقىلىق چاقىلىقچىچە بولغان 100 كىلومېتىر يولنى تەقسىم
قىلىپ بەردى. مەن شۇ چاغدا باتالىيوننىڭ سەنمۇسى (سەنمۇ-
جاڭ) قوشۇمچە 1 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ئىدىم. بىزگە سابىق
تاشيول ئىدارىسىدىن يول ئۆلچەش ۋە قوزۇق قېقىش ئىشلىرىنى
قىلىش ئۈچۈن ئىككى نەپەر تېخنىكىنى ئاجرىتىپ بەردى. بۇلار-
دىن بىرسىنىڭ ئىسمى جاڭچىشۈەن، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ۋاڭ
چىشۈەن ئىدى. بۇلار پۈتۈن باتالىيوننىڭ يول قۇرۇلۇش ئىش-
لىرىغا مەسئۇل ئىدى. سابىق تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ
جۇيجاڭ ۋە سوۋېتلىك بارىسكوپ ئىسىملىك بىر ئىنژېنېر كورلى-
دىكى قوماندانلىق پونكىتىدا تۇرۇپ كورلا - چاقىلىق تاشيول

قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلاتتى.

يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر ئاتلىق پولك (تۈەن)، يەنە بىر پىيادىلەر باتالىيونىمۇ ئاجرىتىلغان بولۇپ، بۇلار چاقىلىقتا تۇراتتى. ئۈچىنچىدەك پۇقرا يول ياساش ئالۇڭىغا تۇتۇلغان. بۇلار قاراشەھەر، خوتۇنسۇمبۇل (خېجىڭ)، كۆنچى (لوپنۇر)، كورلا، بۆگۈر، چەرچەن، چاقىلىقتىن ئىبارەت يەتتە ناھىيىدىن يىغىلغان دېھقان - چارۋىچىلار ئىدى.

باتالىيونغا بىرىلگەن تېخنىكلار يېتىشمىگەنلىكتىن يول ئۆلچەش، قوزۇق قېقىش، ئايلانمىنى ئۆلچەش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن مېنى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىغا ئەۋەتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن باتالىيوننىڭ ئادەتتىكى بەزى تېخنىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە بەلگىلەندىم. شۇنداق قىلىپ 1942 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە بىر يىل پۇقرالار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ، كورلىدىن چاقىلىققىچە بولغان 448 كىلومېتىر يولنى پۈتتۈردۇق.

* * *

1945 - يىلى ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئارقىمۇ - ئارقا ئازاد بولدى. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ھەرقايسى ئىدارىلەرمۇ يېڭىدىن تەسىس قىلىندى. شۇ قاتاردا تاشيول ئىدارىسىمۇ قۇرۇلۇپ مىجىت كەنجى (تاتار) تاشيول ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى بولدى (ئازادلىقتىن كېيىن قاتناش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان). بىر نەپەر رۇس مۇئاۋىن جۇيجاڭ ھەم تاشيول تېخنىكىسى بولۇپ، تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئورنى غۇلجىدا بولدى.

مەزكۇر ئىدارىنىڭ ئاساسىي شېڭ شىسەي ۋاقتىدا قۇرۇلغان ئۇچاستكىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يوللار يەنىلا شۇ چاغ-



لاردا ياسالغان تاشيول ئىدى ھەممە شۇ چاغدىكى ئۇچاستكا دۇبەنلەر ۋە تېخنىكلاردىن پايدىلىنىپ باشقۇرۇلاتتى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئاسرايدىغان تاشيول لىنىيىسى غۇلجىدىن ماناس دەرياسى بويىغىچە، شىخودىن چۆچەك، ئالتايلارغىچە ئىدى. ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپرەكى ھەربىيلەرنىڭ بولغاچقا يول ئاسراش ھەققى ئېلىنمايتتى. يول ئاسراش چىقىملىرى ھۆكۈمەت ھېسابىغا بولغانلىقتىن، ئىقتىساد يېتىشمەي، يوللارمۇ دېگەندەك ئاسرالماي قاتناش ھادىسىلىرىمۇ يۈز بېرىپ تۇراتتى. يوللارنىڭ سۇڭگۈچ ۋە تاشما سۇلۇق يۈزىنى ياساشتا پولات ماتېرىياللىرى ۋە سېمونت بولمىغانلىقتىن چەتتىن ئىمپورت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ماتېرىياللارنى يۆتكەشتە قاتناش قولايسىز بولغانلىقتىن چىقىمى كۆپىيىپ كېتەتتى. شۇڭا چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن بۇنداق يوللارمۇ ياغاچ - تاشلاردىن ياسىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئورمانلار كېسىلىپ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان بولاتتى. يول ئاسراشقا كەلسەك، يول يۈزىنى رېمونت قىلىش ۋە تۈزلەشتە كالىغا سۆرەم سۆرۈتۈش ئارقىلىق تۈزلىنەتتى. بەك ناچار يەرلەر گىردىر (يول تۈزەش ماشىنىسى) بىلەن تۈزلىنەتتى. بۇ ئۇسۇل تاكى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ 1960 - يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

يولنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، كەڭسايىنىڭ يولى ھەم تار ھەم تىك داۋان بولغاچقا مال - چارۋىلار، ئات ھارۋىلىرى، ماشىنا ۋە پىيادىلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ يولدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. شۇڭا بۇ يولدا دائىم دېگۈدەك خەتەرلىك ھادىسىلىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. چارۋىلارنى بېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش سەۋەبىدىن چارۋا ئىگىلىرى بىلەن ھادىسە تۇغدۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا دائىم جېدەل - ماجىرالار بولۇپ تۇراتتى.

* * *

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەڭرىتېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ ناھىيىنىڭ بەزى جايلىرىغا بېرىش ئۈچۈن تېكەس

دەرياسىدىن كېيىسپ ئۆتتۈشكە توغـرا كېلـەتـتى. شۇڭا دېھقان ـ
چارۋىچىلارنىڭ دەريادىن ئۆتتۈشى نـاھايـىتى تـەسكە توختايتتى.
چارۋا ـ ماللارنى يايلاقتىن قىشلاققا ۋە قىشلاقتىن باشقا جايلارـ
غا يۆتكەشتە مال ـ چارۋىلىرى ئېقىپ كېتىپ ياكى دەريا بويىدىكى
پاتقاققا پېتىپ قېلىپ نۇرغۇنلىغان زىيان بولاتتى. 1937 ـ يىلى
شۇ جايدىكى قۇربانجان ئاكا، ئىنىسى مەمەتنىياز قارى قاتارلىقـ
لار يەرلىك خەلقلەردىن ئىئانە توپلاپ سوۋېت ئىنژېنېرلىرىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە بىر ياغاچ كۆۋرۈك سېلىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ
دەريادىن ئۆتۈشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغانىدى. 1946 ـ
يىلىغا كەلگەندە دەريا كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرەپتىكى ئۇلى ئۇلـ
تۇرۇشۇپ كېتىپ يەنە قۇربانجان ئاكىنىڭ تەكلىپى بىلەن مىللىي
ئارمىيە قوماندانى گېنېرال لېتنانت ئىسھاقبەگ مـەزكـۇر كۆۋـ
رۈكنى تېكەس ئاتلىق 5 ـ پولـكنىڭ ياسىشىغا تـاپشۇردى. شۇـ
نىڭ بىلەن پولـكتىكى ھەممە جەڭچى، كادىرلار قورال ـ ياراق،
ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى يۈدۈپ كېلىپ دەريا بويىدىن ماكان تۇتۇپ،
ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئـۈچ كىلـومېـتىر ئۇزۇنلـۇقتىكى يولنى ئون
نەچچە كۈن جىددىي ئىشلەپ، بەزى جـايلىرىـنى ئىككى مېـتىر،
بەزى يەرلىرىنى يېرىم مېتىر كۆتۈرۈپ ياساپ چىققۇق. بۇنىڭ بىـ
لەنلا توختاپ قالماستىن ئارقىدىن يەنە موگخۇلكۈرە ناھىيىسىدىـ
كى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بىر قانچە كۆۋرۈك ۋە يـولىرىنى ياساپ
چىققۇق. بۇنىڭدىن تاكى ئازادلىققىچە خەلقلەر پايدىلىنىپ كەلدى.
ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ۋە ئۆستەڭ
چېپىش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ خەلقنىڭ رەھـمەت ـ ھـەشقاللىسىغا
سازاۋەر بـولدى.

بۇ ئىشلارغـا 50 يىلـدەك بـولغان بولۇپ ئۆزۈم كۆرگەن
ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى يېزىپ چىقتىم. ۋاقىتنىڭ ئـۇزىراپ كېتىشى،
يېشىمنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى سەۋەبىدىن تولۇق ۋە توغرا بولماي
قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق جايلىرىنى ئەيـنى ۋاقىتتا شۇ
ئىشلارغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



## ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئەسلىمىسى

### قۇددۇس ئابدۇسەمەت رەتلىگەن

ئۇيغۇر سايرانى ـــ تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا
ھەيدەر سايرانى ئـائىلىسىدە 1919 ـ يىلـى دېكابـرنىڭ 18 ـ
كۈنى دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ھەيدەر سـايرانى ئـاكا
ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئالىم، مەرىپەتـ
چى ئادەم بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئۈرۈمچى، چۆچەك، تۇرپان ئاسـ
تانە قاتارلىق جايلاردا مائارىپ خىزمىتىدە بولغان.

ئاپىسى ئايخان ھەدە بـاھاۋۇدۇن ئىسىمـلىك كـاسىپنىڭ
قىزى ئىدى. ئۇيغۇر سايرانى بىرنەچچە ئايلىق ۋاقتىدىلا ئـاپىـ
سى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، مومىسى مەڭلىك قىز قولىدا چوڭ بوـ
لىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، دادىسى ھـەيـ
دەر ئەپەندىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ چىققـان مۇئـەللىملەردىن
ئابباس ئەپەندى، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، مۆمىن ئەپەندى قاتارـ
لىق مۇئەللىملەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئاستانىدىكى بـاشلانغـۇچ
مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. كېيىن چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرـ
دە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىدۇ. ئۈرۈمچىدە ئـەلى ئەـ
پەندى (ئەلى ئىبراھـىموۋ) نىڭ قولـىدا تەربىيە كۆرىدۇ. چۆـ
چەك ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، دادىسى ھەيدەر ئەپەنـ
دى رۇس تىلى مۇئەللىمى تەكلىپ قىلىپ ئۇيغۇر سايرانىغا رۇسـ
چە ئۆگىتىدۇ، ئىنگـلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى روسسۇف دېگەن ئوـ
قۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ ئىنگـلىز تىلىنىمۇ ئۆگىتىدۇ. ئۈرۈمچىـ
دە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ (كېيىن 6 ـ مەكتەپ دەپ ئـاتالـ

غان) تە ئوقۇغاندا، بۇ مەكتەپتە خەنزۇ تىلىمۇ ئۆگىتىلىدۇ (خەنـ
زۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى يونۇس بەگ، ئىبراھىم شاھ قاتارلىقلار
ئىدى).

1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى
تىكلەنگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە رۇس ئوتتۇرا مەكتىپى (گىمـ
نازىيىسى) قۇرۇلىدۇ ۋە ئۇيغۇر سايرانىمۇ شۇ مەكتەپتە تەربىيە
ئالىدۇ. 1934 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەر
خانبابا، ئەسئەت ئىسھاقوپ، نۇسرەت شەھىدى ۋە يەنە خەنزۇ
بالىلاردىن تۆت نەپەر ئوقۇغۇچى بىرلىكتە شېڭ شىسەي ھۆكۈـ
مىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ يەرـ
گە بارغاندىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچىلار بىرنەچچە ئوتتۇرا مەكـ
تەپلەرگە تەخسىم قىلىنىپ، سوۋېت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكـ
تە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1938 ـ يىلى تولۇق ئوتـ
تۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى بەلگىلىمە
بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرەر داشۆسىگە كىرىش مەقسىتىدە
رەسمىيەت ئۆتەش ئۈچۈن مەزكۇر ئوقۇغۇچىلار ئالدى ـ كەينى
بولۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. چۈنكى، شۇ چاغدىكى بەلگىـ
لىمە بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى داشۆلەرگە كىرىش
ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئارقىلىق يەنە بىر رەسمىيەت ئۆتەش
لازىم ئىدى. ئۇيغۇر سايرانىمۇ 1938 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكـ
تەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە،
شۇ چاغدا شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىلىتارىست شېڭ
شىسەي شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىلغار كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېـ
رىپ تۇرغان ۋاقىتلار ئىدى. بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلـ
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجى ناھەق
قاماققا ئېلىنغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ
كۆپلىگەن تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنى قولغا ئالىدۇ ۋە زىيانكەشـ
لىك قىلىدۇ (مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق



قىلغان ئون يىل ئىچىدە 120 مىڭ ئادەم تۈرمىگە تاشلانغان
ئىكەن، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن). شۇ ۋاقىتتا
قولغا ئېلىنغان، تۈرمىگە قامالغانلار ئىچىدە ئۇيغۇر سايرانىنىڭ
دادىسى ھەيدەر ئەپەندى بار ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا،
شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارغا
قايتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشقا رەسمىيەت ئۆتەپ
بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇيغۇر سايرانىنى 1938 ـ يىلى يىل ئاخىـ
رىسىدا تۈرمىگە ئېلىنغانلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى قاتارىدا
(شېڭ شىسەيىنىڭ شۇ چاغدىكى قالپىقى بويىچە «خائىنلار ئائىلە ـ
تاۋابىئاتلىرى» دەپ قارىلىپ) ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىدۇ. بۇلارغا
قويۇلغان شەرت ھېچكىم بىلەن خەت ئالاقە قىلىشماسلىق، ناھىـ
يە دائىرىسىدىن شېڭ شىسەيىنىڭ رۇخسىتىسىز چىقماسلىق ھەم
چىقارماسلىق، ناھىيە ئىچىدە خىزمەت ئىشى بىلەن ئۇياق ـ بۇـ
ياققا بېرىشقا توغرا كەلسە، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئادەم
قوشۇپ قويۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇيغۇر سايرانى ساۋەنگە ئېـ
لىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدىكى بىر خەنزۇ مەكـ
تەپكە مۇئەللىم قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. كېيىن بۇ مەكتەپتە شۇ يەرـ
لىك ئۇيغۇر، قازاق بالىلىرىدىن بىر سىنىپلىق ئوقۇغۇچى يىغىپ
دەرس ئۆتىدۇ.

بىرەر يىلدىن كېيىن، ساۋەن ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلىق
رايونىغا يەنى بورتۇڭگەگە تېخى سېلىنمىغان قازاق مەكتىپىگە
مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ، ھەمدە مەكتەپ سېلىش
ۋەزىپىسى ئۇيغۇر سايرانىغا يۈكلىنىدۇ. ئۇ بۇ
ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۈچ ئاي ئىچىدىلا
ئالتە سىنىپلىق ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، زامانىۋى پارتا ـ
ئورۇندۇقلىرى ۋە بىر قاتار ئىشخانىلىرى بولغان مەكتەپ سېلىـ
نىپ بولۇنىدۇ. بۇ مەكتەپ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىداـ
رىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلار بويىچە ئەڭ ياخشى سېلىنغان

مەكتەپ دەپ باھالاپ كۆرسىتىشى بىلەن، شۇ چاغدىكى شىنجاڭ
ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ئۇيغۇر سايرانىنى پۈتۈن ئۆلكىدىكى
ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى مەكتەپلەرگە تونۇشتۇرىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ
زامانىۋى پوسۇندا سېلىنىپ، تېز پۈتۈشىگە شۇ چاغدا ساۋەندىكى
قولاي شەرت ـ شارائىت سەۋەب بولـغانىدى. يەنى ساۋەنگە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىن بىر تـۇركۈم خـەنزۇ (ئـاياللىرى
رۇس) لار كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. شۇ ئـادەملەر ئىـ
چىدە ياغاچچى، تامچى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا قۇرۇلۇش بىلـەن
شۇغۇللانغان ئۇستىلار بولغاچقا، شۇلارنىڭ ياردىمىدە بۇ مـەكـ
تەپ تېز ھەم چىرايلىق پۈتكەنىدى.
ئۇيغۇر سايرانى ساۋەندە تۇرۇپ ئارىدا بىر يىل ئـۆتە ـ
ئۆتمەيلا (8ـ، 9 ـ ئايلار چامىسىدا)، ئابدىكېرىم ئـاببا سوۋمۇ
ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى بىلـەن ئـابدىكېرىم
ئاببـاسوۋ بىر ياتاقتا يېتىپ، شۇ كونا ساۋەن ناھىيىسىدە ئـۈچ
يىل بىرگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. كونا ساۋەندە بارـ يوقى تۆت
ئائىلە ئۇيغۇر بولۇپ (شەھەر ئىچىدە قورۇـ جايلىق بولۇپ تۇرۇپ
قالغان ئۇيغۇرلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ)، مەكتەپ يېشىدىكى بالىلىرى
يەتتە ـ سەككىز نەپەردىن ئاشمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر سايرانى بىلەن
ئابدىكېرىم ئاببا سوۋنىڭ ئۆگىنىشىگە، ماتېرىيال تـەرجىمە قىلىـ
شىغا ۋاقىتلىرىمۇ يېتەرلىك بولۇپ تۇرىدۇ. بوش ۋاقىتتىن پـايـ
دىلىنىپ ماركـسچە ـ لېنىنچە پەلسەپە ئۆگىنىپ، شۇ پـەلسەپىگە
ئائىت ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىپ ئۈرۈمچىدىكـى گېزىت ئىـ
دارىسى ۋە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ «يېڭى نۇر» تەھرىر ھەيئىتىگە
ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «يېڭـى نـۇر» تـەھرىر
بۆلۈملىرى ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتكەن
پەلسەپىگە ئائىت ماتېرىياللارنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ
تۇرىدۇ.
شۇ يىللاردىكى قاتناش قولايسىزلىقىدىن چەت ـ ياقا، ئاـ



ھالىسى شالاق ھېسابلانغان كونا ساۋەن ناھىيىسىدە ئۇيغۇر سايـ
رانى، ئابدىكېرىم ئاببا سوۋلارنىڭ ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇلـ
لىنىشىغا يەنە بىر ئەپلىك شەرت ـ شارائىت بار ئىدى. چۈنكى
ساۋەن ناھىيىسىنىڭ چۈۋگەي دېگەن رايونىدا بىر رۇس مەھەلـ
لىسى (ئەينى ۋاقىتتا جىن شۇرېنغا ئـەسكەر بـولـۇپ، يـەرلىك
خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرغان ئاق رۇسلارغا شۇ جـايدىن
يەر بېرىپ مەھەللە قۇرۇپ بەرگەن) بـۆلۈپ، روسلارغا ئۈرۈمچىـ
دىكى مەركىزىي رۇس ئۇيۇشمىسىدىن سوۋېتنىڭ گېزىت ـ ژۇرـ
ناللىرى ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۇيغۇر سايرانى شۇلار بىلەن سۆزلىـ
شىپ ئۆزىگىمۇ بىر نۇسخا «پىراۋدا» (ھـەقىقـەت) گېزىتـى، بىر
نۇسخا «بولشېۋىك» (كوممۇنىست) ژۇرنىلىدىن زاكاس قىلىپ ئاـ
لاتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭغا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى رۇخسەت قىلىـ
مىغاچقا مەخپىي تۇتاتتى. مانا مۇشۇ ماتېرىياللار بۇلارنىڭ ئۆـ
گىنىش ۋە ئىلمىي پـائالىيىتـى ئـۈچـۈن چـوڭ يـاردەم ئىدى.
1941 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر سـايرانىنى شىنجـاڭ گېزىتـى
ئىدارىسى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن يۆتكەپ بېرىشنـى تـەلـەپ
قىلىپ شېڭ شىسەيگە مۇراجىئەت قىلىدۇ، شېڭ شىسەي بـۇنـى
تەستىقلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر سايرانى 1941 ـ يىلىـ
دىن تارتىپ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇر تـەھرىر بۆـ
لۈمىدە تەھرىر، تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ. تـا س س نىڭ
خەۋەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بىۋاسىتە چىقىرىدۇ. شۇ چاغدا گېـ
زىتخانىدا يەنئەندىن كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىمۇ بـار ئىـ
دى، گېزىتنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى يـۆنىلىشى چىن تـەنچيۇ،
ماۋ زېمىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇيغۇر
سايرانى مۇشۇ كوممۇنىستلارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئىشلىگەنىدى. كومـ
مۇنىستلار ئىچىدە خەلقئارا خەۋەرلەر تەھرىرى لى خى (شاۋلى)
ئىسىملىك ياش يىگىتمۇ بولۇپ، بۇنىڭ ئىشلىگەن كەسپىي ئۇيـ
غۇر سايرانىنىڭ ئىشلىگەن كەسپىگە ماس كـەلگەچكە، ئىككىسى

بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ ئىشلەيتتى. 1943 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىڭ شىسەي كوممۇنىستلارنى قولغا ئالغاندا، ئۇيغۇر سايرانىمۇ شۇلار بىلەن قوشۇپلا تۈرمىگە قامايدۇ (كوممۇنىست يولداشلارنى رەسمىي قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنى بىرنەچچە ئورۇنغا بۆلۈپ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى). تۈرمىدە كوممۇنىستلاردىن لىيۇ شىپىڭ (ئازادلىقتىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، پارتگورۇپپا شۇجىسى بولغان)، لى ۋۇرۇ (ئازادلىقتىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىدە مەسئۇل خىزمەتتە بولغان، ھازىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى)، گۇ چۈنزى (ھازىر جىڭجۇدا دەم ئېلىشقا چىقتى) لار بىلەن بىر كامىردا ياتىدۇ.

بۇ يولداشلار تۈرمىدە ئۇيغۇر سايرانغا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەشكىللىنىشى، ئۇلارنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيىتى، شىنجاڭغا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كېلىپ ئىشلىگەنلىكلىرىنى ۋە شىڭ شىسەينىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنىپ، ناھەق تۈرمىدە ياتقانلىق ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇيغۇر سايرانىمۇ كېلەچەكتە ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر كوممۇنىست بولۇپ يېتىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە بۇ توغرۇلۇق سىياسىي - ئىدىيىۋى جەھەتلەردىن نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. تۈرمىدە مەزكۇر كوممۇنىستلار ئۇيغۇر سايراندىن رۇسچە ئۆگىنىدۇ. كوممۇنىست يولداشلارنىڭ قوللىرىدا ۋ ك پ تارىخى (سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى) نىڭ خەنزۇچىسى ۋە رۇسچىسى بار بولغانلىقتىن (ھەر ئىككىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان)، بۇ يولداشلار تۈرمىدە شۇ ئىككى كىتابنى سېلىشتۇرۇپ بىر تەرەپتىن نەزەرىيە ۋە ماركسچە پەلسەپە ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن رۇسچە ئۆگىنىدۇ. رۇسچە ئۆگىنىشتە ئۇيغۇر سايرانى ئۇلارغا كۆپ ياردەمدە بولىدۇ.



شىڭ شىسەي 1944 - يىلى 10 -، 11 - ئايلاردا شىنجاڭدىن يۆتكىلىدۇ. بۇ چاغ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان ۋاقىت ئىدى. شىنجاڭنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ جۈملىدىن ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چوڭ - كىچىك شەھەرلىرىدىمۇ بۇنىڭ تەسىرى كۆپ بولىدۇ، جايلاردىكى تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى يىمىرىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تىكلەنگەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تۈرمىدە ياتقان سىياسىي مەھبۇسلارغا مۇراجەتنامە چىقىرىپ، بۇنى يوشۇرۇن يوللار بىلەن تۈرمىگە كىرگۈزۈپ بېرىدۇ. مۇراجەتنامىدە ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلاب ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلەنگەنلىكى، سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنلا پۈتۈن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە تولۇق قاتنىشىشى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغانىدى.

شىڭ شىسەي كېتىشى بىلەنلا بىر تۈركۈم دىنىي زاتلار، ئامان قالغان باي سودىگەرلەر ۋە شۇ قاتاردا ياشلارمۇ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. مۇراجىئەتنامىنىڭ روھىغا ئاساسەن تۈرمىدىن دەسلەپتە قويۇپ بېرىلگەن ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا غۇلجا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە بېرىپ ئىنقىلابىي ئىشلارغا قاتنىشىشقا باشلايدۇ. بۇنى بايقىۋالغان گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئوجۇقچىسى ھاكىمىيىتى تۈرمىدىن ياشلارنى چىقىرىشنى بىر مەزگىل توختىتىپ قويىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى مانا مۇشۇ توختىتىپ قويۇلغان ياشلارنىڭ قاتارىدا يەنىلا تۈرمىدە قەپىلىنىدۇ، ئاخىرىدا تۇغقانلىرىنىڭ قايتا - قايتا ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەت قىلىپ، كاپالەتلىك قىلىنىشى نەتىجىسىدە 1945 - يىلى 6 - ئايلاردا تۈرمىدىن بوشىنىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىقىشى بىلەنلا ئۈرۈمچى

رايونىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان ئىنـ
قىلابىي پائالىيەتكە قاتنىشىدۇ، شۇ يىللاردا بورهان ئەپەندىنىڭ
شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتىنىڭ
غوللۇق ئادىمى بولۇپ قاتنىشىدۇ. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مەخـ
پىي خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان ئادەملىرى بىلەن ئالاقە تۇرغۇزىدۇ.

ئۇيغۇر سايرانىنىڭ تۈرمىدىن چىقىپلا ئىنقىلابىي ئىشلارغا
قىزغىن كىرىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، جۇڭگو كومـ
مۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇر سايرانغا تۈرمە كامىرلىرىدا بەرگەن سىـ
ياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىسى بولغانىدى. ئۇيغۇر سايرانى مۇـ
شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتـ
قان ۋاقىتلاردا، ئۈچ ۋىلايەتتىن گومىنداڭ تەرەپ بىلەن سۆھبەت
قىلىش ئۈچۈن رەھىمجان سابىرهاجى باشچىلىقىدىكى ئەخمەتجان
قاسىمى، ئوبۇلخەيرى تۆرىلەر قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەـ
كىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر سايرانى ئۈرۈمچىدە بىرىنچى بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت
تەرەپ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشىدۇ① ھەم ۋەكىللەرگە ئۆزىنىڭ قىسقىچە

① بۇنىڭغا بىر تاسادىپىي ئەھۋال سەۋەبچى بولغانىدى، يەنى شۇ يىللاردا
ئۈرۈمچى رۇس كىنازىيىسىنىڭ مۇدىرى، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشـ
لۇق قىسمىنىڭ گېنېرال مايورى سوۋ سىڭ غۇلجا ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا
ئىلگىرى بىر مەزگىل تۇرغاچقا، ئۇ تەرەپتىكى خېلى كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشاـ
تتى. شۇڭا جاڭ جىجۇڭ ئۇنى ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەنلەر بىلەن تەنھەدىن ئىلگىـ
رى كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن كۆرۈـ
شۈپ بېقىشقا ئۇندىگەنىدى. سوۋ سىڭ ئىلگىرى ئۇيغۇر سايرانىنى تەرجىمان
قىلىپ بىر مەزگىل ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قېتىم ئۇ، ئۇيغۇر سايرانىنى تەرـ
جىمان سۈپىتىدە بىللە ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇر سايرانى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلـ
لىرى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەنىدى.



ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى: «بىز سىز
توغرۇلۇق غۇلجىدا سۆزلىشىپ كەلگەنىدۇق، سىزنىڭ يېقىن
دوستىڭىز ئابدىكېرىم ئابباسوۋ ئەھۋالىڭىزنى ماڭا سۆزلەپ
بەرگەنىدى، ئۇنىڭ سىزگە يازغان شەخسىي خېتىنى ئالغاچ
كەلدىم»، دەپ ئابباسوۋنىڭ ئۇيغۇر سايرانغا يازغان خېتىنى
تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئابدىكېرىم ئابباسوۋ خېتىدە: «......ئاڭلىسام غۇلجىغا كېلىش
ئارزۇسىدا ئىكەنسىز، غۇلجىغا كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى
ئىنقىلاب مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىقراقى سىزنىڭ ئۈرۈمچىدە
تۇرۇپ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ مەقسىتىنى خەلققە چۈشەندۈـ
رۈپ، كۆپچىلىكنىڭ بۇنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە
ياردەمدە بولسىڭىز ئىدى. بىزنىڭ سىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىمىز
مۇشۇ ......» دەپ يېزىلغانىدى. شۇڭا ئۇيغۇر سايرانى غۇلجىغا
كېتىشكە ھازىرلىنىۋاتقان نىيىتىدىن يېنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى يولـ
داشلارنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالىدۇ، ھەمدە
شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنقىلابىي ئىشلارنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
بىۋاسىتە كۆرسەتمىسى بىلەن ئېلىپ بارىدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ مەتبەئە ساھەسىدە داـ
ۋاملىق ئىشلىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن
11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن قايتا تەشكىللەنگەن ئۇيـ
غۇر ـ قازاق گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىـ
سىگە بېكىتىلىدۇ، بۇ ئىش ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەجلىـ
سىگە قويۇلۇپ، تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن رەسمىلەشتۈـ
رۈلىدۇ. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىقى قارارىغا ئاساـ
سەن، 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر سايرانى شىنجاڭ
گېزىتخانىسىنىڭ مىللىي تىل ـ يېزىقتا چىقىدىغان تارماقلىرىنى
قايتا تەشكىللەشكە كىرىشىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ گېزىتنىڭ مەزمۇـ
نىمۇ يېڭى تۈس ئالىدۇ، يەنى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئەشـ

ۋەق قىلىش، ئۇنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى تەشۋىقاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئىجرا قىلىنىشقا نازارەت قىلىش شىنجاڭدىكى پۈتۈن خەلقنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە ۋەزىپىسى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق تەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. دەل شۇ چاغدا، شىنجاڭنىڭ بارلىق ناھىيىلىرىدىن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ شۇ ناھىيە تەۋەسىدە ئىجرا قىلىنىشى ۋە بۇنىڭغا بولغان توسقۇنلۇقلار توغرىسىدىكى ئەھۋالنىڭ ئىنكاسلىرى گېزىتخانىغا كېلىپ تۇردى. گېزىتتە بۇ نەرسىلەر تولۇق ئېلان قىلىندى، لېكىن بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا بولغان توسقۇنلۇقلار شۇ چاغدىكى گومىنداڭچىلارنىڭ ئەشەددىي رېئاكسىيونلىرى تەرىپىدىن داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى. گومىنداڭچىلار بىتىمنى ئىجرا قىلغۇچىلارنى، ئىجرا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنى يەتتە ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ناھىيىلەردە قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرۇشقا كىرىشتى. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە ئاساسەن، ھەربىر ناھىيىلەردىكى ھاكىملارنى سايلام ئارقىلىق خەلق ئۆزى سايلاپ چىقىش كېرەك ئىدى، شۇڭا مۇشۇ ئىشلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بۇرھان شەھىدىلەرنىڭ كۆرسىتىشى يەنى ھەربىر رەئىس بىردىن كىشىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قۇمۇل ۋىلايىتى سايلام گۇرۇپپىسىغا ئۆيغۇر سايرانىنى نامزات قىلىپ كۆرسەتتى، بۇرھان شەھىدى نىغمەت خەلپەتنى نامزات قىلىپ كۆرسەتتى، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ شۇ چاغدىكى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى كوڭ شيەنجاڭنى نامزات قىلىپ كۆرسەتتى (كوڭ شيەنجاڭ ئىشپىيونلار تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى بولغاچقا، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىجرا قىلىندى). ئاخىرى بۇلار بېكىتىلىپ ئۆيغۇر سايرانى سايلام ھەيئىتىگە گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ بەلگىلەندى.



قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى سايلام شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئۆتكۈزۈلۈش ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ھەربىيلىرى سايلامغا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قارشى تۇردى. قۇمۇل ناھىيىسىدىكى خەلق، بولۇپمۇ ياشلار تەرەققىيپەرۋەر ئىسمائىل تاھىر (بۇ ئادەم شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن سۇيىقەستكە ئۇچرىدى) دېگەن كىشىنى ھاكىم كاندىداتلىققا كۆرسەتتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇرۇنقى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادى بولغان بەشىر ئاخۇننى شيەنجاڭلىققا كۆتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى، نەتىجىدە بەشىر ھاكىملىققا سايلاندى، ئاراتۈرك ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ئابدۇللا سايلاندى. لېكىن سايلام جەريانىدا كەسكىن توقۇنۇشلار يۈز بەردى. ئەسلىدە ئابدۇللانى سايلاشقا كۆرسىتىشتە ھەربىيلەر چەك توردى، ئەمما خەلق ئاممىسى كۆرسەتكەن كىشى ھاكىملىققا سايلىنىش ئالدىدا، ھەربىيلەر كېچىسى بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى ھاكىملىق ئورنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر بۇ ئادەم سايلىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئوچۇق ـ ئاشكارا تەھدىت سالىدۇ. خەلق كۆرسەتكەن ھاكىملىق نامزاتىدىكى بۇ كىشى، ئەتىسى سەھەر بامدات نامىزىدىن چىقىپلا ئەھۋالنى سايلام گۇرۇپپىسىغا ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ ھاكىم بولماسلىق نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. سايلام يۈرگۈزۈشكە بىرەر سائەت قالغاندا، بۇ ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن ئاخىرى ھەربىيلەر قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ئابدۇللا ھاكىملىققا سايلىنىدۇ (ئابدۇللا ئەسلىدە مۇسۇلمان بولغان خەنزۇ بولۇپ، شۇ ناھىيىدە ئۇششاق سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرىدىغان كىشى ئىدى). ھاكىم بولغان كىشى شۇ ۋاقىتتىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مۇئاۋىن ھاكىمنى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى خىزمەتكە تەيىنلەيتتى.

شۇڭا ئابدۇللا ئاراتۇرك ناھىيىسىدە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىـ
مىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى قۇۋۋەتلىگەن ۋە سايلام گۇرۇپپىسىغا
بۇ جەھەتتىن كۆپ ياردەم كۆرسەتكەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ
(پەيچۇسونىڭ) سوجىڭى بەكرىنى مۇئاۋىن ھاكىم ۋە قوشۇمچە ساقچى
ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ. كېيىن ئەكسىيەتچى كۈچلەر
(رېئاكسىيون ھەربىلەر) مۇئاۋىن ھاكىم، قوشۇمچە ساقچى ئىدارىسىـ
نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن بۇ ئادەمنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىـ
لابىنى قوللايدىكەنسەن» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئالىدۇ ۋە
ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇ مەزگىللەردە قۇمۇل ناھىيىسى
بىلەن باركۆل ناھىيىسىنىڭ تاغ رايونلىرىدا سېيىت ۋە ئوناباييلار
باشچىلىقىدا خەلق قوزغىلىپ، بىرمۇنچە رايونلارنى ئىگىلىۋالىدۇ
ھەم قاتناش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈـ
چۈن يەنە ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش 11 ماددىلىق تىنچـ
لىق بىتىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بىلىپ
كېلىش ھەم قوراللىق كۈرەشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن
1946 - يىلى 9 - ئايلاردا بورھان شەھىدى، ئابدىكېرىم ئابباسوۋ
ۋە ئۇيغۇر سايرانىلارنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇمۇلغا ئەـ
ۋەتىدۇ. بورھان شەھىدى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىدە سېيىت ۋە ئوـ
نابايلارنىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش
ئارقىلىق قوراللىق كۈرەشنى توختىتىش ھەققىدە كېلىشىدۇ. نەـ
تىجىدە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قورالى ئۆزلىرىدە ساقلىنىدۇ، قاتناش
يوللىرىنى توسۇمايدۇ، سېيىت ۋە ئونابايىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئىنـ
قىلابىي ھەرىكەت دەپ تونۇلىدۇ. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم
تۈزۈلۈپ بولغاچقا، بىتىمنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا جايلاردا قوراللىق
كۈرەشنى توختىتىپ تۇرۇش زۆرۈرلىكى ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن
چۈشەندۈرۈلىدۇ. بورھان شەھىدى، ئابدىكېرىم ئابباسوۋلار بۇنىڭ
ئىجراسىنى سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۇيغۇر سايرانىغا تاپـ



شۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كېتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر سايـ
رانى نىغمەت خەلپەت، كوڭ شىيەنجاڭلار بىلەن بىرلىكتە قوزغىـ
لاڭچىلار تۇرۇشلۇق جايغا كېلىپ تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ
بارىدۇ. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش ۋە ھىمايە
قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، قوراللىق كۈرەشنى ئېلىپ بېرىشقا
بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇدۇ. ئەمما سېيىت ۋە ئونابايلارنىڭ كۈـ
رەشلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن زاكىرىيە (زاكچىن دەپمۇ ئاـ
تىلىدۇ، پولكوۋنىك، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىشپىيونلار باشلىقى،
دەرىجىسى گېنېرال مايور) قوزغىلاڭچىلار رايونىغا قوراللىق بىرقانچە
ئادەملىرى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن سېيىت
باتۇر سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ ئالدىدا زاكىرىيىنى ئېتىپ تاشلىماقـ
چى بولىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر سايرانى، نىغمەت خەلپەتلەر سېيىت باـ
تۇرنى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم روھىغا ئەمەل قىلىشنى دەۋەت قىـ
لىپ، ئوق چىقىرىش ئالدىدا تۇرغان سېيىت باتۇرنى نىغمەت خەلـ
پەتتىم قوچاقلىۋېلىپ توسۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا سېيىت باتۇر، زاـ
كىرىيىنىڭ سېيىت باتۇرنى گومىنداڭچىلارغا تۇتۇپ بېرىش ياكى
ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق ئونابايغا يازغان خەتلىرىنى سايلام ھەيئىتىگە
كۆرسىتىدۇ (مۇنداق خەتلەر بەش - ئون پارچىچە بولۇپ، ئونابايى
بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ۋاقتىدا سېيىت باتۇرغا تاپشۇرۇپ
بەرگەنىكەن). نەتىجىدە ئۇيغۇر سايرانى، نىغمەت خەلپەتلەر
زاكىرىيىنى مەزكۇر خەتلەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەيدۇ. سېيىتقا
بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى زاكىرىيىنى ئېتىۋېتىش بىلەن
پۈتمەيدىغانلىقىنى، ئەھۋالنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەـ
ئىسلىرىگە خەۋەر قىلىپ شۇلار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشنى
ئېيتىدۇ. سېيىت، ئاخىرى بۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ (ئازادلىقـ
تىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى زاكىرىيىنى ئوسمانغا ۋەكىل قىلىپ
ئەۋەتكەندە، ئۇ ئوسمانغا بىتىمگە كېلىشكە دەۋەت قىلىشنىڭ ئورنىغا
پاندىتلىق قىلىشقا قۇتراتقانلىقى ئۈچۈن، قانۇن بويىچە ئۆلۈم

جازاسى بېرىلگەنىدى).

مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە، سۇڭ شىلىيەنىڭ ھەربىي شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر سايرانىنى سايلام خىزمىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا تاغ ئارىسىدا ئېتىۋېتىپ، بۇنى سىيىت باتۇر ۋە ئونانباينىڭ ئادەملىرى قىلغان، دېمەكچى بولۇپ سۇيىقەست ئىشلىتىشنى پىلانلايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى: ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ۋە سىياسىي پروگرامما بويىچە، ناھىيىلىك سەنىيخوي ھەيئەتلىرى بىلەن ناھىيە ھاكىملىرىنى خەلق سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە بىردىن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، سايلام ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن گۇرۇپپا تەشكىل قىلىدۇ. ئالتاي ۋىلايىتى سايلامغا نازارەت قىلىش بويىچە 6- گۇرۇپپا بولۇپ، مەزكۇر ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قازاق مىللىتىدىن بولغان تۈركستان گۇرۇپپا باشلىقى بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى (قازاق مىللىتىدىن) كىي بىكچۈەن بىللە ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ. ئۇلار 10- ئاينىڭ 6- كۈنى تارباغاتايغا قاراشلىق دۆربىلجىن ناھىيىسىگە يېتىپ بارىدۇ ھەم كەچلىكى كىنوغا كىرىدۇ. كىنو ئازا قىزىق قويۇلۇۋاتقاندا، تۈركستان ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن ئەكسىيەتچى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىدۇ.

بۇنىڭدىن ئاما قاتتىق غەزەپلىنىپ، تۈركستان چۈشكەن ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. گومىنداڭچىلارنىڭ ئەشەددىي رېئاكسىيونلىرى تۈركستاننىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ (نەزەردە تۇتۇپ)، بۇنىڭ ئىنتىقامىنى سايلام گۇرۇپپىسىدىكىلەردىن ئۇيغۇر سايرانىنى ئېتىۋېتىپ ئالىمىز، شۇنداق قىلغاندا قانغا - قان، جانغا - جان بولامدۇ؟ دېگەن داۋلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ چىقىدۇ. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى گېنېرال جاڭجىجوڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن



كېيىن، سۇڭ شىلىيەن ۋە باشقىلارنى بۇنداق قىلماسلىققا كۆندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ ئازراق ۋاقىت جىمىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئارىدا يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي شتابىدا بۇ گەپ يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەتتە ۋىلايەت تەرەپتە سايلامغا قاتناشقانلاردىن بىرسىنى ئۆلتۈرمىسەك بولمايدىكەن، ئۆلتۈرۈشكە قولاي شارائىت باشقا يەرگە نىسبەتەن قۇمۇل تاغ رايونى ئەپلىك ئىكەن، ئۆزىمىز ئېتىپ تاشلاپ تاغلىقلارغا دۆڭگەپ قويىمىز، دەپ بۇنىڭ ئىجراسىنى تەشكىللەشكە كىرىشىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى تاغ رايونىدىكى سايلام ئىشلىرىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، سايلام گۇرۇپپىسى بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. قۇمۇلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋالىيسى ۋە قوشۇمچە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە كوماندىرى ئۇيغۇر سايرانىغا: «سىيىت بىلەن ئونانبايلار تىنچلاندى دەيسىز، ئەگەر ئۇلار راست تىنچلانسا نېمىشقا قۇمۇلغا كەلمەيدۇ؟ ئۇلار كەلمىگەنلىكتىن بىز قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاخىرلاشتى دەپ ھېسابلىمايمىز، ئۇلار ئۆزلىرى كېلىپ قۇمۇل ۋالىيسى ۋە شيە نجاڭغا ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكىنى كۆرسەتسۇن» دەيدۇ. ئۇيغۇر سايرانى: «قۇمۇلدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتى بېسىقىپ بولدى، بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇردى، سىيىت بىلەن ئونانباتۇرنىڭ ھازىرقى پەيتتە قۇمۇلغا كېلىپ ۋالىي بىلەن شيە نجاڭغا ئۆز سەمىمىيىتىنى كۆرسىتىشىنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق، ئەگەر سىز قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرسىڭىز ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزسەكلا كېلىدۇ» دەيدۇ. ۋالىي: «ئۇلار (سىيىت بىلەن ئونانباينى دېمەكچى) سىزنىڭ سۆزىڭىزگە كىرىدىكەن، سىز ئۆزىڭىز بېرىپ ئەكەلمىسىڭىز ئۇلار كەلمەيدۇ» دەيدۇ. ئۇيغۇر سايرانى جاۋابەن: «سىزنىڭچە قۇمۇلنىڭ تىنچلىقى سىيىت بىلەن ئونانبايلارنىڭ قۇمۇل شەھىرىگە كىرىپ سىزگە كۆرۈنۈپ قويۇشىغىلا باغلىق بولىدىغان بولسا، ئۇلارنى سايلام گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ بىرسى بېرىپ ئەكەلسۇن» دەيدۇ. ۋالىي

ئۆزىڭىز يالغۇز بېرىڭ دەپ تۇرۇۋالىدۇ، ئۇيغۇر سايرانى ۋالىيـ
نىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ يەتمەي، يالغۇز بېرىشقا ماقۇل بولۇپ
يولغا چىقىشقا تەييارلىنىدۇ. ۋالىي ئۇيغۇر سايرانىنى ھەربىي
شتابىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر ئەسكەرنى قوشۇپ يولـ
غا سېلىپ قويىدۇ. ئەسكەر ئۇيغۇر سايرانىنى ھەربىلەر تۇرغان
يەردىن بەش ـ ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ ماـ
شىنىنى ئالماشتۇرىمىز، باشقا ماشىنا كېلىپ ئەسكەر بىلەن سىزنى
مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىدۇ، دەپ يالغۇز قالدۇرۇدۇ. ئۇيغۇر
سايرانى شۇ ئارىلىقتا جاڭگالدا يەتتە سائەت تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە
مۇشۇ كۈنى كەچقۇرۇندا ئۇيغۇر سايرانىنى تاغلىق رايونىغا ئاـ
پىرىپ، پىلانلىغان سۇيىقەستىنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلماقچى ئىكەن①.
لېكىن ئۇيغۇر سايرانى ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلمەي يەنىلا
كەلمەكچى بولغان ماشىنىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېرىدۇ. قاراڭغۇ چۈشـ
كەندە ئالتە ـ يەتتە ئەسكەر بىلەن بىر چوڭ ماشىنا كېلىپ،
ئۇيغۇر سايرانىغا: «ئەمدى كەچ بولۇپ كەتتى، قۇمۇلغا قايتامـ
سىز؟» دەيدۇ. ئۇيغۇر سايرانى: «مەن سىيىت بىلەن ئونانبايىنى
ۋالىيغا ۋە بۇ يەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىلەرگە كۆرسىتىپ
قويىمسام ئۇلار خاتىرجەم بولالمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن
بۇرۇنقى سۆزىمىز بويىچە كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ تاغ رايونىغا
باراي» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوڭ ھەربىي ماشىنا(دادۇچى)غا
ئولتۇرۇپ تاغلىق رايوندىكى قوزغىلاڭچىلار تۇرغان جايغا بارىدۇ.
ئۇيغۇر سايرانى ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن

① دەل مۇشۇ مەزگىلدە گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بۇ سۇيىقەستلىك ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇيغۇر سايرانىغا دەرھال قۇمۇلدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىڭ دەپ تېلېگرام بەرىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ سۇيىقەستلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇش جەريانلىرىدىن تەشكىل ئارقىلىق ئاندىن خەۋەر تاپىدۇ. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ قۇمۇلدىكى گومىنداڭ باش شتاب ئورگىنىغا بۇنىڭدىن كېيىن سۇيىقەست پىلانلىماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر سايرانىنى سۇيىقەستكە ئۇچراشتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالىدۇ.



قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىرسى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ توپتوغرا سىيىتـ
نىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ بارىدۇ. سىيىت ئەھۋالنى ئۇققاندىن
كېيىن ئونانبايغا خەۋەر قىلىدۇ، ئونانبايمۇ دەرھال كېلىدۇ، بۇـ
لار ئۇيغۇر سايرانىنىڭ سۆزىگە كۆنۈپ، قۇمۇلدىكى ھەربىلەرگە
ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلماقچى بولىدۇ.
ئەتىسى بۇلار ئۇيغۇر سايرانى بىلەن بىرگە قۇمۇلغا كېلىپ توپـ
توغرا ۋالىي مەھكىمىسىگە كىرىپ، ۋالىي ۋە قۇمۇلدا تۇرغان ھەربىي
قىسىملارنىڭ قوماندانىغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ. ۋالىي بۇلارنى
كۆرگەندىن كېيىن بۇرۇنقى كېپىدىن يالتىيىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
سىيىت ۋە ئونانبايلار قايتماقچى بولغاندا، ۋالىي: «سىيىت بىلەن
ئونانباتۇرنىڭ قۇمۇلدىن ئامان ـ ئېسەن تاغ رايونىغا چىقىشىغا
مەن كاپالەتلىك قىلالمايمەن، مۇشۇ شەھەردىمۇ بۇلارنىڭ ھاياتىغا
كېپىللىك قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى تاغدىكى قوزغىلاڭچىلار بىر
قانچىلىغان ھەربىلەرنى ئۆلتۈرگەن، ئۇلارنىڭ يارۇ ـ بۇرادەر،
ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى مۇشۇ يەردە، ئۇلار كېلىپ ئېتىۋېتىشى مۇمـ
كىن» دەيدۇ. ئۇيغۇر سايرانى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋالىيغا
قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «سىيىت بىلەن ئونانباي بۈگۈن سىزنىڭ
ئىشخانىڭىزدا ياتسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇلارنى قانداق قىلىش توغرۇـ
لۇق بىز ئۆزىمىز بىر پىكىرگە كېلىپ سىزگە ئۇقتۇرىمىز، سىز ئىشخانىڭىز
ئەتراپىغا كۆزەتچى قويۇپ كاپالەتلىك قىلىسىز، ئادەم ئۇرۇۋالاشـ
تۇرۇڭ» دەيدۇ. ئۇيغۇر سايرانى ۋالىي مەھكىمىسىدىن چىقىپ ئۈـ
رۈمچىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ قايسى كۈنى ئۇچىدىغانلىقىـ
دىن خەۋەر تاپىدۇ، چۈنكى، ۋالىي ۋە قۇشۇمچە دىۋىزىيە كوماندـ
دىرى بولغان ئادەم بۇلارنىڭ ئامان ـ ئېسەن ئۆيلىرىگە بېرىۋېـ
لىشىغا كاپالەتلىك قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن
بىرگە ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى سىـ
يىت باتۇر بىلەن ئونانبايىنى ۋالىي مەھكىمىسىدىن ئېلىپ چىقىپ

كېتىش ۋاقتىدا، ۋالىي ۋە باشقىلارغا بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپمۇ قويمايدۇ.

ئۇلار قومۇل – ئالمۇتا ئايروپىلان شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، توپتوغرا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. سىيىت بىلەن ئونانباتۇر ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ، بۇلار ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە كېتىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت خەلقلىرى بۇ ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ ئۇلارنى «باتۇر» دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سىيىت باتۇر، ئونانباي باتۇر دېگەن ئىسىم خەلق ئىچىگە ئومۇملىشىدۇ.

1946 – يىلىدىن 1947 – يىل 8 – ئاينىڭ 28 – كۈنىگىچە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئۈرۈمچى ئىدارىلىرىگە مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەنگەنلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈركۈمى — رەھىمجان سابىرھاجى، ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەرخانبابالار ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ غۇلجىغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۆتكەن بىر يىل سەككىز ئاي پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسى دائىرىسىدە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلغۇچىلار بىلەن ئۇنى بۇزغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن جىددىي كۈرەش مەزگىللىرى بولىدۇ.

11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىجرا قىلىنمىغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نەشىر ئەپكارى بولغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە شىنجاڭ گېزىتلىرىدە گومىنداڭ رېئاكسىيونلىرىنىڭ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلمىغانلىق ئەھۋاللىرى، قارشىلىق كۆرسىتىش ئەھۋاللىرى ئوچۇق – ئاشكارا پاش قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى، ئەخمەتجان قاسىمىلارنىڭ نامىغا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ



ئىجرا قىلىنمىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ئەرز، شىكايەت ۋە ئىلتىماسلار مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت كاتىبات باشقارمىسى تەرىپىدىن گېزىتخانىغا يوللىنىپ، گېزىت يۈزىدە ئارقىمۇ ئارقا ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى شىنجاڭ گېزىتى گومىنداڭ رېئاكسىيونلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان تىكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئاخىرى بۇلار گېزىتخانا باشلىقى ئۇيغۇر سايرانىنى ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ سوتلىتىش قارارىغا كېلىپ، ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئالتە ئەسكەرگە بېرىپ تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. 1947– يىلى 4 – ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، گومىنداڭنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئالتە ئەسكەرنى باشلاپ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىگە كېلىپ ئۇيغۇر سايرانىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى ئۆز ئادىتى بويىچە خىزمەت ئورنىغا 10 – 15 مىنۇت بالدۇر كېلىدۇ. پايلاپ يۈرگەن ئەسكەرلەر بۇ كىشىنى تونۇمىغاچقا، توپتوغرا ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى قاماققا ئېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى كۆرسىتىپ، بۇ ئادەمنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى تۇتۇش بۇيرۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن قىلچە چاندۇرماستىن، بۇ ئادەم مۇشۇ يەردە بار، ئىشخانىسى بۇ، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، دەپ ئىشخانا ئالدىدىكى مەجلىسخانىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. ئاندىن مەن بۇ كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قوياي، دەپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرسايرانى شۇ چىققانچە ئۇدۇل ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىغا ھەم ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا كىرىۋالىدۇ. ئادەتتە بۇ يەرگە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ياكى ساقچىلىرىمۇ ھەرقانداق سەۋەبلەر بىلەن باستۇرۇپ كىرەلمەيتتى. چۈنكى گومىنداڭ رېئاكسىيونلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى كۈچىيىشكە باشلىغاندىن كېيىن، بۇ جاينى مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر پەي ئەسكىرى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇيغۇر سايرانىنى تۇتۇش ئۈچۈن

گېزىتخانىغا كەلگەن گومىنداڭنىڭ بەش ـ ئالتە ئەسكىرى، ئۇدا ئۈچ كۈن ئاۋارە بولۇپ ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئىدارىگە كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كېلىپ قالسا قولغا ئالىمىز دەپ ئۈچ نەپەر ئەسكەرنى گېزىتخانىدا قالدۇرۇپ، قالغان ئۈچ نەپىرىنى ئۇيغۇر سايرانى تۇرغان ئۆينىڭ (ئائىلە قورۇسىنىڭ) دەرۋازىسىدا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋاللار ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىگە دەرھال يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى قالى ئىسھاق ۋە قازاق تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خەلىم ۋەلىيوف قاتارلىقلارنى ئۆزىنى تۇتۇشقا ھۆكۈم چىقارغان ئۇرۇمچى جىڭبېي سىلىڭبۇسىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بېرىپ «نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر سايرانىنى ئىزلەپ يۈرىسىلەر؟ بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن كەلدۇق» دەيدۇ. ھەربىيلەر بۇلارنى دەرھال قورشىۋېلىپ: «مۇشۇ بىر نەچچە ئايدىن بېرى گېزىت يۈزىدە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى بۇزغۇچىلار قاتارىدا گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى پاش قىلىنغان ماقالىلەر بىلەن ئەرز شىكايەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن گېزىتخانا تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. سۈرۈشتۈرسەك بۇنى ئۇيغۇر سايرانى ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر سايرانىنى ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلدۇق، بۇ ئىشلارنى ھەربىي سوت بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەمدى سىلەر 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى بۇزغۇچىلار دەپ پاش قىلىنغان ماقالىلىرىڭلارنى، بولۇپمۇ ھەربىيلەرگە قارىتىلغان ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنى خاتا دەپ ئىنكار قىلىپ، بۇ ھەقتە گېزىت يۈزىدە ئۇدا ئون كۈن ئېلان چىقىرىسىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىلدىكى مەزمۇندا يېزىلغان نەرسىلەرنى قەتئىي باسمايسىلەر» دەيدۇ. ئارقىدىنلا گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە تەھرىر بۆلۈم باشلىقلىرىغا قارىتا ھۆججەت يېزىپ، جىڭبېي سىلىڭبۇدىن ئالتە ـ يەتتە ئادەم قول قويغاندىن كېيىن جىڭبېي



سىلىڭبۇنىڭ تامغىسىنى بېسىپ ھېلىقى ئادەملەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇرچە، قازاقچە شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ
مۇدىرى ئۇيغۇر سايرانوۋكە:

سالامدىن سۆڭرە يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى: 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەۋەتكەن ئالاقىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇق. «بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەتنىڭ مەتبۇئاتىدە ئەركىنلىك دېگەن شوئار ئاستىدا سىرتتىن كەلگەن ماقالىلەردىن پىچەت باسقانلار بولسا گېزىتتە بېسىپ چىقاردۇق» دەپسىزلەر. ئەمما مەتبۇئاتتا ئەركىنلىك دېيىشتە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قانۇنىي چەكلىمىسى بىلەن دىيانەتلىك مەسئۇلىيەتلىكى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىدارىڭىزنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قۇرغان بولۇپ ئەلۋەتتە تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق پرىنسىپ ئاستىدا تۇرۇپ سۆزلىرى ھەقىقەت بولۇش بىلەن يەتكۈزگەن خەۋەرلىرى سادىق بولۇشى لازىم. يالغۇزلا بىر كىشىنىڭ بىر پارچە قەغەزى ۋە پېچىتىگە ئاساسلىنىپلا ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى سۈرۈشتۈرمەي تىنچلىقنى بۇزۇدىغان، ھەربىي بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى بۇزۇدىغان ۋە باشقىچە غەرىزى بار بولغان ماقالىلەرنى كەلسە ـ كەلمەس بېسىپ چىقىرىش توغرا كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزلەر ئەلۋەتتە قانۇنىي مەسئۇلىيەتكە جاۋابكار.

ۋە يا سىزلەر تەرىپىدىن تۈزىتىشكە «شۇ ماقالىلەرنى بەرگۈچى كىشىلەردىن ماقالە بېرىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاۋۋال سوراپ ئالايلى» دەپسىزلەر، مۇنداق ئېيتىشمۇ ھېيلە ئىشلىتىپ مەسئۇلىيەتلىكنى ئىنتىرىشتىن ئىبارەتتۇر. سىزلەر مەزكۇر ماقالىلەرنى جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇپ يېزىپ چىقاردىڭىزلار ۋە ھەم كەلگەن ماقالىلەر تەھرىر تەرىپىدىن توغرا تېپىلىپ، مۇدىر تەرىپىنى تەستىقلاپ ئۆتكەن بولغانىدىكىن، مەزكۇر

ماقالە بەرگۈچى كىشىلەر قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى جەمئىيەت بىلمەيدۇ. بۇنداق تەتۈر تەشۋىق تارقىتىشقا قەست قىلىش، پىتنە - ئىغۋا تۇغدۇرۇش، ھەربىي بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىغا زىتلىق پەيدا قىلىش، جەمئىيەتتە غەۋغا پەيدا قىلىپ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇش ۋە بۇزۇلۇش پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرماقچى قەستىگە قانۇن پەقەت يول قويمايدۇ. شىتابىمىز بۇنداق بۇزۇلۇش، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇش قەستىنىڭ بارلىقىغا نەزەر سالماي پەقەت مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە يەنە شۇ ئالدىنقى كۈنىدە سۆھبەتلەشكەن ئۈچ نۇقتا خۇلاسىنى بۈگۈن دەرھاللا ئىجرا قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇنداق بولمىسا ئەلۋەتتە قانۇن بويىچە چارە كۆرىمىز دەپ ئالاھىدە جاۋاب قايتۇردۇق.

ئۈرۈمچى جىڭبېي سىلىڭبۇدىن (تامغا)

مىنگونىڭ 36 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى 36.5.11 IV كېيىن تەكشۈرۈلۈش ئارقىلىق، گېزىتتە ئېلان قىلىنغان يۇقىرقىدەك ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى 11 ماددىلىق تىنچلىق بۇزۇلۇۋاتقانلىقىغا دائىر خەلق تەرىپىدىن يوللانغان، ۋە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ نامىغا كەلگەن ئەرز شىكايەت ھەم پاش قىلىش ماقالىلىرى ئىكەنلىكى، بۇ ماقالىلەر مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ قولىشىغا ئېرىشىپ، تەستىقلىنىشى بىلەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت كاتىبات باشقارمىسى ئارقىلىق گېزىتخانىنىڭ ئېلان قىلىشىغا يوللاپ بېرىلگەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، بورھان شەھىدىلەرگە دوكلات قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەربىي سوتنىڭ ئەيىبلەۋاتقان ئادىمى ئۇيغۇر سايرانى بولماستىن بەلكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى، ماھىيەتتە ھۆكۈمەت رەئىسلىرىنى ھەربىي سوت سوتلىماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلار ھەربىيلەرگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ جاڭ جىجوڭغا ئارقا - ئارقىدىن خەت يازىدۇ. شۇ قاتاردا گېزىتخانىغا كەلگەن جىڭبېي



سىلىڭبۇنىڭ: «گېزىتكە ئېلان قىلىنغان خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرى پۈتۈنلەي خاتا بوپتۇ دەپ ئۇن كۈن ئۇدا ئېلان قىلىڭلار» دېگەن ئورۇنسىز تەلەپلىرىنى ئىجرا قىلماسلىق توغرىسىدا يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇشلار كېلىدۇ. جىڭبېي سىلىڭبۇ بۇنىڭغا قانائەت ھاسىل قىلماستىن، ئەكسىچە ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئىشىنى مەمۇرىي ھاكىمىيەتنىڭ ساقچى ئورگانلىرى ئارقىلىق ھەل قىلىمىز، دەپ ئۆلكىلىك باش ساقچى ئىدارىسىگە چارە كۆرۈش ئالاقىسىنى ئەۋەتىدۇ. باش ساقچى ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنلياڭ پەيچۇسوسىغا ئۇيغۇر سايرانىنى قولغا ئېلىپ، باش ساقچى ئىدارىسىگە يوللاپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇ چاغدا نەنلياڭدىكى پەيچۇسونىڭ باشلىقى ئوبۇلقاسىم سابىتوۋ (ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئىدى، ۋاپات بولۇپ كەتتى) ئىدى. بۇ كىشى ئۆزىگە چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق يوليورۇق سوراپ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى ئوبۇلقاسىمغا: «بۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش، گومىنداڭ ئەشەددىي رېئاكسىئونلىرىنىڭ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇشتىكى غالجىرانە ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى»، دەپ قولىدىكى بۇيرۇقنى ئوبۇلقاسىمغا بەرمەيدۇ. ھەمدە شۇ ۋاقىتتىلا باش ساقچى ئىدارىسىگە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت نامىدىن ئىككىنچى بۇنداق بىمەنە ھەرىكەتنى قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئۇقتۇرىدۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئاخىرى گومىنداڭ رېئاكسىئونلىرى تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى كادىرلىرى ھۆكۈمەت تەركىبىدىن چىقىپ ئىلىغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇيغۇر سايرانمۇ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1947 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەھبە-

جان سابىرھاجىيوۋ، ئەنۋەرخانبابا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىلىغا قايتىدۇ.

8 - ئاينىڭ 29 - كۈندىن باشلاپلا ئۇيغۇر سايرانى ئىلى گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ۋە گېزىتخانىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ چاغدا ئىلى گېزىتخانىسىدا ئالتە خىل تىلدا، يەنى ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، شىبە تىلى، رۇس تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە موڭغۇل تىللىرىدا گېزىت چىقىرىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدا يەنە «ئالغا» گېزىتى بىلەن «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىمۇ چىقىرىلاتتى. «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. 2 - سانىدىن باشلاپ بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۇيغۇر سايرانى ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى، تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ بىر قېتىملىق مەجلىسىدە ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن ژۇرنالنىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا ۋاقىت ئاجرىتالمىغاچقا، ژۇرنالنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۇيغۇر سايرانى ئۆتىسە، دەپ تەكلىپ بېرىدۇ، ھەيئەتلەر بىر ئېغىزدىن ماقۇللايدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى ئۆلكە ئازاد بولۇپ، ئۇيغۇر سايرانى خارجى ئىشلار مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا خىزمەتكە چىقىپ كەتكەنگە قەدەر مۇشۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلىدۇ.

1948 - يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، ئۇيغۇر سايرانى مۇشۇ ئاممىۋى ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى قىزغىن قوللاپ، تەشەببۇسكار بولغان شەخسلەرنىڭ بىرى بولىدۇ. «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئىتتىپاق»نىڭ دائىملىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن 11 نەپەر ئادەمدىن تەركىب تاپقان دائىمىي ھەيئەت قۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى مانا مۇشۇ دائىمىي



ھەيئەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ «ئىتتىپاق»نىڭ تەشۋىقات ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ. «ئىتتىپاق»نىڭ سىياسىي يۆنىلىشى، قارارى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن گېزىت يۈزىدە تەشۋىق قىلىدۇ، ھەتتا «ئىتتىپاق» ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ قايتا تەشكىللەنگەندىمۇ ئۇيغۇر سايرانى ئۆز ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەيدۇ.

1949 - يىلى 12 - ئايدا، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ سېكرېتارى يولداش ۋاڭ جېننىڭ مەركەزگە ئىلتىماس يېزىشى بىلەن شىنجاڭدىن 17 نەپەر ئادەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. شۇ قاتاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر سايرانى تۇنجى بولۇپ كاندىداتسىزلا رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ (بۇ ھەقتە 1950 - يىلى 3 - ئايدا يولداش ۋاڭ جېننىڭ ئايرىم سۆزلىگەن سۆزىمۇ بار).

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇر سايرانى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كونسۇللۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ ئالمۇتادىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە قازاق سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىسى كىرەتتى. ئۇيغۇر سايرانى ئالمۇتاغا بېرىش بىلەنلا، كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى ۋە باش كونسۇل ۋاڭ يىڭپۇ بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدۇ، ئۆتەشكە تېگىشلىك خارجى ئىشلار خىزمەتلىرىدىن باشقا، كونسۇل خادىملىرىنى رۇس تىلى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى رۇس تىلىنى پۇختا بىلگەچكە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگونىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قازاقىستاننىڭ قوشۇمچە ئىككى يىللىق ماركسىزم - لېنىنىزم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ (بۇ جەر-

ياندا كونسۇلخانىنىڭ خىزمىتىنىمۇ بىرلىكتە ئىشلەپ ماڭىدۇ).
ئوقۇشى ئاياقلاشقان ۋاقىتتا، يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن
ئالمۇتادىكى باش كونسۇل ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. خىزمەتچى-
لەرنى موسكۋادىكى باش ئەلچىخانا ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىر-
لىكىگە يۆتكەيدۇ. تەشكىل ئۇيغۇر سايرانىدىن سىزنى قايسى
يەرگە يۆتكىگىنىمىز ئەپلىك بولىدۇ، دەپ سورىغاندا، ئۇيغۇر
سايرانى مەن يەنە بىلىم ئاشۇرۇپ ئوقۇسام دەيمەن، ئەگەر تەشكىل
لايىق كۆرسە مۇشۇ قازاقىستاننىڭ داشۆلىرىدىن بىرىسىدە ئوقۇ-
سام، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تەشكىل ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتكە تەق-
سىم قىلسا، دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇيغۇر سايرانىنىڭ
پىكرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللانغاندا، مىنىستىر
جۇ ئېنلەي يولدىشى (شۇ يىللاردا جۇڭگو قوشۇمچە تاشقى ئىشلار
مىنىستىرى ئىدى) ئۇيغۇر سايرانىنىڭ پىكرىنى قوللاپ - قۇۋ-
ۋەتلەپ، ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغا تەستىق چۈشۈرىدۇ. جۇ ئېنلەي
يولدىشى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ يولدىشى سۇيۇمنۇ (سۇ يۇم بىسكە) بىرلىكتە
ئوقۇسۇن دەپ ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، سۇيۇمنى ئۇرۇمچىگە كې-
تىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن توختىتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا قېپ-
قېلىپ ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى قازاقىستان پېدا گو-
گىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. يولدىشى
سۇيۇم قازاقىستان ئاياللار پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇغراپىيە
فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ.
1956 - يىلى 7 - ئاي ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوقۇش-
نى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. تەشكىل ئۇيغۇر سايرانىنى جۇڭگو
پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەي-
ئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ۋە قوشۇمچە پارتگۇرۇپپا سېكرېتار-
لىقىغا تەيىنلەيدۇ. شۇ يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «شىن-
جاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە تارىخىنى



تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.
گۇرۇپپا باشلىقى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسو-
رى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى ئىدى. بۇلار يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمى-
سى بويىچە ئۆز خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما
1957 - ۋە 1958 - يىللىرى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى
تۇرۇش ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر سايرانغا ناھەق «يەر-
لىك مىللەتچى»، «ئوڭچى» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىللە 1959 - يىلى 5 - ئايدا، پارتىيىدىن چىقىرىلغان-
لىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى ئۆزىگە چاپلانغان تۆھمەت-
لەرنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ قايتا قاراپ
چىقىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئىلتىماسىنى
رايونىيە كومىتېتىسى قوبۇل قىلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇ
تەلەپلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. لېكىن شۇ
چاغدىكى سولچىللىق لۇشيەن تۈپەيلىدىن ھاكىمىيەت ئۈستىدى-
كى بەزى يولداشلار ئارىلىشىپ بۇنى باسۇرۇپ قويىدۇ.
1980 - يىلى پارتىيە تەشكىلىي ئۇيغۇر سايرانىنىڭ مەسى-
لىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىپ، پارتىيىلىكى ۋە بۇرۇنقى
خىزمەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئون يىللىق مالىمانچىلىق
جەريانىدا، ئۇيغۇر سايرانى يەنە 1968 - يىلى 7 - ئايدىن
1978 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە تۈرمىگە سولاپ
قويۇلىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن،
قايتا تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا ئۇيغۇر سايرانغا قىلىنغان بۆھ-
تان - تۆھمەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ئىسپات-
لىنىپ، تەلتۆكۈس ئاقلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر سايرانى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ
بىرىنچى مۇئاۋىن سېكرېتارى ھەم بىرىنچى مۇئاۋىن باشلىقى
بولۇپ خىزمەت ئۆتەپ كەلدى.
گەرچە پېشقەدەم زىيالىي ئۇيغۇر سايرانىنىڭ يېشى چو-

گىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت بىرنەچچە كىتابنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تەرجىمە قىلىپ چىقاردى.

پارتىيە تەشكىلى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە 2-سەپكە چېكىندۇردى. 1987-يىلى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بەش كىتاب ئىشخانىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ يېزىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىشقا ۋە ئاخىرقى نۇسخىسىنى پېكىتىشكە قاتناشتى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ بۇ خىزمەتلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى ھەم ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ «تەتقىقاتچى» ئۇنۋانىنى بەردى.



# ئەھمەد زىيائىنىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى

(ئۇنى ئالغۇغا ئاساسەن رەتلىگۈچى دىلدار)

## بىلىم ئىزدەش يولىدا

مەن 1913-يىلى 17-ئاپرېلدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئاتا-بوۋىلىرىم شۇ يۇرتنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ①، چوڭ دادامنىڭ ئىسمى ئاخۇن قازاخۇنۇم ئىكەن. دادام بەش ياشقا كىرگەن يىلى چوڭ دادام ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. چوڭ ئانام دادامنى موللا قىلىش ئارزۇسىدا دادامنىڭ ئەسلىدىكى «توختاخۇن» ئىسمىنى «موللاخۇن»غا ئۆزگەرتكەنىكەن. دادام ئون تۆت ياشقا كىرگەن يىلى، چوڭ ئانام ئايشەمخان ئىلىم ئەھلى قىلىپ تەربىيىلەش نىيىتىدە ئۇنى ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانلارغا قوشۇپ، ھەرەمگە ئەۋەتكەنىكەن. دادام موللاخۇن مەككە-مەدىنىلەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئون ئىككى يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ 26 يېشىدا ئەزىز دىيارى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، شۇ زاماننىڭ داڭلىق مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىمالىرىدىن بولغان. ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە خانئېرىق يېزىسىدا 24 ھۇجرىلىق مەدرىس بىنا قىلىپ،

① ئەھمەد زىيائىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى توغرىسىدا قەشقەر گېزىتىنىڭ 1989-يىلى 16-ئاۋغۇستتىكى تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان تاھىر تالىپنىڭ ماقالىسىگە قارالسۇن.

يۇرتداشلىرىدىن 3 ـ 4 مىڭ كىشىنىڭ جاھالەتتە قالغان دىللىرىنى بىلىم مەشئىلى بىلەن يورۇتقان. شۇنداقلا، قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك موللىلىرىمۇ دادام موللاخۇن ھاجىمنىڭ مەدرىسىگە كېلىپ، ئۆز بىلىملىرىنى تولۇقلاپ كېتىشكەن.

بىز 13 بالا (سەككىز ئوغۇل، بەش قىز) بولۇپ، ھەممىمىز دادىمىز ئاچقان مەدرىسىدە بىلىم ئالغانىدۇق. مەن بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى ئىدىم. ئاكام مۇھەممەت پەيزى①نى دادام ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش نىيىتىدە، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈدەك ئوقۇتقاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدىكى قارسۇ مەدرىسىگە ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئائىلىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىشى پۈتۈنلەي مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى. بىر تەرەپتىن ئوقۇش، يەنە بىر تەرەپتىن خېلى چوڭ بولغان ئائىلىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش بەزىدە كىچىككىنە مېنى تەمتىرىتىپمۇ قوياتتى. بىراق، دادامنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى توغرا بولغاچقا، مەن 24 ياشقا كىرگەندە خېلى كۆپ ئىلىملارنى ئۆگىنىپ بولغانىدىم. كېيىنكى چاغلاردا، خەلققە ۋە مىللەتكە ئازتولا خىزمەت قىلالىشىمدا دادامنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىن باشلاپلا مېنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تەربىيىلىشى ۋە چېنىقتۇرۇشى ئالاھىدە رول ئوينىغان. مەسىلەن، ئەرەپ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان «ماقاماتى ھىرى»نى مەن شۇ چاغدىلا ئوقۇپ تۈگەتكەن؛ يەنە ئەرەپ تىلىدىكى «قىسقە ھەدىس» قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەنگەن؛ پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ــ بېدىل ئەسەرلىرىنىمۇ شۇ چاغدىلا ئوقۇپ بولغانىدىم. بۇنىڭدىن تاشقىرى، دادامنىڭ بىر شەخسىي كۇتۇپخانىسى بولۇپ، بۇ كۇتۇپخانىدا ئەرەپ، پارس، ئۇيغۇر كلاسسىك

① مەھەممەت پەيزى ــ تونۇلغان ئەرەپ تىلى ئالىمى، 1967 ـ يىلى ۋاپات بولغان.



ئەسەرلىرى ۋە شۇ دەۋرنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن بىر نەچچە مىڭ توم كىتاب ساقلىناتتى. مەن ۋە باشقا تالىپلار ئۈچۈن بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكى ھەرقاچان ئوچۇق بولۇپ، بىز ئۆزىمىز خالىغان پەنلەردىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە بىلىم ئالالايتتۇق. دادام يەنە شۇ دەۋردە تۈركىيىدە، ئافغانىستاندا، مىسىردا، ئىراندا چىقىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللارغىمۇ مۇشتەرى ئىدى. مۇشۇنداق ياخشى شارائىت خانئىردىق يېزىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان مېنىڭ بىلىم ئىگىسى بولۇپ يېتىلىشىم، جۇملىدىن كېيىنكى ئەگرى ـ توقايلىق سىياسىي ھاياتىم ۋە ئەدەبىي، ئىلمىي ھاياتىمدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. دېمەك، ياراملىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ھەر تەرەپلىمە چېنىقىش كېرەك، ئىككىنچىدىن، ئىجتىھات قىلىش كېرەك، ئۈچىنچىدىن، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كەڭ كىتاب كۆرۈش كېرەك. مېنىڭ بۈگۈنكى بىلىمىمنىڭ ئاساسى، كىچىكىمدىن تارتىپ كىتابنى جىق كۆرگەنلىكىمدە (ئەپسۇسلىنارلىقى شۇ بولدىكى، ئازادلىقتىن كېيىنكى بىر قاتار سىياسىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن، توپلىغان كىتابلىرىم پۈتۈنلەي قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ، نام ـ نىشانسىز يوقالدى).

## تەھرىرلىك ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى

مەن بىلىم دەرياسىدا غۇلاچ تاشلاپ بەھۇزۇر ئۈزۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇمۇلدا دېھقانلار ئىنقىلابى قوزغالدى. ئۇنىڭ تەسىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە يامراپ، قەشقەر ۋە خوتەندىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېزىلىشكە قارشى قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئەنسىزلىك ۋە ھاياجانلىق كەيپىياتى بىرلا ۋاقىتتا ئۆز ئىلكىگە ئالدى. شۇ سەۋەبتىن، دادامنىڭ مەدرىسىدە دەرس توختىتىلدى. باشقا جايلاردىكى مەدرىسىلەردىمۇ دەرس توختىدى. بۇ ھال پىكىرىم ئېچىلىۋاتقان،

يېڭىلىققا تەلپۈنۈۋاتقان ياش قەلبىمنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى.
مەن قايناق ئىنقىلابىي دولقۇننىڭ بىر تامچىسى بولۇپ ئېقىش
ۋە ياشلارغا خاس ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن ياشاش ئۈچۈن شە-
ھەردىكى قايناق ھايات قايىنىمىغا تەلپۈنەتتىم. قەشقەردىكى ئاكام
مۇھەممەت پەيزى شۇ چاغدا قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈر-
كىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» باش ۋەكالەتخانىسىنىڭ باش كا-
تىپى بولۇپ، بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ، ئاقسۇغا غو-
جانىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا بارغانىكەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىغا
ئارىلىشىپ تۇرۇشى مېنى ئاللىبۇرۇنلا قىزىقتۇرغانىدى. چۈنكى
«ئۆرۈك - ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولىدۇ». شۇنداق كۈنلەرنىڭ
بىرىدە قەشقەردىكى قايناق ھاياتقا ئۆزۈمنى ئېتىش ئۈچۈن شە-
ھەرگە كىرىپ، ئاكام مۇھەممەت پەيزىدىن مەدەت سوراش ئۈ-
چۈن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا باردىم (بۇ چاغدا «شەرقىي تۈركىس-
تان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئىككى ئايلا ھۆكۈم سۈرۈپ مەغلۇپ
بولۇپ، يېڭىدىن «ئىسلام مادارس رامساجىت» ناملىق بىر ئى-
دارە قۇرۇلدى، ئاكام شۇ ئىدارىنىڭ باش كاتىپى ئىكەن). بىراق،
ئۇ مېنىڭ دادامنىڭ رۇخسىتىسىز كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ مېنى
ئۆز ھىمايىسىگە ئالغىلى ئۇنىمىدى، ھەمدە مېنى ئۆيگە قايتىپ
كېتىشكە كۆندۈرمەكچى بولدى. مەن شەھەرگە كېلىپ ھېچقانداق
نەتىجىسىزلا دادامنىڭ ئالدىغا بېرىشنى خالىماي قەشقەردە قال-
دىم. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ھاياتىمدا ناھايىتى زور بىر بۇرۇلۇش
يۈز بەردى:
بىر كۈنى مەن ھېيتكار جامەسىنىڭ ئالدىدا كېتىۋېتىپ،
تىللا سارىيى (تىللا سارىيى — ھازىرقى ھېيتكار جامەسىنىڭ
ئالدى تەرەپ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. ئەينى چاغدا سارايىنىڭ
ئاستىن قەۋىتى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورنى بولۇپ، ئۈستۈن
قەۋىتىنىڭ يېرىمى مائارىپ ئىدارىسى، يېرىمى قۇتلۇق ھاجى
شەۋقى قۇرغان «يېڭى ھايات» گېزىت ئىدارىسى ئىدى) نىڭ



تېمىغا چاپلانغان بىر ئېلاننى كۆرۈپ قالدىم. ئېلانغا: «بىزگە
خېتى ياخشى، بىرەر نەرسە يازالايدىغان بىر كاتىپ كېرەك»
دەپ يېزىلغانىكەن. بۇ ئېلان مېنىڭ قەلبىمدىكى خىرەلەشكەن
ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى قايتىدىن يالقۇنجاتتى. مەن قولۇمغا قەلەم
ئېلىپ، قىسقىغىنا بىر پارچە ماقالە يازدىم - دە، دەرۋازىۋەنگە
تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىپ قالدىم. ئەتىسى مەن شۇ دەرۋازىنىڭ
ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، ھېلىقى دەرۋازىۋەن مېنى چاقىرىپ
قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. قۇتلۇق ھاجى مې-
نىڭ تۈنۈگۈنكى ماقالەمنى كۆرۈپلا مېنى ياقتۇرۇپ قالغانىكەن.
ئۇ مېنىڭ كىمنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىمنى سۈرۈشتە قىلغاندىن
كېيىن، بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قاراپ چىقتى - دە:
— سىلە ئاشۇ موللاخۇن ھاجىمنىڭ ئوغلىمۇ؟ — دەپ
سورىدى.
— خوش، — دېدىم مەن.
— دادىلىرى سىلىنىڭ گېزىتخانىدا ئىشلەشلىرىگە رازى
بولامدۇ؟
— رازى بولىدۇ.
— ئەمىسە، سىلە بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا ياردەمچى بولۇپ
ئىشلىسىلە.
شۇنىڭ بىلەن مەن «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئىشلەپ قالدىم.
گېزىتخانىدا پەقەت ئۈچلا كىشى بولۇپ، قۇتلۇق ھاجى
شەۋقى ئۆزى ئىدارە مەسئۇلى، مۇھەررىر ۋە مەسئۇل مۇھەررىرى
بولۇپ، ھەتتا كاتىپىمۇ يوق ئىكەن. يۈسۈپ ئاخۇن (سۇغۇق) دې-
گەن كىشى مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن. سەلەي ھاجىم
ئىسىملىك كىشى باسما زاۋۇتى بىلەن ئالاقىلىشىش، گېزىت باشقۇرۇش
قاتارلىق يۈكلەر - يېتىم ئىشلارنى قىلىدىكەن. بۇ چاغدا قەشقەردە
ھۆكۈمەتنىڭ باسما زاۋۇتى بولمىغاچقا، گېزىت شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق دىن تارقاتقۇچىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان باسما زاۋۇتىدا

(يەنى سۇن ھەيدىن باسمىخانىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) باستۇرۇلىدىكەن. باسما زاۋۇتىنىڭ ئۆزى قەشقەر قۇمدەرۋازىدا بولۇپ، گېزىتخانا بۇ زاۋۇتقا بېسىش ھەققى تۆلەيدىكەن.

مەن گېزىتچىلىك خىزمىتىگە كىرىشكەندىن كېيىن، كېچە-كۈندۈز گېزىتخانىدا تۇرۇپ ئىشلەپ، ئۇزۇنغا قالمايلا گېزىتچىلىك ئىشىدا قۇتلۇق ھاجىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالدىم. مەن گېزىتخانىدا ھەم كۆچۈرگۈچى كاتىپ ھەم مۇھەررىر، ھەم ئاپتور بولدۇم، باشقا ئىشلارغىمۇ ياق دېمەي ياردەملەشتىم. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ قۇتلۇق ھاجى باشلىق كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدۇم.

شۇ چاغلاردا گېزىتخانىغا ئىراندا چىقىدىغان «تېھران گېزىتى»، ئافغانىستاندا چىقىدىغان «ئامان ئەفغان» ژۇرناللىرى كېلەتتى. مەن پارسچىنى ياخشى بىلگەچكە، يۇقىرىقى گېزىت-ژۇرناللاردىكى مۇھىم ماقالىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، گېزىتكە تەييارلايتتىم. بۇنىڭدىن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتتىق خۇرسەن بولۇپ كېتەتتى. شۇ چاغلاردا گېزىتخانىغا ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «قىزىل ئۆزبېكىستان» گېزىتىمۇ كېلەتتى. بىراق مەن لاتىن يېزىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى كۆرۈپ پايدىلىنالمىغانلىقىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىناتتىم. شۇڭا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قاتتىق تىرىشىپ، باشقىلار تەرىپىدىن لاتىن يېزىقىدىن ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان ماقالىلەرنى ئەسلى نۇسخىسى بىلەن قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى لاتىن يېزىقىنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم ھەم لاتىن يېزىقىدا چىقىدىغان چەت ئەل گېزىت-ژۇرناللىرىدىنمۇ گېزىتىمىز ئۈچۈن ماقالە تەييارلايدىغان بولدۇم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇزۇنغا قالماي يارامىلىق تەھرىر، تەرجىمان بولۇپ قالدىم. يېزىقچىلىق سەۋىيەممۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. شۇ كۈنلەردە يەنە مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز بىرنەچچە ۋەقەلەرمۇ بولۇپ ئۆتتى، مەسىلەن:



مەھمۇت سىجاڭ قاچتى. ئۇ قېچىپ ئەتىسىلا قەشقەردە چوڭ تۇتقۇن باشلىنىپ، 9-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىندى. گېزىتخانىدىكى ئون ئىككى ئادەمنىڭ سەككىزى تۇتقۇن قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇتلۇق ھاجى شەۋقىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى مۇسائاخۇنمۇ قولغا ئېلىنىپ، نامدېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. تەھرىرلەردىن پەقەت مەنلا قولغا ئېلىنمىغانىدىم. شۇڭا گېزىتنى چىقىرىش ئاساسەن ماڭا يۈكلەندى. يېڭىلا شاگىرت تەھرىرلىككە قوبۇل قىلىنغان مەرھۇم شائىر نۇرمەھەممەت ئېركى بەزى جەھەتتە ماڭا ياردەملىشەتتى. كېيىنچە مەن گېزىتنىڭ تەھرىرى ھەم باش مۇھەررىرى بولۇپ قالدىم (بۇ ھال 1943-يىلغىچە داۋاملاشتى). كېيىن بۇ گېزىت «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. گەرچە بۇ جەريانلاردا گېزىتخانىغا بىر نەچچە ئىدارە باشلىقى تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت گېزىتنىڭ سىياسىي خاھىشىغا مەسئۇل ئىدى. ئويلاپ كەلسەم مەن شۇ چاغلاردا ناھايىتى قارامىلىق بىلەن ئىشلەپتىمەن، كۈندۈزى ئۆزۈم يالغۇز گېزىتنىڭ ماقالىلىرىنى يازىمەن، كەلگەن ماقالىلەرنى تەھرىرلەيمەن، مەسئۇل مۇھەررىرلىكنىمۇ ئىشلەيمەن. ئۇ چاغلاردا گېزىتخانىدا تېلېگراف ئاپپاراتى بولمىغاچقا، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى بىۋاسىتە ئالالمايتتۇق. شۇڭا مەن كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، تاڭ ئاتقۇچە رادىئو تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چەت ئەل رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئەرەب، پارس، ئافغان، ئۆزبېك تىللىرىدا بېرىدىغان خەۋەرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، گېزىتىمىزگە ئېھتىياجلىقلىرىنى تاللاپ خاتىرىلىۋالىمەن-دە، تەرجىمە قىلىپ گېزىتكە باسىمەن. بۇ دەل ياپون جاھانگىرلىكىگە، جۈملىدىن دۇنيا بويىچە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلى بولۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن ئىختىدارىم ۋە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قولۇمدىكى قەلەم ۋە گېزىت ئارقىلىق خەلققە شۇ

ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى تەشۋىق قىلىش؛ فاشىزمنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئىشەنچلىك پاكىتلار ئارقىلىق خەلققە تونۇتۇش نىيىتىدە، كۆپلىگەن ماقالە، ئوبزورلارنى يازدىم. بۇ ماقالە، ئوبزورلارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى زور بولغاچقا، شۇ چاغدىكى «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تىراژى 38 مىڭ نۇسخىغا چىقتى (شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تىراژى، 2 - 3 مىڭ نۇسخىدىن ئاشمىغانىدى). بۇ — مېنىڭ ياش، ئەقلىي كۈچۈم ئۇرغۇپ تۇرىدىغان چاغلار بولغاچقا، ئويلايدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى قانداق قىلىپ گېزىتنى ياخشى چىقىرىش، گېزىتنى دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان قىلىش ۋە گېزىت ئارقىلىق خەلقنى فاشىزمغا قارشى كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلىش ئىدى. شۇ تىرىشچانلىقلىرىم بەدىلىگە مېنى قانداق بالايى - ئاپەتلەر كۈتۈۋاتقانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتىم...

### قەشقەردىن ئايرىلىش

1943 - يىلى 2 - ئايلار ئىدى. بىر كۈنى قەشقەر ساقچى ئىدارىسىدىكى توختى بەگ ئىسىملىك بىرەيلەن مېنى ساقچىغا چاقىرتتى. بۇ ناھايىتى خەۋپلىك ئادەم بولۇپ، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چاقىرتىشى بىلەن كىرىپ كەتكەنلەر ساقچى ئىدارىسىدىن ئىككىنچىلەپ چىقمايتتى. مەن ئىلاجىسىز ئۇنىڭ بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا باردىم. ئۇ مېنى تۆمۈر دەرۋازىدىن ئۆتكۈزۈپ قات - قات ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە باشلاپ ئېلىپ كىردى. ئەڭ ئىچىدىكى بىر ئۆيدە باشلىققا ئوخشايدىغان بىر ئۇيغۇر كىشى قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا ئولتۇرغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدىمغا ئىتتەردى - دە:

— مانىڭغا ياز، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

— نېمىنى يازىمەن؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.



— «مەن بۇنىڭدىن كېيىن چەت ئەل بىلەن ئالاقە قىلمايمەن» دەپ ياز، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

مەن ئۇنىڭ دېگىنىنى يازدىم. قول قويۇپمۇ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مېنى چىقىرىۋەتتى.

ھېلىقى ئادەمنىڭ سۆزى ناھايىتى مەنىلىك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ مېنى «چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ھەيران قالدىم. چۈنكى مەن شۇ چاققىچە ھېچقانداق چەت ئەللىك بىلەن ئالاقە قىلىشىپ باقمىغانىدىم. كېيىن مەن بۇ غەيرىي ئەھۋاللارنى كۆڭلۈمدە مۇلاھىزە قىلىپ يۈرۈپ، تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كەلدىم: بۇ دەل شېڭ شىسەي ئىنقىلابتىن تەل - تۆكۈس يۈز ئۆرىگەن چاغ بولۇپ، كوممۇنىستلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياقلايدىغان ئىلغار ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۈرۈمچىگە ياكى ساقچى ئورۇنلىرىغا چاقىرتىپ كېتەتتى - دە، تۈيدۈرماي قولغا ئالاتتى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن قەشقەرنىڭ ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىمۇ شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ ئاپىرىپ ھازىرقى چەت ئەل تىلى كىتابخانىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئورنىدىكى باغلىق قورۇغا نەزەربەنت قىلىپ قويغانىدى. خىيال قىلسام مېنىڭ فاشىزمغا قارشى ماقالىلەرنى يېزىپ گېزىتتە داۋاملىق ئېلان قىلىپ تۇرغانلىقىم، بەزىدە سوۋېت كونسۇلخانىسى خادىملىرىنىڭ گېزىتخانىغا ماتېرىيال، گېزىت - ژۇرناللارنى ئەكىرىپ بېرىش جەريانىدا مەن بىلەن ئۇچراشقانلىقى، ياكى بەزىدە مېنى قەشقەردىكى باشقا مۆتىۋەرلەر قاتارىدا ئۇلارنىڭ بانكېت چايلىرىغا چاقىرغانلىقى — ساقچى ئىدارىسىنىڭ مېنى «چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ گۇمانلىنىشىغا سەۋەب بولغانىكەن.

شۇ ئىش بولۇپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى

مەن ۋالىي مەھكىمىسىگە چاقىرتىلدىم. ۋالىي شۇ ① مېنى كۆرۈپلا:

— سەن جۇڭگونىڭ چېگرا سىزىقىنى كۆرسىتىپ باقە! — دېدى ئۇ تامغا ئېسىلغان دۇنيا خەرىتىسىنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

مەن گەپ - سۆز قىلماستىن خەرىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ قولۇم بىلەن شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگونىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىپ چىقتىم. ۋالىي باشقا گەپ - سۆز قىلماستىن مېنى كەتكۈزۈۋەتتى. بۇ ئىش مېنى تېخىمۇ دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويدى. دەردىمنى ئىچىمدە يېپىپ، ھېچكىمگە ئېيتالمىدىم... ئىككى ئايدەك ئۆتۈپ ماڭا بىر پارچە خەت ئەكىلىپ بېرىشتى. خەت ئەكىلىپ بەرگۈچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خەت شېڭ شىسەينىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان ئىمىش. خەتتە: «سىزنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىمىز، تېز كېلىڭ!» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن.

مەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى بەزىلەرگە ئېيتسام، ئۇلار: «بۇ سىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك پۇرسەت، سىزنىڭ تىرىشىپ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىڭىز ئېتىبارغا ئېلىنغان ئوخشايدۇ. چۈنكى، شېڭ شىسەي بىر ئادەمنى ئالاھىدە ياقتۇرۇپ قالمىسا، ھەرگىز شەخسىي نامى بىلەن خەت يازمايدۇ. ئۈرۈمچىگە بارسىڭىز، چوقۇم سىزنى تەربىيىلەپ يۇقىرى مەرتىۋىلىك خىزمەت بېرىدىغان ئوخشايدۇ» — دېيىشتى. بىراق، بۇ سۆزلەر مېنىڭ ئەندىشەمنى باسالمىدى. چۈنكى ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ئەھۋال ماڭا پات - يېقىندا كېلىدىغان يامانلىقتىن بىشارەت بېرەتتى. شۇڭا مەن تەلەي سىناش نىيىتىدە خەتنى كۆتۈرۈپ ۋالىينىڭ يېنىغا كىردىم - دە:

— مېنى ئۈرۈمچىدىن چاقىرتىپتۇ، بارمىسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

① ۋالىي شۇ خەنزۇ. قەشقەرنىڭ ئەينى يىللاردىكى ۋالىيسى. ئۇنىڭ ئوغلى شۇ چاغلاردا قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.



— بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋالىي. مەن:

بالىلىرىمنى ئېلىپ بارامدىمەن ياكى يالغۇز بارامدىمەن، — دەپ سورىۋىدىم. ئۇ:

— ياق، ھازىر بالىلىرىڭىزنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۈرۈمچىدە ئۆي قىس، ئاۋۋال ئۆزىڭىز بېرىڭ. كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بالىلىرىڭىزنى ئاپىرارسىز، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن چوقۇم بىر بالانىڭ بارلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. بىراق، ماڭماسلىققا ئىلاجىم يوق. شۇڭا تۈرمىدە كىيىدىغان كىيىم، يوغان جۇۋا قاتارلىق نەرسىلەرنى ياستۇقنىڭ قېپىغا قاچىلاپ تەييارلىدىم. كۆڭلۈم بەكمۇ پاراكەندە ئىدى. ئىچىمدە يىغلاپ، تېشىمدا كۈلەتتىم. چۈنكى ئۆز ئەھۋالىمنى باشقىلارغا، ھەتتا ئائىلەمدىكىلەرگىمۇ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بەلگىلەنگەن كۈنى ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئۈرۈمچىگە يول ئالدىم. شۇ قېتىمدا قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت يۇسۇپ، ئىنىسى ئابدۇرېھىملەرمۇ ماڭا ئوخشاش ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغانىكەن. بىز ئۈرۈمچىگە بىر ماشىنىدا سەپەر قىلدۇق. يول بويى ھېچقايسىمىز بىر - بىرىمىزگە دەرت ئېيتىشمىدۇق. خەۋەر تېپىشىمىزچە، بۇرۇن چاقىرتىلغانلارنىڭ ھەممىسى سەندۇڭبېيدىنلا ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كېتىلىپتۇ. «بىزنىمۇ شۇنداق قىلارمۇ» دەپ ئەنسىرەشتۇق، ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقانسېرى غەم - ئەندىشىمىز كۆپىيىپ كېتىپ باراتتى.

## «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى

ئەندىشىلىرىمىز ۋاقىتىنچە ئورۇنسىز بولۇپ چىقتى. بىز 1943 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 كۈنى سەندۇڭبېيغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ جايدا بىر تەكشۈرۈش ئورنى بار ئىكەن. ھەممىمىزنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى ئاختۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، شۇ ئورۇندىكىلەردىن بىرسى قەيەر بىلەندۇر تېلېفوندا ئالاقىلەشتى - دە،

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ماڭا:

— سەن گېزىتخانىغا بار، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەر ھالدا يېنىك بىر «ئۇھ» تارتتىۋالدىم. مۇھەممەت يۈسۈپنى مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىشقا بۇيرۇدى...

مەن ئۆلكىلىك «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2 ـ بېتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەندىم. ئەدەبىيات بېتىگە لوتپۇللا مۇتەللىپ مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتىم. چۆچەكتىن كەلگەن ئامانتۇر (قىرغىز) ۋە جۇڭ دىخۇا (شىبە) بىلەن تونۇشتۇم. لى تەييۇمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئۇلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتىم. گېزىتخانىدا يەنە بىر نەچچە كۆرۈنۈشتە دوست، ئەمەلىيەتتە دوست ياكى دۈشمەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئەزىز يۇرتۇم قەشقەردىن ۋە ئاتا ـ ئانا، دوست ـ يارەنلەردىن ئايرىلىشىم بولغاچقا، بۇ ناتونۇش جايدىكى ھەممىلا نەرسە ماڭا يات ۋە سىرلىق بىلىنەتتى. قەلبىم غېرىب ـ مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىدە ئۆرتىنەتتى. تەنھا ـ يالغۇزلۇقنى ئاز دەپ، «تۈرمە، قاماش» دېگەنلەر ھەر قاچان خىيالىمدىن نېرى كەتمەيتتى. گەرچە شۇ كۈنلەرگىچە ئۆزۈمنىڭ نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ئېنىق ئاڭقىرالمىغان بولسامۇ، شېڭ شىسەينىڭ مەن قاتارلىق بىر نەچچەيلەنگە مۇھىم سىياسىي ئادەملەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشى، مېنى بىئارام قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇرۇن: «ئۆزۈم بىلەن پىكىرداش» دەپ قارىغان ۋە ماڭا ئوخشاش گېزىتكە ئىنقىلابىي ماقالىلەرنى يازغان كىشىلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭمۇ پات ـ يېقىندا تۈرمىگە تاشلىنىدىغانلىقىمنى يۈرىكىم سېزىپلا تۇراتتى. شۇڭا ئالمادىس قاماققا ئېلىنسام، مېنىڭدىن بىرەر ئىز قالسۇن» دېگەن ئوي بىلەن 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنى يېزىشقا كىرىشتىم. كېچىلىرى



ياتاقتىكى ئۈستەلنىڭ بىر تەرىپىدە لوتپۇللا مۇتەللىپ شېئىر ـ داستانلىرىنى يازاتتى. مەن بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇپ «رابىيە ـ سەئىدىن»نى يازاتتىم. يېزىپ پۈتكەنلىرىنى ئۈتتۈرلۈق «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدۇردۇم. «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەممە سەھنىلىرىدە كەينى ـ كەينىدىن ئوينالدى. كېيىن ئاڭلىسام، «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسى ئېلان قىلىنغان گېزىت تۈرمىگىمۇ كەلتۈرۈلگەنىكەن. تۈرمىدىكىلەر گېزىتنى كۆرۈپ: «ئەھمەد زىيائىي مۇشۇ ئوپېرانى يازغانلىقى ئۈچۈن، ئاز كۈندە تۈرمىگە كېلىپ، بىزنىڭ سېپىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ» — دېيىشكەنىكەن. چۈنكى شۇ سۆزنى قىلغۇچى مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغلاردا ماڭا ئوخشاش يېڭىلىققا ئىنتىلىپ تۇرغان زىيالىلار ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا لوتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇغا يۆتكىۋېتىلدى. ئەدەبىيات بېتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكى ماڭا قالدى. مەن بۇ بەتنىڭ مۇھەررىرلىكىنى قامالغانغا قەدەر ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىشلىدىم. مەن ئەدەبىيات بېتىدە «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» سەرلەۋھىلىك مەخسۇس ستون ئېچىپ، ھەر سانىغا بىردىن ماقالە يېزىپ تۇردۇم. «ۋىجدان» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان ئەينى چاغدا خېلى چوڭ تەسىر قوزغىغان بىر شېئىرىم شۇ چاغدا يېزىلغانىدى. شۇ چاغلاردىكى غېرىب ـ مۇساپىرچىلىق ۋە يالغۇزلۇقنىڭ دەردىگە تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەش ۋە ئىجادىيەت ئارقىلىق تەسەللىي تاپماقچى بولاتتىم. بىراق ھەرقانچە تىرىشىپ ئىشلىسەممۇ، «تۈرمە، قاماش» دېگەنلەر ھەردائىم يۈرىكىمگە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. شۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن بىر ئىش مېنىڭ بۇ ئەنسىرەشلىرىمنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىر كۈنى مەن نەنلىياڭغا كەلگەنىدىم. نەنلىياڭدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىرسىنىڭ ئارقامغا چۈشكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم. مەن تېز ـ تېز چامداپ ماڭسام، ئۇمۇ تېز ـ تېز

ماڭىدۇ. مەن سەكرەپلا بىر خادىك ھارۋىغا چىقىۋالسام، ئۇمۇ دەرھال مېنىڭ ئارقىمدىكى يەنە بىر خادىك ھارۋىغا چىقىپ، ماڭا ئەگىشىپ كەلدى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ مۇقەررەر ماڭا قويۇلغان ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مەن چوڭ كوۋرۇكتە ھارۋىدىن چۈشسەم، ئۇمۇ چوڭ كوۋرۇكتە ھارۋىدىن چۈشتى-دە، ئارقىمدىن ئىز قوغلاپ كەلدى. بۇ ئەھۋال مېنىڭ غەزىپىمنى راسا كەلتۈردى. چۈنكى مەن شۇ كۈنگىچە ئۆزۈمنى «بىگۇناھ» دەپ ئويلايتتىم. مېنى سەۋەپسىزلا ئائىلەم، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىمدىن، يۇرتۇمدىن ئايرىپ تۈرمىچىگە يېگانە ئەكىلىپ تاشلىغىنى يەتمىگەندەك، يەنە ئارقىمغا ئىشپىيون سېلىپ قويۇشلىرى مېنىڭ غورۇرۇمغا قاتتىق تەگدى. شۇڭا تېز- تېز چامداپ گېزىتخانىغا كىردىم-دە، قولۇمغا يوغان بىر تاشنى ئېلىپ دەرۋازىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندۇم. ھېلىقى ئىشپىيون كەينىمدىن دەرۋازىدىن كىرىۋىدى، مەن غەزەپ بىلەن ھېلىقى تاشنى ئۇنىڭ بېشىغا ئاتتىم. شۇ ھادىسىدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ مۇقەررەر ھالدا قامىلىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئۆزۈمگە چېتىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشنى توختاتتىم.

## تۇتقۇنلۇقتىكى كۈنلەر

مەن ئۈچۈن سۈرلۈك ۋە ئەندىشىلىك بولغان ئىشلار ئاخىرى يۈز بەردى: 1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (بۇ دۈشەنبە بولۇپ، دەل مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم) مەن ۋە ئاماننۇر ئىككىمىزنى تەھرىر بۆلۈمىدىن ئابدۇرېھىم ئاتلىق نابورچىكنى، باسمىخانىدىن «شىڭ دۇبەنىڭ ھوجرىسىدا تىياتىر — پىيەسىلەرنى كۆرۈپ پىكىر ئېلىشقا تەكلىپ قىلىندىڭلار» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئېلىپ كەتتى. بىز مەخسۇس ماشىنىغا سېلىنىپ ئېلىپ مېڭىلدۇق. بىز دەسلەپتە ھېلىقى تەكلىپنى راستمىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالغانىدۇق. ماشىنىغا چىقىپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ ئالدانغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. ئامان-



نۇر يانچۇقىدىكى خەت - چەكلەرنى ئېلىپ يىرتىپ ماشىنىنىڭ سىرتىغا تاشلىغىلى تۇردى. چۈنكى بۇ يەكشەنبە كۈنى (16 - ئاپرېل) ئۇ بازارغا چىققان بولۇپ، كوچىلارنىڭ دوقمۇش - دوقمۇشلىرىدا «تۇت - تۇت» بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىكەن. كېيىن ئېنىقلىنىشىچە، شۇ كۈنى (1944 - يىلى 16 - ئاپرېل) ئۈرۈمچىدە تۇتقۇن قىلىنغان ھەر مىللەت زىيالىيلىرى 1240 ئادەمگە يەتكەن.

بىر يەرگە كەلگەندە ماشىنىنى توختىتىپ، مەن ۋە ئابدۇرېھىمنى ئالدى يېپىقلىق مەپىگە سېلىپ ئېلىپ مېڭىشتى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن بىزنى مەپىدىن چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلىشتى. مەن مەپىدىن چۈشۈپلا نىمىشقىدۇر بىلمەيمەن، ئىككى قولۇمنى بورۇلكامنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، قەددىمنى رۇس تۇتۇپ قاراپ تۇرۇپتىمەن. ئىككى ئەسكەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، قولۇمنى تۇتۇپ ئارقىغا قايرىدى. ئۇلار مېنىڭدە قورال بار دەپ گۇمانلاندىمۇ ياكى تۈرمىگە كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇنداق قىلامدۇ بىلمىدىم. ئۇلار ئۇستىباشلىرىمنى ئاختۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بىر چاغدا بىر ئەسكەر يوغان پىچاق بىلەن قايچىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. مەن سوراقمۇ قىلماستىن مۇشۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا جازالايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. لېكىن ھېلىقى ئەسكەر كىيىمىمدىكى تۈگمە، توقا، كەمەر قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ ۋە تارتىپ ئېلىپ، بېشىمغا قارا تاغارنى كىيدۈرۈپ، نۇرغۇن ھويلىلاردىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ ماڭدى (ھەربىر ھويلا ئىشىكىنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىپ — يېپىلىشىدىن شۇنداق ھېس قىلدىم). كېيىن بىلسەم، مېنى سولىغىنى نەنمەندىكى لىيۇۋىنلوڭنىڭ جايى (2 - تۈرمىنىڭ تارمىقى) ئىكەن. تاراق - تۇرۇق قىلىپ تۆمۈر ئىشىك ئېچىلدى. شۇ چاغدا بېشىمدىن قارا تاغار ئېلىپ تاشلىنىپ، گەجگەمدىن ئىتتىرىپ تۈرمىنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇشتى. مەن تۈرمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ

ئۆيىنىڭ ئىچىگە دىققەت بىلەن قارىدىم: بۇ يوغانلا ئۆي بولۇپ، پولىنىڭ يېرىمى تاختاي، يېرىمى پىششىق كېسەك بىلەن ياتقۇزۇلغانىكەن. تاختايلىق پول ئۈستىدە ياتىدىكەنمىز. بۇ مېنىڭ تۇرمىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم بولغاچقا، روھىم تېخى ئىزىلمىگەن، يۈرىكىم خېلى پۇتۇن ئىدى. شۇڭا يالغۇزلۇقتا ئىككى تىزىمنى قۇچاقلىغىنىمچە ئولتۇرۇپ «چىن مودەن» ناخشىسىنى ئېيتتىم. بىرسى تۇرمىنىڭ تاماق سۇنىدىغان كىچىك ئىشىكىنى ئېچىپ ماڭا قارىۋىدى، مەن:

نىمە دەيسەن!— دەپ قاتتىق ۋارقىرىدىم ئۇنىڭغا. ھېلىقى ئادەم ئىشىكچىنى ئاستا يېپىپ قويۇپ يەنە بىرەيلەنگە:

— بۇ قورقماي ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرمامدۇ!— دىۋىدى.

— ئۇيغۇرلار شۇنداق بولىدۇ،— دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر ئادەم.

قولىقىمغا بۇ سۆزلەر كىرگەندىن كېيىن مەندە: بۇ قورقۇنچلۇق جاي ئوخشايدۇ، دېگەن ھېس پەيدا بولۇپ يۈرىكىم سوقۇشقا باشلىدى.

بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن، پۈتۈن كىيىملىرى كىۋىركوتتىن تىكىلگەن، قەددى قاماتلىك بىر خەنزۇ ئادەممۇ مەن بار قاماقخانىغا ئەكىرىپ قويۇلدى. ئۇ ئادەم كىرىپ، ماڭا گەپمۇ قىلمىدى. قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۇياق - بۇياققا خېلى ماڭغاندىن كېيىن قاماقخانىنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ:

— مەن شىڭ دۇبەن بىلەن كۆرۈشىمەن!— دېۋىدى، گوندىپاي ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىراق، ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇنى يەنە قايتىدىن ئەكىرىپ سولاپ قويۇشتى. ئارقىدىن شىنجاڭ شۆيۈەندە ئوقۇيدىغان كامال ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىمۇ بىز بار كامېرغا سولاندى. كامال مېنى تونۇيتتى. ئىشىكتىن كىرىپلا مېنى كۆرۈپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. مەن كامالدىن يېنىمىزدىكى تۇرمىداشنىڭ كىملىكىنى سورىسام، بۇ كىشى مائارىپ



نازارىتىنىڭ نازىرى چېڭ فاڭبەي ئەپەندى بولىدۇ،— دېدى. كېيىن كامالدىن يەنە شۇ كۈنى سىرتتا ناھايىتى چوڭ تۇتقۇن بولغانلىقىنى، مەكتەپلەردە سىنىپ بويىچە، ئىدارە - جەمئىيەتلەردىن نەچچە ئونلاپ كىشىلەرنىڭ باغلاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئەھۋالنىڭ تېگىگە ئازراق چۈشەنگەندەك بولدۇم. شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە مەن بار ئۆيگە سولانغانلار 13 ئادەمگە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بانكىنىڭ خاڭجىڭى، سودا نازارىتىنىڭ نازىرى، مۇئاۋىن نازىرلىرى بار ئىدى. مېنىڭدىن باشقىلارغا تۇرمىگە سولانغان كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئۆيىدىكىلەر كىرگۈزۈپ بەردى. مېنىڭ تۇرمىچىدە قارىغۇچۇم، ماڭا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بېرىدىغان ئادىمىم يوق بولغاچقا، كېچىدە زەكى ئىسىملىك بىر تاتارنىڭ ئورنىدا قىسىلىپ بىرگە ياتتىم. شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى مەن بىلەن نابورچىك ئابدۇرېھىمنى يەنە مەيگە سولاپ 2 - چوڭ تۇرمىگە يۆتكىدى. بۇ كارىدورلۇق ئۆي بولۇپ نۇرغۇن قاماقخانا بار ئىكەن. ئىككىمىزنى ئەڭ باشتىكى كىچىككىنە بىر قاماقخانىغا سولاپ قويۇشتى. بۇ قاماقخانا كارىدور ئىشىكىنىڭ يېنىدا بولغاچقا، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن كىمنىڭ ئېلىپ كىرىلگەنلىكىنى، كىمنىڭ ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتۇق. شۇ كۈنى كېچىسى تۇرمىچىنىڭ ھاۋاسى بۇزۇلۇپ، قار يېغىپ كەتتى. ئابدۇرېھىم بىلەن ئىككىمىز كىيىمىمىز يېپىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقان - كۆرپىمىز بولمىغاچقا، كېچىچە شۇنداق توڭلاپ كەتتۇقكى، بىر - بىرىمىزگە دۈمبىمىزنى يېقىشىپ، كېچىچە كىرپىك قاقماي دۈگدەرەپ چىقتۇق. بىر چاغلاردا ئىشىك تاراقشىپ ئېچىلدى. ساقچى كىرىپ:

— ئەھمەد زىيائى دېگەن قايسىڭ؟ چىق!— دېدى.

مەن تېشىغا چىققاندىن كېيىن گوندىپاي بېشىمغا قارا تاغارنى كىيدۈردى - دە، نەگىدۇر ئېلىپ ماڭدى. بېشىمدىكى تاغارنى

ئېلىۋېتىشكەندىن كېيىن قارىسام، مېنى سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىشكەنىكەن. مەن خېلىدىن بېرى تولغىنىشىمدىن تىترەۋاتقان ئىدىم. ئەمدى بۇنىڭغا سوراقنىڭ قورقۇنچىسىمۇ قوشۇلغان بولسا كېرەك، تېخىمۇ بەك تىترەشكە باشلىدىم. ماڭا ئولتۇرۇشقا ئورۇندۇق بېرىشكەنىدى. تىترەكنى بىر نېمە قىلىپ بېسىش ئۈچۈن ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى چىڭ تۇتۇۋالغان بولسامۇ، ماڭا خۇددى ئورۇندۇقمۇ مەن بىلەن تەڭ مىدىرلاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ، سوراقچى ماڭا قوپاللىق قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن بولسا كېرەك:

— بولىدىغان ئىش بولدى. قورقىسىزمۇ، قورقمىسىڭىزمۇ بەرىبىر تۈرمىگە كىرىپ بولدىڭىز. ئەمدى ئانچە بەك تىترەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ مەندىن كۆز ئۈزمەي.

— قورقۇپ كەتمىدىم، توڭلاپ كەتتىم، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

— كىيىملىرىڭىز نەدە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— كىيىملىرىم گېزىتخانىدا، — دەپ جاۋاب بېرىۋىدىم، ئۇ بىر ۋاراق قەغەزگە نېمىنىدۇر يېزىپلا، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى بىر كونۇپكىنى باستى. بىر ساقچى كىرىپ ھېلىقى قەغەزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. «نەرسە-كېرەكلىرىمنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنى قىسقىغىنە سوراق قىلدى. سوراقنىڭ مەزمۇنى يەنىلا قەشقەردە ماڭا قىلىنغان بىشارەتكە ئوخشاشلا چەت ئەلگە قاچان باغلانغانلىقىمنى سوراش بولدى.

— سەن قاچان سوۋېتكە باغلانغان؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى سوراقچى. قىسقىلا جاۋاب بەردىم:

— مەن ھېچكىمگە باغلانمىدىم.

ئۇ سوراشنى داۋام قىلدى:

— باغلانمىغان بولساڭ، سېنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئەكەلدى؟



— بىلمەيمەن.

— ساڭا جان لازىم ئەمەسمۇ؟

مەن جاۋاب بەرمىدىم.

ئاخىر سوراقچى كەسكىن بۇيرۇق قىلدى.

— ماڭ، چىقىپ ياخشى ئويلان!

سوراقتىن چىققاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن كۆپ ئويلاندىم. مۇشۇ كۈنلەرگىچە كاللامدا ئېنىق بولمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى شۇ قېتىمدا خېلىلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا دۇنيادا ئىككى فرونت بولۇپ، بىرى فاشىزم فرونتى، يەنە بىرى فاشىزمغا قارشى فرونت ئىدى. مەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراۋاتقان جۇڭگو گىراژدانى ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىۋاتقان ياش بولغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغدا تاشكەنت، ئالمۇتالاردا نەشر قىلىنغان كىتاب - ژۇرناللارنى كۆپ كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى «فاشىزمغا قارشى ئىنقىلابىي سەپنىڭ بىر ئەزاسى» دەپ ئويلاپ، ئۆزۈمگە ئوخشىغان نۇرغۇنلىغان زىيالىيلار بىلەن بىللە، گېزىتلارغا يازغان ماقالىلىرىمدە فاشىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقى، دۇنيا فاشىزمىنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن شەرھىلىگەنىدىم. بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ھېچقانداق بىر چەت ئەلنىڭ يوليورۇقىنى ئالمىغان. پەقەتلا مۇشۇ تۇتقان يولۇمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ شۇنداق قىلغانىدىم. شۇ چاغلارنىڭ ئۆزىدە شېڭ شىسەيمۇ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە — فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن دوستلىشىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى يولغا قويغان ئەمەسمۇ! بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز ئۇنىڭ شۇ جاكارلىرىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. «ئەمىسە، شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز يەنە نېمە ئۈچۈن قامىلىمىز؟» تازا ئويلاپ قارىسام، ئۇ چاغدا مېنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە دائىرەم

بەكمۇ تار بولغاچقا، نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن. سۈڭ مېيلىڭ، ۋۇ جۇڭشىنلارنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەنلىكى، ئارقىدىنلا، شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەشەببۇسلىرى ۋە دوستلىرىدىن بىراقلا يۈز ئۆرۈپ، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىلار بىلەن دېموكراتىك زاتلارنى، كومپارتىيە ئەزالىرىنى ۋە ھەتتا چەت ئەلدىن ياردەمگە كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر قىسمىنىمۇ قولغا ئالغانلىقى؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىلغان ئالتە يۇلتۇزلۇق بايراقنىڭ گومىنداڭنىڭ «كۆك ئاسمان، ئاق كۈن، قىزىل يەر» بايرىقىغا ئالماشتۇرۇلغانلىقى ۋەھاكازالارنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ يەتكىنىمدە: «ئاھ، ئالدىنىپتۇق!» دېگەن سادا يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

شۇنداق قىلىپ مەن يۇقىرىقى تەرىقىدە ئون نەچچە قېتىم سوراق قىلىندىم. شۇ جەرياندا ئۈچ قېتىم تەن جازاسىغا ئۇچرىدىم: بىر قېتىمدا تاش كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ، پۇت - قوللىرىمنى باغلاپ، پاتېفون يىڭنىسى قېقىلغان تاختاي ئۈستىدە ياتقۇزۇپ يۇمىلىتىۋىدى، پۈتۈن بەدىنىم قانغا بويىلىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بەدىنىمنىڭ زەخىملەنگەن يېرىگە تۇز سېپىۋىدى، ئاغرىق ئازابىدىن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ئۇلار مېنى ئۆلۈك ئىتنى سۆرىگەندەك سۆرەشتۈرۈپ قاماقخانىغا ئەكىرىپ تاشلاپتۇ (ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا ئۇلار مېنى بىر قېتىم سىم ئارغامچا بىلەن ئۇرغان، يەنە بىر قېتىمدا بېشىمغا رېزىنكە دوپپا كىيدۈرۈپ جازالىغانىدى.) ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام، بىر پېشقەدەم مەھبۇس بېشىمدىن يۆلەپ ئاغزىمغا سۇ تېمىتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ماڭا ناھايىتى ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ ماڭا بۇنداق تۇرۇۋالغانلىقنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە سوراقچىلارغىمۇ ئۆزلىرى سوراۋاتقان دېلونىڭ يالغاندىن ياسالغان ئويدۇرما ئىكەنلىكىنىڭ ئايانلىقىنى، نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ،



جىگەرلىك ئەزىمەتلەرنىڭ مۇشۇنداق قىيىن - قىستاقتا ناھەقتىن - ناھەق ئورۇنسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. شۇڭا، كېيىنكى سوراقلاردا ئۇنىڭ نەسىھىتى بويىچە «ھەئە، شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىپ، نەتىجىدە ئېغىر تەن جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالدىم.

— ئەمدى ھوشۇڭنى تاپتىڭ، — دېدى ئاخىرقى قېتىمدا سوراقچى مەمنۇن بولۇپ.

مېنىڭ سولانغىنىم 2 - تۈرمىنىڭ تاشقى قورۇسى ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئىچكى قورۇدىن ۋاڭ - چۇڭ، قىيا - چىيا ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. سۈرۈشتۈرسەك ئىچكى قورۇغا قامالغان كوممۇنىستلار گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ فاشىستىك مۇئامىلىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاچلىق ئېلان قىلىشقانىكەن. كېيىن تۈرمە تەرەپ كوممۇنىستلارنىڭ تەلەپلىرىنىڭ كۆپلىرىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىپتۇ.

مارت ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بولسا كېرەك، كېچىچە راسا قار ياغدى. ئەتىسى مەن، پولات قادىر قاتارلىق بىر نەچچىمىزنى ئىچكى قورۇغا قار تازىلاشقا ئېلىپ كىرىشتى. ئىچكى قورۇدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىقىپ، قاردا يولۋاس ياساۋاتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سابىق «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باشلىقى ۋاڭ مۇشىن ۋە لاڭ داۋفەڭلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن تونۇشاتتىم. بىز بېشىمىزنى لىڭشىتىپ سالام قىلىشتۇق، شۇ سالام ئارىلىقىدا ئۇلار ئىشارەت ئارقىلىق ماڭا قار يولۋاسنى كۆرسىتىپ، گومىنداڭنىڭ مۇشۇ قار يولۋاسقا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھازىر يولۋاستەك ھەيۋەتلىك تۇرغىنى بىلەن، كۈن چىققان ھامان ئېرىپ تۈگەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىزمۇ ئىشارەت بىلەن ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشتۇق. پولات قادىر ئىككىمىز بىر زەمبىلدە قار توشۇۋېتىپ: «مۇشۇ قار بىلەن ئۆزىمىزنى سېپىلنىڭ سىرتىغا تاشلىساق، قار

بىلە يۇمىلىنىپ كۆزەتچىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتسەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلى تەرەپكە چىقىپ كەتسەك، مۇشۇ ئازابلارنىڭ ھەممىسىدىن بىراقلا قۇتۇلاتتۇق...» دېگەن مەسلىھەتنى قىلىشتۇق.

بىراق بىزنىڭ بۇ مەسلىھەتىمىز ئازابلىق تۇرمە ھاياتىدىن پەيدا بولغان خام خىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىز يەنە بىر نەچچە ئاي قاراڭغۇ تۇرمىدا ياتتۇق. يەنە بىر نەچچە ئاي «ئىشچى جىنايەتچى» ھېسابىدا تۇرمە ئىچىدە مەدىكارچىلىق قىلدۇق.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇرۇمچى تۇرمىلىرىدە قامالغان سىياسىي مەھبۇسلاردىن تەخمىنەن 2 مىڭغا يېقىن ئادەمنى 2 ـ تۇرمىگە يىغدى. بۇ تۇرمىدە بىر سىياسىي باشقارما تەسىس قىلىنىپ، بۇ بۆلۈمدىكى ئالتە نەپەر كادىرنىڭ ئىشخانىسىنى تازىلايدىغان، مەشلىرىگە ئوت قالاپ، چاي، ئاش ـ تاماقلىرىنى توشۇيدىغان بىر نەچچە ئادەم (ئىشچى جىنايەتچى) لازىم ئىكەن. مەن چاققان كۆرۈنگەن بولسام كېرەك، شۇ خىزمەتلەرنى قىلىشقا چىقىرىلدىم. بۇنىڭدا قارا خىزمەتچى بولۇپ ئىككى ئاي ئىشلىدىم. بىر كۈنى شۇ باشقارمىنىڭ باشلىقى (ئۇ خەنزۇ زىيالىيسى ئادەم ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇمۇ ئىشچى جىنايەتچى ئىكەن) ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە لۇغەت ئىشلىمەكچى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىگە بىرەر ياردەمچى تېپىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىكەن، باشقىلار مېنى تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇ ئىشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. چۈنكى قەلەم تۇتۇپ بىرەر نەرسە ئىشلەش — تۇرمىنىڭ زەي پۇرىقىنى پۇراپ، بۆرگىلەرگە يەم بولۇشتىن جىق ياخشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەن لۇغەت تۈزگۈچىنىڭ ياردەمچىسى بولدۇم. مېنىڭ ئىشلەيدىغان قارا ئىشىمغا قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىدىكى ساۋۇت ئەپەندى قويۇلدى. ئۇ ئەسلىدە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ بىلەن



ناھايىتى ياخشى تونۇشاتتۇق. بىراق بۇ جايدا خۇددى ياتلاردەك باش لىڭشىتىپلا ئۆتۈپ كېتىشەتتۇق.

يەنە بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىدىن جۇ شاۋلياڭ باشلىق سوت كوللېگىيىسى ئەۋەتىلىپ، تۇرمىدىكى سىياسىي مەھبۇسلار قايتىدىن سوراق قىلىنىشقا باشلىدى. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن: بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى شىڭ شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا رەسمىي ئېتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋۇ جۇڭشىن ئۆلكە رەئىسى بوپتۇ. ئاڭلىشىمچە، بۇ دەل گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ يەنە بىر قېتىم ھەمكارلاشقان مەزگىل بولۇپ، جۇ ئېنلەي ئەپەندى چۇڭچىڭدا جاڭ جېيشىغا شىنجاڭدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنى قويۇۋېتىشنى قايتا ـ قايتا جېكىلىگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شىنجاڭدا گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرەپ بىتىم تۈزۈشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقان چاغلار بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپى بويىچە بىتىمنىڭ بىر ماددىسىغا بارلىق سىياسىي مەھبۇسلار قويۇۋېتىلىشى لازىم، دېگەن مەزمۇن كىرگۈزۈلگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن تۇرمىدىكىلەر قايتا سوراق قىلىنىشقا ۋە قويۇپ بېرىلىشكە باشلىدى. سوراقتا سىياسىي مەھبۇسلار ئەسلىدىكى ئىقرارنامىلىرىنى بىردەك ئىنكار قىلىشتى. بىزگە يۈكلەنگەن جىنايەتلەرگە ئاۋۋەت بىرەرمۇ ئەمەلىي پاكىت بولمىغاچقا، ئەسلىدىكى جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى يوققا چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن دېگۈدەك كاپالەت بىلەن قويۇپ بېرىلدى. قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇرۇمچىدىكى مەركىزىي تەربىيەلەش كۇرسىدا ئۈچ ئايدىن ئوقۇتۇپ، ئۆلكىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە «ھاكىم»، «ئىدارە باشلىقى» دېگەن ئەمەللەر بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى (مەسىلەن: ئىمىن تۇرسۇنمۇ شۇ كۇرسىدا ئوقۇپ، خوتەن كېرىيە ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم

قىلىنغانىدى). بىراق ئەجەپلىنەرلىكى شۇ بولدىكى، تۇرمىنىڭ
دەپتەر كۆتۈرىدىغان بىر ئادىمى بولۇپ، ئۇمۇ «ئىشچى جىنايەتـ
چى» ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا: «سىز چاچ ـ ساقاللىرىڭىزنى
ئېلىپ، ئەتە چىقىپ كېتىشكە تەييارلىنىڭ» دەپ ئۇقتۇردى. مەن
ھۇزۇرلۇقكە ئېرىشىش خۇشاللىقىدا نەدىندۇر بىر دانە گال ئۇستۇرىـ
نى تېپىپ، غىرداپ يۇرۇپ چاچ ـ ساقاللىرىمنى ئالدىم. بىراق
نېمىشقىدۇر مەن خېلى كۈنلەرگىچە تۇرمىدىن بوشىتىلمىدىم.
ئاخىرى مەن ھېلىقى ئادەمدىن:

— بۇ نېمە گەپ؟— دەپ سورىۋىدىم. ئۇ:

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئەسلى شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى بوشىـ
تىدىغانلارنىڭ قاتارىدا كەلگەن. شۇڭا مەن سىزگە خەۋەر قىلغا
نىدىم. بىراق، يۇقىرىدىن تەستىقلىمىدى،— دەپ جاۋاب بەردى.
شۇنىڭ بىلەن ھۇزۇرلىككە چىقىش ئۈمىدىم ئۈزۈلدى.
نەتىجىدە ئىككى مىڭ نەچچە يۈز سىياسىي مەھبۇستىن قويۇۋېتىلمەي
قالغانلىرىمىز 70 ـ 80 دەك ئادەم بولدى. بۇ: بىزلەرنىڭ مەسىلـ
مىزنىڭ بەكمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرەتتى. بىراق
مەن ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق يامان ئىش قىلغىنىم يوق، ياكى
بىرەر تەشكىلات قۇرغان ھەم قاتناشقىنىم يوق، بىرەر جەمئىيەتكە
باغلانغىنىم تېخى يوق. مېنىڭ بىردىنبىر جىنايىتىم (ئەگەر
شۇمۇ جىنايەت ھېسابلانسا) پەقەت گېزىتكە دۇنيا بويىچە فاشىستىزمـ
غا قارشى ئۇرۇش ۋە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش
توغرىسىدا كۆچلۈك ماقالىلەرنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغانلىـ
قىملا ئىدى. شۇ قېتىمدا قويۇۋېتىلمىگەنلەرنىڭ ئىچىدە مەن،
خەمىت سۇلتان، نۇر سادىروۋ، ئابدۇرېھىم ئەيسا قاتارلىقلار بار
ئىدۇق (كېيىن ئاڭلىسام، شۇ چاغدا مېنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا
«مەركىزىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى»دىن بۇيرۇق
كەلگەنىكەن. بىراق، تۇرمىدە ئەمەلىي ئىشلارنى ئىشلەيدىغان
شېڭ شىسەينىڭ بىر گۇماشتىسى مېنى «ئەڭ يامان» دەپ قاراپ،
تۇرمىدە تۇتۇپ قالغانىكەن).



ئۇلار ئاخىرى مېنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى: مەن،
نۇر سادىروۋ، يەنە بىر نەچچە قازاق زىيالىلىرىدىن بولۇپ جەمـ
ئىي سەككىزىمىز قويۇپ بېرىلىدىغانلار قاتارىدا تۇرمىدىن ئېلىپ
چىقىلىدۇق. ساقچى باشلىقى باشقىلارغا: «سەن پالانى يەرگە
بار، سەن پۇكۇنى يەرگە بار» دەپ بۇيرۇدى. ئاخىردا ماڭا
كەلگەندە ساقچى باشلىقى ھوكۇچىن:

— بىلىپ قويغىنىڭكى، بىز ئىچكىرىدىن موما ئەپچىقمىدۇق،
ئوق ئەپچىقتۇق، ماڭ، ئەمدى چىقىپ كەت!— دېدى.

ئۇنىڭ شۇ سۆزى تا ھازىرغىچە قۇلىقىمدىن نېرى كەتمەيـ
دۇ. ئۇنىڭ شۇ سۆزىنى ھەر بىر ئويلىسام يۈرىكىم ھېلىمۇ
جىغىلدايدۇ. چۈنكى بۇ سۆزنىڭ مەنىسى مېنىڭ چۈشەنچەمدە:
«ئىككىنچى تۇرمىگە كىرىدىغان ئىش قىلىپ قويساڭ ئاتىمىز!» دېگەنلا
ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قائىدە بويىچە ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر
ئويۇشمىسىنىڭ كاپالىتى بىلەن تۇرمىدىن چىقتىم. تۇرمە تەرەپـ
تىن بېرىلگەن ئۈچ مىڭ يۈەن (ئۆلكە پۇلى) يول راسخودى
بىلەن قەشقەرگە قايتماقچى بولۇپ ۋاقتىنچە ئۇيغۇر ئويۇشمىسىدا
تۇردۇم. شۇ چاغدا تۇرمىدىن يېڭىدىن بوشىنىپ چىققان ئىبراـ
ھىم تۇردى كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ شۇنداق دېدى:

— بىز بىرلىشىپ ھۆكۈمەتكە بىر تىلەك قويساق، تىلىكىـ
مىزدە: بىز ۋەكىل بولۇپ ئىلىغا بېرىپ، ئىلى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ
تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاز ـ تولا خىزمەت ئىشلەش ئارزۇـ
يىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىسەك،— دېدى.

مەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىدىم. چۈنكى ئەينى چاغدىكى
شارائىتتىن قارىغاندا، بۇ تىلەكنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە بىز ئارـ
قىلىق ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن
پولات قادىر (ئۇ تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن گېزىتخانىدىكى ئەسلى
ئورنىغا خىزمەتكە قويۇلغانىكەن) مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كېـ
لىپ، ماڭا «شىنجاڭ گېزىتى»دە قېلىپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئىشـ

لەشنى تەكلىپ قىلدى. بىراق، مېنىڭ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە خوگوجىنىڭ: «بىز ئىچكىرىدىن موما ئاچىقمىدۇق، توق ئاچقىتۇق...» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلاپ تۇرغاچقا، مەن پەقەت ئۈرۈمچىدىن تېزراق كېتىپ ئۆزۈمنىڭ ئەزىز دىيارىم-قەشقەرگە يېتىپ بېرىۋېلىش، ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىم بىلەن تېزرەك جەم بولۇشنىلا ئويلايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق تەكلىپلەر قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. بۇ 5-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئىدى. قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئۇ چاغلاردا قەشقەرگە قارا ماشىنىمۇ قاتنايتتى. بىراق، مەن تۈرمىدىن يېڭى چىققان بولغاچقا، رەڭگىم تاتىراڭغۇ، ئۇزۇلۇم ئورۇقلاپ كەتكەنىدىم. مەن شۇ تۇرقۇم بىلەن قېرىنداشلىرىمنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاشنى خالىمىدىم. شۇڭا، قەشقەرگە ھارۋىدا بېرىشنى قارار قىلدىم. چۈنكى، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ھارۋا ئوتتۇز ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ باراتتى. ئوتتۇز كۈن ئىچىدە ئۆزۈمنى ياخشىراق ئوزۇقلاندۇرۇپ، ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئالسام، رەڭگى-روھىم ياخشىلىنىپ قالار، دەپ ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىدىن چىقىپ ئوتتۇز ئىككىنچى كۈنى قەشقەرگە يېتىپ باردىم. يولدا كەلگۈچە ھەربىر ئۆتەڭدە ساقچىلار يولۇچىلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت مېنىڭلا نەرسە-كېرەكلىرىمنى ئاختۇراتتى (چۈنكى، ماڭا بېرىلگەن يول خېتىمگە بەلگە قويۇلغانىكەن). بۇ ئەھۋال كۆڭلۈمنى باشقىچە غەش قىلىپ قويدى. بىراق، مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، مەن ھايات پېتىم ئەزىز دىيارىم قەشقەرگە يېتىپ كېلىۋالغىنىمغا خۇشال ئىدىم.

## تۈرمىدە تاپقان ئەقىل

مەن شۇ چاققىچە ئۆزۈمنى «ئىنقىلابىي سەپتىكى ئادەم» دەپ ئويلايتتىم. ئۆزۈمنىڭ تۈرمىگە سېلىنىشىمنىمۇ شۇ سەۋەبتىن دەپ بىلەتتىم. بىراق كېيىن ئويلىسام، مەن شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە كەلگەنگە قەدەر ئەقلىم تېخى تولۇق يېتىلمىگەنىكەن. چۈنكى ئەقىل دېگەن تەدرىجى تاكامۇللىشىدىكەن، مەن جەمئى-



يەتكە ئەمدىلا يۈزلەنگەن چاغدىلا شېڭ شىسەينىڭ شۇ چاغدىكى سىياسەتلىرىنى ئاڭلىغاچقا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە يېزىقچىلىقنىڭ مەقسىتى پەقەت شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە ياكى ستالىننى ماختاش ياكى بولمىسا فاشىزمنى، ئۆتمۈش زاماننى تىللاش، دەپ ئويلايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالتە-يەتتە يىل ئىچىدە يازغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى مەزمۇندىن چەتنەپ كېتەلمىگەن شوئار خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ئىدى.

مەن قامىلىپ 2-تۈرمىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، گېزىتخانىدىكى نەرسە-كېرەكلىرىمنى ئەكىلىپ بېرىشتى. چامادانىمدا مەشھۇر يازغۇچى ئابدۇراخمان جامىنىڭ پارس تىلىدىكى بىر دىۋانى بار ئىدى. مەن تۈرمىدە يېتىپ زېرىككەن چاغلىرىمدا شۇ دىۋاننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئاجايىپ بەدىئىي ھۇزۇر ئالدىم. مەن ئاشۇ شېئىرلارنى قايتا-قايتا ئوقۇغاندىن كېيىنلا: «ھە، شائىرلىق دېگەن مۇنداق بولىدىكەن، شېئىرنى مۇشۇنداق مەزمۇندا يازغاندىلا ئاندىن ئۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدىكەن. نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز بۈگۈنى يازساق ئەتىسى تەرەتخانىدا ياتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئابدۇراخمان جامىنىڭ شېئىرىنى بەش-ئالتە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر يەنىلا سۆيۈپ ئوقۇيدۇ؟ بۇنىڭ سىرى زادى نەدە؟ بۇنىڭ سىرى: ئەدەبىياتتا، يازغۇچى ئەڭ ئالدى بىلەن ھەقىقەتنى قولىدا چىڭ تۇتۇشى، ئەسەرلىرىدە ھەقىقەتنى بايان قىلىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ھەقىقىي ئەسەر ھېسابلىنىدىكەن» دېگەن ئويغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن جامىنىڭ شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئۇسلۇبىنى ئۆگەندىم. مەسىلەن: جامىنىڭ مۇنداق بىر شېئىرى بار:

ئاتەشىن لەئلىكى تاجى خوسرۋانىدا بەرسە رەست،
ئەخكەرى بەھرى خەيالى خامۇ پۇختەن بەرسە رەست.

مەزمۇنى: شاھلارنىڭ تاجىغا بېكىتىلگەن ئوتقا ئوخشايدىغان لەئىل

نېمە؟

ئۇ شاھلارنىڭ بېشىدىكى خام خىيالىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان چوغدىن ئىبارەت.

بۇ ئىككى قاپىيە سۆز شۇنداق چىرايلىق بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن ئىشلىنىغان. يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق يېزىلغان:

ھەزەر كۆن ئى ئاۋان ئەز نۇھى ئى مەزلۇمى ئەشكى ئۇ،
كىمىتەرسەم كۆنەدكارى دۇئايى نوھ تۇقانداش.
بىتەرس ئەزناۋىكى ئاھىكى تابىزەد بەلا بەرتۇ،
كۆنەت غەربالى چەرخى چەمبەرى رازەخمى پەيكانەش.

تەرجىمىسى: ئى دۆرغا (ھۆكۈمەت ئادىمى) مەزلۇملارنىڭ ئاھىدىن ھەزەر ئەيلە،

مەزلۇملارنىڭ ئاھى ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توپان بالاسىنى بېشىڭغا ياغدۇرىدۇ. مەزلۇملارنىڭ «ئاھ» دېگەن نالىسىدىن ھەزەر قىلغىلكى، بۇ سادا ئوق كەبى، ئاسماننى تېشىۋېتىدۇ. شۇ تۆشۈكلەردىن بېشىڭغا بالايى ھادىسىلەر ياغىدۇ.

شۇ شېئىرلارنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا شېئىر دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن يازغان «توزۇماس چېچەكلەر»، «ۋىجدان مۇھاكىمە» قاتارلىق ئەسەرلىرىمدە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بەدىئىي ئىپادىلەشتە خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولغاندىن سىرت، قۇر توشقۇزۇش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان قۇرۇق گەپلەر يوق دېيەرلىك بولدى. بۇ مېنىڭ تۇرمىدىكى ئىككى يىللىق بوش ۋاقىت ئىچىدە ھاسىل قىلغان ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتىم بولدى.

## لاداخ يولىدا

قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنىلا گومىنداڭنىڭ تەقىپى ئاستىدا قالدىم. بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي



تازا كۆچىيىپ، تاشقورغان، بولۇڭكۆل ئەترابلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئالغان، گومىنداڭ ئالاقزادىلىكتە چۈشكەن مەزگىل ئىدى. دەل شۇ چاغلاردا گومىنداڭ تەرەپ شەھەر سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى شەھەر ئىچىگە كۆچۈرۈشكە باشلىدى، شۇ چاغلاردا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئامېرىكىدىن جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم قىلىنغان ئاپتوموبىل بالونلىرىنى ھىندىستاندىن ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىكەن. ئەسلىدە بۇ بالونلار شىاڭگاڭ ئارقىلىق ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، كېيىن ياپونلار شىاڭگاڭنىمۇ بېسىۋالغاچ، ئالدىنقى سەپكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان بۇ ئەسلىھەلەر ئامېرىكىدىن ھىندىستانغا، ھىندىستاندىن تىبەتكە، تىبەتتىن لاداخقا يەتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر كارۋانلىرى ئارقىلىق لاداختىن شىنجاڭغا ۋە كېيىن ئالدىنقى سەپكە توشۇلىدىغان بوپتۇ. بالونلارنى توشۇش ئۈچۈن قەشقەردە كارۋانلار ئەترىتى تەشكىل قىلىنىدى. بۇياقتىن بارىدىغان كارۋانلارنىڭ قۇرۇق ماڭماسلىقى ئۈچۈن، قەشقەردىكى يەرلىك ماللار شىركىتى ھىندىستاندىكى بارىلال ئىسىملىك بىر سودىگەر بىلەن كىگىز دوگۋار قىلىشىپتۇ. بۇ تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلغان كىگىزلەر سودىگەر بارىلالغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەرەپ كارۋانلارغا بالوننى تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كاللامغا بىر پىكىر كەلدى. چۈنكى قەشقەردە تۇرۇۋەرسەم، داۋاملىق گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ تەقىپى ئاستىدا تۇرۇشۇم، ھەتتا ئۇزاققا قالماي يەنە قامالىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭدىن كۆرە كارۋان بولۇپ يىراقلارغا كەتكىنىم ياخشى، دەپ ئويلىدىم. شۇ خىيال بىلەن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدە ئىشلەيدىغان بىر دوستۇمغا مەسلىھەت سالسام ئۇ ماڭا، بۇنىڭ ياخشى پىكىر ئىكەنلىكىنى، بۇنداق قىلغاندا بۇ ۋەتىنىگىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن بۇياقتىن قىرىق ئات يۈك ئېلىپ ئۇياققا ئاپىرىدىغان، ئۇياقتىن قىرىق ئات يۈك ئېلىپ بۇياققا ئەكىلىپ بېرىدىغان بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئاتقا ئون مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇلار نەخ بېرىدىغان بولدى. ئون مىڭ يۈەن پۇل بانكىدىن قەرز بېرىلىدىكەن. دېمەك، قىرىق ئات ئۈچۈن سەككىز يۈز مىڭ يۈەن نەقپۇل بېرىلىدىكەن. مەن شۇ پۇللارنى ئېلىپ ئات سېتىۋېلىشقا باشلىدىم. قىرىق ئات يۈكنى توشۇش ئۈچۈن ئاتمىش ئات سېتىۋالدىم. چۈنكى قىرىق ئاتنىڭ ۋە ئادەمنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى قالغان يىگىرمە ئات كۆتۈرۈشى كېرەك ئىدى. لاداخ يولىدا يېمەك - ئىچمەك بولمىغاندىن سىرت، ھاۋاسى بەكمۇ شالاڭ ئىدى. مۇشۇ ئىككى مەسىلە لاداخ يولىدىكى كارۋانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇشكۈل خەتەر بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئون ئىككى چاكار ۋە بىر چاكار بېشى ئالدىم. جەمئىي ئون تۆت ئادەم بولدۇق. بىز 1946 - يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا سەپەرگە جابدۇنۇۋىدۇق، شۇ يىلى 12 - ئايغىچە يولغا چىقالماي قاغىلىقتا تۇرۇپ ئاتلىرىمىزنى باقتۇق. بۇ ناملۇم سەۋەبلەر بىلەن پاسپورتىمىزغا ۋاقتىدا قول قويۇق بېرىلمىگەنلىكتىن بولدى. ئاخىرى 12 - دېكابىر كۈنى بىز قاغىلىق پوساردىن قوزغىلىپ لاداخقا ئاتلىنىپ شۇ ماڭغانچە يىگىرمە ئالتە كۈندە لاداخقا يېتىپ باردۇق. بۇ سەپەردە ئالتە كۈنلۈك يولدا ئۆنگەن ئوت - چۆپلەرنىڭ ھەممىسى زەھەرلىك بولۇپ، ئەگەر ئاتلاردىن بىرەرسى شۇ ئوتلاردىن يەپ قالغان ھامان شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا جان ئۈزەتتى. بۇ ئوتلارنىڭ ئىسمى «لەنتاڭ» بولۇپ، شالاڭ ھاۋا تەسىرىدىن شۇنداق زەھەرلىك بولۇپ ئۆنگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

يول ئۈستىدە مۇنداق بىر قىزىق ئىش يۈز بەردى: بىز كېتىۋېتىپ بىر يەرگە كەلگەندە، نۇرغۇن «قەبرە» ئۇچرىدى. مەن بۇ قەبرىلەرگە قاراپ مۇسۇلمان پەدىسىگە قولۇمنى كۆتۈرۈپ دۇئا



قىلىۋىدىم، قاسىم ئىسىملىك چاكاربېشى كۈلگىلى تۇردى. مەن رەنجىگەن ھالدا:

— ھەي، سەن ئۆلمەمسەن؟! — دەپ تەنە قىلىۋىدىم:

— مەنمۇ ئۆلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ.

مەن سوراشنى داۋام قىلدىم:

— سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ مۇشۇنداق چۆل - جەزىرىدە ئۆلەپ قېلىشىڭنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرمەمسەن؟

— ئەلۋەتتە ئۇنىمۇ بەزىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ قويىمەن.

— ئەمسە نېمىشقا دۇئا قىلىشىڭنىڭ ئورنىغا كۈلىسەن؟

— خوجايىن، بۇ قەبرە ئەمەس، بۇ «لەنتاڭ» دېگەن ھېلىقى زەھەرلىك ئوت. بۇ ئوتنىڭ ھەر بىر كۆكلەپ چىققان كۆتىكىنى مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن كارۋانلار ئات يەپ قالمىسۇن، دەپ تاشقا كۆمتۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇشۇنداق نۇرغۇنلىغان قەبرىسىمان تاش دۆۋىلىرى پەيدا بولۇپ قالغان.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەنمۇ راسا كۈلدۈم.

بىز يولنى داۋاملاشتۇردۇق. تارغىنە يىلان باغرى يول بىزنى بەزىدە تاغنىڭ چوڭقۇر جىلغىلىرىغا ئېلىپ بارسا، بەزىدە تاغنىڭ يان بەللىرى بىلەن ۋە بەزىدە تاغنىڭ چوققىسى بىلەن ئېلىپ باراتتى. يول ئۈستىدە خەۋپ - خەتەر ئادەمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. مەن شۇ يول ئۈستىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىدە تولۇقى بىلەن يازغانىدىم. كېيىن بۇ ئەسىرىم خەنزۇچىغا ۋە ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان. شۇڭا بۇ ئەسلىمىدە تەپسىلىي بايان قىلمايمەن. پەقەت قىسقىغىنە بىرنەچچە مىسالنىلا دەپ ئۆتەي:

ئۈستىمىزنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتۇق. ئاتنىڭ كولدۇرمىلىرى تاغ
ئىچىنى جاراڭلىتاتتى. بىزنىڭ ئون تۆت كىشىلىك قوشۇنىمىزمۇ
خېلى مۇنتىزىم ئىدى. مەخسۇس بىر چاكار مەن ئۈچۈن خىزمەت
قىلاتتى: چېدىرىمنى تىكىپ، تامىقىمنى تەييارلايتتى. قالغان ئون
ئىككى ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىلىرى ئېنىق
بەلگىلەنگەنىدى. بىز ئوتتۇز دانە قوينى ئالدىمىزغا سېلىپ ھەي-
دىۋالغان بولۇپ، ھەر بىر قونالغۇدا بىردىن قوينى سوياتتۇق.
بىر ئات ئۈستىگە ئارتىلغان ئىككى قەغەز يەشىكتە مەخسۇس
ئۆزۈم ئۈچۈن ياقتۇرۇۋالغان پەرمۇدە (سامسا) بار ئىدى. بۇنى
توڭلىتىپ قويۇپ يول ئۈستىدە يېمەكچى ئىدىم. تاغ قاپتىلىدا
كېتىۋاتقاندا، بىر ئات كېلىپ ھېلىقى پەرمۇدە قاچىلانغان قەغەز
يەشىكنى چىشلەپ تارتقانىكەن، پەرمۇدىلەر تۆرۈكشۈپ يەرگە
تۆكۈلۈشكە باشلىدى. تۆرۈكشىگەن ئاۋازلار تاغ قاپتىلىدا كىشى
تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە جاراڭلاپ كەتتى. جاراڭلىغان ئا-
ۋازدىن ئاتلار ھۈركۈشۈپ ھەر تەرەپكە پېتىراپ كېتىشتى. خەي-
رىيەت، بۇ يول سەل كەڭرى ئىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا يەنە
نېمە ۋابالارنىڭ يۈز بېرىشىنى تەساۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. شۇن-
داقتىمۇ ھۈركىگەن ئاتلار مۇزلارغا تېيىلىپ يول ئۈستىدە قاتار-
سىغا يىقىلىپ ياتتى. شۇ ئاتلارنىڭ بىرى ئۆگدىسىغا يىقىلغا-
نىكەن. ئۇنىڭ تۆت پۇتى ئۆزى كۆتۈرۈپ ماڭغان كېگىزگە سې-
لىپ قېلىپ توختىماي پىلتىڭلايتتى. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ
رەنجىشنىڭ ئورنىغا كۈلگىلى تۇردۇم. پەرمۇدىنىڭ سەۋەبى بىلەن
ئاتلارنىڭ بەزىلىرى يىقىلىپ، بەزىلىرى قېچىپ توختىغاندىن كې-
يىنلا ئاندىن ھەممىمىز جىددىي ھەرىكەتلىنىپ، ئاتلارنى يۆلەپ
تۇرغۇزدۇق، بەزىلىرىنىڭ تۆت پۇتىنى كېگىز ئارىسى-
دىن چىقىرىپ يۈكلەرنى قايتىدىن يۈكلىدۇق. ئاتلارمۇ، ئادەملەرمۇ
قاتتىق چارچىغانىدۇق. ئامالسىز شۇ كۈنى شۇ يول ئۈستىدە قو-
نۇپ قالدۇق.



ئىككىنچى كۈنى تاغ قاپتىلىدىكى يولدا كېتىۋاتاتتۇق، تاغ
چوققىسىدا كېتىۋاتقان بىر كىيىك ئاتلىرىمىزنىڭ كولدۇرمىسىدىن
ئۈركۈپ قاچقانىكەن، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىن قومۇرۇلۇپ چۈش-
كەن بىرتال تاش باشقا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، شاۋقۇن پەيدا قىلدى.
مۇشۇ شاۋقۇنمۇ بىزنىڭ ئاتلىرىمىزنى چۆچۈتىۋەتتى. نەتىجىدە
سەككىز - ئونچە ئات مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدە چۆچۈپ يىقىلدى.
زىيان ئانچە كۆپ بولمىدى.

لاداخقا بېرىش سەپىرىدە، زەرەپشان دەرياسىدىن قىرىق
نەچچە قېتىم بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدىكەن. لاداخقا بېرىشتا ئەسلى رەسمىي ياسالغان يول يوق
بولۇپ، كارۋانلار سۇ ئېقىشىنى بويلاپ يول تاللاپ مېڭىپ، ۋا-
قىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن مۇشۇ كارۋان يولى پەيدا بولغانى-
كەن. بۇ يول بەكمۇ ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، بەزىدە دەريا
بويلاپ تاغ ئۈستىدە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بىز مېڭىپ بىر
يەرگە كەلسەك، ئۈچ مېتر كەڭلىكتە مۇز تۇتمىغان كۆۋرۈكسىز
دەريا يولىمىزنى توستى. بۇ دەريانىڭ چوڭقۇرلۇقى بەش مېتر
ئەتراپىدا كېلەتتى. ئەگەر مۇشۇ جايدىن بىر ئامال قىلىپ ئۆ-
تۈۋالمىساق، ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى - دە، يەنە بىر
نەچچە كۈنلۈك سەپىرىمىز ئۇزىرىشى مۇمكىن ئىدى. دەل شۇ
چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان «دوختۇر ۋايجانىم» ناملىق
باللار ھېكايىسىدە يېزىلغان بىر ۋەقەلىك يادىمغا كەلدى. ھې-
كايىدە مايمۇنلارنى داۋالىغۇچى دوختۇرنى بىر ئادەمخور جىنا-
يەتچى قوغلاپ كەلگەندە، ھېلىقى دوختۇر قېچىپ ئىككى يارنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى بىر بوشلۇققا كېلىپ قالىدۇ - دە، قانداق قىلىش-
نى بىلمەي تۇرغاندا، ھېلىقى مايمۇنلار بىرسى - بىرسىگە چىڭ
ئېسىلىشقان ھالدا بىر كۆۋرۈك پەيدا قىلىشىپ، ھېلىقى دوختۇرنى
رەقىبلىرى قولىدىن قۇتقۇزۇۋالىدۇ. مەن شۇ ھېكايىدىكى ۋەقە-
لىكتىن ئەقىل تاپتىم - دە، مايمۇنلارنىڭ «كۆۋرۈك» ياساش

ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش نىيىتىدە، چاكارلارغا ئارغامچىلارنى قارشى
تەرەپتىكى تاشقا باغلاشقا بۇيرۇدۇم. ئارقىدىن تۆت ئات ئۇستىـ
دىكى كېگىزنى چۇشۇرۇپ ھېلىقى ئارغامچا ئۇستىگە قويۇپ كۆۋ-
رۈك ياسىدۇق - دە، ئاتلىرىمىزنى شۇ كۆۋرۈكتىن ساق - سالا-
مەت ئۆتكۈزۈپ، يىگىرمە ئالتە كۈندە سالامەت لاداخقا يېتىپ
باردۇق.
ئۇ چاغلاردا لاداخ كىچىككىنە بىر جاي بولۇپ، بارى-
يوقى ئىككى ساراي، بىر مەسچىت، 300 ئۆيلۈكچە ئادەم بار
ئىكەن. بىز لاداختا بېرىپ ماللارنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنـ
دىن كېيىن، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى.
بىر كۈنى بىر ھىندى سودىگىرى مېنى ئۆيىگە چايغا چاـ
قىردى. بارسام، ئۆيىدە بىرمۇنچە سەللىلىك، ئۇزۇن ساقاللىرى
مەيدىسىگە چۈشكەن ئادەملەر ئولتۇرۇشۇپتۇ. مەن ئۇلارنى شىۇ-
جاينىڭ چوڭ موللىرى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. كېـ
يىن بىلسەم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ جايدىكى سىك① قەبىلىـ
سىگە مەنسۇپ ئەمەلدارلار ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىمگە
قىزىققانلىقتىن مېنى بەكرەك چۈشىنىش ئۈچۈن شۇ سورۇننىـ
ئۇيۇشتۇرۇشقانىكەن. چاي ئۈستىدە فوتو ئاپپاراتىمدەك بىر نەرسىنىڭ
ماڭا توغرىلانغانلىقىنى سېزىپ سەسكىنىپ كەتتىم. كېيىن سۈـ
رۈشتۈرۈپ بىلدىمكى، شۇ چاغلاردا ھىندىستاندا پارىخورلۇق ناھايىـ
تى ئېغىر ئىكەن. مەن كەلگەن كۈنلەردە بىر كىچىك ئەمەلدار
مەندىنمۇ پارا ئالماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا:
— سىلەرنىڭ بۇ ئادىتىڭلار بەكمۇ يامان ئىكەن. بىزنىڭ
ئۇ تەرەپتە ھۆكۈمەت سىلەردەك پارىخورلارنى تاپسا قاتتىق جاـ
زالايدۇ. شۇڭا بىزدە پارىخورلۇق يوق. ئەگەر بىزگە مۇشۇنداق
مۇئامىلە قىلساڭلار، بىز تەرەپكە بارغان سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭـ
لارغىمۇ بىز شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمىز مۇمكىن، — دېگەنىدىم.

① سىكلار ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلمايدۇ (ھ).



ئۇلار مېنىڭ شاھمات ئوينىشىم ۋە يۇقىرىقى گەپ - سۆزلىرىمـ
دىن مېنى «ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئىشپىيون» دەپ ئويلاپ
قالغان بولسا كېرەك.
مەن ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، تىنچراق كېتىۋېلىش
ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىمگە ناھايىتى دىققەت قىـ
لىدىغان بولدۇم. قايتىدىغان چاغدا ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىزگە
ماشىنا بالونىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. سەۋەب تاشقۇرغاندىكىلەر
يولنى توسۇپ قويىدى، بالوننى بەرسەك ئۇلار بۇلاپ كېتىدۇ،
كىرا ھەققى ئۆزۈڭلەرگە قالسۇن، بۇ جايدىن خالىغان نەرسەڭـ
لەرنى سېتىۋېلىپ ھىندىستانغا بارساڭلارمۇ، قەشقەرگە كەتسەڭلەرمۇ
بولىدۇ، دېدى. مەن قەشقەرگە بارسام تەقىپ ئاستىدا تۇرىدىغانلىقىمـ
نى ئويلاپ، ھىندىستانغا كېتىشىنىمۇ خىيال قىلدىم. بىراق قەشـ
قەردىن ئالغان قەرزلىرىمنى ئويلاپ، قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ
قەرزلەرنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ھىندىستانغا باراي،
دېگەن خىيالدا قايتىش قارارىغا كەلدىم. بۇ قېتىمقى سەپەر ماڭا
ئىقتىسادىي جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ پايدا يەتكۈزدى: شۇ قېتىمـ
دا بىز تۆت - بەش مىڭ يۈەنگە ئالغان ئاتلىرىمىزنى بىراقلا
بىرنى ئون بەش مىڭ يۈەنگىچە ساتتۇق. ئۇلارنىڭ ئون رۇبلىـ
لىك بويىقلىرى ئالتە - يەتتە يۈەنگىچە چۈشۈرۈلدى. چۈنكى «شىنـ
جاڭنىڭ يولى ئېتىلىپ قاپتۇ، ئەمدى كارۋان كەلمەيدىكەن» دېگەن
سۆزلەر بىزنىڭ ماللىرىمىزنىڭ باھاسىنى ئاجايىپ ئۆرلىتىپ، ئۇ-
لارنىڭ ماللىرىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرگەنىدى. شۇ قېتىمقى
تىجارەتتە ماڭا يىگىرمە بەش مىڭ سەر يىمپەك سەرمايە پايدا قالـ
دى. مەن ئون ئىككى ئاتنى قەشقەرگە مال توشۇش ئۈچۈن قالـ
دۇرۇپ، قالغان ئاتلارنى ساتتىم - دە، قايتىش سەپىرىگە ئاتـ
لاندىم. يولدا كەلگىچە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن كارۋانلىرىمدىن
ئايرىلىپ قالدىم. ماڭا يول باشلاپ ماڭغان چاكار يېرىم يولدا
تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ، ياتقۇ ماڭا نىمە قىلارىمنى بىلمەي ئاخىرى

يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. نەتىجىدە سۇنتاقنىڭ داۋىنىدىن ئۆتۈۋېتىپ ئېتىم بىلەن تۈتەكلەپ كېتىپ جىنىمدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدىم. خەيرىيەت، سۇنتاق داۋىنىدىكى خەتەردىن ئۆزۈمنىڭ جاسارىتىم ۋە ئەقىل - پاراسىتىمگە تايىنىپ مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ كارۋانلىرىمغا يېتىشىۋالدىم.

مىڭ بىر جاپالار بىلەن ئاچارچىلىق ۋە ئۆلۈم خەۋپلىرىنى يېڭىپ مېلىكشاھقا يېتىپ كېلىۋىدۇق، بىزنى گومىنداڭنىڭ ئەسكەرلىرى قارشى ئالدى. شۇنداق قارشى ئالدىكى، ھەممىمىزنى ئورىۋالدى - دە، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىمىزدىن بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى سېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلاپ، تالان - تاراج ئاستىدا قالدۇق. ئۇلار بىلەن قارشىلىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. يېنىمدىكىلەردىن بىرسىنىڭ ئېيتىشىچە، يول توساپ تەكشۈرگۈچى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يېنىدا بىر نەچچە خالتىدىن ئەپيۇن بولىدىكەن. قارشىلاشقۇچىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاختۇرغان بولۇپ شۇ ئەپيۇنلارنى كارۋانلارنىڭ نەرسىلىرى ئىچىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىكەن - دە، ئەپيۇن توشۇغان، دېگەن بەدنام بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسىنى مۇسادىرە قىلىشىۋالىدىكەن. مەندە 12 مىڭ قاپ سەرەڭگە بار ئىدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭدا بىر قاپ سەرەڭگىنىڭ باھاسى يىرىم سەر تەڭگىگە چىققانىدى. بۇ سەرەڭگىلەر ئەگەر شىنجاڭدا سېتىلسا بىرى يۈز ھەسسە پايدا بېرەتتى. ھېلىقى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئاخىرىدا شۇ سەرەڭگىلەرنىڭ يېرىمىنى سېتىپ بېرىپ قۇتۇلدۇق.

## گېزىتچىلىك بىلەن قايتا شۇغۇللىنىش

شۇ يىللىرى خوتەندە تامۇژنا ئىدارىسى بار ئىكەن. بىز تامۇژنا رەسمىيەتلىرى ۋە ھىندىستانغا قايتا چىقىش تەييارلىقى بىلەن خوتەندە ئىككى ئاي تۇردۇق. مەن ھىندىستانغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن خوتەندىن يىگىرمە بەش مىڭ سەر يىپەك ئېلىپ تەييارلاپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن پاسپورتۇمغا قول قويدۇرغاچ



ئالغان قەرزلىرىمنى تۆلىۋېتىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدىم. بىر دەل بېتىم مەزگىلى بولۇپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شۇ چاغدا قەشقەرنىڭ ۋالىسى ئىدى. بۇرۇنقى پاسپورتقا قول قويىدىغان خەنزۇ ئەمەلدارلار ئالماشتۇرۇلغانىكەن. شۇڭا مەن: «ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىلەن بىز كونا تونۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئىنقىلابىي سەپتە ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلىگەن. پاسپورتۇمغا دەرھال قول قويۇپ بېرىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە ئىش ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئۇ پاسپورتۇمغا قول قويۇپ بەرمەيلا قالماي، مېنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئىشلەپ قېلىشقا ئۈندەپ تۇتۇپ قالدى:

— ئۇكا، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئىشنى سەن بىلەن بىز قىلمىساق، كىم قىلىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا قەتئىي پاسپورت بەرمەيمەن. گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستۈڭگە ئالىسەن! — دەپ تۇرۇۋالدى.

مەن ئىشلىمەيمەن دېگىنىم بىلەن ئۇ ۋالىنىڭ قولىدىن قېچىپ ھېچقەيەرگە كېتەلمەيتتىم. ئامالسىز خوتەندە ئېلىپ تەييارلاپ قويغان يىپەكنى بىرتەرەپ قىلىش ئىشىغا ئىنىمنى ئەۋەتىپ، ئۆزۈم ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تەلىپىگە بىنائەن «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ ئىشلەشكە كىرىشتىم.

گېزىتخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنىلا ئەسلىدىكى جاپاكەشلىك روھىم بىلەن تىرىشىپ ئىشلەشكە باشلىدىم. شۇ كۈنلەردە بورھان ئەپەندى، سەيپىدىن ئەزىزى، مەتتىمىن بۇغرا ۋە باشقىلار رىياسەتچىلىكىدىكى خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. مېنى قەشقەر سايلام ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ قويۇشتى. شۇنىڭ بىلەن، باردى - كەلدى ئىشلار كۆپەيدى. شۇ قېتىمقى سايلامدا تۇرسۇن ئېلى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ

هاكىمىلىقىغا سايلاندى①.

بىز گېزىتتە ئىنقىلابىي ئاڭ ۋە نەزەرىيىلەرنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تەشۋىق قىلغانلىقىمىز ھەمدە گېزىتنىڭ تۈپ مەقسىتى گومىنداڭنىڭ سىياسىتىگە مۇخالىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن 1947 - يىلى گومىنداڭ تەرەپ «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى»نى تاقىۋەتتى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىز «ئاڭ» گېزىتىنى نەشىر قىلىپ يەنىلا ئەسلىدىكى ئىلغار ئىنقىلابىي نەزەرىيىلەرنى مۇشۇ گېزىت ئارقىلىق تەشۋىق قىلىشۋەردۇق. بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يەنىلا مەن بولدۇم. گېزىتنىڭ چىقىمىنى ۋالىي مەھكىمىسى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق ساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كىرىمى ئارقىلىق گېزىتخانىنىڭ چىقىمى تەمىنلەندى. مەن كېچىسى رادىئودىن ئاڭلاپ خاتىرىلىۋالغان يېڭى - يېڭى دۇنيا خەۋەرلىرىنى گېزىتتە باسقاندىن سىرت ئۆزۈمنىڭ «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان، مۇھاكىمە»، «تۇزۇماس چېچەكلەر» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدەبىي، ئىجادىي ئەسەرلىرىمنى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىپ ئېلان قىلغانىدىم.

شۇنداق ئىشلەۋاتقان كۈنلەردە، گومىنداڭنىڭ بىتىمنى بۇزۇش سۈيقەستى ئىشقا ئېشىپ، قەشقەردە تۇتقۇن يەنە باشلاندى. تۇتقۇن قىلىنىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى يۇقىرىدىن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاۋ شىگۇاڭ نېمە ئۈچۈندۇر ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئوغلى مۇختەر بىلەن مېنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىماپتۇ. نەتىجىدە قالغان 18 نەپەر ئىنقىلابچى قولغا ئېلىندى. مەن شۇ چاغدىكى قايغۇلۇق ھېسسىياتىمنى تۆۋەندىكى شېئىرىم بىلەن ئىپادىلىگەنىدىم:

ئېسىت تاڭ سەھەر ئېچىرە باردى خازان،
قۇرۇتتى چىمەندىن گۈل گۈلىستان.

① تۇرسۇن ئېلى ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلدى.



چىقىپ كۈز كۈنىنىڭ سوغۇق يەللىرى،
كىيىپ ئالدى قايغۇ لىباسىن جاھان.
گۈلىستاندا پۈتتى باھار نەشتىسى،
قۇرۇق شاخ غېرىبانە كۈتمەكتە جان.
نە ياپىراق چىقاردۇق نە گۈل باغلىدۇق،
قۇرۇق شاخ بولۇپ ئۆتتى دەۋران ھامان.

شۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتتى. بىتىم ۋاقتىدا ئىشلىگەنلەرنىڭ بىر قىسمى قامالدى، بىر قىسمى قاچتى، بىر قىسمى ئۇرۇپ سوقۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇختەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپ قۇتۇلدى. پەقەت مەنلا ھېچ ياققا كېتەلمىدىم. ئالتە ئاي داۋام قىلغان «ئاڭ» گېزىتى تاقىلىپ «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بويۇنتۇرۇق ھېسابىدا گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىقى مېنىڭ بويۇنۇمغا ئارتىلدى. مەن گېزىتتە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى، گۇڭچەنداڭنى بىۋاسىتە سۆكىدىغان ماقالىلەرنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە تىزگىنلىدىم. ۋەزىيەت بەكمۇ مۇرەككەپ ئىدى، بۇ گومىنداڭ دائىرىلىرى بىر قىسىم مىللىي زىيالىيلارنى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىگە تارتىۋاتقان، بىر قىسىملارغا زەربە بېرىۋاتقان مەزگىل ئىدى.

بىر كۈنى جاۋ شىگۇاڭنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئۆيىدە يىغىن چاقىرىلىدىغان بولدى. يىغىنغا مەن، ئىبراھىم ھاجى (قەشقەرنىڭ چوڭ ئاخۇنى)، ئەيسا ھاجىم (مۇئاۋىن ھاكىم)، جاۋ شىگۇاڭ بولۇپ بەش كىشى قاتناشتۇق.

يىغىندا جاۋ شىگۇاڭ:

— ھازىر قەشقەر تىنجىمايۋاتىدۇ. قەشقەرنى تىنجىتىش ئۈچۈن قاسىمجان قەمبىرىنى مۇئاۋىن ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك. قېنى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئۆزلىرى مۇئاۋىن ۋالىيلىق-

قا كىمنى مۇۋاپىق كۆرىلىكىن؟ — دېۋىدى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سىياسىي دىپلومات ئادەم بولغاچقا، كېسىپلا شۇنداق دېدى:

— مۇئاۋىن ۋالىينى ئېلىۋېتىش ۋالىينىڭ ھەققى ئەمەس. ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزى قىلىدۇ. مەن: «مۇئاۋىن ۋالىينى ئەمەلدىن ئېلىۋەت، ياكى ئېلىۋەتمە» دېيەلمەيمەن، — دېۋىدى. جاۋ شىڭگۇاڭ ماڭا قاراپ:

— سىلە بىر نېمە دېسىلە، — دېدى. مەن:

— قەشقەر مەسىلىسى ھازىر ئىچىدىن بورغىناقلاپ سېسىۋاتقان بىر جاراھەت. سىزنىڭ (جاۋنى دېمەكچىمەن) قوللىنىۋاتقان چارىڭىز شۇ جاراھەتنىڭ تېشىنى ياغلاپلا تېڭىپ قويۇشتىن ئىبارەت. مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، قەشقەر مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، — دېۋىدىم، جاۋ شىڭگۇاڭنىڭ رەڭگى راسا ئۆڭگەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن تارقالدى.

## قانۇن تۈزۈش پالاتاسىغا ئەزا بولۇش

شۇ يىغىن بولۇپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى، جاۋ شىڭگۇاڭ بىزنىڭ ئۆيگە چىقىپ، ماڭا قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىنى تەكلىپ قىلدى. مەن:

— مەن ۋالىي بولالمايمەن، — دەپ كەسكىن رەت قىلدىم.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بىرىنچىدىن، مەن قەشقەرلىك، ۋالىي بولغان ئادەم بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن ھامان چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا بىر ياققا كېتىشى كېرەك. مەن يۇرتۇمنى تاشلاپ نەگە بارىمەن؟ ئىككىنچىدىن، مەن ئىلمىي ئادەم، ئۆمرۈم قەلەم تۇتۇپ ئۆتۈۋاتىدۇ. ھۆكۈمرانلىق قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدىم. كۆڭلۈمدە بولسا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئورنىغا ۋالىي بولۇپ، گومىنداڭغا داۋاملىق قورچاق بولۇپ بېرىشنى خالىمايتتىم. ئۆز پىكرىمنى بىۋاستە ئېيتىش قولايسىز بولغاچقا يۇقىرىقى



سۆزلەرنى قىلدىم. جاۋ شىڭگۇاڭ ماڭا يەنە شۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولسا، تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلىڭ: بىرى، گوداغا (گومىنداخۇي) ۋەكىل بولۇڭ ياكى بولمىسا گومىنداڭ مەركىزىي قانۇن تۈزەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئىككىدىن بىرىنى تاللاڭ، — دېدى.

— بۇ ئىككىسىنىڭ قانداق پەرقى بار؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— گوداغا ۋەكىل بولغانلار زۇڭتۇڭنى سايلاپ قايتىپ كېلىدۇ. قانۇن تۈزەش پالاتاسىدىكىلەر دۆلەتنى قۇرۇشقا ئائىت قانۇنلارنى تۈزۈپ، ئۈچ يىل نەنجىڭدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ناھايىتى چوڭ، — دېدى.

مەن: «قانۇن ئارقىلىق شىنجاڭغا ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە بىرەر پايدىلىق ئىش قىلغىلى بولارمىكىن» دېگەن نىيەتتە قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇشنى قوبۇل قىلدىم. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇممۇ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ مېڭىشىمدا مېنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ 1948-يىلى مەن مەركىزىي قانۇن تۈزەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ نەنجىڭگە سەپەر قىلدىم.

بىز ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشما «گودا ۋەكىللىرى ۋە قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى شەرىپىگە» ئاتاپ نەنىمىندە ئالاھىدە زىياپەت ئۆتكۈزدى. بۇ زىياپەتكە تاۋ سىيۋ، جاۋ شىڭگۇاڭ، ئەيسابەگ ۋە باشقا شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ ئۈچيۈزگە يېقىن ئادەم قاتناشتى. يىغىندا ئالدى بىلەن تاۋ سىيۋ قىسقىچە سۆزگە چىققاندىن كېيىن، مېنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. مەندە ئەسلى سۆزگە چىقىش تەييارلىقى يوق ئىدى. بىراق، تۇساتتىن ئۆزۈمدە ئاجايىپ بىر خىل غەيرەتنى سەزدىم-دە، ئاخىرى سۆزگە چىقىپ شۇنداق دېدىم:

— ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى توغرا بولمايۋاتىدۇ. ھازىر قەشقەردە «سادىقەتچىلەر» ناملىق بىر پىرقە مەۋجۇت. ھۆكۈمەت بۇ «سادىقەتچىلەر»دىن ساقلىنىش كېرەك. سادىقەتچىلەر گۇرۇھى ھۆكۈمەت ئۈچۈنمۇ، خەلق ئۈچۈنمۇ خەۋپ-لىك. چۈنكى، ھۆكۈمەتكىمۇ، خەلققىمۇ ھەر بالالار كەلسە شۇ سادىقەتچىلەردىن كېلىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت شۇلارنىڭ گېپىگە كىرىدىغان بولسا، شىنجاڭ قانغا پېتىپ كېتىدۇ. «سادىقەتچىلەر» پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، گۇناھسىز ئادەملەرنى قىردۇرۇشقا سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. قەشقەردىكى بۇ «سادىقەتچىلەر»نى ھازىر جاۋ شىگۇاڭ ئىزگىنلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر جاۋ شىگۇاڭ بولمىغان بولسا، جاڭ جىجۇڭ قەشقەرگە بارغاندا قەشقەر قانلىق دېڭىزغا ئايلانغان بولاتتى....

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، «سادىقەتچىلەر» توغرىسىدا ئاز-راق توختىلاي: بىتىم بولۇپ جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان ئەپەندى، مەسئۇد ئەپەندى قاتارلىقلار قەشقەرگە بارغان-دا، قەشقەردە ئەخمەتجان ئەپەندى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىپ، گومىنداڭغا، جاڭ جىجۇڭغا قارشى كۈچلۈك ناما-يىش ئېلىپ بېرىلدى. شۇ چاغدا قەشقەردىكى سوپىبەگ ھاجى① باشلىق قەشقەردىكى «سادىقەتچىلەر» گۇرۇھى شۇ نامايىشچى-لارنى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ ھۆكۈمەتكە ئەرىز سۇنغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئەرزىنى جاۋ شىگۇاڭ توسقانىدى. بىراق، شۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتىن ئالاقىزادە بولۇپ، تازا چىڭ يېرىگە كەلگەندە: «ئەگەر ئۇلار باستۇرۇپ كەلسە، پىلىموتقا تۇتسىمۇ بولىدۇ» دېگەنىدى.

مېنىڭ پىكرىمنى تاۋ سىيۈ چاۋاك بىلەن ياقىلايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى، ھەمدە: «سادىقەتچىلەر گۇرۇھى بىر يېڭى تېرمىن

① سوپىبەگ ھاجى ئەينى چاغدا گومىنداڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى-نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. ئازادلىق ھارپىسىدا چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن.



ئىكەن. ھۆكۈمەت مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇشنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك» دېگەن مەزمۇندا سۆزلىدى (مەن بىلەن تاۋ سىيۈنىڭ سۆزىنى ئەيسا بەگ تەرجىمە قىلىپ بەردى).

نەنجىڭگە سەپەر قىلىشتا مەن مەلۇم سەۋەبلەردىن باشقىلار-دىن ئىككى كۈن كېيىن ماڭدىم. لەنجۇغا كەلگەندە ئايروپىلان بىر كۈن توختىدى. شۇ كۈنى جاڭ جىجۇڭ رەپىقىسى بىلەن مېھمانخانىغا كېلىپ بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

## «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» كۇتۇپخانىسى

مەن نەنجىڭگە بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە مېنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلىدىغان مۇنداق بىر ئىش بولدى. مەن ئەقلىمگە كېلىپ شۇ كۈنگىچە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ۋە كۆرەلمىگەن ئىككى نادىر ئەسەر — «تۈرك دىۋانۇ لۇغەت» بى-لەن «قۇتادغۇبىلىك»نى ئۈرۈمچىدىكى «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى»دا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ ۋەقەنى ئېنىقراق بايان قىلىش ئۈچۈن بىز «يۈسۈپ خاس ھاجىپ، كۇتۇپخانىسى»نىڭ تارىخىي توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز:

بۇرۇن شىنجاڭدا بۇنداق چوڭ كۇتۇپخانىلار يوق ئىدى. 1945 - يىلى شىڭ شىسەي گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكەندىن كې-يىن، مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسابەگ، مەسئۇد ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ئىچكىرىدىن (نەنجىڭدىن) شىنجاڭغا كەلدى. بۇلار غەرب دۇنياسىدا يۈرگەن چاغلىرىدا سېتىۋالغان ئۇيغۇر تارىخىي ۋە مە-دەنىيىتىگە ئائىت كىتابلارنى يىغىپ ئەكېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئۇي-غۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» كۇتۇپخا-نىسى» تەسىس قىلدى. بۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ كۆپىن-چىسى ئۇيغۇر - تۈرك تارىخىغا ئائىت كىتابلار بولۇپ، شۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ فەرغانە نۇسخىسى، «تۈرك دىۋانۇ لۇغەت»نىڭ مىسىر نۇسخىسىدىن ئۈچ توم بار ئىكەن. مەن نەنجىڭگە بېرىشتىن بۇرۇن شۇ كۇتۇپخانىدا ئۆم-

رومدە تۇنجى قېتىم شۇ گۆھەر ئابدىلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ كۇتۇپخانىدا شۇ چاغدا ھەر تۈرلۈك كىتابلار بولۇپ، مەن يازغان «تۇزۇماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان مۇھاكىمە» قاتارلىق كىتابلارمۇ بار ئىكەن. بۇ كۇتۇپخانا گەرچە بىلىم يۇرتى بولسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردا نۇقۇل ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ ئوق ئېتىش نىشانى بولۇپ، ئازادلىق ھارپىسىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئەيسابەگ، مەمتىمىن بۇغرالار چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ئالدىدا كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ھەدىيە قىلغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا بىز ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» شۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلار ئاساسىدا ئىشلەنگەن.

## ئەنجەندىكى يەتمىش ئىككى كۈن

ئەنجەنگە كەلگەندىن كېيىن، ئەنجەن ھۆكۈمىتى بىزنى شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات كوچىسىدىكى ئەنلې مېھمانخانىسىغا (安乐酒店) ئورۇنلاشتۇردى. ئاڭلىشىمىزچە بۇ مېھمانخانا مابۇفاڭغا تەئەللۇق ئىكەن. ئاۋات ئەنجەن كوچىلىرى ۋە ئۇ جايدىكى يېڭىلىقلار بىزنى ھەيران قالدۇراتتى. بىز يىگىرمە نەچچە كۈن ئىچىدە قانۇن تۈزەش پالاتاسىنىڭ تەرتىپ، قائىدىلەرنى تۈزۈش ئىشىغا قاتناشتۇق. شۇ كۈنلەردە بورھان ئەپەندى شىنجاڭدىن بارغان دۆلەت قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەيۋەنگە ئېكىسكۇرسىيىگە ئۇيۇشتۇرغانىكەن. مېنىمۇ تەكلىپ قىلىشتى. بىز پويىزدا ئولتۇرۇپ كېچىدە شاڭخەيگە يېتىپ كەلدۇق. شاڭخەيدە بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن «سۇڭ مېيلىڭ» نامىدىكى چوڭ پاراخوتقا ئولتۇرۇپ 38 سائەتتە شاڭخەيدىن تەيبېيگە يېتىپ كەلدۇق.

دېڭىز سەپىرى بىز ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. بىز پاراخوتنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىپ ئۇپۇق بىلەن گىرەلەشكەن دېڭىز يۈزىنى، ھەيۋەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرىنى، ئۇچار بېلىقلارنى تاما-



شا قىلدۇق. بولۇپمۇ پاراخوت مېڭىۋاتقاندا پاراخوتنىڭ ئارقا تەرىپىدە پەيدا بولىدىغان چوڭقۇر ئېرىق بىزگە ناھايىتى قىزىق تۇيۇلدى. بۇ ئېرىق ناھايىتى كەڭ ئېچىلىپ، پەقەت پاراخوت يىراقلاشقاندىلا ئاندىن قوشۇلىدىكەن. سەپەر ئۈستىدە دېڭىز يۈزىدە توساتتىن دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، پاراخوت ھەرياققا داۋالغۇشقا باشلىدى. پاراخوت باشلىقى بىزنى خانىمىزغا كىرىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى ھەممىدە ھەممىمىزگە بىردىن قۇتقۇزۇش كىيىمى كىيدۈردى. بىز شۇ كىيىمنى كىيگەندىن كېيىن خېلى قورقتۇق. تۆت سائەتتىن كېيىن دېڭىز يۈزى تىنچلىنىپ، چېھرىمىزدە قايتىدىن خاتىرجەملىك تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى.

بىز تەيبېيگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن مەن ئۇ يەردە پەقەت سەككىز كۈنلا تۇرالىدىم. بۇ جەرياندا بىز تەيبېي داشۆسىنى ۋە يەنە بىر قانچە زاۋۇتلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. تەيبېي بازارلىرىنى ئايلىنىپ چىقتۇق. تەيبېينىڭ مەرۋايىت سانائىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىكەن. مەرۋايىتلىرى يوغان چىلاندەك كېلىدىكەن. سەدەپ بىلەيزۈك، تۈگمە ۋە چازىلىرىمۇ خېلى داڭلىق ئىكەن. ھەممىمىز شۇ نەرسىلەردىن ئۆزىمىزگە يارىغانلىرىنى تاللاپ سېتىۋالدۇق. كېيىن بىز تىنچ ئوكياننىڭ چېتىدىكى سۇ ئۈزۈش ئورنىغا تەكلىپ قىلىندۇق. مەن ئالماشتۇرىدىغان كىيىم ئېلىۋالمىغانلىقىم ئۈچۈن، سۇدىن چىقىپ ئىچ كىيىملىرىمنى سىقىپ بىر يەرگە ئارتىپ قويىدۇم - دە، ئۆزۈم ئەدەپ يۈزىسىدىن كۈنگە دۈمبەمنى قىلىپ ئىچ كىيىمىمنىڭ قۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. نەتىجىدە ئىچ كىيىمىم قۇرۇپ بولغۇچە ئاپتاپ گەجگەمنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆيدۈرۈپ يېغىنى چىقىرىۋەتتى. بۇ كۆيۈككە دوختۇرنىڭ دورىسىمۇ، تېۋىپنىڭ شىپاسىمۇ كار قىلمىدى. تەيبېينىڭ ھاۋا كىلىماتى بەك ئىسسىق بولغاچقا ئادەم دائىم دېگۈدەك تەرلەپ تۇراتتى. شۇڭا گەجگەمنىڭ ئاغرىقى مېنى تەيبېيگە كۆڭۈلسىز قىلىپ قويدى. نەتىجىدە مەن بىر ھەپ-

تىدىن كېيىنلا تەيپېيدىن نەنجىڭگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

نەنجىڭدە قانۇن پالاتاسىنىڭ يىغىنىغا داۋاملىق قاتناشتىم. شۇ جەرياندا يۈز بەرگەن بىر نەچچە ئىش تۈپەيلىدىن مەندىكى قانۇن تۈزۈش پالاتاسىغا قارىتا ئەسلىدىكى ئۈمىدلەر يوققا چىقتى. بۇنىڭغا بۇنداق ئىككى ئىش سەۋەبچى بولدى:

مەن قانۇن تۈزۈش پالاتاسىغا قاتناشقاندىن كېيىن، بۇ جايدىكى بەزى ئىشلارنى كۆرۈپ، نەنجىڭگە كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلغان بولساممۇ، نېمىلا بولمىسۇن، كەلگەن ئىكەنمەن بىرەر ئىش قىلىپ كېتىش نىيىتىدە شىنجاڭغا پايدىلىق بولغان بەش تۈرلۈك تەلەپنى يېزىپ پالاتاغا قويماقچى بولدۇم. بىراق، شىنجاڭدىن بارغان ئامىنخان ھاجىم (مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئايالى)، ئابلاتىمەن (ھازىر تەيۋەندە)، قاسىم ئەپەندى (ۋاپات بولغان) قاتارلىق پالاتا ئەزالىرى مېنىڭ قويماقچى بولغان تەكلىپىمنى شاڭخۇ كۈلكىسى بىلەن قارشى ئالدى. مېنىڭ تەكلىپىم تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

1 – شىڭ شىسەيگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش؛

2 – شىنجاڭغا مۇختارىيەت بېرىش؛

3 – شىنجاڭ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سومما ئاجرىتىش؛

4 – شىنجاڭنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زاۋۇت فابرىكىلارنى كۆپلەپ قۇرۇش؛

5 – مۇسۇلمان ئاياللىرىنى مۇسۇلمان بولمىغان مىللەت ئەرلىرىنىڭ نىكاھىغا ئېلىشىنى قانۇنىي ھالدا چەكلەش.

قاسىمبەك باشلىق بىر نەچچەيلەن مېنىڭ بۇ بەش تۈرلۈك تەكلىپىمنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە: شىڭ شىسەينىڭ قولى گەرچە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان بولسىمۇ، ھازىر ئۇنى جىياڭ



كەيشى دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا تەكلىپلەرمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. چۈنكى ئۇ تەكلىپلەرگە بىز ئالتىمىزدىن باشقا يەنە ئوتتۇز نەپەر پالاتا ئەزاسى قول قويغاندىلا، ئاندىن ئۇ كۈچكە ئىگە بولىدۇ، دېيىشتى.

مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ يەنە بىر قېتىم قورچاق قىلىنغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ شىنجاڭ خەلقىگە قانۇندىن بىرەر پايدا يەتكۈزۈش ئارزۇيۇم پۈتۈنلەي بەربات بولدى ـ دە، بۇ جايدا قۇرۇق ئاتاقنى كۆتۈرۈپ قورساق تويغۇزۇپ يۈرگۈچە يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىپ، ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. گەرچە ئۇ يەردە بىزگە ناھايىتى چوڭ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىلىپ، ئېيىغا يۈز مىليون يۈەن مائاش (ئىككى يېرىم سەر ئالتۇن قىممىتىدە) بىلەن تەمىنلىنىۋاتقان بولساممۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەتتە ياشاۋاتقان شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تولىمۇ بىمەنە ھېس قىلىشقا باشلىدىم. دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئىككى ۋەقە مېنىڭ نەنجىڭدىن تېز قايتىپ كېتىشىمگە تۈرتكە بولدى.

بىر كۈنى قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى يىغىن ئېچىۋاتاتتۇق. پالاتا ئەزالىرىدىن كەيفىڭلىق ۋەكىل ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كەيفىڭغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى، گومىنداڭنىڭ تاقابىل تۇرالمىغانلىقىنى سۆزلەپ زار ـ زار يىغلاپ كەتتى. خەرىتىگە قاراپ باقسام، كەيفىڭ نەنجىڭگە ناھايىتى يېقىن ئىكەن. كۆڭلۈمدە ئازادلىق ئارمىيە كەيفىڭغا كېلىپ قالغان تۇرسا، بۇ گومىنداڭمۇ تۆت پۇتى لىڭشىپ قالغان قۇرۇق ئىسكىلىت ئوخشايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ بۇ يەردە يۈرگىنىمنىڭ پايدىسى

نېمە؟ — دەپ ئويلىدىم. مەن نەنجىڭدىكى چاغلاردا بورھان ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە پات-پات چىقىپ تۇراتتىم. بىر كۈنى بورھان ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا دېدىم. ئۇمۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلغان ئاساستا شۇ كۈنى چىققان «جۇڭگىياڭ رىباۋ» گېزىتىنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى. گېزىتكە بورھان ئەپەندىنىڭ تەرجىمىھالى بېسىلغان بولۇپ، بورھان ئەپەندىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئوقۇغان دەپ يېزىپتۇ. ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن بورھان ئەپەندىنى سوۋېتپەرەست، كوممۇنىستپەرەست دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى. مەن شۇ گېزىتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، بورھان ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ:

— بۇ نېمە بولغىنى؟ گومىنداڭ ھازىر كوممۇنىستلار بىلەن سوقۇشۇۋاتقان تۇرسا، مېنى بولسا پۈتۈنلەي سوۋېت تەرەپدارى قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا ماڭا بىرەر يامانلىق بارمۇ قانداق؟ — دېدى ئۇ.

مەن ھېلىقى ماقالىنى بىر نەچچە قېتىم مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، ئىشەنچلىك قىلىپ شۇنداق دېدىم:

— بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن سىلىگە ھېچقانداق يامانلىق كەلمەيدۇ. بەلكى ياخشىلىق كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. يالغۇز سىلىگىلا ئەمەس، شىنجاڭ خەلقىگىمۇ بىرەر ياخشىلىق كېلىشى مۇمكىن. دېمەك، گومىنداڭ سوۋېت بىلەن يامانلىشىشنى خالىمايۋاتقان بولسا كېرەك. ھەتتا كېيىنكى چاغلاردا گۇڭچەنداڭ بىلەن ياخشىلىشىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى بىر تەرەپتىن گۇڭچەنداڭنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېتنىڭ ھۇجۇمى ئۇلار ئۈچۈن يېنىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ شىنجاڭدا ھازىر بېتىمىنى بۇزدى. مەسئۇدنى ئۆلكىنىڭ رەئىسى قىلىپ ئولتۇرغۇزۇۋىدى، ئۇنىڭ ئورنى مۇستەھكەملەنمىدى، چۈنكى مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشىغا ھەممە تەرەپ قارشى چىقتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، گې-



زىتتە سىلىنى كوممۇنىستپەرەست قىلىپ تونۇشتۇرۇشتىكى مەقسەت، نېمە بولماقچى؟ دېمەك، ھازىر مەسىلە ناھايىتى ئېنىق، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سىلىنى شىنجاڭغا ئاپىرىپ رەئىس قىلماقچى. شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيتمەكچى. چۈنكى، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ناھايىتى ئايان. شۇنداقلا، بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت تەرەپكە ئالدىن بەرگەن سىگنالى. ئۇلار بورھان شەھىدىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىز ياخشى بىلىمىز، ئىشەنمىسەڭ ماۋۇ گېزىتقا قاراپ باق. بىراق، بىز سەن بىلەن دۈشمەنلەشمەيدىغان بولغاچقا، دەل شۇنى شىنجاڭغا رەئىس قىلدۇق، دېمەكچى، — دېدىم. دەرۋەقە، مېنىڭ بۇ مۇلاھىزەمنىڭ توغرۇلۇقىنى كېيىنكى ئەمەلىيەتلەر ئىسپاتلىدى.

بورھان ئەپەندىمۇ مېنىڭ بۇ مۇلاھىزەمگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، «ئەمىسە سىلەر قايتىپ كېتىڭلار» دەپ، ئايالى رەشىدە بىلەن مېنى ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ قويدى. بۇ 1948-يىلى 5-ئايلاردا بولغان ئىشلار ئىدى.

مەن شۇ چاغدىن باشلاپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇناسىۋىتىمنى پۈتۈنلەي ئۈزۈش نىيىتىدە، ئازادلىق ئەرپىسىگە قەدەر بولغان 16 ئاي ئىچىدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ھېچقانداق خەت ئالاقىسى قىلمىدىم. ئۇلارنىڭ خەتلىرىگىمۇ جاۋاب بەرمىدىم. شۇ ئارىلىقتا ئايلىق بېرىدىغان 16 يى مائاشنى تاپشۇرۇپ ئېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنى مەن قوبۇل قىلمىدىم. نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ ئۇزۇن ھايال بولماي دەرھال قەشقەرگە يول ئالدىم.

## ئازادلىق ھارپىسىدىكى قەشقەر

مەن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، يەنىلا «قەشقەر — شىنجاڭ

گېزىتى»نىڭ باشلىقى، مەسئۇل مۇھەررىرى، سەنىيىخۇيىنىڭ يېچاڭى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ تۇردۇم. بۇ چاغدا ئازادلىق ئارمىيە تېخى چاڭجىياڭ دەرياسىدىن ئۆتمىگەن بولۇپ بۇ گوڭچەنداڭ بىلەن گومىنداڭ تەنپەن قىلىشىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. شۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا قەشقەردە ئىككى سەپ كۆرىشى ناھايىتى كەسكىنلىشىشكە باشلىدى. بۇ ئىككى سەپنىڭ بىرى جاۋشىڭۋاڭ باشچىلىقىدىكى گوڭچەنداڭ بىلەن سۆلھىلىشىش تەرەپدارلىرى بولسا، يەنە بىرى دۆلەت مۇداپىئە قىسمىدىكى گوڭچەنداڭ بىلەن ئاخىرغىچە تىركىشىش تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۇلار قارا شەھەردە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىپ، يامىنى كەلگەندە خوتەن ئارقىلىق قىرىپ چىقىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. نەنجىڭدىكى ئىشلاردىن گومىنداڭنىڭ ھال-ئەھۋالى ماڭا ناھايىتى ئايان بولماچقا، مەن قەشقەردىمۇ ئىزچىل تۈردە تىنچلىق تەرەپدارلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇردۇم. بۇ چاغدا ھەر ئىككى سەپ ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قوراللاندۇرغان بولۇپ، قەشقەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرمۇ شۇ دەۋردىكى سىياسەت قايىنىمى ئىچىدە ئىدى. جەمئىيەتتىكى مۇشۇ خىل ئىللەتنىڭ تىپىك ئىپادىسى بىزنىڭ گېزىتخانىدىمۇ كۆرۈلدى. گوڭچەنداڭ بىلەن ئاخىرغىچە تىركىشىش تەرەپدارلىرى گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھامۇت سىدىقنى قوراللاندۇرۇش بىلەن ئارىمىزدىكى يوقىلاڭ زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۇنى ماڭا قارىمۇ قارشى قىلىپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن ئارىمىزدا بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەردى. بىراق بۇ يامان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نەتىجىسىدە مەن قەشقەردە ئالاھىدە ئەرباب بولۇپ سانىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن نەنجىڭدىن قايتىپ ئۈرۈمچىدە تۇختىغاندا يىگىرمە نەچچە سەر ئالتۇنغا بىر پىكاپ سېتىۋالغانىدىم. شۇ مەزگىلدە قەشقەر تەۋەسىدە جاۋ شىڭۋاڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ



پىكاپى يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھەپتىدە بىر دېگۈدەك يېڭىشەھەردىكى ھەربىي قوماندانلىق شتابىغا يىغىنغا چاقىرىلاتتۇق. دوتەيدىن تارتىپ ئادەتتىكى ئەمەلدارلارغا قەدەر ھەممىسى يىغىن ۋاقتىدىن خېلىلا بالدۇر مەيلىرىدە ئولتۇرۇشۇپ يولغا چىقىدۇ. مەن بولسام يىغىن ۋاقتىغا ئون بەش مىنۇت قالغاندا پىكاپىمغا چىقىمەن-دە، يېرىم يولدا ئۇلارنى پىكاپىمنىڭ توپىسى بىلەن كۆمۈپ ئۆتۈپ كېتىمەن. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ھەسەت ئارىلاش غەزىپىنى تازا ئۆرلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يىغىنلاردا جاۋ شىڭۋاڭنىڭ ماڭا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىشلىرى، گەپ ئارىسىدا «ئەگەر شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەختى بولسا، سىز تەمرات نازارىتىگە نازىر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىلانلىرىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇسىز» — دېيىشلىرى ۋە جاۋ شىڭۋاڭنىڭ ماڭا قىلىدىغان ئالاھىدە مۇئامىلىسىدىن باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى راستقا چىقىرىشاتتى. شۇ چاغلاردا گوڭچەنداڭ بىلەن گومىنداڭ سۆلھىلىشىۋاتقان بولۇپ، ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرى تۇختىغان يېرىنى چېگرا قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش توغرىسىدا سۆز بولۇۋاتاتتى. بىراق يەنە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن «ئازادلىق ئارمىيە قوشۇنلىرى چاڭجىياڭ دەرياسىدىن ئۆتتى» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەنلا جاۋ شىڭۋاڭنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى بۇرۇنقىدىن ئۆزگەردى. چۈنكى، بۇ چاغدا سۆلھىلىشىش سىياسىتى بىراقلا تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش (ياكى تەسلىم بولۇش) سىياسىتىگە ئۆزگەرگەنلىكتىن، جاۋ شىڭۋاڭ ئۆز ئەھۋالى بىلەن قالغانىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۈرۈمچىدىن مەمتىمىن ھەزرەت، ئەيسابەگ باشلىق 20 — 30 نەپەر كىشى چەتكە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ مەن قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋالىينىڭ يېنىدا گويا مۇئاۋىن ۋالىيدەك تۇرۇۋاتقان

چاغلار ئىدى. ھاجى ياقۇپ سەپەر باشلىقى ئىكەن. ئۇ ھەممىدىن ئىلگىرى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ۋالىغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ تاماق، ياتاق مەسىلىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بۇنىڭغا دەرھال بىر نېمە دەپ جاۋاب بېرەلمىدى. چۈنكى شۇنچە ئادەمنىڭ تاماق ۋە ياتقىنى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇش ۋالىي ئۈچۈن سەل تاسادىپىي ئىدى. شۇڭا ۋالىي دەرھال ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرەلمىدى. بۇنىڭدىن ھاجى ياقۇپ سەل رەنجىپ قالغاندەك بولدى - دە، قولىنى سىلكىپ چىقىپ كېتىپ، توپتوغرا يېڭىشەھەردىكى كورپۇس قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. بىز كېيىن ئۇلارنىڭ چۈشكەن يېرىگە پەتىلىگىلى باردۇق. گەپ ئارىسىدا ئەيسا ئەپەندى مېنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە چىقىپ كېتىشكە تەۋسىيە قىلدى. شۇ چاغدا مەن ئۇلار بىلەن چىقىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدۇم. بىراق، ئۆز ۋەتىنىمدىن ئايرىلىپ، يات يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، بۇ خىيالدىن دەرھال ۋاز كەچتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن شۇ چاققىچە ئۆزۈمنىڭ مىللەتكە، ۋەتەنگە مۇخالىپ كېلىدىغان بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويغۇنۇمنى بىلمەيمەن. قورقۇشۇم ھاجەتسىز، دەپ ئويلىدۇم - دە، ئەيسا بەگنىڭ تەلىپىنى رەھمەت بىلەن رەت قىلدىم. شۇ كۈنلەردە ئۇلار سەپەر تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش، بىز بولساق ئۆز ئاۋارىگەرچىلىكىمىز بىلەن ئالدىراش ئىدۇق. چۈنكى، دەۋردە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز گۇڭچەنداڭنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيمىز. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا غېمىمىز يوق، دېيىش يالغان سۆزلىگەنلىك بولاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەۋەرچى ماڭا جاۋ شىگۇاڭنىڭ چاقىرتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. جۇنبۇغا بارسام جاۋ شىگۇاڭ ماڭا:

— باشقا بىرسىنى دېگۈزەي دېسەم ئىشەنچ قىلالمىدىم.



سىز مەتتىمىن بۇغرا قاتارلىق ئەپەندىلەرگە ئېيتىپ قويسىڭىز. ئۇلار 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن ئىلگىرى چېگرىدىن چىقىپ كەتسۇن، ئەگەر شۇنىڭغىچە جۇڭگو چېگرىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ قالسا، مەن ئۇلارنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىمەن. سىز مۇشۇ گەپنى ئۇلارغا ئوچۇق ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى. مەن بېرىپ ئۇلارغا جاۋ شىگۇاڭنىڭ ئەينى سۆزىنى يەتكۈزۈپ قويۇۋىدىم، ئۇلارمۇ ھەيران بولدى - دە، شۇ كۈنى كېچىدىلا قاغىلىققا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇلار مېڭىپ ئاز كۈنگە قالماي: «قەشقەرگە ئازادلىق ئارمىيە يېتىپ كەپتۇ!» دېگەن خەۋەر تارقالدى. مەن گېزىتخانا باشلىقلىقى سالاھىيىتىم بىلەن ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋالدىم. شۇ قېتىمدا قەشقەر خەلقىدىن نەچچە مىڭ ئادەم يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، قىزغىن ئالقىشلار بىلەن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قەشقەرگە كىرىشىنى قارشى ئالدۇق.

ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى بىرىنچى قېتىم يەتمىش - سەكسەندەك ماشىنا بىلەن ئاتۇش تەرەپتىن قەشقەرگە كىرىپ كەلدى. ئازادلىق ئارمىيە قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئازادلىق ئارمىيە ئۈچۈن پۈتۈن يۇرتقا ئوتتۇن - سامان ئالۋاڭ سالغانىكەن. ئازادلىق ئارمىيە كوماندىرلىرى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۇقرالاردىن يىغىلغان ئوتتۇن - سامانلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋەتتى، ھەمدە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ پۇقرالارغا سېلىق سالمايدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى پومىشچىكلارنىڭ ئورمانلىرىدىن ئوتتۇننى ئۆزلىرى كېسىپ يۈدۈپ ئەكىلىپ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى تەمىنلىدى. ئارقىدىنلا ئازادلىق ئارمىيە ئەر - ئايال جەڭچىلىرى قەشقەردە ئەپكەشتە تىزەك تېرىيدىغان ئىشلار چىقتى. بۇ قەشقەر تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىلىقلار بولغاچقا، ھەممىمىز ھەيران قالدۇق.

بۇ جەرياندا مەن قانداق قىلغاندا «قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى»نى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرى يولداش ۋاڭ ئېنماۋدىن يولىيورۇق سوراپ تۇرغاندىن سىرت، ئۆز مەسئۇللۇقىمدىكى گېزىت ئارقىلىق ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشقا ماسلاشتىم. ھەمدە ئۆزۈمنىڭ قەشقەردىكى قولايلىق ئىجتىمائىي ئورنۇمدىن پايدىلىنىپ قەشقەرنىڭ تىنچ ھالدا يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇشىغا كۈچ چىقىرىشقا تىرىشتىم.

(ئەھمەد زىيائىي ئەپەندى 1989 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. مەزكۇر ئەسلىمە نەشرگە بېرىلىشتىن بۇرۇن ئەخمەد زىيائىي ئەپەندىنىڭ كۆرۈپ چىقىشىدىن ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ ئەسلىمىنىڭ داۋامى بار — تەھرىردىن).



# مۇسابايوۋلار كارخانىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئېزىزوۋ ئابدۇللا

XIX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىن (1848 - يىلدىن) باشلاپ بىر بۆلۈم شىنجاڭلىق مىللىي سودا - سانائەتچىلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودا - تىجارەتتىن خەلقئاراغا يەنى روسىيە، تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان، سىرۋالىسكى، زەيسەن، موسكۋا، قازان قاتارلىق 16 ئورۇنغا كېڭىيىپ، شۇ جايلاردا سودا - ساراي (تىجارەتخانە)لىرىنى قۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، سودا تىجارەتنىڭ خەلقئاراغا كېڭىيىشى، كاپىتالىنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، فىنلاندىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايونلاردىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا مۇناسىۋەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتىلا ياۋروپا مەدەنىيىتىنى كۆرگەن بۇ سودا - سانائەتچىلەر ھەرقايسى جايلاردىكى تىجارەت، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ماتاپاكتور يەنى تالونلۇق ھېسابات ۋە مائاشلىق ئىشچى تۈزۈمى بىلەن باشقۇرغانىدى.

XIX ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى ئۇلار ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى نەتىجىسىدە ئالدى بىلەن مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئېلىپ باردى. چۈنكى ئۇلار چەتنىڭ تەجرىبىسىنى زامانىۋى پەن - مەدەنىيەتنىڭ سودا - سانائەت بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

شىنجاڭ تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ئۆلگىسىدىن بولغان ئاكا - ئۇكا ھۈسەينباي ھاجى (1844 — 1926)، باۋۇدۇنباي (1851 — 1928) موسابايوۋلار سانائەت

ئېھتىياجى ۋە پەن - تەرەققىيات ئېھتىياجى ئۈچۈن مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى....

1870 - يىلى باۋۇدۇنباي مۇسابايوۋ چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ ئىلى بەيتۇللا، قەشقەر خانلىق مەدرىسلىرى بولۇپ بۇ ئىككى ئورۇندىكى چوڭ مەدرىسىدە پەننىي دەرس ئوقۇشنى يولغا قويدى. شىنجاڭدىكى تۇنجى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ياخشى نەتىجىسىدىن ئۇلار يەنە 1883 - يىلدىن باشلاپ ئۆز يۇرتى ئىكساقتا (ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بىر كەنتى) رەسمىي پەننىي مەكتەپ ئاچتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پەنگە قەدەم قويۇشى شىنجاڭ سودا - سانائەت تەرەققىياتىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئىلى ۋە تارىم ۋادىسىدا مىللىي سودا - سانائەتنىڭ مونارلىرىنى تىكلىدى. ئاكا - ئۇكا مۇسابايوۋلارنىڭ بۇ پائالىيىتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئويغانغان بىر قىسىم جۇڭگولۇقلارنىڭ «غەربتىن ئۆگىنىش»، «سانائەت بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش»، «مائارىپ بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» دېگەن تەشەببۇسلىرى 1898 - يىلدىكى ۋۇشۇي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭدىكى يۇقىرى پەللىسى ئىدى.

1895 - يىلدىن باشلاپ ئاكا - ئۇكا مۇسابايوۋلار غۇلجا شەھىرىدە ئۆزلىرىنىڭ باش تىجارەتخانىسىنى قۇرۇپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شۆبە تىجارەتخانىلىرىنى قۇردى. بۇ تىجارەتخانىلارغا يېڭى مائارىپ مەھسۇلى بولغان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ خىزمەتچىلەرنى قويدى.

1896 - يىلدىن 1906 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چەت ئەلدىن مېخانىزملاشقان بىر يۈرۈش تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى بارلىق ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ھەتتا رېمونت زاپچاس ۋە سايمانلىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋېلىپ ئىلىدا تېرە زاۋۇتى قۇردى. يەنى 1907 - يىلى قۇرۇلۇشنى باشلاپ 1909 - يىلى



رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، چاررۇسىيىنىڭ پۈتۈن تۈركىستان رايونى ۋە موسكۋا، لېنىنگراد، گوركى شەھەرلىرىگىچە زاۋۇت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. سوۋېتتىن كەلتۈرگەن سانائەت ماللىرى بىلەن شىنجاڭ ئېھتىياجىنى تەمىن ئەتتى. بۇ زاۋۇت ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن تېخىمۇ جانلىنىپ، راۋاجلىنىپ ئازغىنە كەم بىر ئەسىردىن بۇيان شىنجاڭ سانائىتىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى دۇنيا بازارلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

ھازىرقى سودا - سانائەت ئىسلاھاتى ئىشىكنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش يۈزلىنىشى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ سودا - سانائەت تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋە جايلارنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى مەشھۇر سودا- سانائەتچىلەر، مەشھۇر كارخانا، مەشھۇر مەھسۇلاتلار تارىخىنى يېزىش ۋە ئۆز رايونىنىڭ سودا - سانائەت تارىخىنى يېزىش ئۈچۈن مەن مەشھۇر ئاكا - ئۇكا موسابايوۋلار، ھەسەنباي، باۋۇدۇنبايلارنىڭ سودا - سانائەت تارىخىنى ۋە قىسقىچە ئائىلە تارىخى ئۈستىدە مەلۇمات بەرمەكچىمەن.

## (I)

## مۇسابايوۋنىڭ قىسقىچە ئائىلە تارىخى

مۇسابايوۋلارنىڭ ئەسلى يۇرتى شىنجاڭ ئاتۇش ناھىيىسى ئىكساق كەنتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يەتتە ئاتىسى ئىكساق كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆز يۇرتىدا دېھقانچىلىق ۋە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇساھاجى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تىجارىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگىچە ھەممە ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەرگىچە تارالغان. ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى:

1 ـ، مۇھەممەت ئەلى. بۇ كىشى ئۆز يۇرتى ئىكىساقتا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تۇرمۇشى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن خېلى ياخشى بولۇپ ئۆز كۈچىگە چۇشلۇق يەر، سۇ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بولۇپ، دېھقانچىلىقتىن باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىغان.

2 ـ، ئابدۇل ئىبزىز. ئۆز يۇرتىدا ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئاتىسى مۇھەممەت ئەلىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ئۆز يۇرتىدا قوشۇمچە كىچىك تىجارەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. تۇرمۇشى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن بىر قەدەر ياخشى ئۆتكەن. ئۆزىگە چۇشلۇق يەر، سۇ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولۇپ، يەنە كىچىك دائىردىكى سودا ئىقتىسادىمۇ بولغان. سودا تۇرى ئومۇمەن كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملاردىن ئىبارەت.

3 ـ، ئابدۇل مىجىت. بۇ كىشى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ تىجارەت دائىرىسى ئاتىسى ئابدۇل ئىبزىزنىڭ تىجارەت دائىرىسىدىن كېڭىيىپ ئىقتىسادىمۇ ئاتىسىنىڭ ئىقتىسادىدىن كۆپەيگەن، ئۆزى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، يۇرت ئىچىدە شۇ دەۋرنىڭ بىر قەدەر ئىناۋەتلىك كىشىلىرىدىن بولغان. تىجارەت دائىرىسى ئۆز كەنتىدىن ھالقىپ قوشنا كەنتلەرگىچە كېڭەيگەن.

4 ـ، تۇردى. بۇ كىشىنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن تىجارىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولغان. دېھقانچىلىق دائىرىسى كېڭەيگەن، يەر، سۇ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، چارۋىلىرى خېلى كۆپ بولغان. تىجارەت دائىرىسىمۇ خېلى كېڭەيگەن. ئۆزى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ خېلى مۇكەممەل دىنىي بىلىم ئالغان. ئاتىسى ئابدۇل مىجىتكە نىسبەتەن بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئەقىل پاراسەتلىك ئادەم بولغان. تىجارەتتىن ئالغان كىرىمى دېھقانچىلىقتىن ئالغان



كىرىمىگە نىسبەتەن خېلى كۆپرەك بولغان. شۇ دەۋردە ئۇ پۈتۈن ئاتۇشتا «تۇردى قوم» دەپ نام ئالغان («تۇردى قوم» دېگەن لەقەم تۇردىنىڭ پۇلى قۇمدەك كۆپ دېگەن مەنادا ئېيتىلغان).

5 ـ، ئابدۇرۇسۇل. بۇ كىشى تىجارەتچى، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئاتىسى تۇردىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تىجارەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسىنى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتكەن. ھەمدە بۇ يەرلەردىن ماتا ـ چەكمەن، شايى، ئەتلەس، گىلەملەرنى ئېلىپ تاشكەنت، ئەنجانلارغىچە ئاپىرىپ سېتىپ مۇسابايوۋلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم چەت دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلغۇچى كىشى بولۇپ قالغان. ئۇ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە جۇڭگونىڭ چاي، چىنە ـ قاچا، تاۋار ـ دۇردۇنلىرىنى چەت ئەلگە ئەكىپچىقىپ سېتىپ، تاشقى سودىنى خېلى راۋاجلاندۇرغان. ئۆزى دىنىي مەدرىستە ئوقۇپ دىنىي بىلىم ئېلىشنىڭ سىرتىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى خېلى مۇكەممەل ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىللەن جامائەت ئىشلىرىغا كۆپرەك ئارىلىشىپ قەشقەر، ئاتۇشلاردا جامائەت ئەربابى بولۇپ تونۇلغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئوغلى مۇساھاجىنى ئوقۇتۇپ، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئىگىلىك باشقۇرغۇچى قىلىپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن. ھەمدە پارس، ئەرەب تىللىرىنى پىششىق ئۆگەتكەن. ئۆزى ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىدە جامائەت ئىشلىرى بىلەن بولۇپ تىجارەت ئىشلىرىنى ئوغلى مۇساھاجىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

6 ـ، مۇساھاجى. بۇ كىشى ئاتىسى ئابدۇرۇسۇلنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، بارلىق كۈچى بىلەن تىجارەتنى راۋاجلاندۇردى. ئۆزىنىڭ توپلىغان دۇنياسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىپ، سودا تىجارەت، قول سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋە ئۇنى تې

خىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، كۈن سايىن روناق تاپقان. ئۆزى بۇخارادا ئوقۇپ كۈچلۈك دىنىي بىلىم ئېلىپلا قالماستىن ئەرەپ، پارس، ئوردو تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ ئالىدۇ. ھەمدە ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كېلىدۇ. چەت ئەللەرگە بېرىپ سودا تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چەت ئەلنىڭ بولۇپمۇ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ گۈللەنگەن سودا - سانائەت تەرەققىياتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ھەمدە ئۆز يۇرتىنىڭ سودا- سانائەت، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ياۋروپا دۆلەتلىرىدەك تەرەققىي قىلىشىنى ئويلايدۇ.

مۇساھاجىم شۇ دەۋردە ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە بىلىملىكى بىلەن جامائەت ئىچىدە زور تەسىرى بار ئەرباب بولۇپ تونۇلىدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز يۇرتىدىكى ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) ۋەكىللىكىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بەزى بىر زۇلۇم ۋە چىرىتىشلىرىگە يوشۇرۇن ھالدا قارشى تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ «سانائەت بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزايلى»، «مائارىپ بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزايلى» دېگەن ئىلغار شوئارلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز يۇرتىدا سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. مۇساھاجىم شۇ دەۋردىكى فېئودال كۈچلىرىنىڭ ھەر خىل ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان توسقۇنلۇق ۋە قارشىلىقلىرىغا قارىماي، مەدرىس ۋە پەننىي مەكتەپلەرنى ياسىتىپ ۋە رېمونت قىلدۇرۇپ، دىنىي ۋە پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇپ يېڭى مائارىپنىڭ تەرغىباتچىسى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىسى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىككى چوڭ ئوغلى — ھۇسەنباي، باۋۇدۇنبايلارنى شۇ مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. ھەمدە بالىلىرىغا «پۇلنىڭ خوجىسى بولماي، ئىلىمنىڭ خوجىسى بولۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىق تىجارەت ئىشلىرىنى ئوغۇللىرى ھۇسەنباي



بىلەن باۋۇدۇنبايلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى جامائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى چوڭ رېمونت قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن تالىپلارنى تەربىيىلەيدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، پەننىي مائارىپ بولمىغان ئىدى. شۇڭا مۇساھاجىم باغدات، بۇخارالاردىن بىلىملىك كىشىلەرنى شەخسەن ئۆزى تەكلىپ قىلىپ، مۇدەررىس قىلىپ مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە دىنىي دەرستىن باشقا چەتئەل تىلى، تارىخ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۆزىمۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇدەررىس بولۇپ ئىشلەيدۇ. ھەمدە ئۆز ئۆيىدە چوڭ كىتابخانا ئېچىپ، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق دىنىي، پەننىي كىتابلارنى توپلاپ، ئۆز ئەۋلادلىرى ۋە تالىپلارنى پايدىلاندۇرىدۇ. جۈملىدىن ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ، ئوغۇللىرىغا ئىلىدا قول سانائەت كارخانىسى (كون، خۇرۇم، چەم، سوپۇن، شام ئىشلەيدىغان كارخانا) قۇرغۇزىدۇ ۋە سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىن قۇرۇلماقچى بولغان «ھۇسەنباي تىرە زاۋۇتى» غا ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. مۇساھاجىم 1918 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولۇپ، ئۇستۇن ئاتۇش ئىكساق مازىرىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

بۇلارنىڭ تىجارىتى 1895 - يىلدىن باشلاپ ياۋروپاغا تارالغاندىن كېيىن، مۇساھاجىم ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ فامىلىسى قىلىنىپ بېكىتىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ياۋروپادا «مۇسابايوۋلار» دەپ نام ئالىدۇ.

7 -، ھۇسەنباي، باۋۇدۇنباي. مۇساھاجىمنىڭ ئۈچ خوتۇنىدىن ئالتە ئوغۇل، ئىككى قىزى بولۇپ، بۇلار: ھۇسەنباي، باۋۇ-

دۇنباي، ئىمام مۇھەممەت، ھېسامىددىن، ئوبۇل ھەسەن، ئابدۇللا، قىزلىرى، ئۆمەراخان، ھەمراخان.

موساھاجىم ئۆزىنىڭ بارلىق تىجارەت ئىشلىرىغا ئىككى چوڭ ئوغلى — ھۈسەنباي بىلەن باۋۇدۇنبايىنى ۋارىس قىلىدۇ.

ھۈسەنباي بىلەن باۋۇدۇنباي قەشقەردىكى تىجارەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئىچىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كېڭەيتىپلا قالماي، چەت ئەللەرگىمۇ كېڭەيتىدۇ. ئۇلار 1895 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئۆزلىرىنىڭ باش تىجارەتخانىسى — «موسابايوۋ بۇرادەرلىرى شىركىتى»نى قۇرۇپ تىجارەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. مەملىكەت ئىچىدە ئۇنىڭغا «فوشيەنخاڭ» 福咸行 (ئاۋاتلاشقان كەسىپ) دېگەن نام بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئىلى سوۋېت ئارقىلىق ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن سودا قىلىشنىڭ بىر مۇھىم دەرۋازىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، شىخو، ئالتاي، ماناس، چۆچەكلەردە شۆبە تىجارەتخانىسىنى تەسىس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەت سىرتىدا روسىيىنىڭ قازاقىستاندىكى قارا - قارا يەرمەنكىسى، سىمى پالاتىنسكى يەرمەنكىسى، سىبىرىيىدىكى ئومىسكى، باراناۋول شەھەرلىرىدىكى يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىپ تىجارەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە روسىيىنىڭ نىژنىي نوۋوي گورود (ھازىرقى گوركى شەھىرى) موسكۋا، پېتىرگرات، قازان، ئوفا، تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان قاتارلىق شەھەرلىرىگىمۇ بېرىپ تىجارەت قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى تىجارەت تۈرلىرى ئاساسەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى — ئۈچەي، قوي تېرە، ئەل تېرە، كالا تېرە، ئات تېرە، مارىيە، سۇغۇر، بورسۇق، تۈلكە، بۆرە، سۆلەيسۇن تېرىسى ھەمدە يۇڭ،



يايلا، ئات قۇيرۇق، شۇنىڭ بىلەن يەنە قوي، ئات، كالا قاتارلىق جانلىق ماللارنى ئېكسپورت قىلىپ، ئۇ يەردىن شىنجاڭغا كېرەكلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىپ ئەكىرىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، سودا ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن روسىيىنىڭ ياركەنت (پامپىلوف)، ئالمۇتا، پىشمەك (پرۇنزى)، سىمىپالاتىنسكى، تاشكەنت، ئەنجان، ئوش، جالال ئاباد، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئۆز تىجارەتخانىسىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلغان. 1907 - يىلدىن 1909 - يىلغىچە «ئىلى تېرە زاۋۇتى»نى قۇرۇپ، شىنجاڭدا تۇنجى زامانىۋى سانائەت بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ راۋاجلاندۇرغان.

ھۈسەنباي 1926 - يىلى، باۋۇدۇنباي 1928 - يىلى ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇشۇ ئىككى ئاتىدىن بولغان ئەۋلادلار ئىككى يىل بىللە تىجارەت قىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى شىركەت تۈزۈمى بويىچە 1930 - يىلى مىراس بۆلۈشىدۇ. ھۈسەنباينىڭ ۋارىسلىرىغا ۋەكالىتەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سابىت مۇسابايوۋ (1972 - يىلى تۈركىيىدە ۋاپات بولىدۇ) پۈتۈن مال مۈلۈك — 1 مىليارد 562 مىليون 137 مىڭ 193 سوم ئىلى تاۋارنى ئاخچا ۋە 23 مىليون 161 مىڭ 665 سوم مېكسىكا پۇلى (تاشقى پېرېۋوت) نىڭ 54 پىرسەنتىنى - يەنى 843 مىليون 554 مىڭ 84 سوم ئىلى تاۋارنى ئاخچا ۋە 12 مىليون 507 مىڭ 299 سوم مېكسىكا پۇلىنى ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئاتىدىن بولغان قېرىنداشلىرىغا شىركەت تۈزۈمى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ؛ باۋۇدۇنباينىڭ ۋارىسلىرىغا ۋەكالىتەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇسابايوۋ (1979 - يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى) پۈتۈن مال - مۈلۈكنىڭ قالغان 46 پىرسەنتىنى يەنى 718 مىليون 583 مىڭ 99 سوم ئىلى تاۋارنى ئاخچا ۋە 10 مىليون 654 مىڭ 366 سوم مېكسىكا پۇلىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بىر ئاتىدىن بولغان قېرىنداشلىرىغا شىركەت تۈزۈمى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

ھۈسەنباي ھاجىنىڭ چوڭ ئايالى مايىنۇرخاندىن بولغان چوڭ ئوغلى سابىت مۇسابايوۋ، ئىككىنچى ئايالى ئالتۇنخاندىن بولغان ئوغۇللىرى ئابلىز مۇسابايوۋ (1984 - يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى)، ئابلەھەي مۇسابايوۋ (1970 - يىلى تۈركىيەدە ۋاپات بولدى)، مىجىت مۇسابايوۋ (1973 - يىلى سوۋېت ئالمۇتادا ۋاپات بولدى)لار بىر بۆلۈنۈپ چىقىدۇ. ھۈسەنباي ھاجىنىڭ 3 - ئايالى نۇرىمان خېنىمدىن بولغان ئابلەھەت مۇسابايوۋ (1987 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولىدۇ)، تەلەت مۇسابايوۋ (ھازىر تۈركىيە تەۋەلىكىدە بولۇپ چەتئەللەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ)، فىكرەت مۇسابايوۋ (1980 - يىلى ياپونىيەدە ۋاپات بولىدۇ) نىلۇپەر مۇسابايېۋا (1982 - يىلى پارىژدا ۋاپات بولىدۇ) دىلناۋاز مۇسابايېۋا (1984 - يىلى لوندوندا ۋاپات بولىدۇ) بىر بۆلۈنۈپ چىقىدۇ.

باۋۇدۇنباينىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇسابايوۋدىن ۋە باۋۇدۇنباينىڭ تۆت ئايالىدىن بولغان پەرزەنتلىرىمۇ ئانىلارنى ئاساس قىلىپ بۆلۈنۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھۈسەنباينىڭ بالىلىرى بىلەن باۋۇدۇنباينىڭ بالىلىرى مەلۇم شەكىلدە بىللە تىجارەت قىلسا (مەسىلەن، زاۋۇت تىجارىتى بىلەن بولغان) يەنە باشقا جەھەتلەردە ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم تىجارەت قىلىپ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىسمائىل مۇسابايوۋ 1944 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قورال - ياراق سېتىۋېلىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پۇل چىقىرىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.



1955 - يىلى مۇسايوۋلارنىڭ ئىلى تېرە زاۋۇتى ھەم سودا تىجارىتى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىي شېرىكچىلىككە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئابلىز مۇسابايوۋنى مەملىكەتلىك سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ دىرېكتورى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. قالغان ۋارىسلىرىنىمۇ ئۆز لايىقىدا سىياسىي جەھەتتىن ئېتىبار بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقىرى ماش بېرىپ سىياسىي - ئىقتىسادىي جەھەتتىن خاتىرجەم قىلدى.

## (II)

## ھۈسەنباي تېرە زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى

مۇساھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى 1895 - يىلى ئىلىدا قۇرۇلغان باش تىجارەتخانىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. ھەمدە دۆلەت ئىچى - سىرتىدا مەلۇم تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ھۈسەنباي بىلەن باۋۇدۇنبايلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە بېرىپ كۆزىتىش جەريانىدا، ياۋروپانىڭ سانائىتىدە زور كۈللىنىشلەر بولۇپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارىتىلغانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، زور ئىلھام ۋە ئۈمىدلەر بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسەن شۇنى بايقايدۇكى، شىنجاڭ بولسا ھەم دېھقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىق رايون بولۇپ، بۇ يەردىكى تېرە، ئۈچەي، يۇڭ قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن ئەرزان ھەم كۆپ؛ شۇنداقلا يالغۇز شىنجاڭدىلا ئەمەس پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى

پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زامانىۋى زاۋۇت يوق، پەقەت ئادەم
كۈچى ۋە سۇ كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان قول سانائەت كارخانىلىرى
بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى
ناچار، مىقدارى ئاز بولۇش سەۋەبىدىن جەمئىيەت، خەلقنىڭ
ئېھتىياجىدىن چىقالمايدۇ؛ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ھەم ئۆز يۇر-
تى شىنجاڭدا زامانىۋى زاۋۇتتا ئىشلەنگەن كۆن-خۇرۇم، چەم-
چىگىرىن، مەسكاپ، شاۋرۇن قاتارلىق مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتى-
ياجى كۈچلۈك؛ ئۇنىڭدىن باشقا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن
باشلاپ ئويغانغان بىر قىسىم جۇڭگولۇقلارنىڭ «غەربتىن ئۆگى-
نىش»، «سانائەت بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش»، «مائارىپ بىلەن
ۋەتەننى قۇتقۇزۇش» قاتارلىق تەشەببۇسلىرى 1898-يىلىدىكى ۋۇ-
شۈي ئىسلاھات ھەرىكىتى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان مائارىپ،
سانائەت ئىسلاھاتى بىلەن جىپسىلاشقان.

ھۇسەنباي بىلەن باۋۇدۇنباي مۇشۇ شەرت-شارائىتلارنى بى-
لىپ يەتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىلى تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇش تەي-
يارلىقىنى باشلىۋېتىدۇ. 1903-يىلى ھۇسەنباي تەكلىپكە بىنائەن
موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا يەرمەنكىگە قاتنىشىدۇ. بۇ يەر-
مەنكىگە تاشكەنتلىك ئەرشەنباي دېگەن ئۆزبېك سودىگەر
ئۆزبېكىستان قاتارلىق روسىيىنىڭ پاختا چىقىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى پاختىكارلارنىڭ پاختىسىنى ئېلىپ موسكۋا يەرمەنكىسىگە
قاتنىشىدۇ. بۇ كىشىنىڭ موسكۋاغا يۆتكەپ ئاپارغان پاختىسى
100 مىڭ تىللا قىممىتىدىكى پاختا ئىدى. يەرمەنكە باشلانماي
ئالدىدىن كەلگەن سودىگەرلەر مال كۆرۈۋاتقان مەزگىلدە، بىر
ئىنگلىز سودىگىرى ھۇسەنباينىڭ ئۆزبېكچە تىلنى چۈشىنىدىغان-
لىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇ پاختىنى ئۆزىگە سودا قىلىپ قويۇشنى
ھۇسەنبايدىن ئىلتىماس قىلىدۇ. ھۇسەنباي ھېلىقى ئىنگلىز
سودىگەرگە پاختىنى كىلوسىنى 80 تىيىندىن سودا قىلىپ قويىدۇ.
ئېنگلىز سودىگەر ئالماقچى بولۇپ پۈتۈشۈپ، ئومۇمىي پاختىنىڭ



سانىنى ھېسابلاپ كۆرگەندىن كېيىن پۇلى چىقىشمايدۇ ھەم
ئېلىشقا مادارى يەتمەيدۇ بۇ سودىدىن يېنىۋالىدۇ. شۇ
مەزگىلدە، موسكۋا سودا يەرمەنكىسىنى ئۇيۇشتۇرغان ھەم باش-
قۇرۇۋاتقان سودا ئۇيۇشمىسى چىقارغان: «بىر سودىگەر مالنىڭ
باھاسىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ئۇنى ئىككىنچى بىر سودىگەرگە سودا
قىلىپ قويسا، ئىككىنچى بىر سودىگەر بۇ باھانى مۇۋاپىق كۆر-
مەي ئالمىسا، ئۇ مالنى باھا كېسىپ سودا قىلىپ قويغۇچى
شۇ سودىگەر ئۆزى ئالىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە بويىچە، پاختىنىڭ ھەم-
مىسىنى ھۇسەنباي ئېلىپ قويىدۇ. يەرمەنكە رەسمىي باشلانغاندىن
كېيىن ژاخارماروۋ (Жахармаружов) دېگەن بىر يەھۇدىي
سودىگەر ھۇسەنبايغا قالغان پاختىنى كۆرۈپ، «ناھايىتى ياخشى
پاختا ئىكەن، ھازىر ياۋروپادا پاختا كەمچىل، پاختا بىلەن تەمىن-
لەيدىغان جايلاردا تەبىئىي ئاپەت بولۇپ، پاختا ئوخشىماي، نۇر-
غۇن زاۋۇتلار خام ئەشيا بولمىغانلىقتىن توختاپ قالدى، ياۋروپا-
نىڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكا كاپىتالىستلىرى موسكۋادىن پاخ-
تا ئېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ» دېگەن ئۇچۇرنى ھۇسەنبايغا يەتكۈ-
زۈپ بېرىدۇ. ھەممە يەرمەنكە باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ژاخار
ماروۋ دېگەن شۇ يەھۇدىي سودىگەرنىڭ سودا قىلىپ كېسىپ قويۇشى
بىلەن ھۇسەنباي 100 مىڭ تىللالىق (بىر مىليون سوم تىللا پۇلى)
پاختىنىڭ ھەر بىر كىلوسىنى بىر سوم يىگىرمە تىيىندىن ياۋرو-
پادىن كەلگەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكا كاپىتالىستلىرىغا سېتىپ،
بىر قېتىمدىلا 50 مىڭ تىللا (500 مىڭ سوم تىللا پۇلى) ساپ
پايدا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۇسەنباي ئۆزى موسكۋا يەرمەنكى-
سىگە ئاپارغان ھەر خىل تېرە، ئۆچكە، يۇڭ، جانلىق ماللار ھەم-
دە جۇڭگونىڭ شايى، دۇردۇن، چاي قاتارلىق ماللارنى سېتىپ
ناھايىتى كۆپ پايدا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلى تېرە
زاۋۇتىنى قۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى تولۇق تىكلەپ ئالىدۇ.
شۇ يىلى ھۇسەنباي ھەرەمگە بېرىپ ھەجە-تاۋاب قىلىپ «ھاجى»

بولۇپ كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھۈسەنباي مۇسۇلمانلار قائىدىسى بو-
يىچە شۇ يىلى ئالغان پايدىنىڭ زاكىتىنى ئايرىپ مەككىدىن
بىر «تەكىيخانە» (ھاجىلار چۈشىدىغان ساراي) ئېلىپ، شىنجاڭدىن
ھەج - تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەقسىز پايدىلىنىشى
(پەقەت ئاۋپات مەزگىلىدىلا) غا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مەدىنىدىن بىر يەر
ئېلىپ ئۆزلىرىگە سودا، ساراي سالغۇزىدۇ. ھۈسەنباي ھەرەمدە ھا-
جى - تاۋاپ قىلىپ «ھاجى» بولۇپ تۈركىيىگە كەتكەندە، تۈركىيىدە
ئېمىسلار باغدات - ئىستانبۇل تۆمۈر يولىنى ياساپ پايچېكى سې-
تىۋاتقانىكەن. بۇنىڭدىن ھۈسەنباي ھاجى بىر قېتىمدىلا 40
مىڭ سوم تىللا پۇلغا پايچېكى سېتىۋالىدۇ.

1904 يىلى ھۈسەنباي ھاجى ئىنىسى باۋۇدۇنباينى نۇرغۇن-
لىغان يەرلىك ماللار بىلەن گېرمانىيىگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن
ھەمدە زاۋۇت كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن يولغا سالىدۇ. باۋۇدۇنباي
گېرمانىيىگە بېرىپ، گېرمانىيىدىكى نۇرغۇنلىغان ماشىنىسازلىق
سانائەت شىركەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، كۆپلىگەن سانائەت
ئەسلىھە، زاۋۇتلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆن - خۇرۇم زا-
ۋۇتىنىڭ ئىلغار، زامانىۋى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
باۋۇدۇنباي ئاكىسى ھۈسەنباي ھاجى بىلەن كېلىشكىنىچە ئۆز
يۇرتىدا زامانىۋى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇرۇشقا بولۇش-
بولماسلىقتا ۋە گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن
چوڭ مونوپول سانائەت شىركەتلىرىنىڭ رۇخسەت قىلىش - قىلماس-
لىق ھەققىدە گېرمانىيىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن كۆپلەپ
ئۇچرىشىپ سۆزلىشىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا گېرمانىيىدىكى بارلىق سانا-
ئەت ئەسلىھەلىرى، ئانا سانائەت زاۋۇتلار گېرمانىيىدىكى مونوپول
كاپىتالىستلارنىڭ قولىدا بولۇپ، چەت دۆلەتكە زاۋۇت ياساپ
بېرىش توغرا كەلسە «3 - بىر دۆلەتكە ياساپ بېرىشكە بولىدۇ،
قوشنا دۆلەتكە ياساپ بېرىشكە بولمايدۇ» دېگەن تۈزۈمى بولغا-
نىدى. شىنجاڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئارىلىقى يىراق ھەم



ھەربىرسى ئايرىم - ئايرىم قىتئەلەردە بولغاچقا، گېرمانىيە دائىرىلى-
رى شىنجاڭغا كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنىڭ بارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنى-
لىرىنى ياساپ بېرىش بىلەن بىللە زاۋۇتنى قۇرۇپ بېرىشكىمۇ
ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باۋۇدۇنباي
گېرمانىيىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ ئاكىسى ھۈسەنباي ھا-
جىغا زاۋۇت قۇرۇش ھەققىدە خەت يازىدۇ. ھۈسەنباي ھاجى
ئۆزلىرىنىڭ ئىلىدىكى ئەسلىدىكى قول ھۈنەرۋەنلىك تېرە زاۋۇتى-
نىڭ ھازىرقى ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتقان ھەمدە كۆپلىگەن كا-
پىتالىنىڭ قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلمەي، ئوبوروتىنىڭ راۋاج
تاپمايۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، زاۋۇتنى دەرھال قۇرۇشنىڭ
زۆرۈرلىكى ھەققىدە باۋۇدۇنبايغا جاۋاب خەت يېزىپ، زاۋۇتنىڭ
بارلىق توختام ئىشلىرىغا ئۇنى مەسئۇل قىلىدۇ. باۋۇدۇنباي
جاۋاب خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا، دەرھال گېرمانىيىدىكى مۇناس-
ۋەتلىك شىركەتلەر بىلەن سۆزلىشىپ، گېرمانىيىنىڭ مايىن دەريا
بويىغا جايلاشقان پىرانكا پورت شەھىرىدىكى «فىرانكا پورت
ئاسايىن» يەنى «PRANCPORAM MEIN INDUSIRY» زاۋۇتىغا
500 مىڭ سوم ئالتۇن پۇل زاكالەت بېرىپ كۆن - خۇ-
رۇم زاۋۇتىنى زاكاز قىلىدۇ، يەنى كۆن - خۇرۇم قاتارلىق مەھسۇ-
لاتلارنى ئىشلەيدىغان ھەرخىل ماشىنا، ستانوك، پارۋاي قازان،
پارۋاي ماشىنا، ئېلېكتر ئىشلەپچىقىرىدىغان ماتور، دىنامىلارنى
ھەمدە زاۋۇتنىڭ مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى
رېمونت قىلىشقا كېرەكلىك بىر يۈرۈش ستانوك، سايمانلار يەنى
بىر دانە چوڭ مېتال قىرىش ستانوك، رەندە ستانوك، بۇرغۇ-
لاش ستانوك، چاقلاش ستانوك، ئېلېكتر كەپشەرلەش ماشىنا
قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇكەممەل زامانىۋى سايمانلارنى ئالىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا، باۋۇدۇنباي يەنە گېرمانىيىدىكى ئالاقىدار شىركەت-
لەر بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ زاۋۇتنى ئۆز ۋاقتىدا تېخنىكا ئۆلچىمى-
گە لايىق قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆر-

مەت قىلىش، تۇرمۇشىنى خاتىرجەم ئۆز ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزۈشكە كېپىللىك قىلىش شەرتى بىلەن، يۇقىرى مائاش بېرىپ، گېرمانىيەدىن بىر نەپەر ئېلېكتىر مېخانىكى، بىر نەپەر ماشىنا-ئۈسكۈنە رېمونت قىلىدىغان تېخنىك، بىر نەپەر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى، بىر نەپەر تېلېفون ئالاقىلىشىش لىنىيىسىنى ئورنىتىدىغان ماتىيور (بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىس مىللىتى بولۇپ، ئائىلىسى بىلەن كېلىدۇ) لارنى گېرمانىيەدىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇلارنى تەكلىپ قىلغاندا، زاۋۇت قۇرۇشقا مەسئۇل ئىنژېنېر بىلەن ئالاقىلىشىش لىنىيە قۇرۇش ماتىيور ئىككى يىل مۇددەت بىلەن، قالغان ئۈچ نەپەر تېخنىك بەش يىل مۇددەت بىلەن كېلىدۇ. يەنە ئۇلارنى تەكلىپ قىلغان توختامدا، ئۇلارنىڭ ئەلگە كېلىپ زاۋۇتنى تەلەپ بويىچە تولۇق قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا تولۇق كىرىشتۈرۈپ بېرىشتىن سىرت، يەنە ھەربىرسى ئۆز كەسپى بويىچە مۇسابايوۋلارنىڭ ئەۋلادى ۋە يەرلىك ئىشچىلاردىن بىر ئەۋلاد تېخنىك، مېخانىك، ماستېر ھەم مەلىكىلىك ئىشچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش شەرت قىلىنغان. باۋۇدۇنباي شۇ يىلى گېرمانىيەدە زاۋۇت قۇرۇش، ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى زاكاز قىلىش توختاملىرىنى تۈزۈپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەلگە قايتىپ كېلىپ، ئاكىسى ھۈسەنباي ھاجى بىلەن زاۋۇت قۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

گېرمانىيە سانائەت شىركىتى باۋۇدۇنباي بىلەن تۈزگەن توختام بويىچە زاۋۇتنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى 1906-يىلى پۈتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ يىلى ئەسلىدىكى توختام بويىچە گېرمانىيەدىن تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك خادىملارنىڭ مەسئۇللۇقى بىلەن زاۋۇتنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى روسىيە ئارقىلىق ئەلگە توشۇيدۇ. بۇ ۋاقىتتا، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ئەلى تەۋەسىدە يېرەر ئىلغار زامانىۋى زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قوشۇلمايتتى. لېكىن، جۇڭگو-چاررۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى توختامدا جۇڭگونىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى چاررۇسىيە



تۇپرىقى ئارقىلىق ئۆتۈشكە، چاررۇسىيىنىڭ چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلغان ماللىرى جۇڭگو تۇپرىقى ئارقىلىق ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىش دېيىلگەن كېلىشىم بولغانلىقتىن، مۇسابايوۋلارنىڭ گېرمانىيەدىن ئىمپورت قىلىپ ئەكىرىدىغان زاۋۇت ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرى چاررۇسىيە تۇپرىقى ئارقىلىق ئەلگە توشۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى مۇسابايوۋلارنىڭ گېرمانىيەدىن كىرگۈزۈلىدىغان زاۋۇت ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى چاررۇسىيە تۇپرىقىدىن ئۈچ ئاي ئىچىدە توشۇپ چىقىپ كېتىش سۈرىكىنى بېرىدۇ. شۇ دەۋردە چاررۇسىيىنىڭ قاتناش لىنىيىلىرى تەرەققىي قىلمىغان، تۆمۈر يول ئارانلا تاشكەنت تەۋەسىگە كەلگەن بولۇپ، قاتناش بەك تەس ئىدى. شۇڭلاشقا، مۇسابايوۋلار زاۋۇتنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى گېرمانىيەدىن پويىز ئارقىلىق چاررۇسىيىنىڭ ئوموسكى شەھىرىگىچە يۆتكەپ، ئوموسكى شەھىرىدىن ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق پاراخوت بىلەن سىمپولاتىنىسكىگە يۆتكەپ ئەكىلىدۇ. سىمپولاتىنىسكى شەھىرىدىن قورغاس ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە يۆتكەپ ئەكىلىش ھەممىدىن تەس چۈشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، چاررۇسىيىنىڭ بەرگەن ئۈچ ئايلىق سۈرىكى ئاز قالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، زاۋۇتنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرى بەك مۇرەككەپ، ھەم چوڭ ھەم ئېغىر بولغاچقا، ئۇنى غۇلجا شەھىرىگە يۆتكەپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن زامانىۋى قاتناش قورالى — پويىز، ئاپتوموبىل بولمىغاچقا، مۇسابايوۋلارنى ئىنتايىن قىيىنچىلىق ۋە غەم-ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ. چاررۇسىيىنىڭ مۇسابايوۋلار زاۋۇتىنى ئىلىدا قۇرغۇزماي، ئۆز تەۋەسىدە قۇرغۇزۇش غەرىزى بولغاچقا، يەركەنتنىڭ گوبېرناتورسى (ۋالىيسى) ۋىلىۋاينى كۈشكۈرتۈپ (بۇ ۋاقىتلاردا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەر ئىلى، يەركەنت تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنى «تارانچى» دەپ، ئالتە شەھەردىن چىققانلارنى «ئۇيغۇر» دەپ بىر مىللەتنى ئىككىگە ئايرىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ)، ئۇنىڭغا «مۇسابايوۋلارنىڭ

گېرمانىيەدىن ئەكىرگەن ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرى بەك چوڭ، ئېغىر، بۇلار ئىلىغا توشۇغىچە بىزنىڭ تەۋەيىمىزدىكى يول، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋېتىپ، بىزگە ئېغىر زىيانلارنى سالىدۇ» دەپ ئەرىز يازغۇزىدۇ. مەقسەت، چارروسىيە مۇسابايوۋلارنىڭ زاۋۇتىنى ئۆز تەۋەسىگە قۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. بۇ غەرەزنى سېزىۋالغان سەزگۈر، مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر زات ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار ۋىلىۋاي باشلىق يەركەنتتىكى ئاتالمىش «ئارانچى» باي، ئۆلىمالىرىغا ئايرىم - ئايرىم زىيارەت قىلىپ، سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈپ، زاۋۇتنى يۇرتى ئىلىغا قۇرۇشتىكى مەقسەت ئۆز ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈش، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى يۆتكىگەندە، يەرلىك خەلققە قىلچە زىيان-زەخمەت سالماي، يول - كۆۋرۈكلەرنى ئۆزلىرى ياساپ ۋە رېمونت قىلىپ قايتنايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسابايوۋلار 100 كىلومېتىرغا يېقىن يول ۋە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك كۆۋرۈكلەرنى ياساپ ۋە رېمونت قىلىپ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە، پۈتۈن ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى جۇڭگو چېگرىسى قورغاس تەۋەسىگە يۆتكەپ ئېلىپ، چارروسىيىنىڭ يامان غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزمايدۇ. بۇ جەرياندا، مۇسابايوۋلارنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ چوڭ، ئېغىرلىقىغا قاراپ مەخسۇس چوڭ، چىداملىق ھارۋىلارنى ياسىتىدۇ. ئىككى ئۆكۈز تارتىدىغان ھارۋىدىن تارتىپ 20 ئۆكۈز تارتىدىغان ھارۋىغىچە سەكسەندىن ئارتۇق مەخسۇس ھارۋىلارنى ياسىتىدۇ. زاۋۇتنىڭ ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرى 1907-يىلى كۈزگىچە تولۇق توشۇلۇپ بولىدۇ. لېكىن، موسابايوۋلار زاۋۇتنىڭ پۈتۈن ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى گېرمانىيىدە ياسىتىش ۋە ئۇنى ئىلىغا يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن بىر مىليون ئالتۇن پۇل قىممىتىدىكى كاپىتالنى سەرپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار زاۋۇتنى ئىلىغا توشۇپ بولۇپ، زاۋۇتنى رەسمىي قۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم كاپىتال يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىغا دۇچ



كېلىدۇ. ھۈسەنباي ھاجى بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1907-يىلى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق جاڭجۈن يۈەن داخۇاغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. يۈەن داخۇا جاڭجۈن ھۈسەنباي ھاجىنىڭ گېرمانىيىدىن زامانىۋى سانائەت ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزى شەخسىي سېتىۋېلىپ، ئىلىدا كۆن-خۇرۇم زاۋۇتىنى قۇرۇشنى قوللاپ، ئىلى كۈرەدە تۇرۇشلۇق جىن شۈرىنگە ھۈسەنباي ھاجىغا ياردەم قىلىشنى ئېيتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرۇشلۇق روزى ھاجىغا ئوخشاش نوپۇزلۇق ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ كېپىللىكى بىلەن 1908-يىلى ئەتىيازدا ھۈسەنباي ھاجىغا 200 مىڭ سەر ئىلى تېڭىسى قەرز بېرىپ، ھۈسەنباينىڭ ئىلى تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىغا ياردەملىشىدۇ. ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنباي گېرمانىيىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن قۇرۇلۇش ئىنژېنېرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئاقئۆستەڭ يېنىدىكى بايانداي يېزىسىغا تۇتاش يەرنى تاللاپ زاۋۇت ياساشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا، غۇلجا شەھىرىدە زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن بەزى تەبىئىي شەرت-شارائىت ياخشى بولغان يەنى ياغاچ ماتېرىياللىرى، پىششىق خىش، كېسەك، تاش، قۇم قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم ماتېرىياللىرى — پولات، سېمونت، ئوتقا چىداملىق خىش، توك سىمى، تېلېفون سىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى روسىيىدىن ئىمپورت قىلىپ ئەكىرىلەتتى. ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار شۇ ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن روسىيىگە نۇرغۇن يەرلىك مال ۋە ئىچكى جۇڭگونىڭ تاۋار، دۇردۇن، چاي قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىپ، ئۇلاردىن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىپ ئەكىرىپ، زاۋۇتنى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق تەمىنلىگەچكە، 1909-يىلى كۈزدە زاۋۇت تولۇق پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. پۈتۈن زاۋۇت شۇ ۋاقىتتا بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭ سوم ئالتۇن پۇلـ

غا پۈتۈپ چىقىدۇ (شۇ ۋاقىتتا بىر سەر ئالتۇن 40 سوم ئالتۇن پۇلى ئىدى. دېمەك زاۋۇت شۇ مەزگىلدە ئۈچ يۈز مىڭ سەر ئالتۇن قىممىتىدە پۈتكەن بولىدۇ). بۇ ۋاقىتتا زاۋۇتتا 166 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 40مىڭ چوڭ تېرە (ئات، كالا تېرىسى)، 600 مىڭ كىچىك تېرە (قوي، ئۆچكە تېرىسى) پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن چەم، خۇرۇم، مەسكاپ، كۆن، چېگىرىن، شاۋرۇن، تاسما، بىشو قاتارلىق تېرە مەھسۇلاتلىرى؛ تېرىدىن قىرىپ چىقىرىۋېتىلگەن مايدىن سوپۇن، شام، موم قاتارلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلار؛ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ھەر خىل تېرىلەردىن ھەر خىل ئاياغ كىيىم، ھارۋا جابدۇق، ئېگەر جابدۇق قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەيتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ زاۋۇتنى پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا «ھۇسەنباي تېرە زاۋۇتى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ زاۋۇتتا ئىشلەنگەن چەم ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىدا «مۇسابايوۋ» دەپ نام ئالغان. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، ئىلى تېرە زاۋۇتى يالغۇز شىنجاڭدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى زامانىۋىلاشقان كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ نامى ۋە مەھسۇلاتىنىڭ داڭقى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تارقالغانىدى.

بۇ زاۋۇتنى قۇرۇشتا، مۇسابايوۋلار گېرمانىيىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكىرگەن نېمىس ماتېيور ھۇسەنباينىڭ ئىلى تەۋەسىدىكى سودا باشقارمىلىرىغا، زاۋۇتقا، ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ ئىشخانا، ئۆي ۋە ئىلىنىڭ سودىگەر، بايلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە تېلېفون ئورنىتىپ، ئىلىدا زامانىۋى تېلېفون ئالاقىسىنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلاشتۇرۇپ قۇرۇپ بېرىدۇ.

زاۋۇت 1909-يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن تارتىپ، 1926-يىلغىچە ھۇسەنباي ھاجىم ئۆزى باشقۇرۇپ كېلىدۇ. 1926-يىلى ھۇسەنباي ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سابىت ئەپەندىم 1933-يىلغىچە باشقۇرىدۇ.



1933-يىلى سابىت ئەپەندىم ئۆزىنىڭ كىچىك ئاپىسى (ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ كىچىك خوتۇنى) نۇرىمان خېنىم بىلەن تۈركىيىگە بېرىپ، ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ تۈركىيىدىكى مال-مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن، زاۋۇتنى مەجىت ئەپەندىم باشقۇرىدۇ. مەجىت ئەپەندىم 1938-يىلغىچە باشقۇرىدۇ. 1938-يىلىدىن 1950-يىلغىچە تەلەت ئەپەندىم باشقۇرىدۇ. 1950-يىلىدىن 1955-يىلغىچە مەجىت، ئابلىز، ئىسمائىل، ئابدۇقېيۇملار بىرلىكتە باشقۇرىدۇ. 1955-يىلى زاۋۇت ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىي شېرىكچىلىككە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، مەجىت بىلەن ئابدۇقېيۇم ئىلگىرى-كېيىن خۇسۇسىي تەرەپ زاۋۇت باشلىقى بولۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپ ۋەكىلى بولۇپ زاۋۇت باشلىقى بولغان چاۋچىڭپا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە باشقۇرىدۇ.

ھازىر بۇ زاۋۇت تولۇق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت بولۇپ، «ئىلى كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

## (III)

### مۇسابايوۋلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلى

ھۇسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار چەت ئەللەرگە بېرىپ، رېئاللىقنى بىۋاستە كۆزىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى زاماننىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىردىنبىر چارە — ئاتىسى مۇساھاجىم دېگەندەك «پۇلنىڭ خوجىسى بولماي، ئىلىمنىڭ خوجىسى بولۇش»نىڭ زۆرۈرلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئۆز ئەۋلادلىرىنى چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىرىپ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتۇپ، ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ھەم-

دە گېرمانىيەدىكى مەخسۇس كارخانا باشقۇرغۇچىلار، كۆن - خۇ-
رۇم ئىشلەش تېخنىك، ماستىرلارنى يۇقىرى مائاش بىلەن ياللاپ
ۋە تەكلىپ قىلىپ، باللىرىنى مەخسۇس كەسپلەر بويىچە تەربىيە-
لەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز كارخانىسىغا زۆرۈر بولغان بو-
غالتىر، كاسسىر، ستاتىستىكا خادىملار، تېخنىك، ماستىر ۋە مەلى-
كىلىك ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن مائارىپنى راۋاج-
لاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ھۇسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار ئالدى بىلەن ئۆز
پەرزەنتلىرىدىن سابىت ئەپەندى، ئابلىز ئەپەندى، ئىسمائىل ئەپەن-
دى، ئابلەھەي ئەپەندى، مىجىت ئەپەندى، ئابدۇقېيۇم ئەپەندى،
ئابلەھەت ئەپەندى، تەلەت ئەپەندى، پوكرەت ئەپەندى قاتارلىقلارنى
تۈركىيە، روسىيەلەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتىپ تەربىيەلەيدۇ.
بۇنىڭ ئىچىدە مىجىت ئەپەندى بىلەن ئابدۇقېيۇم ئەپەندىنى
تۈركىيەدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، گېرمانى-
يىگە ئەۋەتىپ، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن، بوۋېن شەھەرلىرىدىكى مەخ-
سۇس كۆن - خۇرۇم ئىشلەش ئىنژېنېر، ماستىرلارنى ياللاپ، كۆن -خۇ-
رۇم ئىشلەش تېخنىكىسىنى، كۆن-خۇرۇم زاۋۇتىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى
ئۆگىتىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، زاۋۇت قۇرۇلغاندا
گېرمانىيەدىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن نېمىس ئىنژېنېر، تېخ-
نىك، ماستىرلار بەش يىللىق مۇددەت بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئۇ-
لار توختام بويىچە شىنجاڭدا ئەمەلىي ئۆگىتىش ئارقىلىق تېخنىك،
ماستىرلارنى يېتىشتۈرۈشتە مەلۇم جەھەتتە كونسېرۋاتىپلىق قىلىپ،
ئەڭ مۇھىم، نازۇك تېخنىكلارنى تولۇق ئۆگەتمەي، مۇددەت توش-
قاندىن كېيىن قايتىپ كەتسە، زاۋۇتنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن باش-
قۇرۇلۇشى توختاپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن،
شۇ ۋاقىتلاردا، زاۋۇتنى ئىلمىي ئاساستا باشقۇرۇش يېتەرلىك
بولمىغانلىقتىن، ھۇسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار يىراق
كەلگۈسىدىكى تىجارەت ئىشلىرىنى كۆزلەپ، مىجىت ئەپەندى



(ھۇسەنباي ھاجىنىڭ ئوغلى)، قېيۇم ئەپەندى (باۋۇدۇنباينىڭ
ئوغلى) نى گېرمانىيىگە ئەۋەتىپ مەخسۇس كەسپلەر بويىچە تەر-
بىيىلىگەن. بۇ ئىككى بالا گېرمانىيەدە تولۇق تېخنىكا بىلىم ۋە
ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن، نېمىس تېخنىك، ماستىرلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، زاۋۇتقا
تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش بىلەن،
زاۋۇت نېمىسلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن، موسابايوۋلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
تېخنىكا جەھەتتىن بىۋاسىتە باشقۇرۇشقا ئۆتۈپ، تېخىمۇ مۇستەقىل
ھالدا راۋاجلانغان، ھەمدە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى، سانى جە-
ھەتتە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا نام
چىقارغان. بولۇپمۇ مىجىت ئەپەندى زاۋۇتنى باشقۇرغان مەزگى-
لىدە، ياۋروپادا ئۆگىنىپ كەلگەن كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخ-
نىكىسىنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئات، كالا، قوي تېرىلىرىنىڭ ئا-
لاھىدىلىكىگە قاراپ پىششىقلاپ ئىشلەشتە ئىلمىي تەتقىقاتلارنى
ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسىغا
ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇنىڭغا بىرلا مىسال ئالساق، ئەي-
نى ۋاقىتلاردا، ياۋروپادا ئاتنىڭ يايلا تېرىسىنى چەم قىلىپ،
ئىشلىيەلمەي، ئادەتتىكى خام تاسما ئورنىدا ئىشلەتتى. كېيىن
بىر يايلا تېرىسىنى ئەينى پېتى بىر دانە يايلا چەم قىلىپ
ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سۈپىتى ناچار، كۆزۈمسىز بول-
غان. لېكىن مىجىت ئەپەندى بۇنى تەتقىق قىلىپ ئاھاڭ سۈيى
بىلەن كۆپتۈرۈش مۇددىتىنى ئۇزارتىش، قوۋزاق بىلەن پىشۇرۇش
مۇددىتىنى قىسقارتىش ئىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر ئات يايلا
تېرىسىنى ئۈچ تىلىپ، ئۈچ دانە ئات يايلا تېرىسى چەمى قىلىپ
ئىشلەپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن بۇ خىل چەم ھەم كۆركەم ھەم
سىلىق، پىششىق بولۇپ خېرىدارلار ئەتىۋارلاپ ئالىدىغان بولغان.
ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ تېرە، سۇ، قوۋزاق تەركىبلىرىنى تەتقىق
قىلىش ئارقىلىق، ياۋروپانىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى شىنجاڭنىڭ تە-

بىسىي شەرت ــ شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەپ، زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتىنى ئالاھىدە ئىشلەپ، تۈرنى كۆپەيتىش بىلەنلا قالماي، سۈپىتىنى، رەڭگىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، داڭلىق مەھسۇلاتلار قاتارىغا كىرگۈزگەن. مەسىلەن: چەم، ھەر خىل رەڭدىكى خۇرۇم، كارژول، چىگرىن، بولغار، پالۋال، شاۋرۇن، مەسكاپ، ئات تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كاتىنا، كاسپورىك، بىشو قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار ياۋروپادىكى گۈللەنگەن دەۋرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كەلگەن مەرىپەتپەرۋەر زاتلار بولۇپ، ئۆز تىجارىتىنى زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم مەلىكىلىك ئىشچىلار قوشۇتنىڭ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بىر بۆلۈك مالىيە، سودا خادىملىرىنىڭ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇنداقلا بۇنداق بىر بۆلۈم ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن بىردىنبىر چارە ــ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز ئەۋلادلىرىنى چەت ئەللەرگە چىقىپ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتۇپ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك خادىملاردىن قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ سىرتىدا، 1885 - يىلى ئۆز يۇرتى ئىكىساقتا قۇرغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى» (پەننىي مەكتەپ) نى شۇ دەۋردىكى مۇتەئەسسىپلەر، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا قارىماي، زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىن باشقا، شىنجاڭدىكى بىر تۈركۈم ياشلارنى ئاللاپ تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرى، لىۋانىنىڭ پىروت شەھىرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتىپ ئوقۇتۇپ، شىنجاڭدا پەننىي زىيالىيلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشتە زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مەسىلەن: ئاتۇش ئىكىساقتىن تۇرسۇن ئەپەندى، قەشقەر شەھىرىدىن كامىل ئەپەندى، مويىدىن ئەپەندى، قادىر ئەپەندى، غۇلجا شەھىرىدىن مەسئۇت ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، سېيىت ئەپەندى، غۇلجا تۇرپان-



يۈزدىن مەسئۇم ئەپەندى قاتارلىقلار. بۇلار شۇ دۆلەتلەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ 1913 - يىلى يۇرتىمىز شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئىلى، قەشقەرلەردە ئىشلەپ شىنجاڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار 1912 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە (ھازىرقى ئىلى سېغەن ئورنىدا) ئۆزلىرىنىڭ خىراجىتى بىلەن يەنە بىر پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىنى «مەكتەپ قورۇسى» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق يېتىم باللار (بەزى شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ باللىرىمۇ بار) تەربىيىلەپ ئوقۇتقان، بۇلارنىڭ پۈتۈن چىقىملىرى، كىيىم - كېچەك، ياتاق، يوتقان - كۆرپە، تاماق، ئوقۇش قوراللىرىنى تولۇق تەمىنلەپ بېرىشنىڭ سىرتىدا، مۇئەللىملىرىنىمۇ ئۆزلىرى شەخسىي تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتۇپ، زاۋۇتقا مەلىكىلىك ئىشچىلارنى يېتىشتۈرگەن، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇپ، مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن مەكتەپتە ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن زاۋۇتتا قوشۇمچە ئىشلەپ ئۆگەنگەن، بۇلاردىن بىر تۈركۈم ھېسابچى، شورنىك، پىرىبوچى، ئىسلىسار، توكار، تېرە ئەيلەيدىغان تېخنىكلار يېتىشىپ چىقىپ زاۋۇتتا ئورۇنلاشقان، بەزىلىرى جەمئىيەتتىكى باشقا ئىشلارغا ئورۇنلاشقان. مەسىلەن: شۇ مەكتەپتىكى باشقا چىققانلاردىن ساۋۇت ئىلياڭخاڭ، زۇنۇن تېيىپ، ئابدۇرۇپ ئاخۇن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا سانائەت نازارىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولغان شاۋدۇنلاردىن ئىبارەت. ئۇلار مۇشۇنداق تەربىيىلەش ئارقىلىق ئىلى تېرە زاۋۇتىنى بىر تۈركۈم يېڭى قابىلىيەتلىك خادىملار، مەلىكىلىك ئىشچىلار بىلەن تەمىنلەپ، تېرە زاۋۇتىنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ تېخنىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىمۇ ئۆستۈرگەن. مەھسۇلات تۈرىنىمۇ بارغانسېرى يېڭىلىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار يەنە 1912 - يىلى روسىيە قازان شەھىرىدىن خەلچە ئاۋۇستاي قاتارلىق تۆت نەپەر ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئاياللار مەكتىپىنى قۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىر تەرەپتىن باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىرىنى ۋە ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە تىل دەرسلىرىنى ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىيىم تىكىش، كېسىش، يۇڭ پوپايكا، شارپا، ياغلىق، پەلەي توقۇش، رېشىلىيە، كىلادىيە، كاناۋا، كەشتە ئىشلەش قاتارلىق قول ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىپ، ئاياللارنى فېئودالىزىم ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېڭىچە ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇرغان، بۇنىڭ بىلەن شۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان ئاياللار ئۆز ئائىلىسىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىپلا قالماي، جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىدىن چىقىپ ئاياللار ئىچىدە يېڭى پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ قالغان.

1912 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئىلى، قەشقەرلەردە ئاچقان خەنزۇچە تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش شۆتاڭ (مەكتەپ) لەرگە ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتىپ، ئۆز خىراجەتلىرى بىلەن تەربىيىلەپ، بىر قىسىم تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. مەسىلەن: 1960 - يىللارغا قەدەر غۇلجا شەھىرىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئاتاغلىق تەرجىمان داۋۇت موللا، ئىنكساقلىق مەرھۇم نىيازى، مۇھەممەت قاتارلىقلار بۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

شۇ دەۋرلەردە ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلارنىڭ مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار مەرىپەتپەرۋەر، ۋە-



تەنپەرۋەر زاتلىرىدىن بولۇپ، يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلغار زىيالىلار قوشۇنىنى ۋە تۇنجى سانائەت ئىشچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە ئۆچمەس زور تۆھپىلەرنى يارىتىپ، يالغۇز يۇرتىمىز شىنجاڭدا تونۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر، ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردىمۇ تونۇلغان مەشھۇر زاتلاردۇر.

يۇقىرىقى ئەمەلىي پاكىتلارغا لىللا باھا بەرسەك، بىز شۇنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىزكى، مۇسابايوۋلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ پرىنسىپى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىش، مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوللاشتىن ئىبارەت. مۇسابايوۋلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ يەنە بىرسى — ئېشىنغان كاپىتال (پايدا) نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت.

ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار ئىلى تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى دۆلىتىمىز ئىچىدە سېتىپ كۆپ پايدا ئېلىشنىڭ سىرتىدا، ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر ھەم ياۋروپادىكى سوۋېت، گېرمانىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىپ، نۇرغۇنلىغان تاشقى پېرېۋوتقا ئىگە بولۇپ، كۆپلىگەن پايدا ئېلىپ، نۇرغۇن مەبلەغ توپلايدۇ. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىچكى-تاشقى جەھەتتە بازار تېپىشى ھەمدە ئىچكى جەھەتتىكى خام ئەشيانىڭ ئەرزان بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ياخشى شارائىت، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تېز كۆپ بايلىق توپلىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار، ئېشىنغان كاپىتالنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، تىجارەت دائى-

ئۇنىڭدىن باشقا، ھۇسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار يەنە 1912 - يىلى روسىيە قازان شەھىرىدىن خەلپە ئاۋۇستاي قاتارلىق تۆت نەپەر ئايال ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئاياللار مەكتىپىنى قۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىر تەرەپتىن باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىرىنى ۋە ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە تىل دەرسلىرىنى ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىيىم تىكىش، كىيىش، يۇڭ پوپايكا، شارپا، ياغلىق، پەلەي توقۇش، رەشمىيە، كىلادىيە، كاناۋا، كەشتە ئىشلەش قاتارلىق قول ھۆنەرلىرىنى ئۆگىتىپ، ئاياللارنى فېئوداللىزم ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يېڭىچە ھاياتقا كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇرغان، بۇنىڭ بىلەن شۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان ئاياللار ئۆز ئائىلىسىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىپلا قالماي، جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىدىن چىقىپ ئاياللار ئىچىدە يېڭى پەنگە يۈرۈش قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ قالغان.

1912 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، سۈن جۇڭشەن ئەپەندى زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئىلى، قەشقەرلەردە ئاچقان خەنزۇچە تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش شۆتاڭ (مەكتەپ) لەرگە ھۇسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتىپ، ئۆز خىراجەتلىرى بىلەن تەربىيىلەپ، بىر قىسىم تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. مەسىلەن: 1960 - يىللارغا قەدەر غۇلجا شەھىرىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئاتاغلىق تەرجىمان داۋۇت موللا، ئىكتىساقلىق مەرھۇم نىيازى، مۇھەممەت قاتارلىقلار بۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

شۇ دەۋرلەردە ھۇسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلارنىڭ مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار مەرىپەتپەرۋەر، ۋە-



تەنپەرۋەر زاتلىرىدىن بولۇپ، يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلغار زىيالىلار قوشۇنىنى ۋە تۇنجى سانائەت ئىشچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە ئۆچمەس زور تۆھپىلەرنى يارىتىپ، يالغۇز يۇرتىمىز شىنجاڭدا تونۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر، ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەردىمۇ تونۇلغان مەشھۇر زاتلاردۇر.

يۇقىرىقى ئەمەلىي پاكىتلارغا لىللا باھا بەرسەك، بىز شۇنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىزكى، مۇسابايوۋلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ پرىنسىپى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىش، مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوللاشتىن ئىبارەت. مۇسابايوۋلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ يەنە بىرسى — ئېشىنغان كاپىتال (پايدا) نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت.

ھۇسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار ئىلى تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى دۆلىتىمىز ئىچىدە سېتىپ كۆپ پايدا ئېلىشنىڭ سىرتىدا، ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر ھەم ياۋروپادىكى سوۋېت، گېرمانىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىپ، نۇرغۇنلىغان تاشقى پېرېۋوتقا ئىگە بولۇپ، كۆپلىگەن پايدا ئېلىپ، نۇرغۇن مەبلەغ توپلايدۇ. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىچكى-تاشقى جەھەتتە بازار تېپىشى ھەمدە ئىچكى جەھەتتىكى خام ئەشيانىڭ ئەرزان بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ياخشى شارائىت، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تېز كۆپ بايلىق توپلىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار، ئېشىنغان كاپىتالنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، تىجارەت دائى-

رىسىنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىدۇ. زاۋۇت ئىچىدە تېرىنى پىششىق-
لاپ ئىشلەشنىڭ سىرتىدا، ئاياغ كىيىم تىكىش سېخى، شورنىڭ
سېخى، كىگىز - پىيما كات سېخى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش سېخلى-
رىنى قۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدە ئېھتىياجلىق بولغان ئەر - ئايال-
لارنىڭ ئاياغ كىيىملىرى (ھەربىيلەرگە كېرەكلىك ئۆتۈك، باجىن-
گىرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھارۋا جابدۇق، ئېگەر جابدۇق،
كىگىز، پىيما، شام قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ئىچ-
كى بازارنى تەمىنلەشنىڭ سىرتىدا، يەنە چەت دۆلەتلەرگىمۇ
ئېكسپورت قىلىدۇ. ئېكسپورتتىن تاپقان پۇلغا چەت دۆلەتلەر-
نىڭ بەزى سانائەت ماللىرىنى ئىمپورت قىلىپ دۆلەت ئىچىدە
سېتىپ قوش پايدا ئالىدۇ. بولۇپمۇ 1910 - يىلدىن 1915 -
يىللىرى مۇسابايۇۋلارنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا،
شىنجاڭدا ئۇنجى قېتىم زامانىۋى زاۋۇتتا ئىشلەنگەن كۆن - خۇرۇم
ۋە كۆن - خۇرۇمدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ئىچكى بازار-
دا ئىنتايىن بازار تېپىپلا قالماستىن، خەلقئارا بازاردىمۇ ئىنتا-
يىن بازار تاپىدۇ. مۇشۇ ئالتە يىل ئىچىدە مۇسابايۇۋلارنىڭ
تىجارەتخانىسى (شىركىتى) نىڭ ئومۇمىي كاپىتالى بىر مىل-
يون سوم ئالتۇن پۇلدىن ئېشىپ كېتىپ، شىنجاڭدىلا ئەمەس،
ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ئاتاقلىق مىليونېر چوڭ كاپىتالىست بولۇپ
تونۇلىدۇ.

1921 - يىلى ھۈسەنباي ھاجى ئىتالىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن
بىر نۆۋەتلىك خەلقئارا يەرمەنكىگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىدۇ، ئۇ
شىنجاڭدىن كۆپلىگەن كۆن - خۇرۇم، بۇلغارا، مەسكاپ، چېكىرىن،
چەم قاتارلىق تېرە مەھسۇلاتلارنى ۋە قوي يۇڭى، تىۋىت، يايلا،
قۇيرۇق (ئاتنىڭ)، تۈلكە، بورسۇق، سۇغۇر، سۆلەيسۈن، تىيىن،
بۆرە تېرىلىرى قاتارلىق يەرلىك ماللار، خاڭجۇ، سۇجۇلاردا ئىش-
لەنگەن تاۋار- دۇردۇن، خاڭدەن قاتارلىق يىپەك ماللارنى ئېلىپ
بېرىپ سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. ئۇ بۇ پۇللارغا يەنە يەر-



مەنكىدىن ھەر خىل بوياق (يۇڭ، تېرە بويايدىغان بوياق)، ھەر
خىل يۇڭ رەخ، پاختا رەخت، تۆمۈر، قاچىلىتىر، شېكەر، قەنت قا-
تارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىپ ئەكىرىپ، ئىچكى
بازاردا سېتىپ، نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ. مۇسابايۇۋلارنىڭ شۇ بىر
قېتىم ئالغان پايدىسى 100 مىڭ سوم ئالتۇن پۇلدىن ئېشىپ
كېتىدۇ.

مۇسابايۇۋلار ئىلىي تېرە زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، ئۇنىڭ
مەھسۇلاتلىرىنىمۇ كۆپەيتىپ، كۆن - خۇرۇم ۋە كۆن - خۇرۇمدىن
ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەشنىڭ سىرتىدا، كىگىز، پىيما،
شام، موم، سوپۇن (بۇلار تېرىدىن قىرىۋېلىنغان مايدىن ئىش-
لەنگەن) لەرنىمۇ ئىشلەپ بازارغا سالىدۇ.

شۇ مەزگىللەردە، مەيلى خەلقئارا بازار سودىسىدا بولسۇن،
مەيلى ئىچكى بازار سودىسىدا بولسۇن پۇلنىڭ تۈرى كۆپ،
قىممىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مۇسابايۇۋلار خەلقئارا بازاردا
بىردەك ئالتۇن پۇل (تىللا) نى ئىشلىتەتتى (بەزىدە خەلقئارا
بانكىدا مىكىسكا پۇلى بىلەن ھېسابىمۇ قىلاتتى). ئىچكى بازاردا
بىردەك تاۋارنى ئاخچا (بىر تاۋارنى ئاخچا بىر كۇزەك چاي
قىممىتىگە باراۋەر بولۇپ ھېسابلىناتتى) ئىشلىتەتتى. پۈتۈن خەلق-
ئارا بانكىلار ھېسابى، دۆلەت ئىچىدىكى ھېسابلىرى ئاشۇ ئىككى
خىل پۇل بىرلىك قىلىنىپ ھېساب - كىتاب قىلىناتتى. شۇ مەز-
گىللەردە مۇسابايۇۋلار سوۋېتنىڭ روسىيە - ئاسىيا ئىچكى بانكا،
ئىتالىيە بانكىسى، ئەنگلىيە بانكىسى، گېرمانىيە بانكىسى، تۈر-
كىيە بانكىسى، ئەرەب بانكىسى ۋە ئامېرىكىنىڭ تيەنجىن، شاڭ-
خەيدىكى بانكىلىرى قاتارلىق چەت ئەل بانكىلىرىدا ھېساب ئې-
چىپ، خەلقئارا سودا بىلەن شۇغۇللانغان. دۆلەت ئىچىدە يەر-
لىك ھۆكۈمەت بانكىسىدا ھېساب ئېچىپ تىجارەت قىلغان. ئۇلار
يەنە دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە، نې-
مىسچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، ئەرەبچە، تۈركچە قاتارلىق يې-

زىقلاردىكى مەخسۇس ئىش قەغەزلىرىنى ئىشلەتكەن. ھەممە بۇ تۆت تىجارەتخانىسىدا بىردەك سوۋېت ئىتتىپاقىدا زاكاز قىلىپ ئىشلەتكەن مەخسۇس ھېساب دەپتىرىنى ئىشلەتكەن. ئۇلار يەنە ھەر يىلى ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە بارات ئېيىنىڭ 30 - كۈنىنى تىجارەتخانىلارنىڭ ھېساب بوغۇدىغان كۈنى قىلىپ بېكىتىپ، شۇ كۈنگىچە مۇسابايوۋلارنىڭ پۈتۈن دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تىجارەتخانىلىرى ھېسابىنى بالانىس قىلىپ، ھېسابىنى بوغۇپ ھېسابلاپ، پايدا - زىياننى ئېنىق ئايرىپ، ساپ پايدىنىڭ ئىچىدىن بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە زاكات ئاجرىتىپ ئۇنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا ئىشلەتكەن. ئاساسلىقى مەكتەپ، مەدرىس، مەسچىت، تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىر، كەمبەغەل، غېرىب ۋە دىنىي ئۆلىمالارغا بېرىدۇ.

مۇسابايوۋلار 1925 - يىلىدىن باشلاپ، 1940 - يىللارغىچە غۇلجىدا «مۇسابايوۋ» ناملىق 50 سەرلىك يامبۇ قۇيدۇرۇپ ئىچكى - تاشقى بازاردا ئىشلەتكەن، ھازىر بۇ يامبۇ شىنجاڭدا ساقلانماقتا. بۇ يامبۇنى قۇيغۇچى دۇكبېيلىق خەنزۇ ئۇستامنىڭ نەۋرىلىرى غۇلجا شەھىرىدە ھازىرغىچە بار.

مۇسابايوۋلار ئىلى تېرە زاۋۇتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى ئۈچۈن، ئۆزلىرى شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك، بورتالا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇلار 1928 - يىلىدىن باشلاپ چەت دۆلەتلەردىن نەسىللىك ئات، كالا، قوي ئىمپورت قىلىپ، شىنجاڭدا چارۋىنىڭ نەسىللىرىنى ياخشىلاشنى ئېلىپ بارغان.

1928 - يىلى باۋۇدۇنباي سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئانگولا تەرەپ، ئىنگلىزكى پاررودا (نەسىل)، ئارلوفسكى پاررودا (نەسىل)، بەداخشانسكى پاررودا (نەسىل) قاتارلىق نەسىللىك ئايغىر؛ سىمىنتال پاررودا (نەسىل)، گوللاندىنسكى پاررودا (نەسىل)، شۋىتسكى پاررودا (نەسىل) قاتارلىق



نەسىللىك بۇقىلارنى ئىمپورت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ياخشى بايتال، سېيىر (ئىنەك) كە نەسىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئات - كالا نەسىللىرىنى ياخشىلاشنى ئېلىپ بارغان، 1938 - يىلى ئۇلار يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پىركوس نەسىللىك رامبولىيە قوشقىرىنى ئىمپورت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك نەسىللىك ساغلىقلىرىغا نەسىللەندۈرۈپ شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى تۇنجى قېتىم يېتىشتۈرگەن. دېمەك، شىنجاڭنىڭ نەسىللىك ئىلى ئېتى ۋە ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇسابايوۋلار يېتىشتۈرگەن. جۈملىدىن ئۇلار يەنە نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئات، كالا، قوي نەسىللىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەمەلىي تەجرىبە ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. 1952 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپ يېتىشتۈرگەن ساپ قانلىق نەسىللىك رامبولىيە قويى 10 مىڭدىن، نەسىللىك ئىلى ئېتى 2000 دىن، نەسىللىك كالا 5000 دىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلار يەنە يەرلىك خەلقنىڭ ئات، كالا، قوي نەسىللىرىنى ياخشىلاشقا زور ياردەملەر بېرىپ ئەمەلىي ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شىنجاڭنىڭ چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ساھەسىدە مۇنداق زور يېڭىلىقلارنى ئىشلىشى گەرچە ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە چارۋا نەسىللىرىنى ياخشىلاش جەھەتلەردە زور تۆھپىلىرى بار دېيىشكە بولىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، مۇسابايوۋلارنىڭ تېرە زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئىچكى - تاشقى سودا دائىرىسىنى كېڭەيتىش، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇشتا ئېرىشكەن كاپىتالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قايتا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككىنچى خىل تىجارەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىدۇر.

مۇسابايوۋلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇشتىكى ئۈچىنچى بىر خىل ئۇسۇلى شۇكى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى يېڭىلاشتىن ئىبارەت.

ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار 1900 - يىلىدىن باشلاپ ئىلىدا يەرلىك ئۇسۇلدا كۆن ئىشلەش كارخانىسىنى قۇرغان. بۇ كارخانا پۈتۈنلەي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلەيتتى. ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزى يېڭى تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىپ، سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى (قوراللىرى) نى سېتىۋېلىپ ئىشلىتىپ، يەرلىك كۆن - خۇرۇم ئىشلەش تېخنىكىسىنى يېڭىلاپ، سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى بىر قەدەر ئۆستۈرگەن. لېكىن بۇ مەھسۇلاتلار شۇ دەۋردىكى بازار ئېھتىياجىدىن تولۇق چىقالمىغانلىقتىن، ئۇلار يەنە يېڭى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ۋە تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى يېڭىلاشنى ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇلار 1909 - يىلىغىچە گېرمانىيىدىن يېڭى زامانىۋى، مېخانىزم ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، زامانىۋى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىلىرىنى قوللىنىپ، تېرە مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ يېڭىلايدۇ. سان، سۈپەت جەھەتتە زامانىغا لايىق زور ئۈستۈنلۈكنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن تېرىنى ئاشلاش، پىشۇرۇش قاتارلىق دەسلەپكى ئىش تەرتىپلىرىدە يەنىلا ئاھاك، قوۋزاق، شور، تۇزدىن ئىبارەت تەبىئىي چىرىتقۇ خام ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئاشلاش، پىشۇرۇش ۋاقتى ئۇزۇن، مەھسۇلاتنىڭ پىشىشقىلىنىپ چىقىش ۋاقتى ئاستا بولاتتى. شۇڭا زاۋۇت قۇرۇلۇپ 1943 - يىللارغىچە يىللىق تېرە ئىشلەش مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىڭ دانە چوڭ تېرە (ئات، كالا تېرىسى)، 200 مىڭ دانە ئۇششاق تېرە (قوي، ئۆچكە تېرىسى)دىن ئاشمىغان. بۇ ۋاقىتتا مىجەت ئەپەندىم قاتارلىقلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ گېرمانىيىدىن مەخسۇس ئۆگىنىپ كەلگەن تەبىئىي خام ئەشيا بىلەن تېرە ئاشلاش، پىشۇرۇش ئۇسۇلىدىن باشقا، يېڭى بىر ئۇسۇل تاپالمىغانىدى. بۇ ۋاقىتلاردا ياۋروپادا خىمىيە سانائىتى راۋاجلىنىپ، تېرە ئىشلەشتە ئاللىقاچان خىمىيىۋى ئۇسۇل بىلەن ئىشلەش ئىش تەرتىپلىرى يولغا قويۇلغانىدى. شۇڭا ئۇلار تەلەت ئەپەندىمنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلدارى شېڭ شىسەيگە ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭى تېخنىك تەكلىپ قىلىپ، زاۋۇتتا خىمىيە دورىلىرىنى ئىشلىتىپ، تېرە ئىشلەش يېڭى زامانىۋى ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى بىلدۈرۈپ ئىلتىماس قىلىدۇ. لېكىن شۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈشكە ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى مۇستەبىت سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلىغانلىقتىن ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن تېخنىك تەكلىپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسابايوۋلار شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىلغار سودا سانائەتچىلەرنىڭ ياردىمى ۋە ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن تيەنجىندىن بەش نەپەر خەنزۇ تېخنىكنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى خىمىيىۋى دورىلارنى ئىشلىتىپ تېرە ئىشلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، شەكلى، تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ تېرە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1945 - يىلغا كەلگەندە زاۋۇتنىڭ تېرە ئىشلەش مىقدارىنى 20 مىڭ دانە چوڭ تېرە، 500 مىڭ دانە ئۇششاق تېرە ئىشلەشكە يەتكۈزۈپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

دېمەك خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، مۇسابايوۋلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇشتىكى ئۈچىنچى بىر ئۇسۇلى — ئىشلەپچىقىرىش تېخنىـ

كىشىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

مۇسابىيوۋلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇشتىكى تۆتىنچى بىر خىل ئۇسۇلى — كارخانا خىزمەتچىلىرىگە مۇقىم مائاش بېرىش بىلەن ئىشچىلارغا ئىزدىلىن مائاش (ئىشى بېشىغا بېرىلىدىغان تۇراقسىز مائاش) تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت.

مۇسابىيوۋلار ئۆزلىرىنىڭ كارخانىسى — ئىلى تېرە زاۋۇتىنى گېرمانىيىدىن ئەكىلىپ قۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى چەت ئەللەردە كارخانا باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇ خىل تۈزۈم — ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرىغا قارىتا ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ ھەق بېرىش تۈزۈمى (ئىزدىلىن مائاش تۈزۈمى) مەسىلەن ئېيتساق، بىر شورنىك بىر ئايدا ئون دانە ھارۋا جابدۇق تىكسە شۇ بىر ئايلىق ئىشلىگەن ئون يۇرۇش ھارۋا جابدۇقنىڭ ئىش ھەققىنىلا ئالىدۇ (زاۋۇتتا بىر ھارۋا جابدۇق ئىشلىسە قانچىلىك ھەق بېرىلىدىغان، بىر ئۆتۈك تىكسە قانچىلىك ئىش ھەققى بېرىلىدىغان ئىش بېشى ھەققى تۈزۈمى بېكىتىلگەن). بىر موزدوز ئەگەر بىر ئايدا 30 پارە ئۆتۈك تىكسە شۇنىڭ ئىش بېشى ھەققىنىلا ئالىدۇ. دېمەك ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرى قانچىلىك ئىشلىسە شۇنچىلىكلا ھەق ئالىدۇ. كۆپ ئىشلىسە كۆپ، ئاز ئىشلىسە ئاز ھەق ئالىدۇ. جۈملىدىن تېرە، قوزاق قاتارلىق خام ئەشيا سېتىۋالىدىغان كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ شۇ سېتىۋالغان خام ئەشياسىنىڭ ئىش بېشى ھەققىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خىل ئىش ھەققى تۈزۈمى — مۇقىم مائاش بېرىش تۈزۈمىدۇر. بۇ خىل مائاش تۈزۈمىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلار — زاۋۇت مەمۇرىي خىزمەتچىلىرى، بوغالتىر، كاسسىر، ھېسابچى، ئامبارچى، گىرچى، پرىيومچى، ماستىر، تېخنىك، مانتيور، قاراۋۇللاردىن ئىبارەت؛ يەنە بىر خىل ئىشلار مۇلازىمەتچىلەردىن ئىبارەت. يەنى، مېھمان كۈتكۈچى، ئۆي خىزمەتچى،



ئاشپەز، ناۋاي، ئات، كالا باققۇچى، ھارۋىكەش، كۆزەتچىلەر.

ئۇنىڭدىن باشقا مۇسابىيوۋلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزى بىر ماددىي رىغبەتلەندۈرۈشلەرنىمۇ ئېلىپ بارغان. مەسىلەن: ئايرىم مۇكاپات تۈزۈمى، بەزى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشنى ياخشى، سۈپەتلىك قىلىپ كۆپرەك ئىشلىسە، ئۇلارغا زاۋۇت تەرىپىدىن چاپان، ئۆتۈك، شىبلىت قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەمگەك، ئىش كىيىملىرىنى تارقىتىپ بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرى، مۇلازىمەتچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىش تۈرلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن چاپان، خالات، جۇۋا، رېزىنكە ئۆتۈك، رابوتچى ئۆتۈك، پەلەي قاتارلىق ئىش كىيىملىرىنى مۇددەتلىك ھالدا تارقىتىپ بېرىدۇ (بۇ بۇيۇملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى زاۋۇت ئۆزىدە ئىشلەنگەن).

ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، مۇسابىيوۋلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش روھىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن بەزى بىر مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، مەسىلەن: باھار پەسىللىرىدە باغ، دەريا بويلىرىدا باراۋەت ئۆتكۈزۈش، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش قاتارلىق كوللېكتىپ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. زاۋۇتتا ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن تەركىب تاپقان پۇتبول كوماندىسى، ۋالېبول كوماندىسى بار ئىدى. بەزى ھېيت - بايرام كۈنلىرى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇراتتى. دائىم دېگۈدەك ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بۇ كوماندىلار مەشىق قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا زاۋۇت كوماندىسى ئىلى بويىچە خېلى داڭلىق كوماندىلاردىن بولۇپ، خېلى كۆپ مۇسابىقىلەردە ئۇتۇپ غەلىبە قازىناتتى (بۇ كوماندىلاردا زاۋۇت ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن باشقا مۇسابىيوۋلار ئەۋلادلىرىدىن مىجىت ئەپەندى، ئىسمائىل ئەپەندى، تەلەت ئەپەندى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى). زاۋۇت ئۆزى بۇ كوماندىلار ئۈ-

چۈن مەخسۇس تەنھەرىكەت كىيىملىرى، توپلارنى تەييارلاپ بېـ
رەتتى. زاۋۇت ئۆزىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان توپ مۇسابىقىلىرى كۆپىنـ
چە زاۋۇت قورۇسىدا، مەكتەپ قورۇسىدا بولاتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇسابايوۋلارنىڭ كارخانا باشقۇ-
رۇش ئۇسۇلى شۇ دەۋرلەردە ياۋروپادا يولغا قويۇلغان ھەم
يۈرگۈزۈلگەن بەزى تۈزۈم - قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى
شىنجاڭنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ
تۈزۈپ چىققان يۇقىرىقىدەك بىر يۈرۈش كارخانا باشقۇرۇش ئۇ-
سۇلى ئىدى.

ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلارنى 20 - يىللاردا
شىنجاڭدا يېتىشىپ چىققان تۇنجى «كارخانا كاپىتالىست»، «سودا
كاپىتالىست» لار دېسەك بولىدۇ. ئۇلار قۇرغان ئىلى تېرە زاۋۇ-
تىنى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان زامانىۋى سانائەت (زا-
ۋۇت) دېسەك بولىدۇ. جۈملىدىن شىنجاڭدىكى مىللىي بۇرژۇئازى-
يىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاسىيا ۋە ياۋرو-
پادىكى كاپىتالىست ۋە بۇرژۇئا سودا - سانائەتچىلىرى بىلەن رەس-
مىي سودا ئالاقىسى قىلىپ، يېقىنقى زامان تارىخىدا، شىنجاڭنىڭ
مىللىي سودىسىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر دېسەك بولىدۇ.

ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدۇنبايلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابى-
دىن كېيىن، شىنجاڭدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا نىسبەتەن گۇمانىي
كۆز قاراشلار پەيدا بولغان ۋە شۇ مەزگىللەردە، ئۆكتەبىر ئىنقى-
لابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن چاررۇسىيە
ئەسكەرلىرىنىڭ يالغان، ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلىرى بىلەن، شىن-
جاڭدىكى سودا - سانائەتچىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا
ئالاقىسى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇسابا-
يوۋلار 1923 - يىلى باۋۇدۇنباينى موسكۋاغا ئەۋەتىپ، سوۋېت
ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىدىن يولداش كالىنىن بىلەن كۆرۈشۈپ،
سوۋېت - شىنجاڭ سودىسى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتى-



پاقى بىلەن سودا ئالاقىسىنى يولغا قويغان. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇ-
سابايوۋلار تىجارەتخانىسى شىنجاڭنىڭ قورغاس چېگرىسى، ئۈر-
كەشتام چېگرىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 7000 تونىدىن
ئارتۇق قوي يۇڭى، 100 مىڭدىن ئارتۇق قوي، 30 مىڭدىن ئار-
تۇق ئات، كالا ھەمدە نەچچە يۈز مىڭ تۈزلانغان ئۆچكە ۋە
نۇرغۇنلىغان سۇغۇر، بورسۇق، تۈلكە، سۆلەيسۇن، تىيىن، بۆرە
تېرىسى، ئەل تېرە، مارىيە قاتارلىق يەرلىك ماللارنى ئېكسپورت
قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەر خىل يۇڭ رەخت، پاختا رەخت،
تۆمۈر، قاڭالتىر، كىرسىن، سەرەڭگە، ھەر خىل تۇنگە، ئاليۇمىن
قاچا - قومۇشى قاتارلىق خەلق تۇرمۇشىغا لازىملىق تۈرلۈك
ماللارنى ئىمپورت قىلىپ كىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ ئېھتىياجى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر خىل كەسىپلەرنىڭ ئېھتىيا-
جىنى قاندۇرغان.

ھۈسەنباي ھاجى بىلەن باۋۇدونبايلار ئىلگىرى - كېيىن
ۋاپات بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋارىسلى-
رىدىن سابىت ئەپەندىم، ئىسمائىل ئەپەندىم، مىجىت ئەپەندىم،
ئابلىز ئەپەندىم، ئابدۇقېيۇم ئەپەندىم، تەلەت ئەپەندىم قاتار-
لىقلار ئەجداتلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كارخانا باش-
قۇرۇپ، تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى زور ئىش-
لارنى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرىغا تۆھپىلەر-
نى قوشقان. ئۇلار 1939 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا يۇڭ تو-
قۇمىچىلىق فابرىكىسى، سەرەڭگە زاۋۇتى، شېكەر زاۋۇتى، تاماكا
(پاپىروس) زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇت، فابرىكىلارنى قۇرماقچى
بولۇپ يەرلىك ھۆكۈمەتتىن رۇخسەت ئالغان بولسىمۇ، لېكىن
سوۋېت ھۆكۈمىتى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ماشىنا - ئۈسكۈنى-
لەر بىلەن تەمىنلەشنى رەت قىلغانلىقتىن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاش-
مىغان. 1939 - يىلى ئىلى بايلىرى «ئىلى تەكسونەر زاۋۇتى»-
نى قۇرغاندا، مۇسابايوۋلار 47 مىڭ تاۋارنى ئاخچا (6000 دانە

تىرىك قوي قىممىتىدە) پاي قوشقان.

شىنجاڭ ئازاد بولغان مەزگىلدە، مۇسابايوۋ ئەۋلادلىرى شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى قوللاپ، مەلۇم ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، ئىنقىلابقا ياردەم بەرگەن. 1944 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇلار مىللىي ئارمىيىگە كېرەكلىك ئىگەر - جابدۇق، ھەربىي ئۆتۈك، جۇۋا قاتارلىق بۇيۇملارنى بۇيرۇتما بويىچە ئىشلەپ بەرگەن. ھەمدە خېلى كۆپ ماددىي ئەشيالارنى ئىئانە قىلغان. باۋۇدۇنبايىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل مۇسابايوۋ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاكتىپ تۈردە ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچىدە خېلى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوردېن، مېداللار بىلەن مۇكاپاتلانغان. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1949 - يىلى شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي ئارمىيە بىلەن ماسلىشىپ شىنجاڭنى تىنچ ئازاد قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، ئىسمائىل مۇسابايوۋ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق مال - مۈلۈك، مالىيە ئىشلىرىنى مەسئۇللۇق بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە ئېنىق ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

1949 - يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىش ھارپىسىدا، مۇسابايوۋلار جۇڭچۇەنگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، 17 مىڭ سەر كۈمۈش ۋە بىر قىسىم ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

1950 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەن شىنجاڭ پۇلى ئىئانە قىلغان.

1950 - يىلى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم زايوم تارقىتىلغاندا،



344 سەر ئالتۇن بېرىپ، 27 مىليون شىنجاڭ پۇلىغا تەڭ زايومنى سېتىۋالغان.

1950 - يىلى شىنجاڭنىڭ سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇسابايوۋلار ئۈرۈمچى شىمىگو «بىرىنچى ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن 5000 سەر ئالتۇن قىممىتىدە ماددىي ماللارنى بەرگەن.

1951 - يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغاندا، مۇسابايوۋلار 300 مىليون شىنجاڭ پۇلى ياردەم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

1952 - يىلى ئابلىز ئەپەندىم مۇسابايوۋلارغا ۋەكالىتەن ئۆزلىرىنىڭ ئىلى تېرە زاۋۇتىنى، نەچچە ئون مىڭلىغان مال - چارۋىلىرىنى پاي قىلىپ قوشۇپ، شىنجاڭدىكى نوپۇزلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىلەن بىللە «شىنجاڭ لىچۈن سانائەت ھەسسىدارلىق شىركىتى»نى قۇرغان. ئابلىز ئەپەندىم ئۆزى شىركەتنىڭ باش دىرېكتورلۇقىنى ئۈستىگە ئالغان. ھاجى قارى، ماخنەن، تۇختىپاق (شىبە مىللىتىدىن ئىدى، ھۆكۈمەت تەرەپ ۋەكىلى بولۇپ قاتناشقان) قاتارلىقلار مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇقنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا خېلى كۆپ سودا - سانائەت تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنى تەمىنلەش جەھەتلەردە مەلۇم رول ئوينىغان. «شىنجاڭ لىچۈن سانائەت ھەسسىدارلىق شىركىتى» 1954 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇنجى قېتىم سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىگە ئۆزگىرىپ، شىنجاڭدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان كارخانا بولغان ھەمدە شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشىنى ئوكۇشـ

لۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ.

مۇسابايوۋلارنىڭ كارخانىسى مال - چارۋىلىرى، تىجارەت ئىشلىرى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبار بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە خاتىرجەم بولۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سەپلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ ئىشلەپ، يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز كۈچلىرىنى تۆھپە قىلماقتا. ئۇلارنىڭ چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرىمۇ ئارقىمۇ ئارقىدىن ۋەتەنگە كېلىپ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ، يۇرتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن زور ئىلھام ئېلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدە، غەمخورلۇقىدا زور دەرىجىدە كېڭىيىپ، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تەسىرلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز كۈچلىرىنى تۆھپە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



## ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ۋە تەنتەربىيىسىنى تارقاتقۇچى ئاكا - ئۇكا مۇساباي① لار

شېرىپ خۇشتار

XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى تەگرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنىڭ ھەممىلا يېرىدە جاھالەت ھۆكۈم سۈرەتتى، بولۇپمۇ قەشقەردەك مۇھىم مەرىپەت مەركىزىدە ئەينى زاماندا ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپخاس ھاجىپتەك زاتلارنى يېتىشتۈرگەن مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىدىن «ساچىيە»② ۋە كېيىنچە نۇرغۇنلىغان ئالىملىرى بىلەن داڭقى چىققان «مەسئۇدىيە»③ نىڭ مەرىپەت مۇنارلىرى يىقىلىپ چۈشۈپ، ئىلىم - مەرىپەت شاماللىرى ئاللىقاچان ئۆچۈپ، پۈتۈن تارىم ۋادىسى زۇلمەت ئىچىدە ھالدىن كەتكەنىدى. دەل شۇ چاغدا ياۋروپا ئەللىرىدە سانائەت ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىپ، يېڭى مائارىپ، يېڭى تېخنىكا كەشپىيات-

① تەلئەت ئەپەندى بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئۇ، بىز ئۇيغۇر، بۇرۇن روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن «مۇساباي» دېگەن ئىسىمنىڭ كەينىگە «يوۋ» قوشۇلۇپ ئادەتلىنىپ قالغان، شۇڭا مېنىڭ تەكلىپىم ئۇيغۇر تىلى بويىچە «يوۋ» نى ئېلىۋېتىپ «مۇساباي» دەپلا ئاتىساق دېگەنىدى. مەزكۇر ماقالىدە مەن مۇشۇ تەكلىپ بويىچە ئىش كۆردۈم.

② قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار دەۋرى (870— 1211) دىكى ئىسلام مائارىپىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى.

③ «مەسئۇدىيە» چاغىتاي (1170 — 1242) ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، مائارىپچى، يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى مەسئۇد بەگ (ئۇيغۇر) 1260 - يىلى بىنا قىلغان مەكتەپ بولۇپ، شۇ زاتنىڭ نامىغا قويۇلغان.

لىرى ياراتقان موتورلۇق ماشىنا، پاراخوت، ئايروپىلان ۋە تۆ-
مۈر يوللار ھەممە تۈرلۈك زاۋۇت - فابرىكىلار تېخىچىلا غەپلەت
ئۇيقۇسىدا ياتقان غاپىللار دۇنياسىنى ھەيران قالدۇرۇپ، تارىم
ۋادىسىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇيقۇسىغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي
قالمىدى. بۇنى كېيىنكى چاغلاردا تارىم ۋادىسىدا پەيدا بولغان
تۆۋەندىكى ناخشىدىن بىلىۋالالايمىز.

قوپ ئىي ئاداش تۇر،
ئەتراپىڭغا باق —
باق نە كۆرەرسەن،
ئويلىغىن ئۇزاق؛
يەردە، ھاۋادا
سۇدا كېلورلار،
ياۋروپالىقلاردىن —
ئال ئەمدى ساۋاق...

بۇ ئۇلۇغ خىتابىنىڭ ئىلھامى بىلەن ياۋروپادىكى مۆجىزى-
لەرنى ئالدى بىلەن سەزگەن ھەممە يېڭى مائارىپ ئۆگىنىشىنى
ئالدىدىن تەشەببۇس قىلىپ، چەت ئەللەرگە بېرىپ رېئاللىقنى
بىۋاسىتە كۆزىتىپ قايىل بولغان كىشىلەر مۇساھاجى (مۇسا با-
يوۋ)، تاش ئاخۇنۇم① ۋە باۋۇدۇن مۇساھاجى قاتارلىق ۋە-
تەنپەرۋەر زاتلاردۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پېتىربورگ، فىنلاندىيە-
گىچە، بەزىلىرى گېرمانىيىگىچە، يەنە بەزىلىرى كىچىك ئاسىيا
ۋە ئەرەپ ئەللىرىگىچە بېرىپ سانائەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىيا-
تى ۋە يېڭى مائارىپنىڭ گۈللەنگەن مەنزىلىدىن چوڭقۇر تە-
سىرلىنىپ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن يېڭى مائارىپ قۇرۇشقا كى-
رىشكەنىدى.

① تاش ئاخۇنۇم توغرىسىدا ئايرىم ماقالە يازىمىز.



شىنجاڭدا (ئىكىساقتا) تەسىس قىلىنغان يېڭى مائارىپنىڭ
ئاساسچىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك
پەزىلىتىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىش، ئۇلارنىڭ شانلىق ئىش-
ئىزلىرىغا تارىخ بېتىدىن ئورۇن بېرىش، ئۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋ-
لادقا داۋاملاشتۇرۇش ھەر بىر مەرىپەتپەرۋەر زامانداشلىرىمىز-
نىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى تۆھپىكارلىرى ۋە شىنجاڭ
يېقىنقى زامان تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ تارقاتقۇچىلىرى بولغان
ھۈسەنباي، باۋۇدۇنبايلار ۋە ئۇلارنىڭ دادىسى مۇساھاجى (مۇ-
سابايوۋ) لار چوڭ دادىسى ئابدۇرۇسۇل ئاخۇنىڭ مائارىپنى قول-
لاش پەزىلىتىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلغان. ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن
ئەينى زاماندا، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىل-
غان ۋە ئانا مەكتىپىگە ئىزچىل ماددىي ياردەم بېرىپ، جامائەت-
چىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. ئوغلى مۇسابايمۇ ئوخ-
شاشلا شۇ مەدرىسىنى تۈگەتكەن① ۋە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرى-
لىرىدا كۆپ مىقداردا پۇل چىقىرىپ، خانلىق مەدرىسىنى بىر
قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇرۇپ، قەشقەر ئاھالىسى ئىچىدە زور
ئىززەت - ئابروي قازانغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋات-
قان مۇھىم بىر ۋەسىقىسىدە: «بايلىقنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئۆش-
رە - زاكاتىنى مەكتەپ ۋە مەدرىسىگە تەسەررۇپ قىلىش زۆرۈر»
دەپ قەتئىي تەكىتلەپ، بۇ ساھەدە ئۆزى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن
ئۆرنەك بولغانلىقى ئېيتىلغان ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان
مەرىپەتپەرۋەر ئوغۇللىرى ھۈسەنباي ھاجى (1844 — 1926) ۋە
باۋۇدۇنباي (1851 — 1928) ئاتىسى مۇساھاجىنىڭ ۋەسىيىتى

① مۇسابايمۇ (مۇساھاجىم) خانلىق مەدرىسىنى تۈگەتكەن، كۆپ ئىلىم تەھسىل
قىلغان كىتابخان، تەقۋادار كىشى بولغان. ئۇنىڭ قەشقەر زەگەرلىك كوچىسىدىكى
قورۇسىدا 3000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تىزىلغان مەخسۇس كىتابخانىسى بولغان،
ئۇ سېخىلىق جەھەتتە جامائەتكە تونۇلغان ئىلىم سۆيەر كىشى ئىدى.

بوينچە مەكتەپ مائارىپىغا ئىزچىل تۆھپە قوشۇشتا تېخىمۇ زور پىدا-
كارلىق كۆرسەتكەن. بۇ تۆھپىكارلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئەينى زا-
ماندا، تارىم ۋادىسىنى جاھالەتنىڭ قاپقارا پەردىسى قاپلاپ تۇر-
غان، شۇنداقلا ئەڭ جاھىل ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھۆكۈم
سۈرۈۋاتقان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلدى؛ فېئودال قارا كۈچلەر ۋە
ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ ھەرخىل بېسىم - توسالغۇلىرىغا قا-
رىماي، دادىل ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بۇ مەرىپەتپەرۋەر ھەم
تەرەققىيپەرۋەر ئاكا - ئۇكىلارنىڭ قەلبىدە ۋەتەن، مىللەت ۋە
مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋىجدان ئوتى نەقەدەر يالقۇنجىغان - ھە!

XIX ئەسىر، دۇنيانىڭ يېڭى مەدەنىيەتكە يۈزلەنگەن ئەسىرى
بولدى. ئاشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى تە-
رەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر شىنجاڭنىڭ سودا تىجارىتىنى خەلقئاراغا كې-
ڭەيتىپ، ئالدى بىلەن روسىيىدىكى تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان، پىرژې-
ۋالسكى، زەيسان، موسكۋا، قازان قاتارلىق 16 ئورۇنغا ۋە ئىچكى
ئۆلكىلەردىن سۈيپۇەن، باۋتۇ، تيەنجىن ۋە باشقا سودا مەركىزى
شەھەرلىرىگە؛ قوشنا دۆلەتلەردىن ھىندىستان، پاكىستان شۇنداقلا
ئىستامبول ۋە ئەنقەرەگىچە كېڭەيتىپ، ئۇ جايلاردا سودا سا-
رايلىرى قۇردى، ھەمدە تەدرىجىي سودا دائىرىسىنى تېخىمۇ كې-
ڭەيتىپ، فىنلاندىيە، گېرمانىيە، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا
قاتارلىق رايونلار ۋە دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلىشقا باشلىدى.

سودا - سانائەتنىڭ خەلقئاراغا كېڭىيىشى ھەم كاپىتالنىڭ
كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ياۋروپا ئوتتۇرا شەرقنىڭ كۆپلىگەن بازار-
لىرىدا شىنجاڭنىڭ يەرلىك ماللىرى ياۋروپا- ئوتتۇرا شەرق مال-
لىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. «سودا ئارقىلىق مەدەنىيەت ئالمى-
شىش» ئىشى دەسلەپكى قەدەمدە تەسىر كۆرسەتتى ۋە بۇ تەسىر
ئاشۇ دۆلەت ۋە رايونلاردا سودا تىجارەت قىلغۇچى ئىلغار
سودىگەرلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى.

بولۇپمۇ، چىخسىلۋاكىيىلىك مەشھۇر ئوقۇتقۇچى يان. ئاموس.



كومېنىسكى (1592 — 1670) ئىجاد قىلغان يېڭى مائارىپ «ئۇ-
سۇلى جەدىد» نىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى يۇرتىمىزغا مەلۇم تە-
سىر كۆرسەتتى. يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئىدىيىلىرى كۈنسايىن ئۆسۈپ
يېتىلمەكتە ئىدى.

چەت ئەللەرنىڭ يېڭى مائارىپىدىن تەسىرلەنگەن باۋۇدۇ-
نباي ئۆز ئاكىسى ھۈسەينبايىنى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن
ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە كۆندۈردى. نەتىجىدە، ئۇلار شەخسىي دارا-
مىتىدىن ئىقتىساد ئاجرىتىپ ئۆز يۇرتى ئىكساقتا 1885 - يىلى
يېڭىچە مەكتەپ بىناسى سالدۇردى.

باۋۇدۇنبايىنىڭ يېڭى مائارىپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن
ئېلىپ بارغان ئەمەلىي ئىش ھەرىكىتى توغرىسىدا «ئىلى دەريا-
سى» نىڭ 1985 - يىلى 4 - سانىدىكى «ئىلى يېقىنقى زامان
پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىدە:
«يەركەنتتىكى تاتار پەننىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن تەرەق-
قىيپەرۋەر زات باۋۇدۇن مۇسابايى، 1870 - يىلى ئىلىدىكى نو-
پۇزلۇق ئۆلىما ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بەي-
تۇللا مەسچىتى يېنىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ھېساب، ئانا تىل،
ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قاتارلىق
دەرسلەرنىڭ قوشۇمچە ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان......شۇنداقلا
تۆت سىنىپلىق يېڭىچە دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپ تەسىس قىل-
غان...» دەپ ئەسلەپ ئۆتۈلگەن. يەنە بىر مەلۇماتتا، شۇ يىلى
(1870 - يىل) باۋۇدۇنباي قەشقەرگە كېلىپ خانلىق مەدرىستە
قوشۇمچە ئۆتۈلۈۋاتقان تارىخ، جۇغراپىيە، تىل قاتارلىق دەرسلەر-
گە ئەدەبىيات، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى قوشۇپ ئوقۇتۇش-
نى يولغا قويغان دېيىلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، قەشقەر خانلىق مەدرىستە پەننىي دەرسلەر-
نىڭ ئوقۇلۇشىغا مۇتەئەسسىپ كۈچلەر توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ
چاغدا، باۋۇدۇنباي ئاكىسى ھۈسەينباي بىلەن مەسلىھەت قىلىپ،

پەننىي مەكتەپنى ئۆز يۇرتى ئىكساققا يۆتكەيدۇ. بۇ، 1872 - يىلى بولۇپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى تارىخىدا ئۆز دەۋرىگە لايىق تۇنجى زامانىۋى بىنا قىلىنغان (1885 - يىلقى) ئىكساق پەننى مەكتەپنىڭ ئاساسى بولىدۇ. بۇ مەكتەپكە ئەينى يىلدا «ھۈسەيىنىيە» مەكتىپى دېگەن نام بېرىلىدۇ. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر قەدەر ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىدىن ئەللىكتىن ئوشۇق كىشىنى روسىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا (بىلىم ئاشۇرۇشقا) چىقىرىدۇ. ئۇلار يەنە چەت ئەلدىن ئوقۇتقۇچىمۇ تەكلىپ قىلىدۇ. مەسىلەن، تۈركىيىدىن ئابابەكرى ئەپەندى، ئەخمەت كامال، ئابدۇراخمان ئەپەندى، مۇكەررەم قارى قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

«ھۈسەيىنىيە» مەكتىپى يېڭىچە لايىھىلىنىپ سېلىنغان بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە ئۈچ سىنىپلىق بولغان. سىنىپلىرى كەڭ، دېرىزىلىك، دوسكا، پارتا قاتارلىق سىنىپ جاھازلىرى مۇكەممەل، سىنىپلارنىڭ ئىچى - تېشى ئاقارتىلغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشخانا ئۆيى، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياتاق، ھاممام (تاش مۇنچا) قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىمارەتتىن تەركىب تاپقان. مەكتەپ ئەتراپى ئورمانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىسمىغا لايىق يېڭى مەكتەپلىك قىياپىتى نامايان بولۇپ تۇرغانىدى. كېيىنچە، «ھۈسەيىنىيە» مەكتىپىدە باللار قونۇپ ئوقۇيدىغان بولدى. بۇ چاغدا، قونۇپ ئوقۇيدىغانلارنى «لەيلى»، كېلىپ - كېتىپ ئوقۇيدىغانلارنى «ناھارى» دەپ ئاتىغان («لەيلى» كېچىلىك، «ناھارى» كۈندۈز دېگەن مەنادا).

دەسلەپتە ئوقۇتقۇچىلار بەش نەپەر بولۇپ، ئۇلار كېرىمخان (مۇدىر)، چوڭ غوجىكام، سۇلتان مەخمۇت، ئىدرىس ھاجى، رائىلە بۇۋى موللاچام (ئايال مۇئەللىملەر ئۇ چاغدا «موللاچام» دەپ ئاتىلاتتى) قاتارلىقلار ئىدى. بۇ چاغدا مەكتەپتە 105 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ ئۇلاردىن يىگىرمە بەشى قىز ئىدى. دەرسلەر



ئەدەبىيات، ئەرەب، پارس تىلى، جۇغراپىيە، تارىخ، ئىلمىي ھال، ئىلمىي تەجۋىد، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەردىن ئىبارەت ئىدى.

دەرس جەدۋىلى بويىچە بىر كۈندە تۆت سائەتلىك دەرس ئۆتۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ھەر ھەپتىدە مەكتەپ مۇدىرى بىر قېتىم پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق دەرسى لېكسىيىسى بېرىش مۇنتىزىم تۈزۈم بولۇپ قالغان. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى ئالتە سائەت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەش سائەت قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا ھەركۈنى بىر ئوقۇتقۇچى نۆۋەتچى (دوۋرنىي) بولۇش، سىنىپ مەسئۇلى قويۇش، نۆۋەتچى مۇئەللىملەر خاتىرە تۇتۇش ۋە ئەھۋالدىن دوكلات قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

«ھۈسەيىنىيە» مەكتىپىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئىمتىھان نەتىجىلىرى تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان. مەسىلەن، ئەلىيۇلئەلا (1 - دەرىجىلىك)، ئەلا (2 - دەرىجىلىك)، ئەۋسەت (ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر)، ئەدنا (ئۆتەلمەي قالغان نومۇتلار) دەپ ئايرىلغان.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا پۈتۈن كەنت ئاھالىلىرى قاتناشقان ھالدا قىزغىن، داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ مەكتەپ مارشلىرىنى جاراڭلىتىپ كۆرەك قىلىنغان. ئوقۇش تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلار تۆت دەرىجە بويىچە مۇكاپات بىلەن تەقدىرلەنگەن. مەسىلەن، 1 - دەرىجىلىككە «تەھسىنامە»، 2 - دەرىجىلىككە «ئاپىرىننامە»، 3 - دەرىجىلىككە «تەقدىرنامە»، 4 - دەرىجىلىككە «شاھادەتناھە» تارقىتىلىپ بېرىلگەن.

ئوقۇتقۇچىلار جامائەت ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئەر ئوقۇتقۇچىلار «ئەپەندىم»، ئايال ئوقۇتقۇچىلار «موللاچام» دەپ ئاتالغان. ئوقۇتقۇچىلار تەمىناتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى ئاشۇ ھۆرمەتنى كۈچەيتىپ بەرگەن. مەسىلەن، 1 - دەرى

جىلىك مۇئەللىمگە 400 چارەك (بىر چارەكى ھازىرقى 20 جىڭ ھېسابىدا) ئاشلىق، 2 - دەرىجىلىككە 300 چارەك، 3 - دەرىجىلىككە 200 چارەك ئاشلىق بېرىلەتتى (بۇ ئاشلىق مائاش يىللىقىنى ئاساس قىلغان). مۇئەللىملەرنىڭ مۇشۇ تەمىناتىنىڭ بىر قىسمىنى ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار بېرەتتى، قالغان قىسمىنى ئۆشرە - زاكات كىرىمىدىن چىقىرىلاتتى. بۇنىڭ سىرتىدا، كەمبەغەل ۋە يېتىم ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن «خانەندىلىك» (ئوقۇش ياردەم پۇلى) تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىكەن. ئۇلارنى كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەش، تاماق راسخوتى ئۈچۈن 1 - دەرىجىلىكلەرگە 15 چارەك ئاشلىق، 2 - دەرىجىلىككە 12 چارەك ئاشلىق، 3 - دەرىجىلىككە 8 چارەك ئاشلىق بېرىلگەن. مەكتەپكە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق كېلىشىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن (ئەلنى خاتىرجەم قىلىش مەقسىتىدە) جامائەتنىڭ چارۋىلىرىنى توپلاپ باقىدىغان مەخسۇس «پادىچى» ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن پادىغا قاراش سەۋەبى بىلەن مەكتەپكە كەلمەسلىك تۈگىگەن.

1895 - يىلى مۇساباي ھاجى ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئوغۇللىرى ھۈسەنباي، باۋۇدۇنبايغا مەكتەپ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، سىنىپ سانىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى تاپىلايدۇ. ئاتىسىنىڭ بۇ ۋەسىيىتى ھۈسەنباي ۋە باۋۇدۇنبايلارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىلانلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار 1896 - يىلىلا «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنىڭ چوڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە 1898 - يىلى يېڭى مەكتەپ بىناسى ئىكساقتا قەد كۆتۈرىدۇ.

بۇ مەكتەپ كارىدورلۇق، كۆركەم سېلىنغان بولۇپ، سەككىز سىنىپلىق ئوقۇتۇش بىناسىدىن باشقا يەنە 32 ئېغىزلىق ئوقۇغۇچىلار ياتىقى (ھۇجرا)، ھۇجرىلارنىڭ شىمال تەرىپىدە بونجاتېرەك، بوستانلىق گۈللۈك، نەقىشلەنگەن پېشايۋانلىق مەسچىت؛ بىنا تۆركۈدى ئوتتۇرىسىدا رېشاتكىلىق زال، ئىككى ئېغىزلىق



ئاشخانا، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس مۇلازىمەت دۇكان ئۆي، بەش مو دائىرىسىدە مېۋىلىك باغ، بەش مو چوڭلۇقتا تەنتەربىيە مەيدانى، ھاممام، مەكتەپ ئىچىدە چوڭ ئېرىق، ئېرىق ئەتراپىغا دەل - دەرەخلەر قويۇلغان؛ مەكتەپنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تىياتىر زالى ياسالغان. بۇ مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققانلار يېتىپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا باۋۇدۇن مۇساباي تۈركىيەدىن مۇئەللىم تەكلىپ قىلىدۇ.

1907 - يىلغا كەلگەندە، بۇ مەكتەپ «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن» بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئاتۇش، ئۈستۈن ئاتۇشتىكى يەتتە كەنت، قەشقەر ۋە خوتەندىن بولۇپ 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇ چاغدىكى «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن»نىڭ ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلىرى ھېلىم ئەپەندى، سوپى ئەپەندى، تۇردى ئەپەندى، ئابلىز ئەپەندى، ھاجى ئەپەندى، شەمشىدىن ئەپەندى، ئابدىرېھىم شاۋكەت ئەپەندى، ماھىرا خەلپەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنىڭ تۈرى: شىپاھىيە، ئىملا، ھۆسىن خەت، ئەدەبىيات، ھەندىسە (ئالگېبرا)، پارائىز، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي ھال، تەنتەربىيە، غەزەل .... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بىر يۈرۈش مەشغۇلات تۈزۈمى بولۇش بىلەن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ جانلىنىپ كېتىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر - قەلەم، كىيىم - كېچەك ۋە تاماقى ھەقسىز بېرىلىدۇ. مەكتەپ شتاتىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا ئىككى ئاشپەز، ئىككى جارۇپكەش (قارا خىزمەتچى) بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەمىناتىمۇ دەرىجىگە بۆلۈپ بېرىلگەن. ئوقۇغۇچىلار ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم مۇنچىغا چۈشۈش تۈزۈم قىلىپ بېكىتىلگەنىكەن.

«ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارى 1909 - يىلى داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆت

كۇزۇپ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەگرىتاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىغا ئەۋەتىدۇ. گۇچۇڭغا شاۋۇدۇن قارى، قۇتۇبىغا ساۋۇت ئەپەندى، كۇچاغا روزى ئەپەندى، خوتەنگە ماھىرا خەلپەت، توققۇزاققا ئابدۇللا روزى، قاغىلىققا ئابلىز ئەپەندى، قەشقەرگە ئابدىرېھىم شاۋكەت ئەپەندى ئەۋەتىلىدۇ. ئاتۇشنىڭ ئۆزىدە بەيساققا كەنجى ئەپەندى، ئوچاغا تۇردى ئەپەندى، مەمەت نامتاجىلار، قايراققا ھېلىم ئەپەندى بىلەن سوپى ئەپەندى، تاقۇتقا ئىمىن ئەپەندى؛ ئىكساققا ھاجى ئەپەندى بىلەن ئىزىز ئەپەندى تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇلار يېڭى مائارىپ ئۇرۇقىنى جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىغا چاچىدۇ ۋە يېڭى مائارىپنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشىدۇ. دېمەك، 1910 - يىللىرىنىڭ ئالدى-كەينىدە يالغۇز ئىكساقتىلا سەككىز سىنىپلىق بىر چوڭ باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر دارىلمۇئەللىمىن (ئوتتۇرا تېخنىكوم) مەكتىپى مەرىپەت مەشئىلى بولۇپ نۇر چاچىدۇ.

1910 - يىلدىن باشلاپ «مەكتىپى ھۇسەينىيە»گە تۈركىيەدىكى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندى مۇدىر بولىدۇ. ئۇ، «ھۇسەينىيە» مەكتىپىدە 1910 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە جەمئىي 23 يىل مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپقا ئۇل سېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ناھايىتى زور. تۇرسۇن ئەپەندى ئەسلىدە شىنجاڭلىق ياش بولۇپ، ئۇ تۈركىيەگە ئوقۇشقا چىقىپ قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا ۋە «سۇلتانەم» ناملىق يۇقىرى دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئۇ، شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن نەچچە مىڭ ياشنىڭ قەلبىنى بىلىم بىلەن يورۇتتى.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يەنە بىر تۆھپىسى، يېڭى زامان تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇشتا بولدى. ئىكساق مائارىپىدىكى تەنتەربىيە ئىكساقتا قۇرۇلغان تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك مەدەنىي تۇرمۇشىغا ئايلىنىپ،



تەنتەربىيە مەدەنىي تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىنغان. ئاشۇ يىللاردا، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى كەڭ خەلق ئاممىسى قىزىقىپ كۆرىدىغان ئاممىۋى پائالىيەتكە ئايلىنىپ، مەكتەپ بالىلارنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرغاندا ئۇلار يىراق-يېقىن دېمەي كېلىپ كۆرۈشەتتى. دېمەك، ئىكساق مائارىپىنىڭ يولغا قويغان تەنتەربىيىسى مەكتەپنىڭ نام-شەرىپى ۋە داغدۇغىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، مەكتەپمۇ تەنتەربىيە ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. 1898 - يىلى سېلىنغان «ھۇسەينىيە» مەكتىپىنىڭ تىياتىر زالىدا، دەسلەپ تەنتەربىيىنىڭ ھەرخىل مەشقلىرى رول قىلىپ ئورۇنلانغان. بولۇپمۇ مارش، قول قايرىش، چېلىشىش ۋە باشقىلار نومۇر قىلىپ كۆرسىتىلگەن. شۇ ئاساستا ئاستا- ئاستا تىياتىرچىلىق يولغا قويۇلغان.

### مەكتەپنىڭ دەرس جەدۋىلى

| كۈنلەر / سائەتلەر | 1 - سائەت | 2 - سائەت | 3 - سائەت | 4 - سائەت |
|---|---|---|---|---|
| ھەپتە بېشى | شىپاھىيە ① | ئىملا | غەزەل | ھېساب |
| يەكشەنبە | ئەرەب تىلى | تارىخ | جۇغراپىيە | تەجۋىدە ② |
| دۈشەنبە | رۇس تىلى | ھېساب | گەزمە ③ | رەسىم |
| سەيشەنبە | تەجۋىدە | شىپاھىيە | جۇغراپىيە | |
| چارشەنبە | ئەرەب تىلى | ئىملا | رۇس تىلى | تارىخ |
| پەيشەنبە | پۈتۈن كۈن قۇرئان ئوقۇش | | | |
| جۈمە | دەم ئېلىش | | | |

① شىپاھىيە — ساقلىقنى ساقلاش، تىببىي ئىلىم،
② تەجۋىدە — قۇرئان ئوقۇش قائىدىسى (ئەرەب تىلى قائىدىسى).
③ گەزمە — تەنتەربىيە.

ئىكساقتا يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى بولۇپمۇ تۈركىيىدىكى مەكتەپلەردىن تارقالغان يېقىنقى زامان تەنتەربىيە تۈرلىرى مەسىلەن، ۋالىبول، ۋاسكىتبول، پۇتبول ئاسانلا قوبۇل قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پۇتبول ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىكساق مەكتەپىدە يېڭىچە تەنتەربىيە تۈرلىرىنى ئاسانلا قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشىدە مۇنداق ئاساسلار بار ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يەنى چېلىشىش، ئوغلاق تارتىش، ئىلانگوچ، سارغايدى، ئارقان تارتىش، ئاقسۆڭەك، تاغقا چىقىش، توپ ئويناش يەنى (ئۇيغۇر باللىرى كىچىك پاختا يىپتا توپ ياساپ ئوينايدۇ، ئوغۇللار قوي، ئۆچكە تېرىسىگە ياكى كونا ئاقتۇماقلارنىڭ ئىچىگە پاختا ياكى سامان تىقىپ توپ قىلىپ ئويناپ كۆنگەن) بۇ خىل تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇش بىلەن بالىلارنىڭ كىچىكىدىن چېنىقىش، ساغلام ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىنغان. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ھېيت ـ ئايەم، خاتىرە كۈنلىرى، تويلار، ھوسۇل بايرىمى ۋە نورۇز كۈنلىرى يۇقىرىدىكى تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىلەر ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى ساقلاپ، قەدىرلەپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى زامانىۋى تەنتەربىيىگە ھەقىقەتەن قىزىقىدۇ ۋە ئۇنى تېز ئۆزلەشتۈرىدۇ. مەكتەپمۇ تەنتەربىيە تۈرلىرىنى يولغا قويغاندا، ۋاللەي (تىكتاك) ئويناش، ئېگىز سەكرەش، سىيرىلىپ ئويناش، دەرەخكە چىقىش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق بالىلارغا ئادەت بولۇپ كېلىۋاتقان تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن باشلايدۇ. ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان، ھەج تاۋاپ ئۈچۈن چەت ئەللەرنىڭ كۆپلىگەن چوڭ شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلغان، شۇنداقلا روسىيە ۋە تۈركىيىگە ئوقۇشقا بارغان ئىلغارلار چەت ئەللەردە ئوينالغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن ۋالىبول، ۋاسكىتبوللارنى كۆرۈپ، يېڭىلىق دەپ بىلىدۇ. ئەمما پۇتبولنى كۆرگەندە، يەل بېرىلگەن توپتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىشمۇ،



لېكىن ئويناش ئۇسۇلىغا زادىلا ھەيران بولمايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر ياشلىرى كۆزلۈك يىغىمدىن كېيىن قوي، ئوغلاق تېرىلىرىدىن توپ ياساپ، كېسەكلەردىن قەلئە ياساپ، پۇت توپى ئويناشنى ئادەت قىلغان، شۇڭا ئۇيغۇرلاردىن مەيلى سودىگەر بولسۇن، مەيلى ئوقۇغۇچىلار بولسۇن چەت ئەللەردە بولغان مەزگىلدە، پۇت توپ ئويناشقا بىمالال قاتنىشىدۇ ھەمدە چەت ئەلنىڭ پۇت توپ ئويۇنىدىكى يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىدۇ.

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن ئىبراھىم نىياز 1983- يىلى بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە: «ئىكساقتا پۇتبول 1870 ـ يىللاردا باشلىنىپ، 1890 ـ يىلىغا كەلگەندە ئومۇملىشىپ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان، بۇلار دەسلەپتە پۇتبولنى تۆت كىشىدىن، كېيىنچە بەش كىشىدىن بولۇپ ئوينىغان. 1922 ـ يىلىغا كەلگەندە ھازىرقىدەك 11 كىشىدىن بولۇپ ئوينىغان» دەپ يازىدۇ.

ئېنىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىكساقتا پۇتبول ئوينىغۇچىلار ئەزەلدىن يۇمشاق تېرىلەردىن ياسالغان توپ ئىچىگە پۇۋلەش ئارقىلىق يەل تولدۇرۇپ ياكى تېرە ئىچىگە پاختا، لاتا، سامان تىقىپ يالىڭاياق ئويناپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنكى ۋاقىتتا تۈركىيىدىن كەلتۈرۈلگەن قاتتىق يەل بېرىلگەن ۋە چەمدىن ياسالغان توپلارغا يالاڭ پۇت چىداشلىق بېرەلمەيدۇ، نەتىجىدە ئۇلار كالاچ كىيىپ ئوينايدىغان، ھاللىقلار كارۋان چورۇقى بىلەن ئوينايدىغان بولىدۇ.

چەت ئەللەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپ ئىلگىرىلەشلىرىنى كۆرگەن باۋۇدۇنباي، چەت ئەلدە ئوينىلىۋاتقان پۇتبولنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىدا ئويناپ ئادەت قىلغان يۇمشاق تېرە توپلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ، ئۇنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. شۇنداقلا ۋالىبول، ۋاسكىتبوللار-

نىمۇ كېڭەيتىشنى باشلايدۇ. ئۇ، مەكتەپكە تەنتەربىيىگە قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. ھەتتا كېرەم ئاخۇن قاتارلىق ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېڭى زامان تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى ۋە باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن قازان دارىلمۇئەللىمىنىگە ئەۋەتىدۇ.

ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن (1885-يىللىق) دەرسلىك جەدۋەللىرىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولۇپ، تەنتەربىيە دەرس ۋاقتى ئۇزارتىلىدۇ، دەرس مەزمۇنىمۇ مول بولىدۇ. مەسىلەن، پۇتبول، بالقان، تامپاش (ۋالىبول)، بىلىسو، يېنىك ئاتلىتىكا، سىرىلما، كالتەك، تاش كەتتى - تاش كەلدى، ئەسىر ئېلىش، ياغلىق تاشلاش، ئىلانگۈچ، چىغىرىدىق، تاغقا چىقىش، تورنىك، نەيزە، دىسكا ئېتىش، قارىغا ئېلىش، دالا يۈگۈرۈشى، يۈرۈش - تۇرۇش (مارش)، يىراققا، ئېگىزگە سەكرەش قاتارلىق تۈرلەر ئۆتۈلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ ھەرىكەتلەرگە قىزىقىدۇ. تەنتەربىيە دەرسى كىشىلەرنىڭ قىزىقىپ كۆرىدىغان ئويۇنىغا ئايلىنىدۇ. بارا-بارا يۇرت ئارىلاپ مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن تەنھەرىكەت ماھىرلىرى يېتىشىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ پۇتبولچىلار جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. چەت ئەللەرنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى، سودا ۋەكالەتخانا، دوختۇرخانا خادىملىرىمۇ ئىكساق پۇتبولچىلىرىغا قىزىقىدۇ.

1906-يىلىغا كەلگەندە، مەكتەپكە تۈركىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئابابەكرى ئەپەندى، ئەخمەت كامال، سامى ئەپەندى، ئەمرۇللا ئەپەندى ۋە مۇكەررەم قارىلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندا، ئوقۇتۇش ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلىنىدۇ.

1910-يىلىغا كەلگەندە، باۋۇدۇنباي ئۆز خىراجىتى بىلەن تۈركىيىگە ئوقۇشقا چىقارغان يەرلىك زىيالىلاردىن تۇرسۇن ئەپەندى، ھەسەن ئەپەندى، كامىل ئەپەندى، مەسئۇد ئەپەندى، جىرجىق ھاجى قاتارلىقلار روسىيە ۋە تۈركىيىنىڭ يېڭى زامان



تەنھەرىكەتلىرىنى شىنجاڭغا تارقىتىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدا تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئالاھىدە بولۇپ ئۇ مەخسۇس كوماندا تەشكىللەپ، پۇتبولنى يولغا قويىدۇ.

تۇرسۇن ئەپەندى تەشكىللىگەن پۇتبول كوماندىسى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| تۇرسۇن ئەپەندى — كوماندا باشلىقى ھەم بەگ | (بېك) |
| ئەنۋەر ئەپەندى | بەگ (بېك) |
| ئىبراھىم ئەپەندى | پورۋايىت |
| غوپۇر ئەپەندى | پورۋايىت |
| پەخرىدىن ئەپەندى | پورۋايىت |
| تۇرسۇن قارى | ياردەمچى بەگ |
| كېرەم قارى | ياردەمچى بەگ |
| مەھەممەت تۆمۈر | پورۋايىت |
| روزى مەھەممەتنىياز | پورۋايىت |
| بېشىر ئاخۇن | قەلچى |
| ھاجى ئابدۇللا | قەلچى |

زاپاس كوماندا ئەزالىرى: قادىر روزى، مەيدىن مەھەممەت، ھەيدەر ئىدرىس، ساۋۇت مىرئەخمەت، ناسىر مىر خېلىل، ئابدۇراخمان يۈسۈپلەردىن ئىبارەت ئىدى.

XIX ئەسىر كاپىتالىزم تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كۆچكەن، جاھانگىرلار سودا كېڭەيمىچىلىكى بىلەن بازار ئىزدەپ ئاجىز ئەللەر ۋە دۆلەتلەرنى سودا مونوپولىيىسى ئارقىلىق ئىسكەنجىگە ئېلىپ، مۇستەملىكىچىلىك ئېلىپ بېرىشقا كىرىشكەن ئەسىر ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ بولسا ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىنى تولدۇرۇشقا ئەپلىك بىر پارچە لوق گۆش بولۇپ قالغانىدى. چارروسىيە بىلەن ئەنگلىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى زومىگەر-

لەر شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقى ۋە باشقا ئىقتىسادىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەرلىك مۇستەبىت ئەمەلدار ۋە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ھىمايىسىدە پۈتۈن شىنجاڭغا سىڭىپ كىرگەنىدى. يەرلىك ساتقۇنلار ۋە رەھىمسىز بايلار بولسا ئۆز خەلقىنىڭ ئازاب ئوقۇبىتىنى ئويلىماي، جاھانگىر دۆلەتلەر مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلاتتى. بۇ ئىككى جاھانگىر دۆلەتنىڭ سودا رىقابىتى ئاستىدا، يەرلىك خەلق ئاممىسى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايدۇ. يەرلىك مىللىي سودا ـ سانائەت بۇرژۇئازىيىسى ئىچىدە بولسا ئۆز خوجايىنلىرىغا (بىرى چارروسىيىنى ھىمايە قىلسا، يەنە بىرى ئەنگلىيىنى ھىمايە قىلاتتى) بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ مېلىنى كۆككە كۆتۈرەتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇ رىقابەت يەنىمۇ كۈچەيدى. بىر بۆلۈم ئىلغار دېيىلگەن سودا ـ سانائەتچىلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى كۈچەيتىسە، بىر بۆلۈم سودىگەرلەر ئەنگلىيە بىلەن سودا قىلاتتى. يەرلىك ھۆكۈمەت بولسا ئەنگلىيىگە قۇلچىلىق قىلاتتى.

مۇشۇ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، شىنجاڭدىن روسىيىگە چىققان ئىلغار سودىگەرلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ (1905 ـ ۋە 1906 ـ يىللاردىكى) يېڭى مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن تاشكەنتتە قۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەسىرلىنەتتى، جۈملىدىن ئۇلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قوللايتتى، شىنجاڭدىن جاھانگىرلىكنىڭ تەسىرىنى سىقىپ چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. ئەنە شۇنداق ئىلغار سودىگەرلەرنىڭ بىرى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى ۋەلى خان① بايمۇ ئىلغار پىكىرلىك

① ۋەلى خانباي ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە قەشقەردە تەشكىللەنگەن كوممۇنىستىك گۇرۇپپا ئەزاسى بولغان كوممۇنىزمچى ئىلغار، ئۇنىڭ نامى شىنجاڭغا ماركسىزمنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇيغۇر كوممۇنىزمچىلىرى قاتارىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ.



كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتا بايرىقى روشەن كىشىلەردىن ئىدى. 1927 ـ يىلى ۋەلى خانباي ئەنگلىيە، شۋېتسىيە ۋە فرانسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا ئىكساق پۇتبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىلىشىشكە تەكلىپ بېرىدۇ، چەت ئەللىكلەر مۇسابىقە قىلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېنگلىز كونسۇلخانىسى (ھازىرقى ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ ئورنى)دا مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىكساق پۇتبول كوماندىسىدىكىلەر بېشىدا ئاق دوپپا، ئۇچىسىدا ماتا كۆڭلەك، بېلىدە بەلباغ، پۇتىدا مەسە ـ كالاچ، مەسە ـ كالاچ ئۈستىدىن شۇيىنا باغلىغان ھالدا تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە:

ئارقادىشلار توپلىنايلى، جەھلىن ئوينى بۇزغىلى،
ئەل كۆزى ئالغان قاراڭغۇ، پەردىلەرنى يىرتقىلى.
ئىنقىرازدىن خەلقىمىزنى قۇتقۇزغۇچى ئىلىمدۇر،
بىزلەرنىمۇ دەل بۈگۈن ھەم بىلىم ئۆزى قۇتقۇزۇر.

دېگەن مارشنى جاراڭلىق ئوقۇپ مەيدانغا كىرىدۇ.

مۇسابىقە خەۋىرى خېلى بۇرۇنلا قەشقەر رايونىغا تارقالغان بولغاچقا، مۇسابىقە مەيدانى نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن تولىدۇ.

مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىلگىرى بارلىق چەت ئەل كونسۇللىرىمۇ ـــ خادىملىرىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا، ئېنگلىز كونسۇلى مۇسابىقە ئېلان قىلىپ «ئەگەر سىلەر ئۇتتۇۋالساڭلار بىز سىلەرگە كۈمۈش ئىگەر توقۇملۇق ئاتتىن بىرنى بېرىمىز، بىز ئۇتتۇۋالساق سىلەر نېمە بېرىسىلەر؟» دەيدۇ. بۇ چاغدا ئىكساق پۇتبول كوماندا باشلىقى تۇرسۇن ئەپەندى ئىككىلەنمەستىن: «ئەگەر سىلەر ئۇتتۇۋالساڭلار بىزگە ئىككىنى بېرىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مۇسابىقە باشلىنىدۇ. تاماشا كۆرگۈچىلەر ئىكساق پۇتبول كوماندىسىغا بارىكاللا توۋلاپ ئىلھام بېرىدۇ ۋە غەلىبە تىلەيدۇ. نەتىجىدە، ئېنگلىز كوماندىسىنى بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن، شۆۋىت كوماندىسىنى نۆلگە قارشى يەتتە نەتىجە بىلەن يېڭىدۇ. ئېنگلىز ئايال كونسۇلى نەتىجە ئېلان قىلىنمايلا پوچتىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالىدۇ.

ئىكساق كوماندىسىنىڭ بۇ غەلىبىسى پۈتۈن قەشقەرگە تارقىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بولسا ئىكساق كوماندىسىنى «غالىپ كوماندا» دېگەن نام بىلەن پۇتبول توپى بېرىپ مۇكاپاتلايدۇ. بۇ مۇسابىقە شىنجاڭ ئۇيغۇر تارىخىدا تۇنجى غەيرىي رەسمىي خەلقئارالىق تۈس ئالغان مۇسابىقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پۇتبول كوماندىسى پۈتۈن خەلق ھىمايىسىدە بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە ياردەم، مەدەت بېرىشلەرگە ئېرىشىدۇ. تەنتەربىيە تۈرلىرى شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا كەڭ تارقىلىپ، مىڭلىغان پۇتبولچى تەنھەرىكەت ماھىرلىرى يۇكسۇلۇپ چىقىدۇ.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مائارىپتىكى ئۆزگىرىشلەر يەنىلا ئىكساق پەننىي مائارىپى ۋە تەنتەربىيىسىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىي بويىچە راۋاجلانغان. 1934 - يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە پۇتبول پائالىيىتى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ غۇلجا، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى خەلق ئىچىدە ئومۇملىشىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەربىيلەر، ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپ، سابىق شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى قاتارلىق مەكتەپ ئورۇنلىرىدا ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلدى. بۇ چاغدىكى پۇتبولچىلارنىڭ سانى خېلى كۆپەيگەن بولۇپ، پۇتبول ئويناش دائىرىسى كېڭەيگەن جايلاردا پۇتبول مەيدانلىرىمۇ ياسالغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن يەنى 1951 - يىلى غەربىي - شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول



مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ كوماندىسى چېمپىيون بولغانىدى. 1952 - ۋە 1953 - يىللىرىدىكى مۇسابىقىدىمۇ خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن. 1959 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا، شىنجاڭ كوماندىسى 12 كوماندا ئىچىدە 4 - لىككە ئېرىشكەنىدى.

1985 - يىلى ئىكساق مائارىپىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاكا - ئۇكا ھۈسەينباي، باۋۇدۇنبايلارنىڭ مائارىپقا ۋە شىنجاڭ تەنتەربىيىسىگە قوشقان تۆھپىسى، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىدىكى پائالىيىتى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىندى، ھەمدە «مەشئەل» ناملىق ژۇرنالغا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلۇپ خاتىرىلەندى.

بىز ئىكساقتا يىلتىز تارتقان بۇندىن 100 يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقىنى ئالاھىدە ئەسلەيمىز ۋە بۇ ساھەدىكى تۆھپىكارلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

بۇ ماقالىنى يېزىشتا پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مۇسابايوۋنىڭ سودا پاكتور ئارخىپى ئىچىدىكى مائارىپقا ئىشلەتكەن چىقىم ئاكتىسى — خاتىرىسىدىكى يازمىلار.

2. «مەشئەل» ناملىق ژۇرنال.

3. ھۈسەينباي ھاجى ئوغلى تەلئەت مۇسابايوۋ، باۋۇدۇنباي ئوغلى مەرھۇم قېيۇم ئەپەندىلەرنىڭ ماتېرىيالى.

4. ئىبراھىم نىيازنىڭ ئىكساق مائارىپى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى.

# ئاتاقلىق كارخانىچى — قادىربەگ ھاجىم

شەرىپ خۇشتار

ئۆتكەن يىل (1988 - يىل) جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشىم جەريانىدا، قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر كارخانىچى، مەرھۇم قادىربەگ ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە كارخانىچىلىق پائالىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى مەلۇماتقا ئىگە بولدۇم.

قادىربەگ ھاجىم قەشقەر شەھەر ئۆستەڭبويى باغ كوچىسىدا بىر تارىخىي كارخانىچى ئائىلىدە 1868 - يىلى دۇنياغا كەلگەن، ئۇ 102 ياشلىق ھاياتىدا، 70 يىل كارخانىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

قادىربەگ ھاجىم توغرىسىدا خەلقنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قادىربەگ ھاجىمنىڭ قەشقەر شەھەر يارباغ دەرۋازاتېشى تۇمەنبويىدا تېرەكلىكنىڭ لەڭزىگە تۇتاش سېلىنغان 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئىشخانىسى (زاۋۇتى) بولغان. بۇ ئورۇندا، ماشىنىچىلىق، تېرە پىششىقلاش، جۇۋا تىكىش، يۇڭ تاللاش (پرىيوم)، توقۇمىچىلىق، ئۇلاغ - جابدۇق ياساش، قەنت - كېزەك، ناۋات ياساش قاتارلىق يەتتە ئىشخانا (سېخ) بولغان. بۇنىڭدا ياز كۈنلىرى 1000، قىش كۈنلىرى شاگىرت ۋە باشقا خىزمەتچىلەر بولۇپ ئالتە يۈزدىن يەتتە يۈزگىچە ئىشچى ئىشلىگەن.

مەزكۇر سېخلارنىڭ ئىش تۈرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە بولغان:

1. ماشىنىچىلىق سېخ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى



سېخ بازارغا ۋە بۇيرۇقچىغا كىيىم تىككەن. تىكىلىدىغان كىيىملەر تەتىللا، كىمخاپ، زەرداپ، دۇخاۋا، مەخمەل، مۇيىت، سارجا، دۇراپ، سوكنا، بەقەسەم قاتارلىق يۇڭ ۋە يىپەك رەخلەر؛ بۇ خىل كىيىملەرگە قەشقەردىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلەر، ئالىم، ئۆلىما، مەخسۇمزادە ۋە شەھەر بايلىرى، ھاللىق كىشىلەر ئېھتىياجلىق ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئالاھىدە كىيىنىش ئەنە شۇنداق ئىدى.

يەنە بىر خىلى شەھەر - يېزا خەلقلىرى ئادەت قىلغان چىپەرقۇت، ھەر خىل تىرىكە، دەگمال، ھەر خىل رەڭدىكى چەكمەن، يۇڭ چەكمەن ۋە باشقا ئاددىي رەختلەردىن تىكىلىدىغان ھەر خىل چاپانلار؛ ئۈچىنچى بىر خىلى، ئاياللارنىڭ ھەر خىل نىمچا (ئۇزۇن تاش چاپان)، ئاياللار كەمزۇلى، جۇيازا، جىلىتكە ۋە باشقىلار. بۇ خىل كىيىملەر ھەر خىل رەڭلىك تاۋار - دۇردۇن، كىمخاپ، تەتىللا، پاكىستان، ئافغانىستاندىن كېلىدىغان بىر خىل كەندىر ۋە زەر قوشۇلغان ئاياللارغا باب رەختلەر، يەرلىك شاھى، ئەتلەس، بەقەسەم قاتارلىق رەختلەردىن بولاتتى. بۇ خىل كىيىملەر شىنجاڭ بازارلىرىدا سېتىلاتتى.

ماشىنىچىلىقنىڭ ئىككىنچى سېخى 1936 - يىلىدا ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، قادىربەگ ھاجىنىڭ بىر بۆلۈم ئادىمى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ (شىمالغىمۇ ئېلىپ بارىدۇ)دىكى ھەربىيلەر كىيىم - كېچەكلىرىنى تىكتۈرگەن. بۇ سېختا دۇراپ، مۇيىت، سارجا، ھەر خىل تىرىكە، چەكمەن، كۆلرەڭ ماتا قاتارلىق تاش كىيىم، ھەر خىل ئاق رەختلەردە ئىچ كىيىم، يوتقان - كۆرپە، چېدىر، شەپكە، قولاقچا، يازلىق لاتا پايپاق، قىشلىق پاختىلىق پايپاق، گوش (پوتقا ئورايدىغان) قاتارلىق كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلغان. شېڭ شىسەي ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر بىر كىشىلىك يازلىق، قىشلىق كىيىملەر تەخمىنەن 20 مىڭ پار بولغان بولسا،

گومىنداڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. چۈنكى، 1943 - يىلدىن 1945 - يىلىغىچە گومىنداڭ ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ سانى 100 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم كىيىم - كېچەكلىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن تەمىنلەنسە، بىر قىسمى يەرلىكتىن تەمىنلەنگەن. يەرلىكتىن تەمىنلىنىدىغان كىيىملەر ئەنە شۇ قادىربەگ ھاجىنىڭ كارخانىسىدا تىكىلگەن (مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىيىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

2. تېرىچىلىك سېخىدا: ئات، كالا، قوتاز قاتارلىق چوڭ ھايۋانلار تېرىسىدە يەرلىك خۇرۇم، كۆن، چەم؛ قوي تېرىسىدە شاۋرۇن، بېشۋ (ئۆتۈككە ئەستەر قىلىدىغان)، جۇۋا؛ ئۆچكە تېرىسىدە قىرىم ۋە يارىلىم قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا كەمچەت، قاما، سۆلەيسۇن، تۈلكە، بۆرە، يىلپىز، مولۇن، مۈشۈك، سانىسان، ئەلتېرىدىن كۇچا كۆپىسى قاتارلىقلار پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى.

3. جۇۋىچىلىق سېخى ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، 1 - سېختا بازار ئېھتىياجىغا خىزمەت قىلىپ، كەمچەت، قاما، سۆلەيسۇن، تۈلكە، بۆرە، يىلپىز قاتارلىقلار تېرىسىدە جۇۋا، ياقا، تۇماق ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئىشلەيتتى. 2 - سېخ يەنىلا ھۆكۈمەت ئېھتىياجىغا قارىتىلغان بولۇپ، ھەربىلەرنىڭ تۇرلۇك تاشلىق، تاشسىز جۇۋا، جىلتكە، قولاقچا، تېرە شىم، پەلەي، تېرە پايپاق، فالاشوپكا، خۇرۇم چاپان، خۇرۇم پەلەي، تېرە كۆرپە، چامدان، سومكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قوشۇمچە خۇرۇم بەتىنكە، ئۆتۈك قاتارلىقلارنىمۇ ئىشلەيتتى.

4. يۇڭ سېخىدا: ياز كۈنلىرى يۇڭ ئىلغاش، يۇڭ يۇيۇش، بوياش، ئىگىرىش قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولسا، قىش كۈنلىرى پىششىقلاپ ئىشلەشكە كىرىشىدۇ. بۇ سېختا گىلەم (نۇسخىسى



كۆپ خىللىق)، شىرداق، ئاق ئۆي (قىرغىزلار ئۈچۈن)، پىيما، پايپاق، چۇسىنكا، كالتا قونچىلىق چەملىك ئۆتۈك، مالخاي، گۈللۈك - گۈلسىز كىگىز، جەينىماز قاتارلىقلارنى ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇڭ پوپايكا، شىم، يۇڭ پايپاق ئىشلەيدۇ.

5. توقۇمىچىلىق سېخىدا: يۇڭ، يىپەك بىرىكمە قىلىنغان تىرىكە، خەسە، داكا، خام سودىت، يوللۇق شەتلەڭگە، دەڭدار چىت، شايى، ئەتلەس، بەقەسەم، يىپ ئەدىيال، رومال، ياغلىق، تاغار، خۇرجۇن، يىپ ئارقان، تانا، توشۇك، يىپ - يىپەكتىن ئەر - ئايالچە پايپاق (يۇڭ - يىپەك پايپاق توقۇلىدىغان ماشىنا شۋېتسارىيىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۈچ ماشىنا ئىشلەپ تۇراتتى)، ۋالىبول، ۋاسكېتبول تورى، بېلىق تورى، ماتا، چەكمەن يىپى ۋە پالاز يىپىمۇ ئىگىرىلەتتى. بۇ سېختا يەنە بوياقچىلىقمۇ بار ئىدى.

6. ئۇلاغ جابدۇق سېخىمۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، 1 - سېخى بازارغا ئىگەر، يۈگەن، نوقتا، قوشقۇن، بەلباغ، جىگبو، جاۋەن، خادىك ھارۋا، پوچتا سايمانلىرى؛ قىرغىز ئاق ئۆيىنىڭ ياغاچ جاھازلىرى، ئائىلە جاھازلىرى، تاماق سايمانلىرى، جوزا، ئەمبەل، كۆتەك، چويلا، قاسقان، قازان، قىڭراق، داس، چېلەك قاتارلىقلارنى ئىشلەيتتى. 2 - سېخى يەنىلا ھەربىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ھەربىي ئات - ھارۋىنىڭ بارلىق سايمانلىرى، ھەربىي چېدىر، تاماق، ئاشخانا سايمان - جابدۇقلىرىنى ئىشلەيتتى.

7. ئىستېمال سېخىدا: ناۋات، پاتاسى، كەمپۈت، پېچىنە، بولكا، مەنپەسە، ھەرخىل مۇراببا، گۈلقەنت، نىشائاللا قاتارلىقلارنى ئىشلەيتتى.

مەزكۇر يەتتە سېختا ئىشلەنگەن ھەربىي لازىملىق ياكى بازارغا سېلىنىدىغان بۇيۇملار شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان ھەربىلەرگە ۋە بازارلارغا سېتىلىدۇ.

قادىربەگ ھاجىم باشقۇرغان يۇقىرىقى كارخانىنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمى توختاملاشقان ئىش ھەققى بولۇپ، ئىشلەنگەن تاۋارنىڭ بېكىتىلگەن (كېلىشىم بويىچە) ئىش ھەققى ئاساسىي ھەق قىلىنىدۇ. ئىككى تەرەپ كېلىشكەندە توختام تۈزۈلۈپ، ئىككى تەرەپ ۋە شەھەر قازىسى قول قويىدۇ. ئىشچىلارنىڭ بىر كۈن، بىر يىل ياكى ئۇزۇن ئىشلىشى ئۆز ئىختىيارىدا بولىدۇ. كارخانا ئىگىسى ھەر بىر ئىشچى ئۈچۈن توختام ئىش ھەققىدىن باشقا كۈنىگە بىر ۋاقلىق تاماق، ئىككى ۋاقلىق نان - چاي بېرىشنى، توختامدىكى ئىش ھەققىدىن سىرت ئۈستىگە ئالغانىدى. ئىش ھەققى تارقىتىلغان ۋاقىتتا، كاسىپنىڭ ئىش ئۈنۈمى، سۈپىتى ۋە ئائىلە ئەھۋالىغا قاراپ مۇكاپات تەرىقىسىدە چاي پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئىش ھەققى تارقىتىش ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدۇ. كارخانا ئىگىسىنىڭ ئاساسىي كىرىمى، بازارغا سېلىنغان مالدىن بولۇپ، ھەربىلەر ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىشتىن پىرسەنت ئېلىنىدۇ.

قادىربەگ ھاجىم ئىگىلىكىدىكى بۇ كارخانىنىڭ قاتناش ئىشلىرى راۋان بولۇپ، كارخانىنىڭ ئىككى دانە ئاپتوموبىلى، ئىككى دانە پوچتا، ئون دانە ئات - ھارۋا ۋە باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرى بولغان. قادىربەگ ھاجى بىر قەدەر كەڭ قوللۇق كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ يېتىم - يېسىرلار ۋە كەمبەغەل ئىشچىلارنىڭ يىراق - يېقىندىن يۆتكەيدىغان ئاشلىق، ئوتۇن - سامانلىرىنى ھەقسىز توشۇپ بېرىدۇ.

قادىربەگ ھاجىم مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ، مەكتەپلەرگە ۋە يېتىم بالىلارغا ياردەم بېرىشتىن باشقا، ئەلاچى ئوقۇغان بالىلارغا قەغەز - قەلەم ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار مۇكاپات بەرگەن. كىشىلەر، ئابدۇرېشىت ئىمىن دېگەن ئەلاچى ئوقۇغۇچىغا



بىر ئىنگەر، يۈگەنلىك ئات مۇكاپات بەرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. يەنە دارىلئاجىزىن ئۈچۈن 1936 - يىلى 50 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى ياردەم بەرگەن، ئۇنىڭدىن باشقا، قادىربەگ ھاجى كارخانىسىدا ئۆز قولى بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويغان يېتىم ئوغۇل - قىزلارنىڭ سانى كىشىلەرنىڭ بىلىشىچە يىگىرمىگە يېتىدىكەن. 1932 - يىلى ئۇرۇش ئاپىتىدىن قېينالغان بىر بىچارە دېھقاننىڭ قىزىنى قەرزى ئۈچۈن گۆرەكەش ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنى بىلگەن قادىربەگ ھاجى گۆرەكەشكە نۇرغۇن پۇل بېرىپ قىزنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. قادىر بەگ ھاجىمنىڭ كارخانىسىدا تولاراق يېتىم بالىلار بولۇپ، ئۇلارنى ئاخىرىغىچە تەربىيە بىلەن ئۆستۈرۈپ قاتارغا قوشقان. شۇنداقلارنىڭ ئالدى ھازىر 80 ياشقا كىرگەن.

قادىربەگ ھاجى داۋاملىق دېگۇدەك ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ خالىسانە ياردەم بەرگەن. 1937 - يىلى ياپونغا قارشى ئىئانە توپلاش ۋاقتىدا قەشقەردىن ئەڭ كۆپ ياردەم بەرگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا ئالتۇن ياردەم قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە قىشلىق كىيىم - كېچەك ياردەم بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغان. بىرناھىيە بىر ئايروپىلان ياردەم قىلىش دېگەن چاقىرىققا 5000 سەر كۈمۈش بەرگەنلىكىنى بىلىدىغانلار بار. 1948 - يىلى قەشقەر تۈمەن دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى سەل ئېلىپ كەتكەندە، ناھايىتى كۆپ ئىقتىساد ئاجرىتىپ ياساشقا ياردەم بەرگەن. 1950 - يىلى چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋاقتىدا 1000 سەر كۈمۈش بەرگەن، شۇ يىلى ئېلىمىز تارقاتقان زايومدىن 1050 پاي زايوم ئالغان. بۇنىڭ قىممىتى 3700 سەر كۈمۈش بىلەن باراۋەر ئىدى.

1950 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى بىر قىسىم يېتىم بالىلار ۋە يولدىن ئازغانلارنى يىغىۋالغاندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىپ، ئۇلارغا كەسىپ ئۆگىتىشنى ئۈستىگە

ئالغان، نەتىجىدە كۆپلىگەن كىشىلەر كەسىپ ئۆگىنىپ ھايات يولىغا ئىگە بولغان.

1956 - يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋاقتىدا، ھۆكۈمەت - خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە كىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدە ئىشلەپ، كارخانىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولغان قادىربەگ ھاجىم 1970 - يىلى 102 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولغان.

ئۇزۇن يىل ئۇنىڭ قولىدا ئىشلىگەن ياكى ھۈنەر ئۆگەنگەنلەرنىڭ ئىسپات بېرىشىچە، ئىشچىلارنىڭ كېسەل ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئىشچىلار كېسەل بولسا ساقايغۇچە ئىش ھەققى بېرىپ تۇراتتى، داۋالاش ھەققىنى ئۈستىگە ئالغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ؛ ئۆلۈم - يېتىم بولسا دەپنە خىراجىتى بېرەتتى. ئۆيلەنگەنلەرنىڭ توي راسخوتى، ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلاتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئىشلىگەنلەرنىڭ بىرەرسىمۇ نارازى بولغىنىنى ئاڭلىمىغانىدۇق، دەپ تەرىپلىشىدۇ.



## ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 1945 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچىلىك بولغان مەدەنىي - مائارىپ ئەھۋالى

قۇددۇس ئابدۇسەمەت

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنى نادان قالدۇرۇش ئەكسىيەتچىل سىياسىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي مائارىپقا تۇتقان بېسىمىغا خاتىمە بېرىلدى. جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرى بولغان ئىلى ۋىلايىتىدە ھەقىقىي خەلق مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى زامانىۋى تەلىم - تەربىيە بىلەن تەربىيىلەشكە، ئۆز ئانا تىللىرىدا ئوقۇ - ئوقۇتۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلغانىدى.

ئىنقىلاب غەلىبىسىدىن كېيىنكى تۆت يىل داۋامىدا، مائارىپنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە بولدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر كۈرەشچان ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ياردىمى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى، ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەشلىرى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. بۇلار تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

1. مەكتەپلەرنى رەتكە سېلىش ۋە سۈپىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە گەۋدىلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىنغانىدى. ھەممىگە مەلۇمكى،

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە مائارىپ ئورگانلىرىنى تەشكىل قىلىپ ئىشقا كىرىشتۈردى. مائارىپ باشقارمىسى ئالدى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەرنى، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ سانىنى ۋە مائارىپنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان ئوقۇغۇچىلار سانىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئىنقىلاب ۋاقىتلىرىدىكى قىيىنچىلىقلارغا قارىماستىن 1945 - يىلىدىن باشلاپ شەھەر، يېزا - قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەرنى قايتىدىن ئېچىشقا باشلىدى. مەكتەپلەر تەلىم - تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي قورالى بولغان دەرس پروگراممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى شەرت - شارائىتنىڭ تەلىپىگە ۋە خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، مەكتەپلەرگە تارقىتىلىشى بىلەن شۇ پروگرامما ئاساسىدا دەرس بېرىش تۈزۈمى رەسمىيلەشتۈرۈلدى.

گومىنداڭ ۋاقتىدىكى دەرسلىك كىتابلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ھەم قوللىنىشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، 1945 - يىلىدىن 1949 - يىلىغا قەدەر ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە باشلانغۇچ بىرىنچى سىنىپ ھېساب دەرسلىكىدىن 4000 نۇسخا؛ ئىككىنچى سىنىپ ھېساب دەرسلىكىدىن 4255 نۇسخا؛ ئېلىپبە كىتابىدىن 14 مىڭ نۇسخا؛ ئىككىنچى سىنىپ ئوقۇش كىتابىدىن 4869 نۇسخا؛ ئۈچىنچى، تۆتىنچى سىنىپلار ئۈچۈن تەبىئەت دەرسلىكىدىن 500 نۇسخا؛ «پېداگوگىكا پسىخولوگىيىسىنىڭ ئاساسى» كىتابچىسىدىن (مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن) 670 نۇسخا؛ قازاق مەكتەپلىرىگە ئېلىپبە دەرسلىكىدىن 3100 نۇسخا؛ ئۈچىنچى سىنىپلار ئۈچۈن بىرىنچى قىسىم تەبىئەت دەرسلىكىدىن 1700 نۇسخا؛ ئىككىنچى سىنىپ ئوقۇش كىتابىدىن 5000 نۇسخا؛ ھەر تۈرلۈك دەرسلىك كىتابلاردىن 1245 نۇسخا؛ شىبە مەكتەپلىرىگە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2-، 3-، 4- سىنىپلار ئوقۇش كىتابلىرىدىن 1400 نۇسخا



بولۇپ، جەمئىي 49 مىڭ 894 نۇسخا دەرسلىك تارقىتىلدى. دىنىيە نازارىتى ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان دىنىي دەرسلىكلەر بىلەن ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپلىرىنىڭ باشلانغۇچ سىنىپلىرى قىسمەن بولسىمۇ تەمىن قىلىنغانىدى. شۇ قاتاردا شىبە مەكتەپلىرىنىڭ تۆتىنچى سىنىپلىرى ئۈچۈن جۇغراپىيە دەرسلىكىدىن 150 نۇسخا؛ موڭغۇل مەكتەپلىرىنىڭ باشلانغۇچ 1-، 2-، 3-، 4- سىنىپلىرى ئۈچۈن ئوقۇش كىتابىدىن 1500 نۇسخا دەرسلىك تەييارلاپ بېرىلگەن. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلەر بىلەن تەمىن قىلىنىشى ئەينى چاغدىكى ئومۇمىي ئېھتىياجغا نىسبەتەن يېتەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى ھەل قىلىنغانىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبىسىدىن كېيىنكى 1945 -، 1946 - ئوقۇش يىلىدا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە مەكتەپلەر سانى 295 كە، سىنىپ سانى 980 گە، ئوقۇتقۇچىلار سانى 1051 نەپەرگە، ئوقۇغۇچىلار سانى 28 مىڭ 343 نەپەرگە يەتكەن بولسا، 1947 -، 1948 - ۋە 1949 - ئوقۇش يىللىرىدا مەكتەپ سانى 268 كە، سىنىپ سانى 1136 گە، ئوقۇتقۇچىلار سانى 1249 نەپەرگە، ئوقۇغۇچىلار سانى 37 مىڭ 527 نەپەرگە كۆپەيگەنىدى. يەنى 1945 -، 1946 - ئوقۇش يىلىغا قارىغاندا، 1948 -، 1949 - ئوقۇش يىلىدىكى مەكتەپلەر سانى مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش يولى بىلەن كېمەيتىلگەن بولسىمۇ ئەمما، سىنىپ سانى 15.9%، ئوقۇتقۇچىلار سانى 23.6%، ئوقۇغۇچىلار سانى 32.3% كۆپەيگەنىدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئىلى ۋىلايىتىدىكى قازاق، موڭغۇل مەكتەپلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۇقىرى سىنىپلاردا ئوقۇيالماي قالىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، 1948 -، 1949 - ئوقۇش يىللىرىدا سۈيدۈڭ، چاپچال، بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ، كۈنەس، توققۇزتارا، قىزىلكۈرە، موڭغۇلكۈرە ناھى-

يىللىرىدە ياتاقلىق 59 سىنىپلىق مەركەزلەشكەن مەكتەپلەر تەشكىل قىلىنغانىدى. ھەرقايسى ناھىيىلەردە يۇقىرى سىنىپلىق مەركەزلەشكەن مەكتەپلەرنىڭ تەشكىل قىلىنىشى بىلەن قازاق، موڭغۇل پەرزەنتلىرىگە يۇقىرى سىنىپلاردا ئوقۇشقا يەنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتىنى ئېلىپ چىقىشقا تولۇق ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بېرىلگەنىدى. ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ۋە ھەرقايسى ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈملىرى مەكتەپلەردە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ كۈنسايىن راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەكتەپلەرگە زۆرۈر بولغان تۈرلۈك ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يەتكۈزۈپ تۇرغانىنىڭ سىرتىدا، مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي خىزمەت پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىپ تۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مەكتەپلەردە كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىش ئۇسۇللىرى توغرۇلۇق ئوقۇتقۇچىلاردىن ۋە كەڭ ئاتا - ئانىلاردىن پىكىر ئېلىپ تۇرغانىدى.

2. ئوقۇتقۇچىلار ۋە كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىدا گەۋدىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئەمدىلا قۇرۇلغانلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىغا قارىماستىن، ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىن 1949 - يىلىغا قەدەر «غۇلجا شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى»، «يېزا - قىشلاق ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى» ۋە «تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى»دىن ئىبارەت بەش قېتىم ئالتە جايدا قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئاچقانىدى. بۇنىڭ بىلەن 1245 نەپەر ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنىنىڭ سىرتىدا يەنە 160 نەپەر بوغالتىر - كاسسىرلارنى يېتىشتۈرۈپ، جايلارنىڭ مالىيە - ھېسابات خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى مەلۇم نىسبەتتە تەمىن ئەتكەنىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى شەرت - شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن،



مائارىپ باشقارمىسى يەنە 1948-، 1949- ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش ئىشىغا ئەستايىدىل كىرىشتى. بىلىم يۇرتى تەركىبىدە ئۈچ يىللىق مۇددەت بىلەن «تولۇق سىفەن» ۋە «مۇتەخەسسىس يېتىشتۈرۈش بىر يىللىق كۇرس»نى تەشكىل قىلغاندىن تاشقىرى، غۇلجا شەھىرىدىكى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالتە ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ كۇرسلاردا 120 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مۇتەخەسسىسلەشكەن ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمەلىي بىلىمىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىۋان كىنىشكىسى بېرىش چارىسى»نى ئىشلەپ چىقىپ ئېلان قىلدى ھەمدە بۇ چارىنى ئەمەلىي خىزمەت ئۈستىدە تولۇق يۈرگۈزدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمەلىي بىلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن بۇ چارىلەر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەتكە بولغان تىرىشچانلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. شۇنىڭدەك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەلق ئاممىسى ئالدىدىكى ئۇستازلىق ھۆرمىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ زۆرۈر ۋە ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرسى مەكتەپلەرنى ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەمىن قىلىش ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى خىزمەتلەرنى تەلەپكە لايىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەشكەن كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئىدى. بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلى ۋىلايىتىدە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى تەشكىل قىلىش تەلەپ قىلىناتتى، بۇ تەلەپمۇ ئەمەلىيەتتە ھەل قىلىندى. 1946-، 1947 - ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلغانىدى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بارلىق جايلىرىدىكى يۇقىرى بىلىم ئېلىش ئورگانلىرىدا ئوقۇش ئارزۇسى بولغان 535 نەپەر بالىلار

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قوينىغا ئېلىنىدى. ئىككى يىللىق خىزـ
مەت جەريانىدا 60 نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتـ
لىق قىلىپ جەمئىيەتكە چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا
غۇلجا مىللەتلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى 1948 ـ، 1949 ـ
ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ «ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسـ
سىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى»غا ئايلاندى. بۇ بىلىم يۇرـ
تىدا ئاگرونومىيە، مال دوختۇرلۇق، تولۇق سىنفەن، ئالىي دەرـ
جىلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش، بوغالتىرلار بۆلۈمى ۋە تولۇق
ئوتتۇرا بۆلۈملىرىدىن ئىبارەت 17 سىنىپىدا 500 نەپەر ئوقۇغۇچى
تەربىيىلىنىپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن مائارىپ ئورۇنلىرى ۋە جەمـ
ئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىيـ
لار، مۇتەخەسسىسلەر ھەم قابىلىيەتلىك ئەمەلىي خادىملارغا بولـ
غان ئېھتىياجى خېلى زور نىسبەتتە قاندۇرۇلدى.

3. مەدەنىي ئاقارتىش ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەردە گەۋدىـ
لىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىنغاندى. ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت
قۇرۇلۇش بىلەنلا خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەپ زۇلۇم تارتىشى ۋە
ئېزىلىشىگە سەۋەب بولغان نادانلىق، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ،
ئۇلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش، كۆزىنى ئېچىش ۋە سىياسىي
ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يۈزىسىدىن ئىمكانىيەت يار بەرگەن
دائىرىدە بارلىق چارىلەر قوللىنىلدى. نەتىجىدە 1946 ـ، 1947 ـ
ئوقۇش يىللىرىدا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە 420 سىنىپلىق، 1947 ـ،
1948 ـ ئوقۇش يىلىدا 205 سىنىپلىق خەلق ساۋاتىنى چىقىرىش
كۇرسلىرى ئېچىلىپ، بۇ كۇرسلاردا 8135 نەپەر كىشىنىڭ خەت
ساۋاتى چىقىرىلدى. 1949 ـ ئوقۇش يىلىدا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە
يەنە 343 سىنىپلىق خەلق ساۋاتىنى چىقىرىش كۇرسى ئېچىلىپ،
كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا،
ئىنقىلاب غەلىبىسىدىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلارنى خەلق
ئاممىسىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن، 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا غۇلجا



شەھىرىدە چوڭ تەييارلىق بىلەن كۆرگەزمە ئېچىلىپ، نەچچە مىڭ
ئادەم قېتىم قاتناشتۇرۇلدى. مەكتەپلەردە ئادەتتىكى تەنتەربىيە
پائالىيىتىنى يولغا قويغاندىن تاشقىرى، 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايدا
ئىلى ۋىلايىتى بويىچە، 1948 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئاخىرىدا غۇلجا
شەھىرىدىكى مەكتەپلەر ئارا تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەنـ
دى. بۇ مۇسابىقىغە بىرىنچى نۆۋەتتە 808، ئىككىنچى نۆۋەتتە
490 ئىسفورتچىلار قاتناشقانىدى.

يەنە، ئاياللارغا ھۈنەر ئۆگىتىش (تىككۈچىلىك ۋە باشقا
كەسىپلەر) ئۈچۈن 1947 ـ، 1948 ـ ئوقۇش يىلىدىن ئېتىبارەن
غۇلجا شەھىرىدە ئالتە سىنىپلىق قولـ ھۈنەر كەسپىي مەكتىپى
ئېچىلغانىدى. 1948 ـ، 1949 ـ ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە 12
سىنىپقا كۆپەيدى.

# ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ باي ناھىيىسىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرى

(باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش)

1933 - يىلدىكى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن تەختكە چىققان شېڭ شىسەي، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ئويغىنىۋاتقان شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېسىمى ۋە ئۆزىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇش خەۋپىنى ھېس قىلىپ، ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى نىقابلاپ خەلق كۆڭلىنى ئۆزىگە ماھىل قىلىشقا كىرىشتى. شۇڭا ئۇ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ خەلقنى نادان قالدۇرۇش، ئۇلارنىڭ مەكتەپ ئېچىپ ساۋادلىق بولۇشىغا يول قويماسلىقتەك ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، خەلق ئىنقىلابىنىڭ بېسىمى ۋە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مەلۇم تەسىرى بىلەن تۆۋەندىكى ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1 - جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش؛ 2 - سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش؛ 3 - مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش؛ 4 - خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ 5 - تىنچلىقنى ساقلاش؛ 6 - شىنجاڭنى تەمىرە قىلىش.

شېڭ شىسەي يۇقىرىدىكى سىياسەتلەر ئارقىلىق خەلق كۆڭلىنى ئۆزىگە ماھىل قىلىش بىلەن بىللە تۇنجى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا يەنە ھەرمىللەت ۋەكىللىرىنىڭ پەننىي مەكتەپ ئېچىش تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ناھىيىلەردە تەرەققىيپەرۋەرلەر ھاكىمىلىقتا تۇرغۇزۇلۇپ، ئەسىرلەردىن بېرى ئاسارەت ئۇيقۇسىدا ياتقان جاھالەتلىك مۇدى-



ھىش يىللارغا خاتىمە بېرىلىش بىلەن بىللە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سېلىندى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەقەززا بولۇپ كېلىۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزى يېمەي، كىيمەي ئازغىنا ئىقتىسادىنىمۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن ئىئانە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىچە پەننىي مەكتەپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن كۆپلەپ قۇرۇلۇشقا باشلىندى. شۇ قاتاردا ناھىيىمىز بايدىمۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ 1933 - يىلى 11 - ئايدا رەسمىي قۇرۇلدى. 1935 - يىلى 9 - ئايدا ئۇيغۇر ئويۇشمىسى قۇرۇلدى ۋە بۇ ئويۇشما 1950 - يىلغىچە بولغان بىر مەزگىللىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلىرىدا تارىختا يېزىپ قالدۇرۇشقا ئەرزىگۈدەك نەتىجىلەرنى ياراتتى. ناھىيىمىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۆھپە قوشۇپلا قالماي بەلكى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ تۆھپە قوشتى. يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى ئېلى ئىبزىز، ئۇسسۇلچىسى تۇرۋانەملەر باي ناھىيىسىنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى مەدەنىي ئاقارتىش مەزگىلىدە تەربىيىلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن پېشقەدەملەردۇر.

باي ناھىيىسىدە 1933 - يىلغىچە بىرەرمۇ پەننىي مەكتەپ يوق ئىدى. پەقەت شەھەر ئىچىدە خەنزۇچىنى ئاساس قىلىپ دەرس ئۆتۈلىدىغان ئىككى شۆتاڭ مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاتمىشتىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. بۇ شۆتاڭنىڭ بىرى ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدىكى «خاڭشىڭ مياۋ» دېگەن كونا بۇتخانىنىڭ ئىچىدە (بۇ بۇتخانا ئازادلىقتىن بۇرۇنلا چېقىۋېتىل-

گەن)، يەنى بىرى ھازىرقى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئارقىسىدىكى ياكوچىدا ئىدى. مەكتەپ ئۆيلىرى ناھايىتى كونا، قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق ئىدى. شۆتاڭنىڭ مۇئەللىملىرى نىياز بەگ، داۋۇت بەگلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق يىل شۆتاڭدا مۇئەللىم بولۇپ كەلگەنلەر ئىدى. ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت ئۇيغۇرچە دىنىي دەرس ئۆتۈلگەندىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇچە تىل - يېزىق دەرس ئۆتۈلەتتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر - يېزىلاردىكى ئەمەلدار، بايلارنىڭ بالىلىرى، ناھايىتى ئاز قىسمى شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ بالىلىرى ئىدى. شۇڭا بالىلىرى شۆتاڭدا ئوقۇۋاتقان ئەمەلدار بايلار «بىز بالىمىزنى شۆتاڭغا بەرگەن» دەپ ھەرقانداق ئالۋاڭ - ياساق، سېيسىلەرنى بەرمەيتتى. شۆتاڭدا ئوقۇغانلار بەش يىلدىن ئون يىلغىچە ئوقۇپ ئاران بىر نەچچە يۈز خەت ساۋادىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما يامۇلدا كويەن، ئامبالنىڭ داڭ سەيدىسى، تۇڭچى، ئاز ساندىكىلىرى كوجاڭدىن يۇقىرى ئەمەلدار بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەھەر ئىچىدە تۆت جايدا ئۇيغۇرچە دىنىي مەكتەپ بار ئىدى. بۇ تۆت مەكتەپتە 150 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بولۇپ، بۇنىڭغا ھۆكۈمەت خىراجەت بەرمەيتتى. ئوقۇيدىغىنى ئەڭ دەسلەپ سۈرە ساۋاقلىرى، ئاخىشا، ھەپتىيەك، قۇرئان، نامەھەق، پەندنامە، سوپى ئاللايار، ناۋايى، خوجا ھاپىز دېگەن كىتابلار بولۇپ، مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ پەقەت ئوقۇش، يادا ئېلىش بىلەنلا بولاتتى. مۇشۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بولالىغانلار باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ھېسابلىنىپ «تالىپ» دېگەن دىنىي ئۇنۋانغا ئىگە بولۇپچىقاتتى. داۋاملىق قايتا ئوقۇماقچى بولغانلار كۇچا، قەشقەر قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى مەدرىسلەرگە بېرىپ ئوقۇيتتى. ئۇلار بۇ مەدرىسلەردە ئەرەبچە - پارسچە كىتابلارنى ئوقۇپ ئۆگىنىش بىلەن ئىككى تىلنى بىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئوقۇغان كىتابنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىدىغان، بەزى كىتابلارنى تەرجىمە قىلالايدىغان لاياقەتكە



ئىگە بولاتتى. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇپ چىققان كىشىلەر پەقەت جامائەتنىڭ دىنىي سورۇنلىرىنى باشقۇراتتى، لېكىن ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىدىغانلىرى بەك ئاز ئىدى.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى خەلقنى ئويغاتتى، ھۆكۈمەتنى يېڭىچە يول تۇتۇشقا، پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئۆز مىللىتىنىڭ زىيالىيلىرىنى تەربىيىلەشكە مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ ئۇ بىر مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى پەن - مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن نادانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ، يۈرەك - باغرى قان زەردابقا تولغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان تەشنالىقى رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى بولغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاپ ۋە ھىمايە قىلىپ، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىشتەك قايناق - تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ھەممىلا يەردە يېڭىچە مەكتەپلەر بارلىققا كېلىشتەك پەن - مەدەنىيەت دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىلا تەختكە چىققان شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى غەلىبىسى ۋە قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەسلى قىياپىتىنى ۋاقىتىنچە يوشۇرۇپ، تەرەققىيپەرۋەرلەر ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن يېقىنلاشتى. شۇڭا ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا تەلەپ قويۇپ، ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەكەلدۈرۈپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قويدى. بۇلار رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش ۋە مائارىپ ساھەسىدە كەسپىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇشتەك قولاي شارائىتتىن ئاك-

تىپ پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ پەن - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەسىرلەر بويى باغلىنىپ كەلگەن جاھالەتلىك مەنىۋى زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. دېمەك، شىنجاڭدا قۇرۇلغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى يوقىرقىدەك بىر قاتار تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى.

1933 - يىلى ياز پەسلىدە ھەرەمدىن قايتىپ كەلگەن مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئۇلۇغ زات ساۋۇت داموللاھاجىم باي ناھىيىسىدىكى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ تەلىپى ۋە شۇ چاغدىكى تەرەققىيپەرۋەر، مىللەتپەرۋەرلەردىن ساۋۇت دامۇللام، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ...... قاتارلىقلارنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن پەننىي مەكتەپ قۇرۇش، مەدەنىي ئاقارتىشتەك بۇرۇن ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ، شەھەر ئىچىدىكى ھازىرقى بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئورنىدا تۇنجى پەننىي مەكتەپنى قۇرغانىدى. شۇ يىلى 4 - ئايلاردا قەشقەردىن قايتىپ كەلگەن نىمشېھىت ۋە تاھىر سابىتلارنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ۋە دەرس پروگراممىلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن كۇچاغا ئەۋەتكەن ھەم بۇ مەكتەپنىڭ تۇنجى سائەتلىك دەرسىنى نىمشېھىت ئۆتكەن. 1934 - يىلى 5 - ئايدا سايرامدا يەنە بىر يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپكە نىمشېھىت مۇدىر، رەھمەتۇللا يۇسۇپ مۇئەللىم بولغانىدى.

1935 - يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە ناھىيىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىققان. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن 1935 - يىلى ناھىيىمىزدە ئىككى يېرىم ئايلىق مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىپ، بۇنىڭدا 30 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. بۇ «ئويغىنىش دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتالغان. پەننىي مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ئىشچى -



خىزمەتچىلەر سانى ئېشىشقا باشلىغاندىن كېيىن ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ خېلى تېز تەرەققىي قىلغان. مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار ۋە كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئومۇمىي جەھەتتىن ئويۇشما رەئىسى ساۋۇت دامۇللا ھاجىم رىياسەتچىلىك قىلسا، سانائىنەپىسە ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى مۇئاۋىن رەئىس نىمشېھىت مەخسۇس تۇتۇپ ئىشلىگەنىدى. ئەمما نىمشېھىت يالغۇز بىر ئادەم بۇ ئىشلارغا يېتىشىپ بولالمىغان ۋە بىرنەچچە ئاي كېسەل سەۋەبىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ساۋۇت دامۇللا ھاجىم چوڭ ئوغلى ئابلىزخان مەخسۇمنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئويغۇر ئويۇشمىسىغا بىرگە ئېلىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار توختى ئەپەندى، سوپى كامىل، بەكرى، ئابدىرېشىت ئەپەندى قاتارلىق تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچىنى بەرگەن. بۇلار بايغا كېلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا شەھەر ئىچىدە ئىككى سىنىپلىق بىرىنچى باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرۇپ، بۇ مەكتەپكە «ئىتتىپاقىيە» باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ، سايرام بازىرىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ بۇنىڭغا «سايرامىيە» دەپ نام بەرگەنىدى. ئارقىدىنلا ھەرقايسى يېزىلاردا قۇرۇلىدىغان مەكتەپلەرنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ ۋە شۇ يېزىلاردىكى ئۇلۇغ زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئېچىپ، ھەرقايسى يېزىلاردا قۇرۇلىدىغان مەكتەپلەر ۋە ئۇنىڭغا كېتىدىغان ئىقتىساد مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاپ، ئەمەلىي مەسئۇل بولىدىغان كىشىلەرنى بەلگىلەپ ئىش باشلاپ كەتكەن. ئۇزاق قالماي قېيىر، قىزىل، توقسۇن، ياتۇر، كېۋەزلىك، ئونباش، ياقئېرىق داۋانچى، قارۋاغ، قوشتىمى، مىچىنخ يېزىلىرىدا جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مەكتەپ ئېچىپ دەرس باشلىغان. شەھەردە بولسا يەنە يېڭىدىن ئىككى سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى، بىر سىنىپلىق دارىلئېيتام مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ، باي ناھىيىسىنىڭ شەھەر يېزىلىرىدا ھەقىقىي ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەدەنىي

ئۇيغىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلغان يېزىلاردىكى ئىلغار زاتلار ھېچ نەرسىنى ئايىماستىن مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىپ، مەكتەپ بىناسى ۋە سىنىپ، ياتاق قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا قاتارلىقلارنى ياساپ يېڭىچە مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپ بىنالىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە يىراقتىن ئاپئاق، چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئەر - ئايال دېھقانلار بوش ۋاقىتلىرىدا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىسى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كۆرۈپ پەخىرلىنەتتى، ھوزۇرلىناتتى. مەكتەپ قۇرۇلمىغان جايلاردىكى دېھقانلار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆز يېزىسىدا تېزراق مەكتەپ قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قىزغىنلىق بىلەن ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكەنىدى. بۇ مەسىلىنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشما ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى يىغىنىنى ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق يەنىلا ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى مۇھىم دەپ قاراپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن 2 - قارارلىق ئالتە ئايلىق «ئويغىنىش» دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى ئاچقان. بۇ مەكتەپكە ئاقسۇدىن ئانايەت ئېلى، ئابلا قارى دېگەن ئىككى كىشى كېلىپ مۇدىر ۋە مۇئەللىملىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئوقۇش 1936 - يىلى 10 - ئايدا ئاخىرلىشىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى يېڭىدىن مەكتەپ قۇرۇلىدىغان ھەرقايسى يېزا - ئايماقلارغا بەلگىلەپ چىقىرىپ يېڭىدىن مەكتەپلەرنى قۇرۇپ دەرس باشلىغان. 1936 - يىل ئاخىرىدا ناھىيىمىزدە 30 باشلانغۇچ مەكتەپ ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلۇپ بولغان. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇيۇشمىنىڭ جۇملىدىن مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ خىراجىتىنى ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلۇپ، بۇ



مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتنى ۋە يىللىق خام چوت، راسچوت پىلانلىرىنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ۋە ۋالىي مەھكىمىلىرىگە يوللىغان. ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما بۇ ھەقتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلاپ تارقاتقان ئۇيۇشمىلارنىڭ كىرىم - چىقىملىرىنى ھەل قىلىش ۋاقىتلىق چارىسىنى ئەۋەتكەن. شۇ چارىگە ئاساسەن ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ تەپسىلىي پىلان تۈزۈپ، تۆۋەندىكى چارە بويىچە ئۇيۇشمىنىڭ خىراجىتى ھەل قىلىنغان: يەنى قۇرئان كەرىمدە قەيت قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بەش پەرزىنىڭ بىرى بولغان ئۆشرە، زاكات، ھەققۇللا، قۇربانلىق تېرە ئۇيۇشمىغا يىغىۋېلىنىپ ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسىي كىرىم مەنبەيى قىلىنغان. يەنە تۈزبېشى مازار، تۈز تاغ، ياتۇر مازار، گۆك غوجامنىڭ قوشتېمى، كونا خانىقا قاتارلىق جايلاردىكى 4000 مودىن ئارتۇق ۋەخپە يەرلەر ۋە باشقا مەسچىت - مەدرىسلەرگە قاراشلىق ۋەخپىلەرمۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، تېرىقچىدىن بەشتىن بىر قىسىم كىرىمنى ئۇيۇشمىغا يىغىۋېلىپ ئۇيۇشمىنىڭ خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. يەنە شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت - خانىقالارنىڭ ۋەخپە دۇكانلىرىنىڭ كىرىمىدىن باشقا، ھازىرقى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدىن 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە بارغىچە ئارىلىقتىكى بارلىق ئۆي - ئىمارەتلەر ۋەخپە بولۇپ، بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىجارىلىرىمۇ مەخسۇس قويۇلغان مۆتىۋەللى ئارقىلىق يىغىۋېلىنىپ، ئۇيۇشمىغا ئۆتكۈزۈلەتتى. گەرچە يۇقىرىقىدەك ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق مەلۇم مىقداردا ئىقتىساد توپلانغان بولسىمۇ، ئەمما 1936 - يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەكتەپلەر 30غا، ئوقۇتقۇچىلىرى 70تىن كۆپرەككە يەتكەنلىكتىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆز ئۆزىنى قامدىيالماي زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيۇشمىنىڭ ئىقتىسادىي ئاجىز، زاپاس

مەبلىغى يوق، يىغىپ ئېلىنىدىغان ئۆشرە - زاكاتلار ۋاقتىدا قولغا تەگمىگەنلىكىگە ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شۇ ۋاقىتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىمىز خەلقىنىڭ ئۆز ئىختىيارىي بىلەن مائارىپقا ئىئانە توپلاش مۇراجىئەتنامىسى چىقارغانىدى. نەتىجىدە شەھەر يېزىلاردا بەس - بەس بىلەن ئىئانە توپلاش دولقۇنى قوزغىلىپ، قىسقىغىنە بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا بىر نەچچە مىڭ چارەك ئاشلىق، مال - چارۋا ۋە نۇرغۇن نەق پۇل توپلانغان. پەن - مائارىپقا ئۇزۇندىن بويان ئىنتىزار بولۇپ، تەشنالىق بىلەن بۇ كۈننى كۈتۈۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسى بۇ ھەرىكەتكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىغان. ھەتتا بەزى مەرىپەتپەرۋەرلەر ئۇيۇشمىنىڭ ئۆز يېزىسىدا مەكتەپ قۇرۇپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرالماستىن ئۆز ئىقتىسادىي بىلەن مەكتەپ قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئېلىپ چىقىپ ئۆز ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ ئۆزلىرى بەرگەن. مەسىلەن، قارۋاغ يېزىسىدىكى مەمتىلى خوجاك قارۋاغ يېزا بازار ئىچىگە بىر سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، يولداش ئېلى ئېھزىنى (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى) مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىپ، ئىككى يىللىقچە مائاشىنى ئۆز ئىقتىسادىدىن بېرىپ، قارۋاغدىن ئىبارەت بۇ تاغلىق رايون خەلقىگە مەرىپەت ئىشىكىنى ئاچقان. يەنە ئاراشودىكى نىياز ھاجىم دېگەن كىشىمۇ ئۆز جايىغا چىرايلىق بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۆز يېزىسىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمەت ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ناھىيىمىز بايىنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرى ئەنە شۇنداق گۈللەپ - ياشناپ كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، يەنى 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، توساتتىن ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى ساۋۇت داموللا ھاجىم مۇستەبىت شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ يوقىتى-



ۋېتىلدى. بۇ كىشى تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خوتەنلىك نۇرمۇھەممەت دېگەن كىشىنى رەئىسلىككە، جامال بەكرىنى كاتىبلىققا بەلگىلەپ ئەۋەتتى، بۇلار 1938 - يىلى 1 - ئايغىچە ئىشلىدى. چۈنكى، 1936 - يىلى بايدا ئىسلام ئاچىمەن دەپ باش كۆتۈرۈپ چىققان مۇسا خەلپەم تاشكەنتتە ئوقۇپ كېلىپ باي جىڭساجۇيىگە جۇيجاڭ بولغان ئىمىن جۇيجاڭنى تۇتۇپ كۇچا داۋانىدا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن نۇرمۇھەممەت بىلەن جامال بەكرىلەرمۇ كېچىدە ئاتلىنىپ ئاقسۇغا كەتمەكچى بولغان. ئەمما قاپسالاڭ دەرياسى كۆۋرۈكىگە كەلگەندە كۆۋرۈك ئاستىدا مۆكۈپ ياتقان مۇسا خەلپىنىڭ ئىككى ئەسكىرىي چىقىپ ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، شەھەرگە ياندۇرۇپ كېلىپ بىر مەزگىل سولاپ قويغاندىن كېيىن قويۇۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي ئاقسۇغا كەتكەن. بۇلار كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا ئوسمان داموللام رەئىس بولۇپ ئىشلىگەنىدى، ئەپسۇسكى بۇ كىشىنىمۇ 1938 - يىلى شېڭ شىسەي تۇتۇپ كېتىپ ئاقسۇ تۈرمىسىگە قامىدى. ئورنىغا ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ھاجى گىرەي (تاتار) دېگەن كىشىنى رەئىسلىككە ئەۋەتتى. ھاجى گىرەي 1938 - يىلى يىل ئاخىرىدا ئىستىلدا چىرىكلىشىپ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ زەھەر ئىچىۋېلىپ ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، ئۈرۈمچىدە داۋالىنىمەن دەپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭ ئورنىغا ئاقسۇ قاراتاللىق ئىمىن نەقى دېگەن كىشىنى رەئىسلىككە تەيىنلەپ ئەۋەتتى. بۇ ئادەم 1939 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە رەئىس بولۇپ ئىشلىدى. لېكىن ئۇ خىيانەتچىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ئۇيۇشما خىزمىتىگە نۇرغۇن زىيانلارنى سالدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتالمىغاندىن كېيىن، بەزى مەكتەپلەر تاقىلىپ قالدى.

لېكىن ئىمىن نەقى شۇ ۋاقىتتىكى قورچاق شىيەنجاڭ، جۇيجاڭلار بىلەن بەك يېقىن بولغاچقا بۇ ئىشلار سۈرۈشتۈرۈلمىدى. شۇڭا ئۇيۇشمىنىڭ باشقا ئەزالىرى بۇ ئىشقا نارازى بولۇپ 1941 - يىللىق سايلامدا ئىمىن نەقىنى رەئىسلىككە سايلىماسلىق ھەققىدە يوشۇرۇن كېڭىشىپ يۈرگەنىدى. لېكىن بۇ ئىش پاش بولۇپ قېلىپ، ئىمىن نەقى ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باي ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە بوھتان چاپلاپ، ئۆزىنى يالغاندىن يارىدار قىلىپ 30 نەچچە ئادەمنى بىگۇناھ قولغا ئالدۇرۇش بىلەن بىللە بايدا ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى، دەپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان. كېيىن ئۆلكىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەھۋالنى ئىنچىكە تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ سۇيىقەست ئاشكارىلىنىپ ئىمىن نەقى ۋە قورچاق شىيەنجاڭنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چاقىرىپ كەتتى. بىگۇناھ قامالغانلارنىمۇ قويۇپ بەردى. ئىمىن نەقىدىن كېيىن 1941 - يىلى 3 - ئايدىن 1945 - يىلى 8 - ئايغىچە ھەسەن نۇرى رەئىس بولۇپ ئىشلىدى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قېيىر ئارقىلىق بايغا كېلىپ 10 - ئايدا ۋاقىتلىق غۇلجىغا چېكىنگەندە، ھەسەن نۇرى باشلىق ئۇيۇشمىنىڭ 13 نەپەر خادىمى مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلۇپ غۇلجىغا چىقىپ كەتتى. مەھەممەت روزى باشلىق ئۈچ نەپەر كىشى گومىنداڭغا ئەگىشىپ كۇچاغا قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىر نەچچە ئاي تاقىلىپ قالدى.

1945 - يىلى يىل ئاخىرىدىن 1946 - يىلىغىچە ھۇسەن ئېلى، 1946 - يىلدىن 1947 - يىلغىچە مەھەممەت دوسا، 1947 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە ئىمىن نىياز، ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىرى مەمتىلى خوجاڭ، مىجىت قازى ئاخۇنۇملار رەئىس بولۇپ ئىشلىدى.

1950 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى ئە-



مەلىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىنى ناھىيىلىك مالىيە ئۆتكۈزۈۋالدى، ئارقىدىنلا باي ناھىيىلىك تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى بېجىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسىي كىرىم مەنبەيى بولغان ئۆشرە - زاكات، ھەققۇللا، قۇربانلىق تېرىلىرىنى ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يېزا - شەھەرلەردىكى بارلىق مەكتەپلەرنىڭ چىقىملىرىنى ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى.

ناھىيىمىز ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل ھەم ساغلام بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلغانىدى، شۇ چاغدا بۇ ئۇيۇشمىدا بىر ئىجرائىيە ھەيئىتى بولۇپ ھەيئەتلەر ئىچىدىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەرنى يىلدا بىر قېتىم سايلاپ چىقىپ مۇھىم ۋەزىپىلەر چىققاندا ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ قارار قىلىپ، ۋىلايەت ۋە ئۆلكىلىك ئۇيۇشمىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئىجرا قىلاتتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى: بىر ئىجرا ھەيئەت، بىر تەپتىش ھەيئىتى، كاتىبات بۆلۈم، تەشكىلات بۆلۈم، مەدەنىيەت بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، مالىيە ئەۋقاپ بۆلۈملىرىدىن ئىبارەت ئىككى ھەيئەت، بەش بۆلۈم بار ئىدى.

1. كاتىبات بۆلۈم: بۇنىڭدا بىر باش كاتىپ، بىر ياردەمچى كاتىپ بولۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ بارلىق خەت - ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ھەممە خىزمەتلەرگە نازارەتچىلىك قىلاتتى.

2. تەشكىلات بۆلۈم: بۇنىڭدا بارلىق تەشكىلىي خىزمەتلەر بېجىرىلەتتى، شۇنداقلا يېڭى مەكتەپ قۇرۇش، ئىلگىرى قۇرۇلغان مەكتەپلەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر بېجىرىلەتتى.

3. مەدەنىيەت بۆلۈم: بۇنىڭدا بارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش دەرسلىك كىتابلىرىنى ئالدىن پىلانلاپ تەييارلاش، تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇتقۇچىلارنى تەقسىم قىلىش، تەكشەش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

4. تەشۋىقات بۆلۈم: بۇ بۆلۈمنىڭ قارمىقىدا يەنە بىر سانايىنەپىسە بۆلۈم بار بولۇپ، ئۇ مەخسۇس ئەدەبىي سەنئەت ئىشلىرىغىلا مەسئۇل ئىدى. ئۇلار ئويۇن نومۇرلىرىنى تەييارلاش، قويۇش ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش، يېڭىلىققا، ئىلىم - مەرىپەتكە جەلپ قىلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلىش؛ ئەسىرلەر بويى جاھالەت ئۇيقۇسىدا ياتقان مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنى قولىغا قورال ئېلىپ ئۆزلىرىنى ئېزىۋاتقان ئەكسىيەتچىل تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەنىدى.

5. مالىيە بۆلۈم: بۇنىڭ ئىچىدە ئەۋقاپ بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى، بوغالتىرىيە، ھېسابات بۆلۈمچىلىرىدىن ئىبارەت بۆلۈملەر بولۇپ، مالىيە بۆلۈمچىسى ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىق مالىيە كىرىم - چىقىم، خامچوت ۋە راسچوت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەۋقاپ بۆلۈمى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ۋەخپىلەردىن يىغىۋېلىنغان ھەققۇللاغا مەسئۇل ئىدى. خوجىلىق بۆلۈمچىسى مۈلۈك باشقۇرۇش ۋە سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلار ئىدى. بوغالتىر بۆلۈمچىسى ئۇيۇشمىنىڭ بارلىق كىرىم - چىقىم ھېساباتىغا مەسئۇل ئىدى. تەپتىش ھەيئىتى ئىككى بۆلۈمچىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرى، ئۇيۇشمىنىڭ يىللىق ئۆشرە - زاكات كىرىملىرىنىڭ ئىجراسىنى (ئىسراپچىلىق، خىيانەتچىلىك، بۇزۇپ - چېچىش قاتارلىق خاتا خاھىشلارنى) تەكشۈرۈپ تەپتىش قىلاتتى. يەنە بىرى، ئىككى كىشىدىن تەركىب تاپقان مەخسۇس گۇرۇپپا



مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىلا تەكشۈرۈپ تەپتىش قىلاتتى. دېمەك، ئۇيۇشما قاتلاممۇ قاتلام، مۇكەممەل تەشكىلىي رەھبەرلىك ئارقىلىق شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنداپ، خەلققە ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنىدى. يېڭىچە پەننىي مائارىپ ۋە مەدەنىيەت - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ناھىيىمىزنىڭ كېيىنكى مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۈچۈن ئاساس ياراتقانىدى. ناھىيىمىزنىڭ شەھەر - يېزىللىرىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بولسا شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرى ئىدى. پۈتۈن جەمئىيەت ۋە ئاتا - ئانىلار، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى، ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى ئەپەندىم، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى خانىم دەپ ئاتايتتى. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەر قانداق جايدا ئۇچۇرۇشۇپ قالسا تىك تۇرۇپ سالام بېرىپ ئۆتەتتى. قىسقىسى، مەكتەپلەر شۇ يېزىنىڭ، شۇ جاينىڭ مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. كۈندۈزلىرى ئوقۇغۇچىلار دەرس ئوقۇسا، كەچتە چوڭلار ئوقۇپ ساۋات چىقىراتتى. كىنو - تىياتىرلارمۇ مەكتەپ سەينالىرى ۋە زاللىرىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىدىمۇ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرى كەڭتاشا، ئورۇندۇق - پارتىلىرى رەتلىك ئىدى. مەكتەپلەردە مىللىي تىل - يېزىقتا دەرس ئۆتۈلەتتى. ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلىكلەر ئۇيغۇرچە ئېلىپبە، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ھىفزەھەت، شېئىر، تەنتەربىيەدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەرسلىكلەرنىڭ تولىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا زاكاز قىلىپ چىرايلىق، سۈپەتلىك ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا باستۇرۇپ كېلىنگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا مەكتەپلەردە يەنە قانۇن ئۆگىنىش، ھەربىي مەشىق قىلىش يولغا قويۇلغانىدى. ھەر ھەپتىدە بىرىم كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ ئوچۇق يىغىن ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن سوتچى، ئاقلىغۇچى ۋە قارلىغۇچىلارنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى بىر ھەپتىلىك ئىنتىزامسىزلىق، مەكتەپكە كەلمەسلىك، ئۇرۇشۇش ۋە باشقا ئىشلار ئۈستىدە سوت يىغىنى ئېچىپ تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى ئىدىيىۋى مەقسەت سىڭدۈرۈلەتتى. بىرى، ئوقۇغۇچىلار قانۇن ساۋاتىدىن ئەقەللىي ساۋاتقا ئىگە بولاتتى. يەنە بىرى، ئوقۇغۇچىلارغا تەرتىپ ئىنتىزام ئۆگىتىلەتتى.

ھەربىي مەشىق يولغا قويۇلۇپ، ھەر كۈندە ياغاچ مىلتىق بىلەن مەشىق قىلىش، يۈگۈرۈش ۋە مۇداپىئە - ھۇجۇم تاكتىكىسى قاتارلىقلار ئۆز ئانا تىلىمىز بويىچە مەشىق قىلدۇرۇلاتتى. ھېيت - بايراملاردا يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، سەپ بولۇپ، داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ:

قوپ قان — قېرىنداشلار ئەتراپىڭغا باق،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق.
............
ئىي ئەزىزىم تۇر ئەمدى، پۈتۈن دۇنيا ئويغاندى،
بارچە مەزلۇم - مەھكۇملەر، ھەممە جايدا قوزغالدى.
............

دېگەنگە ئوخشاش ئويغىنىشقا، يېڭىلىققا ئۈندەيدىغان ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، بايراق كۆتۈرگەن، مىلتىق ئاسقان جەڭگىۋار - روھلۇق ھالەتتە كېلىپ يىغىن مەيدانلىرى ۋە پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ تەرتىپىنى ساقلايتتى. كەمبەغەل، يېتىم باللارغا ھەر يىلى ئويۇشمىدىن چىقىم قىلىپ قىشلىق، يازلىق



بىر خىل كىيىم تىكتۈرۈپ تارقىتىپ بېرەلەتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ، تېخىمۇ ياخشى ئىرىشىپ ئوقۇشىغا ھەر جەھەتتىن ئىلھام بېرەلەتتى.

## ئون ئالتە يىللىق مۇساپە

ئۇيغۇر ئويۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ناھىيىمىزنىڭ قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. خەلقنى ئاقارتىش، يېڭىلىققا باشلاش، ئۇلارنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ كىشىلىك ھاياتقا ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى كۈچەيتىش؛ نەچچە ئەسىرلىك فېئودالىزم ۋە دىنىي خۇراپاتلىق بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا مەھكۇملۇقتا يېتىشتەك قالاق ھالەتكە خاتىمە بېرىش؛ دۇنيادىكى يېڭىلىق ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولۇش ھەم ئىلىم - مەرىپەت ئارقىلىق مىللەتنى، خەلقنى يۈكسەلدۈرۈشتەك بىر قاتار ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ، دەۋر بۆلگۈچ تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ شەرەپلىك تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلغانىدى. تۆۋەندە بىز بۇلارنى بىر نەچچە نۇقتىلىق مەزمۇنلارغا بۆلۈپ قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1) ناھىيىمىزدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسى 1935 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يالغۇز مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ئىشلەپلا قالماي بەلكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش مەزگىلىدە، خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلدى. تۈرلۈك ئۇسۇللاردا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئى-

ئانە توپلىغاننىڭ سىرتىدا، ئۇيۇشما يەنە ئۆزىنىڭ مالىيىسىدىنمۇ
نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجرىتىپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بەردى.
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە، ئۇيۇشما مەخسۇس تەشۋىقات
گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەنىدى. ئۇلار شەھەر ئىچى ۋە ھەرقايسى
رايون بازارلىرىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغاننىڭ سىرتىدا، يەنە
جۇڭگو خەرىتىسىنى رەڭلىك سىزدۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە «شىنجاڭ
جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ
تام - تاختايلارغا چاپلىغان، شۇنداق قىلىپ تەشۋىقاتنى پاكىتلىق،
جانلىق ئېلىپ بارغانىدى.

2) ئۇيۇشمىغا ھەر يىلى ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق تېرە،
ۋەخپى يەر، ھەققۇللا، كىنو - تىياتىر بېلىتى سېتىش كىرىمـ
لىرى، سودا تىجارەت كەسپىي كىرىملىرىدىن بولۇپ جەمئىي 400
مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم بولاتتى. نىزامنامە بويىچە ئۆلكىـ
لىك ئۇيۇشمىسىغا بۇنىڭدىن 10% يەنە 40 مىڭ يۈەن رەسـ
مىيەت تاپشۇرۇپ بېرىلەتتى.

3) ناھىيىمىز بويىچە 33 جايدا 105 سىنىپلىق مەكتەپ
قۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 3150 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشـ
چى - خىزمەتچىسى 160 نەپەردىن ئارتۇق ئىدى. دەسلەپ قۇـ
رۇلغان بىرسىنىپلىق دارىلئېتام (يېتىملەر مەكتىپى) كېيىنكى دەۋرـ
لەردە ئىككى سىنىپقا كېڭەيتىلىپ قۇرۇلۇپ، ئاتا - ئانىسى يوق،
باش - پاناھسىز ئوغۇل - قىزلارنى يىغىپ ئوقۇتتى، ئۇلارنىڭ
پۈتۈن تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر يىلى يازلىق، قىشلىق
كىيىم - كېچەكلەرنى بېرىپ، يېمەك - ئىچمەك تەمىناتىنى، تۇـ
رار جايلىرىنى ئۇيۇشما ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ساغلام ئۆسۈپ
يېتىلىش، خاتىرجەم ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇلار
ھەرقايسى بايرام ۋە چوڭ يىغىلىشلاردا بىر خىل فورمىدىكى
كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئالا كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ يارـ



دەمچى ساقچى قاتارىدا خەلقنى مۇھاپىزەت قىلىپ، مەيداننىڭ
تەرتىپىنى ساقلاش ئىشلىرىنى قىلاتتى. بۇلار قاتتىق ئىنتىزاملىق
بولۇپ، كۆركەم، چىرايلىق يۈرەتتى. بېشىدا ئىسپانكا، ئۇچىسىدا
ئۈچ يوللۇق گىمناستۇركا كىيىم، يېنىدا بىردىن سۇدان، بىردىن
تانا ئاسقان ھالدا بايراق كۆتۈرۈپ، داقا - دۇمباق چېلىشىپ
«مەن بىر بالىمەن، تىلىكىم ئوقۇش. جان تىنىم ئوقۇشقا قۇربان»
دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ مەيدانغا كىرەتتى. بىر سىگنال بىلەن
تارقىلىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، بىر سىگـ
نال بىلەن ناھايىتى چاققان ھەرىكەت قىلىپ ئۆز جايىغا كېلىپ
تۇراتتى. پوزىتسىيىسى مۇلايىم، سۆزلىرى سىپلىق بولۇپ ھەقىقەـ
تەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرلەردىن ئىدى.

4) ناھىيىمىزنىڭ شەھەر ئىچىدە بىر دارىلئاجىزىن قۇرۇپ،
شەھەر، يېزىلاردا باش- پاناھسىز قالغان قېرى، ئاجىز، مېيىپ
ئەر - ئاياللار ھەم شەھەردىكى كەسپى يوق، تىلەمچىلىك بىلەن تۇرـ
مۇش قامدايدىغانلاردىن يۈزدىن ئارتۇق كىشىلەرنى قوبۇل قىلـ
غان ھەمدە ئۈچ كىشىنى مەخسۇس خىزمەتچىلىككە بەلگىلەپ،
بارلىق يېمەك -ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىـ
سى تەرىپىدىن بېرىپ كەلگەنىدى. يەنە ئۇلارنىڭ مەكتەپ يېـ
شىدىكى پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ، ئىش قابىلىيىتى بارـ
لارنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ قول ھۈنەر كەسپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ
تۇرمۇشنى قامداش يولىغا باشلىغان، كېسەللەرنى باشقا جايلاردىـ
كى دوختۇرخانىلارغا ئەۋەتىپ داۋالىتىپ، ئۇنىڭ چىقىملىرىنىمۇ
ئۇيۇشما تەرىپىدىن بەرگەنىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇ ئىشلىرىغا
كەڭ جامائەتچىلىك ئىنتايىن رازى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇـ
يۇشما يەنە خەيرىيەت، قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ
خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىپ، دەردىگە دەرمان بولۇش،
ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىرلەرگە باش پاناھ بولۇش، تەبىـ
ئىي ئاپەت، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ماددىي ھەم مەنىۋى

ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئوخشاش نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى ئىشلىگەن، شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر «ئۇيۇشما بىزنىڭ نىجات يۇلتۇزىمىز» دېيىشكەنىدى.

5) شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن «نادان قالدۇرۇش» ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنىڭ كاساپىتى بىلەن ساۋاتسىز قالغانىدى. ئۇيۇشما ئۆزىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش نامىغا مۇناسىپ ئىش قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس پىلانلارنى تۈزۈپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش دولقۇنىنى قوزغىدى. شەھەر - يېزىلاردىكى بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر كۈنى كەچلىك كۇرسلار ئارقىلىق چوڭلارنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ساۋاتلىق قىلىپ چىققانىدى.

6) ئۇيغۇر ئۇيۇشما مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ تونۇپ نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان. ئازادلىقتىن بۇرۇنقىدەك ئىسلام ئەقىدىسى، دىنىي مۇتەئەسسىپلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرىك، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشى گۇناھ ھېسابلىنىدىغان شارائىتتىمۇ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما تۈرلۈك بېسىم، توسالغۇلاردىن قورقماي كىنو - تىياتىر ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغانىدى. 1940 - يىلى ھازىرقى سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئورنىغا ئۇسكۇنىلىرى خېلىلا يۈرۈشلەشكەن 1000 كىشىلىك بىر كۇلۇپ ياسالغان، بىر دانە كىنو ئاپپاراتى سېتىۋېلىنىپ، بىرىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى فىلمى «چاپايوپ» قويۇلغانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئەدەبىي - سەنئەت ئىشلىرىمۇ خېلىلا راۋاجلانغان، كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا قارشى تۇرۇشقا قارىماي بىر بۆلۈك ئەر - ئاياللار



بۇ ئىشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاھىيىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئارتىس، ئارتىسكىلىرىنى ھەر قايسى مەكتەپ ۋە باشقا جايلاردىن تاللاپ ئېلىپ كېلىپ، تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ بىر ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى بەرپا قىلغان. ئۇلارغا مۇقىم ئىش ھەققىي بەلگىلەپ ئايرىم تۇرار جاي، ئاشخانىلىرىنى ھەل قىلىپ مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ھاجى ياقۇپنىڭ (ھازىر شىنجاڭ داشۆ پەن - تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى) ئۇستازلىقى بىلەن ھەر خىل كونسېرت، كومېدىيە ئويۇنلىرىنى تەييارلاپ، داۋاز ھاشىم ھاجىمنىڭ ساز چېلىپ تەڭكەش قىلىپ بېرىشى بىلەن بىرىنچى قېتىم ئاھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارقىسىدىكى جايدا ئويۇن قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق بېلەت سېتىپ ئويۇن قويۇش ئارقىلىق كىرىم توپلاپ، كىيىم - كېچەك، ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلار، گازۋاي چىراغ قاتارلىق ھەر خىل سەھنە سايمان، جاھازلارنى تولۇقلاپ سېتىۋېلىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل تەشكىللىي قوشۇنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن بىر نەچچە چوڭ ئوپېرا، دراما، كومېدىيە، كونسېرت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. مەسىلەن: «غېرىپ - سەنەم»، «رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق ئوپېرالىرىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆگىنىپ كەلگەندىن كېيىن شەھەردە بىر نەچچە قېتىم ئوينىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن سايرام، قىزىل، ياقئېرىق قاتارلىق يېزىلارغا ئاپىرىپ ئويناپ كەڭ دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا، ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، سانائىنەپىسەنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن داۋاملىق ئىزدىنىپ «سامساق ئاكام قايىنايدۇ»، «ئۆگەي ئانا»، «خىيالى يېتىپ»، «كۆرەش قىزى» قاتارلىق چوڭ -

كىچىك ئوپېرا ـ دراممىلارنى سەھنىلەشتۈرۈپ ئويناپ ناھىيىمىز-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرسەتكەن.

7) تەشۋىقات بۆلۈم خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش، ئەسىر-
لەردىن بۇيان خەلقنى زەھەرلەپ كەلگەن خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش،
پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق يېڭى يولغا مېڭىش، ۋەتەننى، مىللەتنى
سۆيۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەرقايسى يېزا ـ
قىشلاقلارغا تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى چىقىرىپ، يېڭى ئىدىيە،
يېڭى تۇرمۇش ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنىمۇ ياخشى ئىشلىگەن.

ئۇ زامانلاردا ناھىيىمىزدە بىرمۇ دوختۇر ياكى تىلغا ئال-
غۇدەك تىۋىپ يوق بولغانلىقتىن، ئاز ساندىكى بايلار باشقا چوڭ
شەھەرلەرگە بېرىپ داۋالانسىمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر كونا
خۇراپاتلىققا ئىشىنىپ پېرە ئويناتتىش، رەم سالدۇرۇش، دۇئا
ئوقۇتۇش، كەتمەن باستۇرۇش، چىمكەش قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار
ئارقىلىق كېسەللىرىنى داۋالاپ ساقايماقچى بولۇشاتتى. بەزىلەر
سىرتتىن كېلىپ قالغان تىۋىپلارغا ياكى تىۋىپلىق تونىغا ئورى-
نىۋالغان ئالدامچىلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ
ئايرىلاتتى (مەسىلەن، 1945 ـ يىلى بايغا كېزىك كېسىلى تارقاپ
كېتىپ كۆپ كىشىلەر شۇ سەۋەبلەردىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى)، شۇڭا
ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش تەش-
ۋىقاتى ۋەرەقىلىرىنى شاپىگراف بىلەن بېسىپ تارقىتىپ، خۇراپى
ئۇسۇللار بىلەن كېسەل داۋالاتماسلىق، ئالدامچىلارنىڭ سۆزلىرىگە
ئىشەنمەسلىك، يۇقۇملۇق كېسەللەرگە يېقىنلاشماسلىق، كېسەللەر
ئىشلەتكەن تۇرمۇش بويۇملىرىنى ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدا تەش-
ۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ھەم
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاقسۇدىن دوختۇر تەكلىپ قىلىپ،
كېسەللەرنى سەييارە داۋالاتقانىدى.

8) تەشۋىقات بۆلۈمى كۇتۇپخانا ئېچىپ ئۆلكىلىك ئۇيۇشما
نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، سوۋېت



ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «ئالغا ژۇرنىلى» قاتارلىقلار بىلەن،
كەڭ كىتابخانىلارنى يۈز كۆرۈشتۈرگەن.

9) ئۇيۇشما يالغۇز باشلانغۇچ ۋە چوڭلار مائارىپى جە-
ھەتتىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىمۇ
خېلى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى. ئىككى قارارلىق «نوي-
غىنىش» دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىپ يەتمىشتىن ئارتۇق ئوقۇت-
قۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆلكىلىك
سىياسىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى، ۋىلايەتتىكى سىفەن،
بوغالتىر يېتىشتۈرۈش مەكتەپلىرىگە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى ئە-
ۋەتىپ تەربىيىلەپ كەلدى، ئابدۇللا داۋۇتوۋنى سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا ئەۋەتىپ ئوقۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى دارىلفۇنۇندا
ئېلىپ قېلىپ تارىخ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلىدى.

ئەدەبىي سەنئەت ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن
ھاشىم ھاجىم، شىرئەلىلەرنى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلىپ ساز
كورژىكى ئېچىپ ئون نەچچە كىشىنى تەربىيىلەپ چىقتى.

تەنتەربىيە جەھەتتە ھەرقايسى مەكتەپلەردە تەنتەربىيە
مەيدانلىرىنى بەرپا قىلىپ توپ ئويناش، يۈگۈرۈش، سەكرەش،
ئارغامچا تارتىشىش ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپ، ھەر يىلى 18- سېن-
تەبىر كۈنىنى ناھىيىمىز بويىچە تەنتەربىيە پائالىيەت كۈنى قىلىپ
بېكىتىپ، تەنتەربىيە پائالىيەت ھەرىكىتىگە بەش نەپەر ئوقۇغۇ-
چىنى ئەۋەتىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشما 16 يىللىق تارىخىدا نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. 1949 ـ يىلى دۆلىتىمىز يېڭى ئازاد
بولغان مەزگىللەردە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقان
مىللىي كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى ئۇيۇشمىدا ئىشلەپ
خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئىدى. ناھىيىلىك
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتىلىپ

تەربىيلىنىپ يېتىشتۈرۈلگەن كادىرلاردىن ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان پېشقەدەم كادىرلار بار. ئۇلار ھەربىي سەپتە سىياسىي كومىسسار، مەمۇرىي مەھكىمىلەرنىڭ ۋالىيلىرى، شەھەر باشلىقلىرى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرى، ھاكىملىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ بايغا چۈشكەندە، ئۇيۇشما ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ياردەم قىلغان. كېيىن ئۇلار غۇلجىغا قايتقاندا ئۇيۇشمىدىكى كادىرلاردىن 13 نەپەر، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئوتتۇزدىن ئارتۇق كىشىلەر جان پىدالىق بىلەن شۇلارغا قوشۇلۇپ، غۇلجىغا چىقىپ ھەر ساھە خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ ئازادلىققا قەدەر ئىشلىگەن.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيە ناھىيىمىزگە كەلگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئېلىپ ياتاق، تاماق، يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرىغا زور ياردەم قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە قولايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن. شۇ قاتاردا يەنە ئۇيۇشمىدىكى بارلىق كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ھەرقايسى يېزىلارغا تەشۋىقات خىزمىتىگە چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ناھىيىمىزگە كېلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن.

1950 - يىلى باش ئۇيغۇر ئۇيۇشما شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە



خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلدى. 1952 - يىلى بۇ ئىتتىپاق ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۆز قارمىقىدىكى مەدەنىي - مائارىپ، سودا - سانائەت، بارلىق ئىقتىسادىي مەبلەغلەر ۋە ئىسكىلاتتا ساقلىنىۋاتقان 100 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق، 3 مىڭ دانە قوي، 150 دانە تۆگە، ئات، كالا، بىر دانە ئاپتوموبىل، بىر دانە 50 ئات كۈچىگە ئىگە سەييۇجى، ئۇيۇشمىنىڭ بىر نەچچە جايىدىكى ئىشخانا بىنالىرى، كۇلۇب، كىنو ئاپپاراتى ۋە ھەرقايسى يېزىلاردىكى 33 مەكتەپلەرنىڭ كۆچمەس مۈلۈك، ئۆي - ئىمارەت، باغۇ - بوستانلىرىنى ناھىيىلىك مالىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى.

(ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى: باي ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىدىن مەمەتنىياز توختى. رەتلىگۈچى: ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى)

# ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مەكىت مائارىپىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئادىل مەھەممەت

مەكىت ناھىيىسى — تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك 39°36′ — 38°38′ قا، شەرقىي مېرىدىئان 79°12′ — 77°22′ قا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالى مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، غەربىي - جەنۇبىي يەكەن ناھىيىسى بىلەن، غەربىي يوپۇرغا ناھىيىسى بىلەن، قالغان تەرىپى پۈتۈنلەي تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 9996.3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە توققۇز يېزا ۋە بىر بازارلىق ھۆكۈمەتكە بۆلۈنگەن. 1985 - يىلىدىكى ئومۇمىي ئاھالە نوپۇسى 146 مىڭ 580 بولغان.

مەكىت ئەسلى مارالبېشى، يەكەنگە قاراشلىق بىر بەگلىك بولۇپ، 1928 - يىلىغا كەلگەندە يۇقىرىقى جايلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ ناھىيە بولۇپ تەسىس قىلىنغان، بۇ چاغدا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئاھالە نوپۇسى 30 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، خەلق ئاساسلىقى چارۋىچىلىق ھەم دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان. قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئاز قىسمى ئۆزىدە ئىشلىنىپ، قالغان قىسمى سىرتتىن كىرگۈزۈلەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا مەكىتتىكى دىنىي مەكتەپلەردىن بازار ئىچىدە ئابدۇكېرەم داموللام ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بىر مەكتەپ، پوس-



تىكام كەنتىدە مەھەممەت ئەلەمھاجىم ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بىر مەكتەپ، پاختىلىقتا ھەزىز ھاجىم، يانتاقتا خالىق ئىمام، تاۋاكېسىكتە ئابدۇراخمان موللام، ھاگىستىلىقتا تۇردى قارىم، ئۆتەگدە ھالىم موللام قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان دىنىي مەكتەپلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىگىرمە بەشتىن ئوتتۇزغىچە ئوقۇغۇچىسى بولغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئابدۇكېرەم داموللام مۇدەررىسلىكىدە قۇم مەسچىتىدە بىر مەدرىس ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئونبەشكە يېقىن تالىپى بولغان. بۇلار ئاساسەن ئىمام - مەزىنلارنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانىدى.

شۇ زامان شارائىتىدا مەكىت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، پەرزەنتلىرى يەتتە ياشقا توشقان ھامان دىنىي مەكتەپكە بېرىپ مەلۇم ساۋاتقا ئىگە قىلاتتى، بۇنى ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ پەرھىزى دەپ بىلەتتى. دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق دەرسى ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن باشلانغۇچ ساۋات بېرىش، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىش، قۇرئان سۈرىلىرىنى يادلاشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ياغاچ تاختىغا ئېلىپبە ھەرپلىرىنى يېزىپ ئۆگىنىپ ھەپتىيەك، قۇرئان يېزىقىنى مەنىسىنى بىلمىسىمۇ تونۇيالايدىغان ھالغا كەلتۈرگەن. خەت ساۋاتى ياخشى بولغانلارغا سەرپ تۈركى (گرامماتىكا)، ئەدەبىي لۇغەت، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنى ئۆگەتكەنىدى.

دىنىي مەكتەپ مۇئەللىمىنىڭ تەمىناتى ئاساسەن بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى دۇئا قىلدۇرغان ئازراق پۇل - پۈچەك، كىيىم - كېچەك ۋە نان قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە ھەر پەيشەنبە كۈنى بالىلاردىن «پەيشەنبىلىك» ئېلىپ تۇراتتى. قىش كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار ئىسسىندىغان ئوتۇننى ئۆزلىرى ئېلىپ كېلەتتى. مەكتەپلەردە كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغاچقا، ئوقۇغۇچىلار بورا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى.

1924 - يىلىغا كەلگەندە، مەكىتتىكى دىنىي مەكتەپلەر كۆ-

پىيىپ، بازار ئىچىدە ئۈچ ئورۇندا، يېزىلاردا يەتتە ئورۇندا قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بازار ئىچىدىكى ئابدۇ كېرەم داموللام بىلەن پاختىلىقتىكى ھەزىز قازى ھاجىملارنىڭ مەكتەپلىرى مۇددەرىس دەرىجىلىك، قالغانلىرى باشلانغۇچ سەۋىيىلىك مەكتەپلەر ئىدى. كېيىنكى مەزگىلدە دىنىي مەكتەپ ئاچىدىغانلار كۆپىيىپ، ئاقتىكەندە نوروز ھاجىم قاتارلىقلارمۇ دىنىي مەكتەپ ئاچقانىدى.

1930 - يىلىغا كەلگەندە، جۇباشۇي (جۇ يۇلىڭ) مەكىتكە ھاكىم بولۇپ كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسى سالدۇردى ۋە بىر سىنىپلىق شۆتاڭ سالدۇرۇپ، 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدۇردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر بولۇپ، مەكتەپ نامى گويۇ شۆتاڭ (دۆلەت تىلى مەكتىپى) دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن تەمىناتى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلەتتى.

1931 - يىلى 3 - ئايدا، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. 1933 - يىلى «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» بىلەن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئىگىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ خەلقنى نادان قالدۇرۇش سىياسىتىگە خاتىمە بېرىلىش بىلەن بىللە يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم مائارىپپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا يېڭىچە مائارىپ بارلىققا كېلىشكە باشلاپ، يېڭىچە مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا، قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، زىرىپ قارى ھاجى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. كېيىن ھەرقايسى ناھىيىلەردىمۇ شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. 1933 - يىلى ناھىيىمىز مەكىتتىمۇ



ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تارمىقىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى. شۇ قاتاردا مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ بارلىق ۋەخپىلىرى ئۇيۇشما ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، بۇ بىر قىسىم ئىقتىساد بىلەن مەكتەپ خىراجىتى تەمىنلەندى. ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش ھېسابىدا ئۇيۇشما تەرىپىدىن ئاشلىق تارقىتىلىپ بېرىلەتتى.

يېڭى مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن «ئىزچىلار» تەشكىللىنىپ، ئۇلار كوچىلاردا «بىز ئىزچىمىز» دېگەن جۇشقۇن ناخشىلارنى ئېيتىپ، پۈتۈن ناھىيە بازىرى ھەتتا يېزا - قىشلاقلارنى ھاياجانغا سالغانىدى. بولۇپمۇ ئاتۇشتىكى مەمتىلى ئەپەندى يازغان «بىز مۇئەللىم، مەكتەپ ئاچىمىز» دېگەن ناخشا ھەممىلا جايدا ياڭرايتتى:

بىز مۇئەللىم يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.
تالاي يىللار زۇلمەتتە تىنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئىرپان يولىدا تەشنا - زار بولدۇق.
خۇراپاتلىقتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.
ئەمدى ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز يېڭىدىن ئېچىلغان ۋەتەننىڭ گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ سېلىنغان ئۇلى.
............

مانا بۇ سادا ئەسىرلەردىن بېرى نادانلىق ۋە جاھالەت تۇمانلىرى ئىلكىدە تېڭىرقاپ، ئىلىم - مەرىپەت ۋە يېڭىلىققا تەشنا بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ يېڭى مائارىپ سىگنالى بولۇپ، خەلقىمىزنى ئويغىتىش، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە ۋە مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش-

قا ئۇندىدى. بۇ چاغدا جەمئىيەت كەيپىياتىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىر قىسىم خەلقپەرۋەر ئۆلىما زاتلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەردىكى تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئويغىنىپ، ئۆز تالىپلىرى بىلەن يېڭى مەكتەپ ئېچىش يولىغا ماڭدى. بۇلاردىن ئابلائاخۇن خەلپىتىم تونجى بولۇپ 1934-يىلى يېڭى مەكتەپ ئاچتى (بۇرۇنقى كونا دىنىي مەكتەپنى يېڭى مەكتەپكە ئۆزگەرتتى). ئۇنىڭ 36 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. بۇ كىشى قەشقەردە قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە» مەكتىپىدە ئالتە ئاي تەربىيە ئالغان بولۇپ، خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قىسىم مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، مەكىت يېڭى مائارىپىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تىكلىگەنىدى.

1935-يىلى 2-ئايدا، ھەببۇللا بەگ (كورلا لوپنۇرلۇق) ناھىيىگە ھاكىم بولۇپ كەلدى. ئۇ كىشى تەرەققىيپەرۋەر زات بولغاچقا، مەكىت مائارىپىدا ئوقۇتقۇچى كەم بولۇۋاتقان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇردى بەگ، ئوبۇلقاسىم ئەپەندى، قادىر بەگ، ھېسامىدىن بەگ، ئابدۇۋەلى ئەپەندى، ئابدۇشۇكۇر ئەپەندى، ساۋۇت ئەپەندى، ھەسەن بارات قاتارلىق سەككىز كىشىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئاچقان قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئەۋەتىپ، ئالتە ئاي تەربىيىلەپ كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتەپتىكى بىر قەدەر سەۋىيىلىك 36 تالىپنى كۇرستا تەربىيىلەپ ئۇلاردىن 16 نەپىرىنى ھەرقايسى يېزىلاردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشى، كەڭ خەلقنىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنىڭ ئېشىپ بېرىشى— مەكتەپلەرنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن پاختىلىق، قاخشال، تومەنتال، يۇقىرى ئاۋات، چوڭقۇرچاق، تۆۋەن ئاۋات (بۇ ئىككىسى ھازىر مارالبېشى ناھىيىسىگە قارايدۇ) قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن



مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ناھىيە ئىچىدىمۇ ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئىككى سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇلۇپ، پىڭ بولىڭ مۇدىر بولغانىدى. ئۇنىڭ 72 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، مەكتەپنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇشما قارمىقىدا ھاڭغىتلىقتا بەش سىنىپ، چامغۇرلۇقتا ئىككى سىنىپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى سانى ئىككى يۈزگە يەتكەنىدى.

1935-يىلىدىن باشلاپ ناھىيىمىزدە يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئاساسلىق يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە مائارىپ بۆلۈم، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا مەدەنىيەت بۆلۈم تەشكىل قىلىنغانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ جاپالىق خىزمەت ئىشلىشى ۋە زور كۈچ چىقىرىشى بىلەن بازار ئىچىدە 1935-يىلى قۇرۇلغان ئۈچ مەكتەپ — توققۇز سىنىپ تەرەققىي قىلىپ، 1936-يىلى يەتتە سىنىپلىق بىر شەنلى مەكتەپ، ئۈچ سىنىپلىق بىر قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئۈچيۈزدىن ئېشىپ كەتتى. يېزىلاردا ئەسلىدىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن يېڭى مەكتەپلەر ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. يەنى بۇلاردىن ھاڭغىتلىق، چامغۇرلۇق، ياتناق، پوسكام، قومۇش مەھەللە، پاختىلىق، تومەنتال، قارائۆي، تۆمۈرەك، تاۋاكېسەك، تۆگىدۆڭ قاتارلىق 11 ئورۇندا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى يېڭى مەكتەپ قۇرۇلدى. دېمەك، 1936-يىلى ناھىيە بويىچە 24 سىنىپتىن تەشكىل تاپقان 13 مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 730 كە، ئوقۇتقۇچى سانى 40 نەپەرگە يەتتى.

پەن-مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان، ھەممە جايدا گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، ئۇشتۇمتۇت شىنجاڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان پەننىي مائارىپ گۈل - چېچەكلىرى نابۇت

بولۇشقا باشلىدى. 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە خوـ
جىنىياز ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئالدى. قەشقەردە تۇـ
رۇشلۇق مەخمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا
شېڭ شىسەي دەھشەتلىك تېرورلۇق يۈرگۈزۈپ، كۆزگە كۆرۈنگەن
مىللەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئىلغار زىيالىلارنى تۇتقۇن قىلدى. بۇـ
نىڭ بىلەن يېڭىچە پەننى مائارىپ ئۈزىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە
نۇرغۇن ئاساسچىلىرىدىن ئايرىلىپ، قىسمەن تۇرغۇنلۇق ھالەتكە
چۈشۈپ قالدى. بۇ ھال مەكتىكمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەچكە،
بەزى مەكتەپلەر تاقىلىپ قىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.
شېڭ شىسەي ئالتە بۈيۈك سىياسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان
سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن
ئىناق ئۆتۈش شوئارى بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
بىلەن تۈزۈلگەن بىرلىكسەپ سىياسىتىگە ئاساسەن زور بىر تۈرـ
كۈم كوممۇنىستلار شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇلاردىن چېن
تەنچيۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق ئاز ساندىكىلىرى ئۈرۈمچىدە قالغانـ
دىن سىرت كۆپ قىسمى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ ئىشلىدى.
شۇ قاتاردا يولداش شۇي لياڭ 1940 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلىغىـ
چە مەكتەپتە ھاكىم بولۇپ ئىشلىگەنىدى. شۇ مەزگىلدە ئۇ خەلقـ
قە نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتىن تاشقىرى يەنە مەدەـ
نىي ـ مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ تۆھپە قوشقانىدى. ئۇ مارـ
كسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ۋە ئىلغار گېزىت ـ ژۇرناللارـ
نى تېپىپ كېلىپ، مەكتەپتە ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسىنى تەشـ
ۋىق قىلدى. شەنلى مەكتەپكە بېرىپ ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇتـ
قۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىـ
دە لېكسىيە سۆزلەپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى
كىشىلەرگە تونۇتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ئويۇشما قارمىقىدا
سانايىنەپىسە تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
ئەھۋالى مەزمۇن قىلىنغان سەھنە ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ، يېزىـ



لارغىچە بېرىپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېـ
رىشكەنىدى.
1941 ـ يىلى ۋە 1942 ـ يىللىرى ناھىيىمىزدە مەكتەپ ماـ
ئارىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئومۇمىي خەلق ساۋات
چىقىرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە بىردەك سەپەرۋەر قىلىنـ
دى. نەتىجىدە شۇ يىللىرى بىرمىڭ يەتتە يۈزدىن ئارتۇق كىشى
ساۋاتلىق بولۇپ قالدى. بو ۋاقىتتىكى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئاھاـ
لە نوپۇسى 34 مىڭ 855 بولۇپ، ساۋاتسىزلارنىڭ سانى 28
مىڭ 534 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 13 مىڭ 569 نەپەر، ئايال
14 مىڭ 965 نەپەر) ئىدى.
ئومۇمەن ئالغاندا، 1935 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلىغىچە بولـ
غان ئارىلىقتىكى مىللىي بىرلىكسەپ دەۋرىدە، ناھىيىمىزدىكى ھەر
تەبىقە ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مائارىپ ئىشلىرى خېـ
لى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ ۋاقىتتا بارلىق مائاـ
رىپ تارماقلىرى بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئاستىغا مەركەزلەشتى،
يەنى ئۆلكىدىن تارتىپ ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىچە ھەر دەرىجىلىك
مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە مائارىپ تارماقلىرى قۇرۇـ
لۇپ، مائارىپ ئىشلىرى بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئاستىدا ئېلىپ
بېرىلدى. دىنىي ئوقۇتۇش بىلەن يېڭى مەكتەپ مائارىپى ئايرىـ
ۋېتىلدى. ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەشۋىق ئېلىپ
بېرىشى ۋە كونا ئۆرپ ـ ئادەت كۈچلىرىگە دادىل قارشى تۇـ
رۇپ يېڭى تۇرمۇش ئىستىلىنى تەرغىپ قىلىشى بىلەن خوتۇن ـ
قىزلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئوـ
قۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈـ
لۈپ، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئىشلىرى بىر تۇتاش پىلانلىق
ئېلىپ بېرىلدىغان، كۆپلەپ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار ئېچىلىپ،
ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى.
1944 ـ يىلى پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە

## مەكىت ناھىيىسىنىڭ 1942 - يىللاردىكى ماائارىپ ئەھۋالىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

| مەركىزىي مەكتەپ | شۆبە مەكتەپ | قۇرۇلغان ۋاقتى | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى: ئوغۇل | ئوقۇغۇچى: قىز | ئوقۇغۇچى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى | ئىشچى | جەمئىي | تەۋەلىكى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شەنلى مەكتەپ | — | 1934 | 7 | 290 | — | 290 | 12 | 2 | 14 | ھۆكۈمەت قارمىقىدا |
| دارلئىتام | — | 1940 | 1 | 26 | — | 26 | 3 | 1 | 4 | ئۆيۈشما قارمىقىدا |
| قىزلار مەكتىپى | — | 1936 | 6 | — | 216 | 216 | 12 | 2 | 14 | ھۆكۈمەت قارمىقىدا |
| پاختىلىق مەكتەپ | غازكۆل مەكتەپ | 1936 | 8 | 214 | 128 | 342 | 12 | 1 | 13 | ئۆيۈشما قارمىقىدا |
| ھاڭغىلىق مەكتەپ | شەھپىتدۆڭ، قاپاغاستى | 1934 | 9 | 273 | 122 | 399 | 13 | 1 | 14 | // // |
| يانتاق مەكتەپ | قارائۆي، ئاقتىكەن | 1936 | 9 | 296 | 155 | 451 | 14 | 1 | 15 | // // |
| پوسكام مەكتەپ | تۆمۈرەك، تاۋاكىپىسلك | 1936 | 6 | 150 | 134 | 284 | 10 | 1 | 11 | // // |
| قومۇش مەھەللە | قومقىسار، لايدۆڭ | 1936 | 8 | 280 | 74 | 354 | 11 | 1 | 12 | // // |
| تۇمەنتال مەكتەپ | تۆگىدۆڭ، بۆرى ئېغىزى | 1936 | 7 | 257 | 42 | 294 | 10 | 1 | 11 | // // |
| چامغۇرلۇق مەكتەپ | كاماكۆل، بولقا | 1934 | 8 | 182 | 135 | 317 | 14 | 1 | 15 | // // |
| جەمئىي 10 مەكتەپ | 13 شۆبە مەكتەپ | | 69 | 1977 | 1006 | 2983 | 111 | 12 | 123 | جەمئىي |



ساداسى چاقماق تېزلىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى.
1946 - يىلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىژ-جوڭ ئەپەندى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتى ۋەكىللىرى بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپ، ناھىيىمىزدىمۇ قايتا جانلىنىش بارلىققا كەلدى.

1949 - يىل 9-ئاينىڭ 26-كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. شۇ يىلى مەكىتتە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا بەش مەكتەپ (شەنلى مەكتەپ، قىزلار مەكتىپى، چامغۇرلۇق مەكتەپ، ھاڭغىلىق مەكتەپ، پاختىلىق مەكتەپ بولۇپ بۇلار 1942 - يىلىدىن كېيىن ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان) ئۇيۇشما قارمىقىدا سەككىز مەكتەپ (تۇمەنتال، قارا ئۆي، يانتاق، قومۇش مەھەللە، تۆمۈرەك، شەھپىتدۆڭ، قىزىلئاۋات، غازكۆل) جەمئىي 13 مەركىزىي مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ سانى 119 غا، ئوقۇغۇچىسى 3939 نەپەرگە (ئوغۇللار 2267 نەپەر، قىزلار 1672 نەپەر)، ئوقۇتقۇچىلىرى 183 نەپەرگە (ئەرلەر 136 نەپەر، ئاياللار 47 نەپەر)، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 24 نەپەرگە يەتكەندى.

# مەرىپەتپەرۋەر مۇھەممەت داموللا ھەققىدە

### ئابلىز ئابلەت

بۇ ماقالەمنى 30 - يىللاردىكى مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ۋە ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، ئالىم، پېداگوگ مۇھەممەت داموللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىدىن ھەر قايسىڭىزلارنى خەۋەردار قىلىش، شۇنداقلا بۇ ھەقتە ئىزلەنگۈچىلەرنى تەمىنلەش مەقسىتىدە دىققىتىڭىزلارغا سۇندۇم.

بايانىمدا يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا كىتابخانلارنىڭ مەزكۇر ماقالىدىن تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەمدە مېنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشتە يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئابلەت مەخسۇم ھاجى، قۇدرەت ھاجى، ئابدۇراخمان كېرىم قاتارلىق پېشقەدەم مۆتىۋەرلەرگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن.

* * *

مۇھەممەت داموللا 1901 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ كەتەيلاق يېزىسىدا نامرات ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تۇغۇلۇپ دادا يۈزىنى كۆرەلمىگەن بولۇپ، تېخى يېشىغا توشماستىنلا ئانىسىمۇ ئازاب ۋە خورلۇق دەستىدىن جان - جىگەر باللىرىنى بېقىمسىز قالدۇرۇپ يورۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقانىدى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەتنىڭ تەقدىرى ئون تۆت ياشلىق ئاكىسى ئىمىن ئاخۇن بىلەن ئون ئىككى ياشلىق ھەدىسى ھەجەر قىزنىڭ قولىدا قالغان. بىراق شۇ چاغلاردىكى



جانغا زامىن بولىدىغان ئالۋاڭ - ياساقلار ئىمىن ئاخۇننى بىر تۇغقانلىرىدىن ئايرىپ ھاشارغا ئېلىپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ھەجەر قىزنىمۇ خورلۇق قوينىغا ئالغان. مۇتەئەسسىپ بەگلەر ئۇنىڭ ناتىۋان پاك قەلبىنى دەپسەندە قىلىشقان. قىز بۇ خورلۇققا چىدىماي ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولغان، بىراق بەختسىز مۇھەممەتنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى قىيماي نىيىتىدىن يانغان. بىراق ئادەمخور بەگلەر ئۇنىڭغا ئارام بەرمىگەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە پاناھسىز مۇھەممەتنى يېگانە قالدۇرۇپ پانىي ئالەم بىلەن ئاخىرى ۋىدالاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەتنىڭ كۈنى ئاچ - يالىڭاچلىق ئىچىدە چاكارلىق بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ بايلارنىڭ چارۋىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، يەلىڭ - يالىڭاچ، ئاچ - توق ھالدا جاڭگاللاردا يۈرەتتى. ...

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىتەلەي مۇھەممەتنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر بىر خىل غايىۋى كۈچ ئويغىنىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئون ئىككى يېشىدا مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان بولىدۇ.

كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مۇھەممەت ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا كەتەيلاق يېزىسىدىكى «قوغان» جامە مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. بىراق ئۇ شۇ مەدرىسىدە ئۇزاق ئوقۇيالمايدۇ. چۈنكى ئۇ چاغلاردا شۇ مەدرىستە ئوقۇيدىغانلار بايلارنىڭ، مۇتەئەسسىپ مولىلارنىڭ بالىلىرى بولغاچقا، ئۇلار مۇھەممەتتەك يېگانە - چاقىسى بولمىغان يوقسۇلنى ھاقارەتلەيتتى ۋە بوزەك قىلىپ ئارام بەرمەيتتى. مۇھەممەتنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولسىمۇ، باي باللىرىنىڭ تىل - دەشنەملىرىگە چىداپ تۇرالماي بىر يىلغا توشمايلا مەدرىستىن كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت يەنىلا پادىچىلىق تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە بولسا ئەزگۈچىلەرگە بولغان بىر خىل ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى بارغانچە ئۇلغىيىشقا باشلايدۇ.

1914 - يىلى كەتەيلاق دېھقانلىرى زالىم بەگلەرنىڭ خورلاشلىرىغا قارشى بىر قېتىم قوزغىلىپ باستۇرۇلىدۇ. بۇ ئىش مۇھەممەتنى سەگەكلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەت بەگ، دورغىلارنىڭ ئادەم ئۇرغان ياكى ئۆلتۈرگەن ۋەقەلىرىنى ئاڭلىغاندا غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ.

1915 - يىلى مۇھەممەت قەتئىي ئوقۇش قارارىغا كېلىپ، پىيادە ئاتۇشقا بارىدۇ. ئۇ «سۇلتانەم» مەدرىسىدىن ئابدۇقادىر دامولىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ۋە ئارزۇيىنى ئېيتىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا ئادالەتپەرۋەر، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، يېتىم - يېسىرلارغا باش - پاناھ بولۇپ كېلىۋاتقان زات بولغاچقا، مۇھەممەتنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇنى ئائىلىسىگە ئاپىرىپ بىر نەچچە كۈن تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان «سۇلتانەم» مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئالىدۇ. مۇھەممەت ئابدۇقادىر دامولىنىڭ ئاتىدارچىلىقى بىلەن تىرىشىپ ئوقۇش نەتىجىسىدە، ئىككى يىلغا يەتمەيلا مەدرىستە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنىدۇ. بۇ ھالدىن ئابدۇقادىر داموللا سۆيۈنۈپ، ئۆزى يېزىپ چىققان «نەسىھەتنامە» ناملىق ئەسىرىنى مۇھەممەتكە بېرىپ ئۇنى يادقا ئوقۇتىدۇ. ئابدۇقادىر دامولىنىڭ مۇھەممەتكە بولغان ئاتىدارچىلىقى مەدرىستىكى باي باللىرىنىڭ ئوغۇسىنى قايناتقاچقا، ئۇلار مۇھەممەت بىلەن ئۆچلىشىدۇ. مۇھەممەتنى ھاقارەتلەپ، ھەرخىل تەھدىتلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدۇ. بۇ خورلاشلاردىن ئازابلانغان مۇھەممەت ئۆزىنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ئابدۇقادىر دامولىدىن يوشۇرۇپ يۈرىدۇ. بۇنىڭدىن خوركى ئۆسكەن چاتاقچىلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان مۇھەممەت بىر كۈنى ئابدۇقادىر دامولىغا بىر پارچە تەشەككۈرنامە يېزىپ قالدۇرىدۇ - دە، مەدرىستىن كېتىپ قالىدۇ.

1917 - يىلى ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مۇھەممەت



قەشقەرنىڭ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان كوچىلىرىدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، تۇساتتىن ئابدۇقادىر دامولىغا يولۇقۇپ قالىدۇ (بۇ چاغدا ئابدۇقادىر داموللا ئاتۇشتىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدى). ئابدۇقادىر داموللا مۇھەممەتنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن غولىچىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنى قۇچاقلايدۇ. مۇھەممەتمۇ خۇشاللىقتىن ئېتىلىپ كېلىپ ئۆزىنى ئابدۇقادىر دامولىنىڭ قويىنىغا ئاتىدۇ. ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى ئەسكە ئېلىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا مۇھەممەتكە تەسەللى بېرىپ، ئۇنى يەنە قايتىدىن ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

مۇھەممەت ئابدۇقادىر دامولىنىڭ ئاتىدارچىلىقىغا قايتىدىن ئېرىشىپ، يېڭى ھاياتقا قەدەم باسىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا مۇھەممەتنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدۇ، ھەمدە ئۇنى ئائىلىسىدە ئۆزى ئوقۇتىدۇ. بۇ جەرياندا ئابدۇقادىر داموللا مۇھەممەتنىڭ بىلىم ئېلىشقا قاتتىق ئىشتىياق باغلىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇقادىر داموللا مۇھەممەتنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى چەت ئەلگە بېرىپ ئوقۇشقا يولغا سالىدۇ.

مۇھەممەت ئابدۇقادىر داموللا قوشۇپ قويغان ئىسمائىل ئىسىملىك كارۋان بىلەن 1918 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دېھلىغا بېرىپ، ئابدۇقادىر دامولىنىڭ تونۇشلىرىغا يېزىپ بەرگەن خېتى ئارقىلىق، دېھلىدىكى چوڭ بىر مەدرىستە ئىككى يىل ئوقۇيدۇ. بىراق ئۇ دېھلىدىكى ئوقۇشىغا قانائەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت مىسىرغا بېرىپ ئوقۇشنى ئويلايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ ئۇستازى ئابدۇقادىر دامولىغا بىر پارچە خەت يېزىۋېتىپ، 1920 - يىلى 9 - ئايدا مىسىرغا قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇ بەش كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ مىڭبىر جاپادا بومبايغا يېتىپ بارىدۇ. بىراق بومبايدىن مىسىرغا قاتنايدىغان پاراخوتقا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدا پاراخوت كىراسىغا تۆلىگۈدەك بىر

نەرسە بولمىغاچقا، بومبايدا بىر نەچچە كۈن ئىشلەپ ئازراق پۇل تاپىدۇ. بىراق ئۇنىڭ تاپقان پۇلى يەنىلا پاراخوت كىراسىغا يېتىشمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ئامالسىزلىقتىن پاراخوت ماتروسىغا ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. پاراخوت ماتروسى مۇھەممەتنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھەقسىز پاراخوتقا سېلىۋالىدۇ.

مۇھەممەت ئۇ ماتروسنىڭ ياردىمى بىلەن مىسىرغا سالامەت يېتىپ بارىدۇ. «جامائىلا ئەزھەر» ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئۇ يەردىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى ۋە شۇ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىدۇ. مۇھەممەتنىڭ بىلىم ئېلىش يولىدا تارتقان رىيازەتلىرى مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. «جامائىل ئەزھەر» ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىدىغانلاردىن ئالدىن ئىمتىھان ئېلىناتتى. ئىمتىھان تەييارلىقى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بىر ئايلىق مۆھلەت ۋاقتىنى ئۇلار مۇھەممەت ئۈچۈن قىرىق كۈنگە ئۇزارتىپ بېرىدۇ. مۇھەممەت شۇنچە چارچىغىنىغا قارىماي بېرىلگەن مۆھلەت ئىچىدە ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ تەييارلىق قىلغاچقا، ئىمتىھاندىن ئەلا باھا بىلەن ئۆتۈپ، مەدرىسكە قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ئوقۇشقا كىرىشىپ ئۈچ يىل ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن ئىنستىتۇتتىكى ئۆلىما، تالىپلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن مىسىردىكى 17 يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا بەش قېتىم ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ مىسىردا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا يازغان يەتتە يۈز بەتلىك «ئىسوينىش» داستانىنىڭ قولىيازمىسى «جامائىل ئەزھەر»دىكى تالىپلارنىڭ، ئۆلىمالارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ (ئۇ ئەسىرىنى مەتبۇئاتقا بەرمىگەن). مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئۆزگۈچىلىكى بىلەن «جامائىل ئەزھەر»گە تونۇلىدۇ ھەمدە «جامائىل



ئەزھەر»نىڭ كۆزى دېيىلىدۇ. بۇ نام ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە تولىمۇ ماس ئىدى.

مۇھەممەت مىسىردىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قايتماقچى بولغىنىدا، مىسىرلىقلار مۇھەممەتتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئۇنى مىسىردا ئېلىپ قالىدۇ. بىراق، شۇ چاغلاردا جۇڭگو ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا قالغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭمۇ شۇ تەھدىتتىن يىراق ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا مۇھەممەت دامولla خەۋپ ئىچىدە قالغان ۋەتىنىنى، ئازاب - ئوقۇبەتتە خانىۋەيرانچىلىقتا ياشاۋاتقان مىللىتىنى، ئون مىڭلىغان ۋەتەنداشلىرىنى، زۇلمەت ئىچىدە نادانلىق ۋە خۇراپىيلىقنىڭ ئاسارىتىدە تىرىكچىلىك ئۈچۈن قان - يېرىك يۇتۇپ تىرىشىپ - تىرمىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئانا ۋەتىنىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى گۈلخان بولۇپ يانىدۇ - دە، مىسىردىكى ئۆزىگە بېرىلگەن مەنسەپ ۋە ئابرويىدىن، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتىن كېچىپ، ئازاب - ئوقۇبەتتە ياشاۋاتقان ۋەتەن خەلقىنى، خورلۇق ئاستىدا تۇرۇۋاتقان دىيارىنى چىن قەلبىدىن سېغىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىسىر خەلقىگە رەھمەت تەشەككۇرلىرىنى ئېيتىپ، ۋەتىنىگە قايتىش ئارزۇسىنى بايان قىلىدۇ. مىسىردىكىلەرمۇ مۇھەممەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىگە قايىل بولۇشۇپ، مۇھەممەت داموللىنى يولغا سېلىپ قويۇشىدۇ.

1937 - يىلى مۇھەممەت دامولla ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىش بىلەنلا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مۇھەممەت داموللىنى ئۆزىگە تارتىش نىيىتىدە ئۇنىڭغا قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىنى تەكلىپ قىلىدۇ. بىراق مۇھەممەت دامولla شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، يۇرتداشلىرىنى نادانلىق، قالاقلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش نىيىتىدە ئاقارتىش يولىنى تاللىغان ۋە ئاخىرىدا ئىچكى - تاشقى سۇيىقەستچىلەرنىڭ دۈشمەنلىكى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئۇستازى

ئابدۇقادىر داموللا ئۈچۈن قايغۇرىدۇ (ئابدۇقادىر داموللا 1924 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر كونا ئوردىدىكى ئۆينىڭ كۇتۇپخانىسىدا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن). ئابدۇقادىر داموللىنىڭ يۈكسەك ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن ئۆتكەن ھاياتى، ئىستىبدات ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك زومىگەرلەرنىڭ ئېزىشى ۋە قاتتىق - سوقتىسى تۈپەيلىدىن ئازاب - ئوقۇبەتتە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ پاجىئەلىك ھاياتى مۇھەممەت داموللىنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ ۋە ئازابلايدۇ. مۇھەممەت داموللا كېچە - كۈندۈز ئويلىنىپ، خەلقنى بۇ ئازاب - ئوقۇبەتتىن خالىي قىلىشنىڭ، ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئارزۇسىنى تولۇقى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئاقارتىش ئېلىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاقىلانە سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغىتىپ، كەڭ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ ھەمدە خەلقنىڭ ۋە شۇ جايدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن پەيزاۋات باش ئۈيۈشمىنىڭ مائارىپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇ يىلى دەسلەپكى قەدەمدە كەتەيلاق يېزىسىنىڭ «قوغان» دېگەن يېرىگە بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن يۈز نەچچە بالىنى يىغىپ ئوقۇتىدۇ. مۇھەممەت داموللىنىڭ پەننىي مەكتەپ ئېچىش پائالىيىتى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ۋە قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت داموللا ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن كويەك، كۆل (ھازىر ئاتۇشقا قاراشلىق)، گۈللۈك، بەشتام، لىغىلدىما، لەڭگەر، غولتوغراق (بۇ جايلار ھازىر پەيزاۋات ناھىيىسىگە قاراشلىق) قاتارلىق ئون نەچچە ئورۇندا ئون ئىككى پەننىي مەكتەپ ئاچىدۇ. يەنە ئالتە جايدا مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن ئىئانە پۇل توپلايدۇ. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئابلىز نىياز، ئابدۇرېھىم روزى، قۇتلۇق كېرىم، مۇھەممەت كېرىم قاتارلىق 20 نەچچە كىشىنى قەشقەر دارىلمۇ-



ئەللىمىندە بىر يىل ئوقۇتۇپ، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ بېكىتىدۇ. مۇھەممەت داموللا ئاچقان بۇ مەكتەپلەردە بەشيۈزگە يېقىن ئۆسمۈر بالا بىلىم ئىگىلەش شارائىتىغا ئىگە بولىدۇ. زۇلمەت قاپلىغان بۇ دىياردا ئاستا - ئاستا مەرىپەت شامى يېنىشقا باشلايدۇ. بىراق، مەرىپەت شامىنىڭ يالقۇنى شىڭ ھۆكۈمىتىنى ساراسىمىغا سېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي خەلقنىڭ بىلىم بىلەن كۈچلىنىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، بىر ئامال قىلىپ مۇھەممەت داموللىنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولىدۇ. شىڭ شىسەينىڭ بۇ ياۋۇز نىيىتى يەرلىك ساتقىن ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئاخىرى ئەمەلگە ئېشىپ، مۇھەممەت داموللا شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تۇتقۇن قىلىنىپ، ئاخىرى شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ.

# مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر زات
# مەتنىياز مەخسۇم

## شەرىپ خۇشتار

تونۇلغان ئىجتىمائىي ئەرباب، مەرىپەت ئەھلى، تەرەققىيپەرۋەر زات مەتنىياز مەخسۇم 1890 - يىلى قەشقەر پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شاپتۇل كەنتىدە ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ئابدۇغوپۇر داموللا① ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مەتنىياز مەخسۇم ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن شاپتۇل كەنتىدىكى باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە ۋە ئائىلىسىدە دىنىي بىلىم ئالغان. 1903 - يىلى مەتنىياز مەخسۇم ئائىلىسى بىلەن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما باۋۇدۇن مەخسۇمدىن دىنىي بىلىم ئالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قازان مەدرىسىدە ئوقۇپ، شۇ زاماندىكى ياش تالىپلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي بىلىم ئەھلى بولۇپ يېتىلگەن.

مەتنىياز مەخسۇم ئوقۇش دەۋرىدە ياۋروپادىكى ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى، بولۇپمۇ 1905 - يىلى چار روسىيە ئەركىنلىك مانىپېستى② ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە روسىيەدە يۈز

① ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجىم 1930 - يىللاردىكى قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق دىنىي ئالىمى، جامائەت ئەربابى ئىدى. ئۇ، 1924 - يىلىنىڭ ئالدى — كەينىدە قەشقەرنىڭ قازىسى بولغان. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن 1934 - يىلى مىللەتلەر مەجلىسى «كېڭەش باشلىقى»، قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولغان دەۋر ئىلغارلىرى ئىدى.

② 1905 - يىلى چار پادىشاھ ئىچكى ئىختىلاپ ۋە يەرلىك ئاھالىنىڭ قارشىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن ئەركىنلىك مانىپېستىنى ئېلان قىلغان، مانىپېستىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر — ئۇيغۇرلارنىڭ ئويغىنىشىغا پايدىلىق بولغان.



بەرگەن يېڭىلىقلار ۋە پەن - مەدەنىيەتكە بولغان ئىنتىلىشلەر تەقەززاسىدىن نەشر قىلىنغان ھەم دەۋرگە نىسبەتەن ئىلغار بولغان كىتاب، ژۇرناللارنى، گېزىتلارنى ۋە باشقا مەجمۇئەلەرنى كۆپرەك ئوقۇيدۇ. يېڭىلىققا ئىنتىلىپ، دۇنياغا نەزەر سالىدۇ. ئەينى يىللاردا، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە سودا تىجارەت، ساياھەت، ئوقۇش ئۈچۈن بارغان ئۇيغۇر ساياھەتچىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، چەت ئەللەرنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈشكە قىزىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن تىجارەت يولى بىلەن چەت ئەلگە چىقىشنى نىشان قىلىپ تۇنجى سەپەرنى قەشقەرگە يېقىن بولغان قىرغىزىستاننىڭ ئوش① ئوبلاستى، ئەنجان يەنى پەرغانە ۋادىسىدىكى ھەر قايسى شەھەرگە قارىتىدۇ. مەتنىياز مەخسۇم دەسلەپ ئۇ يەرگە يەرلىك خام ماللارنى ئېلىپ چىقىدۇ. شۇ جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روسىيىلىكلەرنىڭ ئاپتاپپەرەس (گازىر) غا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شىنجاڭدا ئەڭ تۆۋەن مەھسۇلات ئاتالغان گازىرنى كۆپلەپ تېرىشنى دەۋەت قىلىدۇ. نەتىجىدە گازىر تېرىش قەشقەر ۋىلايىتىدە ئومۇملىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق روسىيىنىڭ كۆپلىگەن ئورۇنلىرىنى تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ 1914 - يىلى قىسمەن خام ماللاردىن باشقا نىژنىي نوۋگورودقا ئېلىپ چىققان (يەرمەنكىگە قويغان) گازىرى 150 مىڭ پۇت② (سەلەي ھاجى، ھوشۇر سەتەڭ قاتارلىق ئاتچىلارنىڭ مەلۇماتى) بولىدۇ.

مەتنىياز مەخسۇم 1908 - يىلدىن 1930- يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا روسىيە زېمىنىدا تىجارەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئاساسلىق مەدەنىيەت ۋە سودا شەھەرلىرىنى ئايلىنىدۇ، ئېكىسكۇرسىيە قىلىدۇ. ئۇ دەسلەپ

① ئوش — قەشقەرگە 300 نەچچە كىلومېترلا كېلىدۇ. ئىلگىرىكى كارۋان يولى ئاشۇ ئىدى.

② ھەر بىر پۇت 16·38 كىلوگرام ھېسابلىنىدۇ.

قازاندىكى جەدىدى مەكتەپتە، كېيىن تاشكەنتتە ئوقۇيدۇ، رۇس تىلى يېزىقىنىمۇ پۇختا ئىگىلىۋالىدۇ.

روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلغار مەرىپەتچىلەر، تەرەققىيپەرۋەرلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ. شۇنداقلا شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەـ نىيىتىنى تارقىتىشقا ۋە خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت يولىغا باشلاشقا قەدەم قويىدۇ.

مەتنىياز مەخسۇم 1930 - يىللىرى قەشقەرگە يېنىپ كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەدەنىيەت، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بارىدۇ، ھەم جايلاردا دارىلئېيتام (يېتىملار مەكتىپى) ۋە دارىلئاجىزىن (ئىگەـ چاقىسىز، يېتىم - يېسىر، مېيىپلارنى تەمىنلەش ئورنى) قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. سوۋېتنىڭ سودا تىجارەتچىلىرى بىلەن شىرىكلىشىپ تىجارەت قىلىپ، كارخانا قۇرۇپ ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئىشتا ئۆزى تۇنجى بولۇپ قەشقەردىكى ئىلغار پىكىرلىك زاتلار، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەردىن ھۆسەنجان ھاجىم باشلىق بىر قانچە كىشى بىلەن بىرلىشىپ، 1931 - يىلى قەشقەردە «كىنو تەرەققىيات شىركىتى» قۇرۇپ بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر جۈپ كىنو ئاپپاراتى ۋە فىـ لىملارنى سېتىۋېلىپ «بىز كرونشتاتتىن» قاتارلىق ئاۋازسىز فىلىمنى قويۇپ، يەرلىك كىشىلەردىن تۇنجى كىنو مەدەنىيىتى تارقاتقۇچـ لاردىن بولىدۇ [شىنجاڭغا دەسلەپ كىرگەن كىنولار ئەسلىدە ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، قاغىلىق قاتارلىق جايلارغا چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تەرىپىدىن 1924 - يىلىنىڭ ئالدى- ئاخىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئاي، كۈنلەردە كىرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرگە 1924 - يىلى كىرگەن فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتـ سىيىچىلەر تولۇمغا قاچىلانغان كاربىت (بىر خىل تاش) گازى يورۇقلۇقى بىلەن قولدا چۆرۈپ ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئاپپارات



ئېلىپ كېلىپ، ساياھەت خاتىرىسى نامىلىق ئاۋازسىز ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسەتكەنىدى. ئىككىنچى قېتىملىق كىنو پەقەتلا مەتنىياز مەخسۇم ئارقىلىق كىرگەن]. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەردە كىنوچىلىق ئىشلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىدۇ. 1934 - يىلى مەتنىياز مەخسۇم باشچىلىقىدىكى «كىنو تەرەققىيات شىركىتى» سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر جۈپ ئۈلگىلىك كىنو ئاپپاراتى (ھازىر كىنوخانىلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان «سۇڭخۇاجياڭ»ماركىلىق چوڭ ئاپپارات ئاشۇ نۇسخىدىن) سېتىۋېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەنئەندىكى پائالىيەتلىرى سۈرەتكە ئېلىنغان «جۇڭگو» ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئاتاقلىق ئۇرۇش قەھرىمانى چاپايېۋ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھۆججەتلىك فىلىم «چاپايېۋ»، «13 قەھرىمان»، «چېگرىدا»، «فرونتتىكى سالـ دات» نامىلىق فىلىملارنى دەسلەپ ئاۋازسىز، كېيىن ئاۋازلىق قويىدۇ. بۇ فىلىملار كېيىنكى ۋاقىتتا سەييارى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ قويۇلىدۇ.

ئەمما مەتنىياز مەخسۇم باشچىلىقىدىكى «كىنو تەرەققىيات شىركىتى» دەسلەپتە بىر قانچە يىلغىچە زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ بەزى قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە يېڭىلىققا قارشى مۇتەئەسسىپ دىندار، روھانىيلارنىڭ كىنونى يامان كۆرۈشى، ئەيىبلىشى، كىشىلەرگە كىنو كۆرمەسلىكنى تەشۋىق قىلىشى بىلەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بىر قېتىملىق كىنوغا ئون- ئونبەشلا كىشى كىرىدۇ. كۆپ بولغاندا، يۈزگە يېتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال يىللاپ داۋام قىلىدۇ. مەتنىياز مەخسۇم ئېلانچىـ لار گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، دۇمباق، سۇناي چېلىپ شەھەر كو- چىلىرىنى ئايلىنىپ، كۈندىلىك كىنونىڭ مەزمۇنى بىلەن بېلەت باھاسىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك بىر ئايلىق كىنو كىرىمى بىر كۈنلۈك كىنو چىقىمىنى كۆتۈرەلمىگەن شارائىت ئاستىدىمۇ كىنو- چىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر كىنوچىلىقنى بۈگۈنكى تەرەققىـ

ياتلارغا يېتىشكە شەرت ھازىرلايدۇ.

مەتنىياز مەخسۇم 1930 - يىللاردىن باشلاپ قەشقەردە قورۇلغان دارىلئېيتام ۋە دارىلئاجىزىننىڭ ئاساسىغا كۆپ ياردەم بېرىدۇ. يېتىم - يوقسۇللارنى يوقلايدۇ. دارىلئاجىزىن ۋە دارىلئېيتام مەكتىپىنىڭ قەغەز - قەلەم، كىيىم - كېچەكلىرىگىچە بولغان چىقىملارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆزلىكىدىن ئۈستىگە ئالىدۇ.

1933 - يىل 4- ئاينىڭ 8 - كۈنى، تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ) قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ يېڭى ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن نوربېشىدىكى مەكتەپنى ياسىغانىدى. بۇ چاغدا مەتنىياز مەخسۇم تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەكتەپكە خېلى ياردەملەرنى بېرىدۇ. مەتنىياز مەخسۇمنىڭ بۇ خىل مائارىپپەرۋەرلىكى كىشىلەرگە ئايان بولغاندىن كېيىن، مەتنىياز مەخسۇم ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسلىكىنى زىممىسىگە ئالىدۇ. مەتنىياز مەخسۇم يېڭى قۇرۇلغان ۋە تېخى ۋەخپى، ئۆشرە - زاكاتتەك ئىقتىسادىي كىرىمگە ئىگە بولمىغان ياش ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى ئۆز ئىقتىسادىي بىلەن گۈللەندۈرىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما خىزمىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرگەن تەجرىبىسى بويىچە رەتكە سالىدۇ. ئۇ مۇشۇ يىللاردا، قەشقەر يېقىنقى زامان تارىخىدا تۇنجى قىرائەتخانىلارنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر كۇتۇپخانىسىنى قۇرىدۇ. بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ئورنى ئەنجان رەستىسىدە بولۇپ، مەتنىياز مەخسۇم مەخسۇس ئۆزى ئىقتىسادىي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە قازان، تاشكەنت، مىسىر، قاھىرە، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا نەشر قىلىنغان كلاسسىك ئەدەبىي، تارىخىي كىتابلارنى شۇنداقلا ئىلغار پىكىرلىك، يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەر خىل ژۇرناللارنى ئالدۇرىدۇ. كۇتۇپخانىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇسالام ئىسىملىك تەجرىبىلىك كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچىنى تەيىنلەيدۇ.



1936 - يىلى مەھمۇت مۇھىيىتى (مامۇت سىجاڭ) قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ زور ياردىمى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا قەشقەردە تۇنجى سىفەن قۇرۇلغان، بۇنىڭدا كۆپلىگەن كىشىلەر بىلىم ئالغانىدى. مەكتەپ ئەمدىلا ۋايىغا يېتىۋاتقان مەزگىلدە، ئىچكى ئىختىلاپ، تاشقى بېسىم يەنە باشقا ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەھمۇت مۇھىيىتى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەشقەردە چوڭ قىرغىن، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە تەرتىپسىزلىق يۈز بېرىدۇ. قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ماخۇسەن قىسىملىرى مەكتەپلەرنى تاقايدۇ، ئوقۇغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ ياكى تارقىتىۋېتىدۇ. مائارىپپەرۋەر مەتنىياز مەخسۇم تاقالغان سىفەن مەكتىپىنى كېيىن يەنە قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. مەتنىياز مەخسۇم يالغۇزلا مائارىپپەرۋەر بولۇپلا قالماستىن بەلكى ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى. 1937 - يىلىدىكى لوگوچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ياپونغا قارشى ئىئانە توپلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلىدى. بۇ چاغدا، مەتنىياز مەخسۇم سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بىر ئىسكىلاتتىكى گەزمال، ماتا، چەكمەن ۋە باشقا (قەنت، شېكەر، سەرەڭگە) ماللىرىنى بىر قانچە ھارۋىغا بېسىپ كېلىپ، ھېيتكار جامەسىنىڭ چوڭ سۇپىسىغا تىزىپ، توپ - توپى بىلەن ئىئانە قىلىپ، خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشى ۋە ئىئانە توپلاش روھىغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەنىدى.

مەتنىياز مەخسۇم ئەسلىدە دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھالال تىجارىتىدىن باي بولۇپ، يۈز - ئابرويى تاپقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تىجارەت يولى ئەينى يىللاردا باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولغان. ئۇ ئۇزۇن يىل سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا دوگوۋور قىلغان بولۇپ، ھەر قاچان ئۇنىڭ سوۋېتتىن كىرگۈزگەن ماللىرىنىڭ 30 ۋە 40 پىرسەنتى ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن مەدەنىي بۇيۇملار بولىدى. دېمەك، 1930 - يىللار تارىخىدا جەنۇبىي شىنجاڭ بولۇپمۇ

قەشقەرنى مەدەنىي بويۇم، ئوقۇش ماتېرىيالى، زامانىۋى كىيىم -
كېچەك، تەنتەربىيە كىيىمى ۋە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.
ھەتتا ۋالىبول، ۋاسكېتبول قاتارلىق توپلارنى ۋە ئۇنى ئويناي-
دىغان تور قاتارلىق سايمانلارنى ھەرقايسى يېزا - مەكتەپلەرگە
ئۆز يېنىدىن پۇلسىز ياردەم قىلدى. ئۇ پاختىنى چىگىتتىن ئاي-
رىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، مەكتەپ قاتارلىق جايلاردا پاختا
زاۋۇتى قۇردى. قەشقەرگە تۇنجى زامانىۋى دوش، ۋاننا، بىر
كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك ۋە ئون كىشىلىك سېمونتتىن ياسالغان
پار مۇنچا ياسىدى ۋە بۇ مۇنچىغا كونا ئەنئەنىگە ۋارىسلىق
قىلىپ ھاممام ئورۇنلاشتۇردى، ئەينى يىللاردا ھەرقايسى باشلان-
غۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى پۇلسىز مۇنچىغا چۈشۈرۈپ،
مۇنچىدا يۇيۇنۇشنى ئادەتلەندۈردى. ھەتتا دارىلئېيتام بىلەن
دارىلئاجىزىنلارنىمۇ ھەر 15 كۈندە ۋە ھېيت - ئايەملەردە
سىرتقى تىجارىتىنى توختىتىپ يۇيۇندۇردى. مەتنىياز مەخسۇمنىڭ
بۇ خىل ئالىي جاناب پەزىلىتى ئەينى يىللاردىلا ئەمەس ھازىرمۇ
كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

قەشقەر مائارىپ تارىخىي توغرىسىدا سۆز بولغان بىر سورۇن-
دا، بىر قانچە پېشقەدەملەر مەتنىياز مەخسۇم ۋە مەكتەپ پائالى-
يىتى توغرىسىدا سۆزلەپ: «ئىلگىرى مەكتەپلەردە كوللېكتىپ
پائالىيەت بولمايتتى، مەتنىياز مەخسۇم ياز كۈنلىرى ھەرقايسى
مەكتەپلەرنى نەزەرباغدىكى باغ ھويلىسىغا چاقىرىپ كوللېكتىپ
پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى ئادەتلەندۈرگەن؛ بىز ھەر قېتىم ئۇنىڭ
بېغىدا كوللېكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا دەپتەر، قېرىنداش،
قېرىنداش ئۇشلايدىغان ماشىنا قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلات-
تى، ياخشى تاماق، يازلىق مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلاتتى.
بەزى پائالىيەتلەردە نەتىجە قازانغانلارنى مۇكاپاتلايتتى» دەپ
ئەسلىشىدۇ.

مەتنىياز مەخسۇم 1930 - يىللار تارىخىدىكى مەرىپەتپەرۋەر، تەرەق-



قىيپەرۋەر زات بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇ ۋەتەنپەرۋەر ئىلغارلاردىن
ئىدى. ئۇ، بىر ئۆمۈر تەرەققىيپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر ئىلغارلار
بىلەن بىر سەپتە تۇردى، ئىلغارلار ھەرىكىتىنى قوللىدى. شۇڭا
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى «قەشقەرگە قېقىلغان مىخ» دەپ
ھېسابلايتتى، ئۇنى نازارەت قىلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھاياتى
خەۋپ ئاستىدا قالدى، جۈملىدىن ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى
بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق
تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن ئىلىغا كېتىپ ئازاد رايوندا پاناھلاندى.
ئۇ، ئۆلكە ئازاد بولغاندىلا ئاندىن ھاياتىدىن خاتىرجەملەندى.

ئۇ، ئازادلىقتىن كېيىن لىچۈن سانائەت شىركىتىگە 1500
قوي پاي قوشۇپ ئەزا بولدى. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋ-
شيەنگە ياردەم بېرىش ۋاقتىدا كۆپلىگەن ياردەملەرنى بەردى.
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومىنى سېتىۋېلىپ يول ياساش قاتارلىق
ئىشلارغا ياردەم بەردى. شۇڭا خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئىلغار
سودا تىجارەتچى دەپ مۇئامىلە قىلدى. ئۇ، 1953 - يىلى
ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن 63 يېشىدا ۋاپات بولدى.

# قەشقەر يېقىنقى زامان تىبابەتچىلىكى ۋە مەشھۇر تېۋىپلار

شېرىپ خۇشتار

ئىنسانلار پەيدا بولۇش بىلەن ئىپتىدائىي تىبابەت بىخلىرى پەيدا بولدى. بۇ، ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەت. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىبابەت تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. لېكىن بىز بۇ ماقالىمىزدە، قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى 200 يىل مابەينىدىكى ئۇيغۇر مىللىي تىبابەت تارىخى ۋە ئۇنى زامانىمىزغا ئېلىپ كەلگەن مەشھۇر شەخسلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئۇيغۇر تىبابىتى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق داۋالاش، ساقلىنىش - ساقلاش، دورىگەرلىك ئەمەلىيەتلىرىنىڭ يەكۈنى بولغان مىللىي تىبابەتتىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن تەسىس قىلىنغان مەدرىس ساچىيە، كېيىنرەك قەشقەر دۆلەتباغدا قۇرۇلۇپ ئۇلۇغ ئالىم ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف (ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجام) مۇدەررىس بولغان ۋە ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى ئوقۇغان مەدرىسەئى ھامىدىيە، يەنىلا قارىخانىلار دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، شۇ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىلىرى، قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىلىم تەھسىل قىلىپ تۇرغان ئوپال تاش بېلىق تېغى (ھەزرىتى موللا مازىرى ئەتراپى) دا قۇرۇلغان مەدرىسەئى مەھمۇدىيە (بۇ مەدرىستە باغداتتىن قايتىپ كەلگەن مەھمۇد قەشقىرى مۇدەررىسلىك قىلغان)، XVII ئەسىردە يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۆۋەندىكى سۇلتانى ئابدۇللاخان



قۇرغان قەشقەر شەھەر چاسۇدىكى خانلىق مەدرىسە، ئۇردا ئىشىكىدىكى ۋاقلىق مەدرىسە، كەنجازە مەدرىسە، قازان مەدرىسە، چاچ مەدرىسە ۋە باشقا مەدرىسلەرنىڭ ھەممىسىدە دىنىي دەرسلەرنىڭ سىرتىدا ئىلمىي فارائىز، ئىلمىي ھەندىسە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ھەتتا ئىلمىي تىبب (تىبابەتچىلىك) ۋە باشقىلار ئوقۇتۇلاتتى. يەكەن، قاغىلىق ۋە باشقا شەھەرلەردىكى مەشھۇر مەدرىسلەردە ئوقۇغان تالىپلار دىنىي دەرسلەردىن باشقا تىبابەتچىلىك كىتابلىرىدىنمۇ بىلىم ئالاتتى. يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ ھەم دىنىي ئالىم ھەم تىبابەتچىلىك ئالىمى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن بەزىلىرى يازغان ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى كىتابلار چەت ئەللەرنىڭ تىبابەتچىلىك دارىلفۇنۇنلىرىدا رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن. مەسىلەن، خوتەن قارىقاش ناھىيە ئاقساراي كەنتىدە تۇغۇلۇپ خوتەندە ئوقۇغان تېۋىپ جامالىددىن ئاقسارايى ئەرەب تىلىدا يازغان «كىتابى تىبىب ئاقساراي» مىلادى 1899 - يىلى ھىندىستاننىڭ لاكنو شەھىرىدە رەسمىي نەشر قىلىنغان بولۇپ، ھىندىستاننىڭ مەركىزى دېھلىدىكى ئىسلام تىبابىتى دارىلفۇنۇنىدا 1929 - يىللاردىمۇ رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شۆبە ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «ئۇيغۇر تىبابەت چۆلپىنى» 51 -، 52 - بەت). يەنە شۇ كىتابنىڭ 52 - بېتىدە، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ قول يازمىسىدىن نەقىل قىلىپ: «مەشھۇر تېۋىپ نورۇز ئاخۇنۇم شىنجاڭنىڭ تىبابەتچىلىك تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقانلىقى، نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەنلىكى، ئۇ كىشىنىڭ يەرلىك ئوت - چۆپلەرنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە ماھىر ئىكەنلىكى، مەكتىنكى نورۇز ئاخۇنۇم مازىرى دەل شۇ كىشىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى» خاتىرىلەنگەن.

قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ سوپاخۇنۇمنىڭ چوڭ ئا-
ئىلە شەجەرىسىدىن بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلاردىن بەش
ئەۋلاد تىبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ چوڭ بوۋىسى مەھەم-
مەت مىراتبېك ئەلى بېك ئوغلى ھىجرىيە 1150 - (مىلادى 1640 -
يىلى) يىلدا قەشقەر شەھىرىدە «ئەغزاز تىببىي» (تىبابەتچىلىك
مەقسەتلىرى) ناملىق تىببىي ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. بىز
تونۇشتۇرماقچى بولغان مەشھۇر تېۋىپ پەدەرىدىن سوپى ئاخۇنۇم
XVIII، XIX ئەسىرلەردە ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى ئاتا
كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تىبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن.
سوپاخۇنۇم ئەرەبچە، پارسچە تىللارغا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى
ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ساھەسىدىمۇ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە
بولغان. شۇڭا قەدىمكى تىبابەتنىڭ ئانچە قوللىنىلمايدىغان بىر
ئۇسۇلى — يۇلتۇزلارنىڭ سامادىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ۋە
ھەرىكىتىگە ئاساسەن دىئاگنوز قويۇش، دورا بۇيرۇش، ئاقىۋىتىگە
باھا بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالىغانلىقى ھەققى-
دە رىۋايەتلەر بار.

سوپى ئاخۇنۇمنىڭ ھىجرىيە 1250 - (مىلادى 1832 - يىلى)
يىلدا قەشقەردە يازغان «شىفائۇلقۇلۇپ» ناملىق كىتابى ۋە ئۆز
شاگىرتى قەشقەرلىق خۇدا بەردى ئاخۇنغا تېۋىپلىق قىلىش ئى-
جازەتنامىسى بىلەن يېزىپ بەرگەن 100 خىلدىن ئارتۇق دورا
نۇسخىلىرى، رېتسېپلىرى ھەم بەزى قول يازمىلىرى ھازىر ئاپتونوم
رايونلۇق سەھىيە نازارىتىدە ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا سوپى
ئاخۇنۇم زامانداشلىرىدىن سەئىد مۇختار بولاقبەگ ئوغلى ئىسمى-
لىك بىر تېۋىپنىڭ «تىببىي شىفا» نامىدا يازغان كىتابىنىڭ
كۆچۈرمىسى ھازىر قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، قەدىرلەپ ئوقۇلىدى-
غان دەستۇرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

XVII، XVII ئەسىردە يۇقىرىقى تېۋىپلاردىن تاشقىرى يەنە
قەشقەر شەھىرىدىلا موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم، موللا يۈسۈپ



ئاخۇنۇم، موللا ھېيت ئاخۇنۇم، موللا قۇتلۇق ئاخۇنۇم، ھەيدەر
ئاخۇنۇم، قاسىم ئۆمەر ھاجىم، مامۇت شەلفە ئاخۇنۇم؛ بەدەۋلەت
زامانىدىن كېيىن سوپا ئاخۇنۇم ئوغلى خوجائاخۇن ھاجىم،
تېۋىپ قادىر ھاجىم، باھاۋۇدۇن ئاخۇنۇم، ئوغلى موللا ئاخۇن،
مۇساقارى ئاخۇنۇم، قاھىرقارى ئىشان، ھەسەن قازى ئاخۇنۇملار؛
بۇلاردىن كېيىن ئۆمەرقارى ھاجىم، ئىمىن ھاجىم، زونۇن ئاخۇن،
مەھەممەت ھاجىم، مامۇتخان ھاجىم، غوجا ئابدۇللاخان، ئۇلۇغ
ئاخۇنۇم، مۇسا ئاخۇن، قۇتبىدىن ئاخۇن، يۈسۈپ ھاجىم قەش-
قىرى، مەھەممەت ئىشان، روزى ھاجىم، زونۇن ئاخۇن، كېرەم
ئاخۇنۇم قاتارلىقلارمۇ مەشھۇر تېۋىپلار ھېسابلىنىپ كەلگەن.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ھازىرغىچە ئالاھىدە تۆھپىكار
بولۇپ كەلگەن تېۋىپلاردىن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان يۈسۈپ
ھاجىم قەشقىرى، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى-
نىڭ ئاساسىنى قۇرۇشقا قاتناشقان ھەفىزىخان مەخسۇم، فەتھىدىن
مەخسۇم، زۇنۇن قارىم، ئارىپ ھاجىم، ئىسمائىلجان، مامۇتخان،
ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇراخمان كېرىم (ئاتام)لار ئۇيغۇر
تىبابىتىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تېۋىپلارنىڭ بىر
قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر شەھىرىدىن باشقا، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيە-
لىرىدىن يېتىشىپ چىققانلاردىن مەشھۇر شائىر، ئاتاقلىق تېۋىپ
سېيىت ھۈسەيىنخان قۇتبىدىن شاھ ئوغلى (تەجەللى ھەزرەت)
ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ زات ھىجرىيە 1272 - (مىلادى
1856 - يىلى) يىلدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزىسى ئاي-
باي كەنتىدە دىنىي ئالىم، مەشھۇر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ھەز-
رەت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ھاياتىدا ئەرەب، پارس،
ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
دېھلى رازىلئولۇم مەدرىسىدە، ئىراننىڭ ئىسپاھان دارىلفۇنۇنىدا،
ئاخىرىدا ئافغانىستاننىڭ كابۇل دارىلفۇنۇنىدا ئىلىم تەھسىل

قىلغان. شۇ جەريانىدا ئۇ ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە ئەدەبىياتلارنى پۇختا ئۆگەنگەن، كۆپلىگەن ئەسەر يازغان. ئۇ، تىبابەت ساھەسىدە يۈرەك، ئۆپكە، سىل قاتارلىق كېسەللەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاشتىن باشقا، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا بويىچە داۋاسى تېپىلمىغان راك (سەرتان) كېسەللىنى يىلان گۆشى (زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپ ساقايتقان (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتخانىسى تۈزگەن «ئۇيغۇر تىبابەت چولپىنى» 55 ـ بەت). تەجەللىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان ۋە ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانلاردىن يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى (سۆھبەتدىشى)، مۇساخۇن تېۋىپ (شاگىرتى)، قاغىلىقتىن يۈسۈپ ئەپەندى، سەيدىنا ئەپەندى، سادىق مەخسۇم، گۇمىدىن مامۇت ھاجىم، خوتەندىن پېشقەدەم تېۋىپ تۇردى ھاجىم ۋە باشقىلاردۇر.

تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئەدەبىي ۋە تىببىي ئەسەرلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بىر بۆلۈم ئەسەرلىرى ئالىم ۋە شائىر ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «تەجەللى ـ مۇجەللى» نامىدا نەشر قىلىندى. يەنە بىر بۆلۈم ئەسەرلىرى ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم ۋە تەجەللى ھەزرەتنىڭ نەۋرىسى شەمئولھۇداخان قولىدا ساقلانماقتا.

تەجەللى ھەزرەت 1927 ـ يىلى 74 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قەبرىسى قاغىلىق كاسكى يېزىسىدا ئىدى. بۇ قېتىم خەلق تەرىپىدىن قايتىدىن رېمونت قىلىندى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە ناھىيىلەردە كۆپلىگەن مەشھۇر تېۋىپ ـ ھۆكىمالار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:



قاغىلىق ناھىيىسىدىن: تەجەللى ھەزرەت، يۈسۈپ ئەپەندىم، ياسىن ئاخۇن داموللام، تېڭىقچى ئايال بۇسەيدىخان، سەپەر ئاخۇن ھاجىم، روزى ئەزىزۇللا، ۋاھىپ ئاخۇنۇم، بابىخان ھاجىم، موللا مەھەممەت تۇرسۇن، سەيپىدىن ئاخۇنۇم، مەھەممەت ئېلى ئەزىزۇللا، سادىق مەخسۇم، ئابدۇقادىر روزى، سايىت ئاخۇن خەلپىتىم، نۇر مەھەممەت مەخسۇم، غازى ئاخۇنۇم، يۈسۈپ ئاخۇن تېۋىپ (يۈسۈپ تۇردى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

پوسكام ناھىيىسىدىن: ئەيسا ئاخۇنۇم، ئابدىرېھىم ئەيسا، توختى بەگ، ئىسھاق ئاخۇنۇم، قادىر مەخسۇم، ئابلا تېۋىپ، ۋەزىرخان ھەزرىتىم، سۈپۈرگە نىياز ھاجىم، مايىسخان، ئەمەتجان، يۈسۈپ ئاخۇن تېۋىپ، نىيازاخۇن تېۋىپ، سابىت ئاخۇنۇم، قاسىم ئاخۇن تېۋىپ، ئىمىن سۇڭجاڭ؛ ھازىر ھاياتلار (ئىشلەۋاتقانلار)دىن مەھەممەت ھەسەن، مەھەممەت ھوشۇر، ئەيسا قارى، ئاۋۇت ئاخۇن، ئەمەت نىياز، ئابدۇكېرىم مامۇت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يەكەن ناھىيىسىدىن: پەيزى مۇھەممەت ھاجىم، باۋۇدۇن قارى، ئابدۇراخمان خوجا، تەخخانباي، ئاتاۋۇللا ئاخۇن، ئىبراھىم ئاخۇنۇم، تۇردى ھاجىم، ئابلاخان تۇردى، سېيىت ئەخمەتخان ھاجىم، مامۇت ئاخۇن، ھاۋاخېنىم سادىقشاھخان، ياسىن دوختۇر، مەھەممەت ئىمىن ياسىن، ئۆمەر بارات ھاجىم، ئابدۇللا ئاخۇن خەلپىتىم، سوپى ئاخۇن يىگىت بېشى، ئىمىن ھاجىم، ئەيساخان، سۈپۈرگە ھاجىم، رۇستەم ھاجىم، زىياۋۇدۇن قارىم، ئابدۇرېشىت قارىم، ئابلەھەتخان مەخسۇم، ئەخمەت كېرەم، پاتىمىخان، كېرەم ھاجىم، ئەبەيدۇللاخان تۆرەم، نەمتۇللاخان، ئېزىز قارىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يېڭىسار ناھىيىسىدىن: ئابدۇللا قارىم، مەسۇم ئاخۇن داموللام، تېۋىپ ئىمىن ھاجىم، تېۋىپ ئابدۇللا ئاخۇن ئۇستام، سىدىق ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مارالبېشى ناھىيىسىدىن: تېۋىپ ياقۇپ، دوختۇر نەزەرخەلپەم، چوڭ ئاخۇن موللام قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

پەيزاۋات ناھىيىسىدىن: يىگىت بېشى، ئەركەش، ساۋۇت داموللام، توختى موللام، توختى باقى، ياسىن ھېلىم ھاجى، ئىمىن جېلىل، يۈسۈپ داموللام، ئابدۇرېھىم توختى، ھاپىز قارى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇلاردىن باشقا قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، سىرىقبۇيا، يەكشەنبە بازار، دۈشەنبە بازار ۋە باشقا يېزا - قىشلاقلاردىمۇ نۇرغۇن پېشقەدەم تېۋىپلار ئۆتكەن.

1884 - يىلى شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى قەشقەر رايونىغا كىرىپ، قەشقەردە داۋالاش پونكىتى قۇرغانىدى. كېيىنكى يىللاردا سوۋېت كونسۇلخانىسى ۋە ئىنگلىز كونسۇلخانىلىرىمۇ داۋالاش پونكىتى قۇرغان. «ھىلالى ئەھمەر جەمئىيىتى» (قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى) قاتارلىق داۋالاش ئورۇنلىرىدىمۇ زور نەتىجىلىك ئىشلارنى قىلغان. بولۇپمۇ «ھىلالى ئەھمەر جەمئىيىتى» نىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئەزالىرى ئاساسەن تېۋىپلاردىن تەركىب تاپقانىدى. قىسقىسى، قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ تىبابەتچىلىك - داۋالاش ئىشلىرى ئەلمىساقتىن تارتىپلا روناق تاپقان ۋە بىر - بىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. تۆۋەندە ئەنە شۇ تىبابەت چولپانلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەن 1954 - يىلى سېنتەبىردە، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسى ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈسۈپبەگ مۇخلىسوۋنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن، قەشقەر شەھەر ئىچى ئۆستەڭبويى مەھەللە ياغاچچى كوچىسىدىكى بىر مەرىپەتلىك ئائىلىگە كىرىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بىز دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ئىشىك قاقىنىمىزدا، مانا - مانا ھازىر، دېگەن يېقىملىق ئاۋا بىلەن



تەڭلا ئوتتۇرا بوي، قىزىل يۈزلۈك، مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان نۇرانە چىراي بىر ئاقساقال كىشى چىقىپ كەلدى ۋە بىزنى ئالاھىدە ئېھتىراملىق سالام بىلەن قارشى ئالغاندىن كېيىن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. دۇئادىن كېيىن، يۈسۈپبەگ مۇخلىسوۋ مەقسىتىنى بايان قىلىپ، قەشقەردىيارىدىن تېپىلغان كۆپلىگەن تارىخىي ھۆججەت، ۋەسىقە ۋە بەزى كىتابلارنىڭ ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلغانلىقى، ئۇلارنى ۋاقتى يەتسە كۆرۈپ تەرجىمە قىلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ خۇش پېئىل ئۆلىما ئورنىدىن تۇرۇپ: جانابلىرى بىزنى نەزەرلىرىگە ئېلىپ مۇشۇ ئىشنى قىلالايدۇ دېگەن ئىكەنلا، مىڭ مەرتىۋە خىزمەتلىرىگە تەييارمىز، دېدى. بىز بۇ كىشىنىڭ كىچىك پېئىل، خۇش مۇئامىلىسىدىن ۋە كەمتەرلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، بۇ زاتقا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈردۇق.

يۈسۈپ ھاجىم جاۋەنلىرىگە قات - قات تىزىلغان ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى كىتابلارنى ئېلىپ كېلىپ بىزگە كۆرسەتتى ۋە بۇ كىتابلاردىن بىرنەچچىنى تاللاپ ئوقۇپ بەردى. ئوقۇغاندىمۇ ئەرەب، پارس ۋە ئوردۇ تىللىرىنى خۇددى ئۇيغۇرچىدەكلا سۇدەك راۋان ئوقۇپ بىزنى ھەيران قالدۇردى. بىز تۈن يېرىمىغىچە قىزغىن سۆھبەتتە بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەت ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشتۇق. بۇ جەرياندا يۈسۈپ ھاجىم ئۆز ھاياتىدا ئوقۇغان 600 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تارىخىي، ئەدەبىي، تىببىي كىتابلاردىكى مۇھىم ۋەقە، تارىخىي ھادىسە، مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ يازمىشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، بىزنى دۇنياۋى بىلىم گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويدى. بولۇپمۇ يۈسۈپ ھاجىم بايان قىلغان ئۇزاق يىللىق ئۇيغۇر تارىخىي، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە تىبابەت ساھەسىدىكى كەڭرى بايانى بىزنى قايىل قىلدى. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ زات-

نىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى بولۇپ، كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشىش،
مۇڭدىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ ھاياتى — پائالىيىتى ھەم ئۆتـ
مۈش تارىخى بىلەن خېلى پۇختا تونۇشتۇم.

* * *

يۇسۇپ ھاجىم — ھىجرىيە 1298 - يىلى (مىلادىيە 1876 -
يىلى) قەشقەر شەھەر ئىچى ئۆستەڭبويى مەھەللە ياغاچچى كو-
چىسىدا ئوقۇمۇشلۇق سودىگەر قادىرھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا
كەلگەن. ئۇ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن، ئائىلىدە ۋە مەھەل-
لىدىكى باشلانغۇچ، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

قادىرھاجىم ئۆزىمۇ مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغىنى ئۈچۈن،
ئۆز ئوغلى يۇسۇپنىڭ ئىرىشىپ ئىلىم - ئىرپان ئۆگىنىشىگە مە-
دەت بېرىپ، ئۇنى كىچىكىدىنلا زېرەك، بىلىم سۆيەر قىلىپ تەر-
بىيىلىگەن. شۇڭا يۇسۇپ ھاجىم مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىغا نىس-
بەتەن يۇقىرى دەرىجىدە بىلىم ئالغان. ئۇ، 20 ياشقا تولغان
ۋاقىتلىرىدا دىن، ئەخلاق، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، ئىل-
مىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)گە ئائىت بىلىملەرنى ئوقۇغان. مۇشۇ
خىل بىلىملەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئەينى زاماننىڭ ئېھتىياجى مۇ-
قەررەر ھالدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشنى زۆرۈر ئىدى.
شۇڭلاشقا ئۇ بۇ خىل تىللارنى ئۆگىنىشنى ئۆزىگە مەج-
بۇرىيەت دەپ بىلىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ بۇ تىللارنى ئاخىرى
ئۆگەنگەن. نەتىجىدە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزى ئوقۇپ چۈشىنەلەي-
دىغان ۋە باشقىلارغا چۈشەندۈرەلەيدىغان بولۇپ يېتىلگەن.
شۇ جەريانىدا خۇش خەت مەشىق قىلىپ، بۇ ساھەدىمۇ يېتىلگەن.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى ئاتاقلىق مەدرىسىلەردە
بىلىم ئېلىش بىلەن بىللە، ھەرقايسى دىنىي مۇتالىئە ۋە ئەدە-
بىيات مۇتالىئەلىرىگە قاتناشقان. ئالىملارنىڭ تەپسىر - ئەھكام-



لىرىنى كۆپ ئاڭلىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىقتىسادىنىڭ يار بې-
رىش سەۋەبى بىلەن 600 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب سېتىۋېلىپ
ئوقۇغان.

يۇسۇپ ھاجىم ھىجرىيە 1327 - يىلى (مىلادى 1905 -
يىلى) ئاتىسى قادىرھاجىم، تاغىسى تۇردى ھاجىملار بىلەن
(بۇ چاغدا 29 ياشتا ئىدى) بىللە ھەج - تاۋاپ قىلغىلى بارغان.
ئۇ، مۇشۇ جەريانىدا روسىيە، تۈركىيە، سۈرىيە، مىسىر، پاكىستان
قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇقەددەس جاي ۋە ساياھەت ئورۇنلى-
رىنى كۆرگەن. بۇ جايلاردا كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلى بىلەن ئۇچ-
راشقان. تۈركىيە ۋە مىسىردىكى مەشھۇر كىتابخانىلارنى زىيارەت
قىلغان، بىزگە يېتىپ كەلمىگەن كۆپ كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە
ئۆز خاتىرىسىگە تەسىرات يېزىپ قالدۇرغان. ھەممىدىن مۇھىمى،
بارغان جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، خەلقلەرنىڭ ئۆرپ -
ئادىتى ۋە مىجەز - خۇلقى بىلەن تونۇشقان، جايلارنىڭ ئىجتى-
مائىي تەرەققىياتلىرىدىن مول تەجرىبە ھاسىل قىلغان. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ئەسىرلەپ ئىستىبدات، خۇراپاتلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقى
ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان ئۆز ئېلىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى،
مىللەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئاچقۇچى بىلىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر
تونۇپ يەتكەن. چۈنكى، يۇسۇپ ھاجىمنىڭ ھەرەمگە بارغان
ۋاقىتلىرى چەك سۇلالىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ،
بارلىق ۋەھشىيانە سىياسەتلەر بىلەن خەلق ئۈستىدە تۈگەتكۈ-
سىز زۇلۇم - زورلۇق قىلىۋاتقان دەۋرى ئىدى.

يۇسۇپ ھاجىم ئاشۇ قانلىق ئۆتمۈشنى ئەسلەپ مۇنداق
دېگەنىدى: «ئاشۇ يىللارغىچە قەشقەر شەھىرى ۋە ۋىلايىتىنىڭ
بىرقانچە ناھىيىسىدىن باشقا جايىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولۇۋاتقان زوراۋانلىقتىن خەۋەر
تاپتىم. قەشقەر شەھىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مەنچىڭ لويىلىرى
كوچىغا چىقىپ قالسا كىشىلەر باش قويۇپ تەزىم قىلىشقا مەج-

بۇر ئىدى، چېركىلىرى چىقسا ۋاژىلداپ قىزىۋاتقان بازار خۇددى ۋىچىلداپ سايرىغان قۇشقاچلارنىڭ ئاۋازى بىر چالما بىلەن جىم بولغاندەك، بازار ئىچى جىمجىت چۆللۈككە ئايلىناتتى. قېچىپ قۇتۇلالمىغانلار مال - مۈلكى ھەتتا ئۈستىدىكى كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىناتتى. مۇنداق تەسادىپىي زۇلۇمغا ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى. مېنىڭ ئېچىم سىيرىلىدىغان بىر ئىش، كوچا - كوچىلاردا يېتىپ كەتكەن كېسەللەر، باشلىرى يىرىڭداپ كەتكەن تاز باللار، بەدەنلىرى تېشىلىپ، قان - يىرىڭ ئېقىپ گۇلەختە (ھامام، ئاشخانىلار كۈلى تۆكۈلىدىغان جاي بولۇپ، غېرىپلار ئىسسىق كۈلگە كۆمۈلۈپ ياتاتتى) ياتقان مۇساپىرلار ئىدى. چىرىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق كېسەل، غېرىپلار بىلەن كارى يوق ئىدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن غەرب مىسسىئونېرلىرى بولسا ئاتالمىش داۋالاش پونكىتى بىلەن جاسۇسلۇق ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى. خەلقنى ئىمكان قەدەر ئىسلام دىنىدىن قايتۇرۇپ خرىستىئان دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلاتتى. مۇشۇنداق كۈنلەردە، ماڭا چۈشكەن ئىشتىياق تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىپ، كېسەل داۋالاپ خەلقنى قۇتقۇزۇش بولغانىدى. بۇ ئارزۇيۇمنى دادامغا ئېيتقىنىمدا، دادام بۇ ئارزۇيۇمنى نەزەردە تۇتۇپ، تۇرپاندىن مەشھۇر تېۋىپ مۆھىدىن ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆيىمىزدە ئۈچ يىل تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ كىشى ماڭا تىبابەتكە ئائىت مۇھىم ئەسەرلەردىن «تىببىي ئەكبەر»، «قارابادىن قادىرى»، «دوستۇرىلئىلاج» قاتارلىق كىتابلارنى دەرس قىلىپ ئۆتۈپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇرغۇنلىغان نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگەتتى. مەن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىي داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ خېلى كۆپ تەجرىبە ھاسىل قىلغانىدىم. كېيىنچە ئۆزۈم مۇستەقىل كېسەل كۆرۈپ، دورا ياساپ ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدىم. شۇنداق قىلىپ



ئۇزاق ئۆتمەي يېقىن ئەتراپتا نامدار تېۋىپ بولۇپ قالدىم. كۈنىگە 70 — 80 كىشى كېسەل كۆرسىتىدىغان، كېچىلەپ ئىشلەيدىغان بولدۇم. قانداقتۇ ئاللاتائالا كىشىلەرنىڭ نەزەرىگە سالدى بولغاي، كۆپ يىل ئۆتمەيلا شۇ زاماندىكى تېۋىپلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدىم. مېنىڭ بۇنچىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشۇمدا، بىرى ئەستايىدىللىق، كېسەللەرگە بولغان ئىللىق مۇئامىلەمدىن بولدى؛ يەنە بىرى، يېتىم - يېسىر، غېرىپ غۇرۋالارغا ئەرزان ياكى ھەقسىز دورا بېرىش، يۆتكەشكە بولمايدىغان كېسەللەرنىڭ باي - كەمبەغەل ياكى ئۆيىنىڭ يىراق - يېقىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم ئۆيىگە بېرىپ داۋالاش ئىشىنى ئېلىپ باردىم. كېيىنچە، يەنى 1910 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇستازلارنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆستەڭبويىدا شىپاخانا ئېچىپ، مۇستەقىل ئىش ئېلىپ باردىم. بۇ يىللاردا دورا ماتېرىياللىرى ۋە ئۆسۈملۈكلىرى ناھايىتى كەم ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا چەتتىن دورا - دەرمەك ئالاتتۇق. مېنىڭ ھەج سەپىرىمدە ھەرقايسى دۆلەت تىبابەتلىرىدىن كۆرگەنلىرىم، بولۇپمۇ دورا ئۆسۈملۈكلىرى ھەققىدە كۆرگەنلىرىم رەسمىي شىپاخانا ئاچقاندىن كېيىن تازىمۇ لازىم بولدى. تاغ - داللار، باغ - ۋارانلار، چۆل-باياۋانلار مېنىڭ دورا ئۆسۈملۈك ئىزلەيدىغان يېرىمگە ئايلاندى. مۇشۇ جەرياندا كۆپلىگەن دورا ئۆسۈملۈك ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى دورا قىلىپ ئىشلەتتىم. كېيىن تۇرپانلىق نىيقى قارى ھاجىم، ئابىت داموللام، قاغىلىقتىن سادىق ئاخۇنۇم ۋە مۇھەممەت ئىمىن قارىم (خوتەنلىك) قاتارلىق كىشىلەرنى تەلەپلىرىگە ئاساسەن شاگىرتلىققا ئېلىپ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە تىبابەت نەزەرىيىسى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىغا كامىل قىلىپ يېتىشتۈردۈم. مېنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىم مانا مۇشۇنداق باشلاندى» دېدى. مەن سوئال قويۇپ: «ھاجىم، تىبابەت ساھەسىدە ئۆيدە ئوقۇغاندىن باشقا يەنە چەتئەلدە ياكى باشقا مەكتەپلەردە بىلىم ئالدىڭىزمۇ؟»

دەپ سورىغىنىمدا، يۈسۈپ ھاجىم تۆۋەندىكى جاۋابنى بەرگەنىدى:

— ئاساسەن ئۆزلىكىمدىن ئۆگەندىم. بىلىمگە قىزىقىش ماڭا بىر ھېرىسلىق بولۇپ قالغان، بىرەر كونا كىتاب كۆرمىسەم، ئەتىگەن - كەچلەردە ئىلمىي مۇتالىئەلەرگە قۇلاق سالمىسام، ئاڭلىغانلىرىمنى كىتاب ئاختۇرۇپ تەھلىل قىلمىسام، باشقا ئالىم ۋە ئەدىبلەرنى كۆرگەندە ئۇلاردىن قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب ئالمىسام تۇرالمايدىغان بىر مىجەز پەيدا بولغانىدى. شۇڭا، مەن ئۆزلىكىمدىن ئۆگىنىشتە دۇچ كەلگەن قىيىن ئەھۋاللار ئاستىدا ئانچە ئىككىلەنمىدىم. ئاشۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى موساجارۇللا ئەپەندى بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆھبەتتە بولدۇم، دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرگە ئۇ زاتتىن جاۋاب ئالدىم. شۇنداقلا زامانىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئەدىبى، داڭلىق شائىر ۋە تېۋىپ ھۆسەيىنخان تەجەللى ھەزرەتلىرىنىڭ سۆھبىتىدە بولدۇم. كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ ئۇنىڭ بىلەن تىبابەت ساھەسىدە تەجرىبە ئالماشتۇرغانىدىم. ساۋاقدىشىم، ھەج سەپەردىشىم بولغان ئۇلۇغ ئالىم ۋە ئەدىب قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى بىلەن ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئەخلاقۇل بىلىم جەھەتتە بىرگە مۇتالىئەدە بولدۇم. ئۇ زاتتىن ئايرىلغىچە ئىزدىنىپ تۇرغانىدىم...

يۈسۈپ ھاجىم ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ، مەدەنىي - مائارىپ، خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىدا ۋەتەنپەرۋەر ئەربابلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

بىزنىڭ يۈسۈپ ھاجىم توغرىسىدا ئىگىلىگەن ئىلمىي مەلۇماتلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يالغۇزلا ئىلىم - پەن ساھەسىدە تىبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن بەلكى تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىملارنى پىششىق بىلگەن. ئىسلام دىنى بىلىملىرىدە خېلى كامالەتكە يەتكەن، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالىم ۋە ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر.



1955 - يىلىنىڭ بېشىدا، تەجەللى ھەزرەتنىڭ شاگىرتى مۇسائاخۇن تېۋىپ بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ئۇچراشتىم. ئۇ كىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى غۇلجا شەھەر نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتىدىكى ئىككى ئېغىز ھۇجرىدا نارسىدە قىز-ئوغلى بىلەن ئۆتكۈزگەنىكەن. بىز ئۇ كىشى (شۇ يىلى شۇ جايدا ۋاپات بولدى) بىلەن ئىلىم ساھەسىدىكى مۆتىۋەرلەر ئۈستىدە سۆھبەت قىلغىنىمىزدا: «ئۆزۈم ياشىغان مۇشۇ دەۋردە، ئۇستازىم تەجەللى ھەزرەت، يۈسۈپ ھاجىم، قۇتلۇق شاۋقى، باۋۇدۇن مەخسۇم قاتارلىقلار قەشقەر دىيارىدىكى ئۇلۇغۋار ئەدىب، تارىخىي ۋەتەنپەرلەردۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ھايات قالغىنى يۈسۈپ ھاجىم بولۇپ، بۇنىڭدىن سوراش - بىلىش ۋەلىيلەر (ئەۋلىيا دېمەكچى) سۆھبىتىگە مۇيەسسەر بولۇش بىلەن تەڭ» دېگەنىدى.

بىزنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئىگىلىگەن يۈسۈپ ھاجىم توغرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن بىلىشىمىزچە، يۈسۈپ ھاجىم يالغۇز تېۋىپ بولۇپلا قالماستىن، ئۇ ھەم دىنىي ئالىم، تارىخشۇناس ۋە ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر (قولىمىزدىكى ئەسەرلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالدى). يۈسۈپ ھاجىم ئاق كۆڭۈل، كىچىك پېئىل، خۇش تەبىئەت، ئۆتكۈر زېھنىلىك، تەپەككۇرى چوڭقۇر، تىرىشچان، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق، يېزىش قابىلىيىتى كامالەتكە يەتكەن، ئەستە قالدۇرۇش تالانتى ناھايىتى ئۈستۈن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ساقلاپ قالالمىدۇق. ئۇ «تەرىقۇلئىلاج» دېگەن ئىككى توملۇق چوڭ ھەجىمدىكى تىببىي قامۇسنى تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ تولۇقلىغان. ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم كىتاب «قارابادىن قادىرى»نى ھەج سەپىرى جەريانىدا چەتتىن ئۆگەنگەن دورىگەرلىك ئىلمىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان.

ئۇنىڭدىن باشقا «سەپەرنامە» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇستازى ئەمەت ئاخۇن خەلپەم ۋاپات بولغاندا يازغان مەرسىيەسىدىمۇ قىممەتلىك مەزمۇنلار بار. بولۇپمۇ يۇسۇپ هاجىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا «قانۇنچە» دىگەن كىتابنى يېزىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىگە پۈتمەس - تۈگىمەس تۆهپە قوشۇش بىلەن بىللە ئۇيغۇر مىللى مائارىپىغىمۇ ئالاهىدە هەسسە قوشقان. 1936 - يىللىرى قەشقەردە «دارىلئۇلوم» مەكتىپى قۇرۇلغاندا، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يۇسۇپ هاجىم ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن ئوسمان قارى قاتارلىقلارنى باشلاپ «دارىلئۇلوم» مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن مەهەللىسىدىكى يېڭىچە مەكتەپكە مۇئەللىم بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «هاجىم، بىر ئايدا بىر تاغار قوناققا ئىشلەپ مۇئەللىم بولغاندىن، كېسەل داۋالىسىلا بولمامدۇ......» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن پۇل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سەبى باللارنى جاهالەتلىك دۇنيادىكى ئىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇئەللىملىك قىلىۋاتىمەن، مەن 30 بالا ئوقۇتسام، كەلگۈسىدە 30 بالا ئوتتۇزدىن ئوقۇتسا، بىرى مىڭ بولسا، مىڭى ئون مىڭ بولۇپ ئىلىم - بىلىم بىلەن خەلق ئاقارسا، جاهالەتتىن قۇتۇلسا دەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

يۇسۇپ هاجىم تەدبىرلىك كىشى بولۇپ، يەرلىك ئوت - چۆپلەر، دورا قىممىتى بار مېۋە - چېۋىلەردىن ئونۇملۇك پايدىلانغان. قەشقەر شەهرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان قىزىلدۆۋە دىگەن يېرىدىكى بېغىنىڭ بوش جايلىرىغا هەر خىل دورا ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆستۈرگەن. يەنە باغدا بولىدىغان قىزىل گۈل، ئانارگۈلى، بىيە، ئالما چېچىكى، جىگدە چېچىكى، شاپتۇل چېچىكى قاتارلىق گۈل چېچەكلەر؛ ئىگىر يىلتىزى، ئاق لەيلى (گۈل ۋە يىلتىزى)، تال (ئۈزۈم) دەرىخىدىن باهاردا ئاقىدىغان سۇ، هۆل ۋە قۇرۇق ئەمەن، ئىت ئۈزۈمى، ۋاك ئۇرۇقى، قارا سۆگەت



چۆجىسى، بۆرە سويمىسى، بۇيا ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى هەم چىغان مۇنچاقلىرىنى يىغىپ دورا ياساپ كېسەل داۋالايتتى.

مېۋىلەردىن ئاق ئۈجمە، شاتۇت، چىقىر ئۈجمە، قارا ئۈجمە قاتارلىقلارنى يىغىپ دورا ئورنىدا ئىشلەتكەن.

يۇسۇپ هاجىم خەلقنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن. 1932 - يىلى مارت، ئاپرېل ئايلىرىدا قەشقەر شەهرىدە يۇقۇملۇق «قارا كېزىك» تارقىلىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كىشى ئۆلىدۇ. ئۆلگۈچىلەر ئاساسەن 40 ياشتىن تۆۋەنلەر ئىدى. كېسەل دەسلەپ تارقالغاندا، ئىستىبدات جىن شۇرېن هۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مەمۇرلىرى چارە - تەدبىر قىلمايدۇ، كېسەل ئەهۋالى ناهايىتى يامانلىشىدۇ. بۇ چاغدا يۇسۇپ هاجىم ئوتتۇرىغا چىقىپ شەهەر چوڭلىرىغا مەسلىهەت بېرىپ: «كېسەل جاراسىملار (مىكروبلار) ئارقىلىق يۇقىدۇ. شۇڭا، كېسەل بولغان كىشىنى باشقا كىشىلەرگە ئارىلاشتۇرماي ئايرىم قىلساق» دەيدۇ. بۇنى شەهەر چوڭلىرى ۋە جاهان كۆرگەن تەرەققىيپەرۋەر ئالىم - ئاقىللار قوللايدۇ.

يۇسۇپ هاجىم كېسەل (قارا كېزىك) تارقالغان ئۆيگە بېرىپ، كېسەلنى ساق كىشىلەردىن ئايرىيدۇ، ئايرىم ئۆيدە ياتقۇزىدۇ؛ يوتقان - كۆرپە، قاچا - قۇمۇشلارنى ئايرىم قىلىدۇ، ئائىلىنىڭ تاماق - جابدۇق، كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇلغۇن ئوتى بىلەن ئىسلايدۇ. ئاندىن سىركە (ئۈزۈم سىركىسى)، هىڭ قوشۇلغان سۇنى چېچىپ دېزىنفېكسىيە قىلىدۇ. كېسەل تەگكەن ئائىلە كىشىلىرىنى تالا - تۈزگە چىقارمايدۇ. تاماقلىرىغا خام سامساق ۋە سىركە قوشۇپ يېيىشنى، هەركىم ئۆز قاچا - قۇشۇقىنى ئىشلىتىشنى ئۇقتۇرىدۇ. قاچا - قۇشۇقلارنى ئۈچ ۋاقىلىق تاماقتىن كېيىن قازاندا قاينىتىشنى ئادەت قىلغۇزىدۇ. سامساقنى يالىڭاچلاپ (پوستىنى سويۇپ) بويىنىغا ئېسىشنى، پات - پات پۇراپ تۇرۇشنى

ئادەت قىلغۇزىدۇ. نەتىجىدە بۇ تەدبىرلەر بىلەن كېسەلنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، خەلق ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

1935 - يىلى ماي، ئىيۇن ئايلىرىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان تىكەنبېشى يېزىسىنىڭ خىلۋاب كەنتىدە تائۇن (چۇما) يۈز بېرىدۇ. بۇ كېسەلدىن ئۆلگەن ئادەم ۋە ئىتلارنىڭ ئۆلگىنى «ھىلالى ئەھمەر» (قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى) دوختۇرخانىسى ئاھاك بىلەن كۆمۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇنداق قىلغاندا، بەزى مۇتەئەسسىپلەر: «...مۇسۇلماننىڭ جەسىدىنى يۇماي، نامىزىنى چۈشۈرمەي كۆمۈش چوڭ گۇناھ بولىدۇ......» دەپ قارشىلىق بىلدۈرگەندە يۈسۈپ ھاجىم ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇ تەدبىر ئىنسانىيەتنىڭ ۋە باشقا ساق قالغان ئەل - يۇرتنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ئۈچۈندۇر، بۇ مۇۋاپىق تەدبىر...» دەپ ئۇلارنى ئىلمىي يوسۇندا قايىل قىلىدۇ ۋە دوستيار - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي «ھىلالى ئەھمەر» (قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى) نىڭ داۋالاش ئىشىغا قاتنىشىپ، تائۇن (چۇما) نى يوقىتىشتا زور ھەسسە قوشىدۇ.

يۈسۈپ ھاجىم «ھىلالى ئەھمەر» (قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى) گە قاتنىشىپ ئىشلىگەندە خەدىچە، مۇزەپپەر، گوياخان قاتارلىق شەپقەت ھەمشىرىلەر بىلەن بىرگە يېڭىچە داۋالاش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ. كېيىن قوۋاپ سارىيىدا ئەپيۇن ۋە نەشە چېكىدىغانلارنى داۋالاپ، ئۇلارنى زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلغاندا، بۇنىڭغا پىداكارلىق بىلەن قاتنىشىپ قەشقەر خەلقىنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا بىگۇناھ خەلقنى قىرىش، بۇلاش، قاماش ئىشىنى ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك يىللاردا، يۈسۈپ ھاجىم كۆپلىگەن بىگۇناھ ئادەملەر بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيى تەكشۈرۈلۈپ نۇرغۇنلىغان ئىپار، زەپەر،



مەرۋايىت، ئەنبەر، ئاتىرلال قاتارلىق ئېسىل دورىلارنى، خەت - چەكلەرنى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. يۈسۈپ ھاجىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرى ۋە يېڭىشەھەر تۈرمىسىدە، كېيىن ئۈرۈمچى 4 - تۈرمىدە 1940 - يىلغىچە قامىلىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ يەنىلا تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1952 - يىلى يۈسۈپ ھاجىم پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان مىللىي تىبابەتنى كېڭەيتىش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، قەشقەر شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەر شەھىرىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تېۋىپلارغا ئۆز ئۆيىدە كۇرس ئېچىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي بىلىملىرىگە ئۆز تەجرىبىسىنى بىرلەشتۈرۈپ دەرس ئۆتىدۇ. نەتىجىدە ماموتخان ئاكا، ئىسمائىلجان①، ھازىرقى مىللىي شىپاخانىنىڭ باش ۋراچى تېۋىپ

① ئىسمائىلجان — قەشقەر شەھەرلىك بولۇپ، ئۇ 1912 - يىلى تېۋىپ ئۆمەرقارى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 18 يېشىدا دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ تىبابەتچىلىكنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ شۇ جەرياندا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، تىبابەت ساھەسىدە مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش — داۋالاش ئاساسىدا كۆپلىگەن ئۆسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىپالىق رولىنى ئېنىقلاپ چىققان. 1958 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا، ئاساسلىق كەسپىي خادىم سۈپىتىدە بۇ ئورۇنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دورا باشقۇرۇش ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تاغ زىرىسىنى ئاتىرلال (چەتتىن كىرگۈزۈلىدىغان قىممەتلىك دورا) ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇ يەنە دورا ئېزىش، كومىلاچ قىلىش مەشغۇلاتىدا يېڭىلىق يارىتىپلا قالماي بەلكى ئاق كېسەل، ئاياللار كېسەللىرى، باللار كېسەللىرىنى داۋالاشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. ئۇ يەنە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، بۇلاردىن ئابدۇرېشىت مەخسۇم ھاجىم، ئېزىز كەنجى قاتارلىقلار ھازىر ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ داڭلىق تېۋىپلىرى بولۇپ قالدى.

ئابدۇراخمان ئاكا ①، ھاشىماخۇن خەلپىتىم قاتارلىق داڭلىق تېۋىپلار يېتىشىپ چىقىپ، نەچچە مىڭ بىمارنىڭ دەردىگە شىپا بولدى. خەلق ئاممىسى يۇسۇپ ھاجىم ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مىننەتدار بولدى.

1955 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سەھىيە تارماقلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا تۇنجى قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى شىپاخانىسى يۇسۇپ ھاجىم، ئىسمائىلجان، ھەپىزىخان مەخسۇم② قاتارلىق پېشقەدەم تېۋىپ

① ئابدۇراخمان ئاكا — 1905 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تېۋىپ كېرەم قارى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېرەم قارى تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئابدۇراخمان ئاكا دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1948 - يىلى دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان. 1955 - يىلى ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىغا كىرىپ كېسەل كۆرۈش، دورا ياساش بىلەن شۇغۇللانغان. 1982 - يىلى ئابدۇراخمان ئاكىغا باش تېۋىپ ئۇنۋانى بېرىلدى.

ئابدۇراخمان ئاكا، تىبابەتچىلىك جەريانىدا «ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش»، «ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى»، «سۆزنەك كېسەللىكى»، «سۈيدۈك كەلمەسلىك كېسەللىكى» قاتارلىقلارغا بېرىلىدىغان دورىلارنى تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ ھازىر ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن روھلۇق، جۇشقۇن ھالدا داۋاملىق ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ.

② ھەپىزىخان مەخسۇم (ئۆزبېك) — 1894 - يىلى ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ «خاكەنت» دېگەن يېرىدە تېۋىپ نەجمىددىن قارى داموللا ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 20 ياشقىچە يۇرتى ۋە بۇخارادا ئوقۇغان، 25 يېشىدا دادىسىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگەنگەن. 1933 - يىلى قەشقەرگە يېنىپ كەلگەن، 50 يىللىق ئۆمرى تىبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن. 1955 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا بىر يۈرۈش ھويلىسى ۋە دورىخانىسىنى شىپاخانىغا تەقدىم قىلىش بىلەن بىللە ئۆزىمۇ شىپاخانىدا ئىشلىگەن. 1959 - يىلى شىپاخانىدا ياتاق ئاچقاندا، كۆز دوزى كېسەل كۆرسە باشقا ۋاقىتتا كېسەل داۋالىغان. ئۇ، ئاشقازان، ئۆپكە، رېماتىزم،



ۋە باشقا مەمۇرىي خادىملار (يەتتە نەپەرلا كىشى) دىن تەشكىللىنىپ قۇرۇلغانىدى.

شىپاخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇسۇپ ھاجىم ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان جەمئىيەتتىكى ئىلىم سۆيەر ياشلاردىن بىر قانچىسىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ، ئۇلارغا نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ھەر تەرەپلىمە بىلىم بەردى. نەتىجىدە ئابدۇقادىر مەھەممەت، ئابدۇرېشىت غوپۇر، مەھەممەت ئېلى مەھمۇدى قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ھازىر شىپاخانىنىڭ ئاساسلىق تىببىي خادىملىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا، ئادەم كۈچى، دورا ماتېرىياللار ۋە جىددىي لازىملىق سايمانلار كەمچىل ئىدى. بۇ ۋاقىتتا يۇسۇپ ھاجىم دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، بارلىق شاگىرت ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئۇلار بىلەن تاغ - دالا، باغ - ۋارانلارنى كېزىپ دورا ئۆسۈملۈكلەر يىغىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ياشلارنى دورا ئۆسۈملۈكلەرنى تونۇيدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ يېتىشتۈرىدۇ ۋە ئېھتىياجنى قىسمەن قاندۇرۇلىدۇ. يۇسۇپ ھاجىم يەنە شىپاخانا قۇرۇلۇپ تاكى ۋاپات بولغۇچە ئارىلىقتا شۇ زاماننىڭ داڭدار تېۋىپى زۇنۇن قارىم① قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتداش بولۇپ ئىش ئېلىپ بېرىپ،

دېمى سىقىلىش قاتارلىق كېسەللەرنى ئاددىي دورا بىلەن داۋالاشتا ئۇنۇم ھاسىل قىلغان. «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان دورىلار»، «ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان، كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەر يازغان. ماتېرىيال توپلىغان. بۇلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالدى. ئۇ دوختۇرخانىغا تەقدىم قىلغان شىپاھىيە، ھورمىل سەغىز قاتارلىق دورىلار شىپاخانىنىڭ ئاساسلىق دورىلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئۇ يەنە كۆپلىگەن ۋارىسلارنى تەربىيىلىدى. خەلق ئۇنى دائىم ئەسلەيدۇ.

① زۇنۇن قارىم — 1901 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە كاسىپ ئىمىن قارىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا قەشقەر شەھىرىدە ھەر دەرىجىلىك

نۇرغۇن كېسەلگە شىپا بولدى.

يۈسۈپ هاجىم ئۆز هاياتىدا يەنە كۆپلىگەن دورا ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش جەهەتتە ئىجادكارلىق رول ئوينىدى. ئۇ، كاسىنى، بادرەنجى بۇيا، سەئتەر، ئىسپىغول، لالە (شاقايىقۇنئىمان) قاتارلىق 20 خىل دورىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئىلگىرى «داۋاسىز كېسەل» دەپ قارالغان ئاق كېسەلگە چەتتىن كېلىدىغان «ئاترىلال» دېگەن دورا ئىشلىنەتتى. يۈسۈپ هاجىم بۇ جەهەتتە ئىسمائىلجان قاتارلىقلار بىلەن كۆپ ئىزدىنىپ «كالىزىرە»نى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاق كېسەلنى داۋالاشتا ئۈنۈم هاسىل قىلدى. نۇرغۇن كېسەللەر ئۈچۈن يېڭى رېتسىپ، يېڭى نۇسخىلارنى ئىجاد قىلىپ، شىپاخانىغا تەقدىم قىلغانىدى. ئۇلار «مۇرەككەپ دورا قوللانمىسى»غا كىرگۈزۈلۈپ هازىرغىچە ئىشلىنىۋاتىدۇ.

يۈسۈپ هاجىم قەشقەر شەهەرلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى هەم ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ، قۇرۇلتاي ۋە هەرقايسى يىغىنلارغا قاتناشقاندا، ئاممىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە پىكىر - تەلەپلىرىنى هۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ، ئامما بىلەن هۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانىدى.

بىراق، يۈسۈپ هاجىم 1961 - يىلى 85 يېشىدا بىزدىن

دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. پارس، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋىسى تېۋىپ ئۆمەر هاجىمنىڭ ئىزىنى بېسىپ تىبابەتچىلىك كەسپىگە كىرگەن. 1959 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا باش دوختۇر بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن. ئۇ رېماتىزم، خاپىغان، ئۆپكە، يۈرەك ئاجىزلىقى كېسەللىرىگە يەرلىك ئاددىي دورىلارنى ئىشلىتىپ نەتىجە قازانغان. زۇنۇن قارىم 16 يېشىدىن باشلاپ تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇيغۇر تىبابىتى ئۈچۈن 70 يىل ئىشلىدى. 2 - ئەۋلات تېۋىپلارنى تەربىيىلەشتە زور كۈچ كۆرسەتتى. ئۇ هازىر 88 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ تېنى ساغلام، ئەقىل - ئىدرىكى جايىدا هايات كەچۈرۈۋاتىدۇ.



مەڭگۈلۈك ئايرىلدى. گەرچە ئۇنىڭ جىسمى بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ ئەمما، ساپ ئەخلاق - پەزىلىتى، ئىلمىي، تىببىي تالانتى، خەلقىمىزگە يارىتىپ بەرگەن ئىجادىي مېهنەتلىرى خەلقىمىز قەلبىدىن ئايرىلىپ قالمىدى. بەلكى ئۇنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرى كومپارتىيە رەهبەرلىكىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ روهىنى ئەبەدىيلىك خۇشال قىلدى.

ئاخىردا مېنى بۇ ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن يۈسۈپ هاجىم (1954 - يىلى هايات ۋاقتىدا)، ئىنايىتۇللا هېلىمى، هاجى مۇهەممەت، ئوسمان سىدىق ۋە باشقا پېشقەدەم دوختۇرلارغا رەهمەت ئېيتىمەن.

# تۇنجى ئۇيغۇر ئۇچقۇچىلارنىڭ بىرى — ئەخمەت

## شىرىپ خۇشتار

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ھاۋا يولى ئېچىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گېرمانىيىدىكى مەشھۇر رونكى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ياۋروپا – ئاسىيا ھاۋا يولى ئېچىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغان. 1929-يىلى بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن قومۇل، ئۈرۈمچى، چۆچەكلەردە ئايرودروم ياسالغان. 1932 – يىل (مىنگونىڭ 21 – يىلى) 11 – ئاينىڭ 14 – كۈنى، ليۇسى دېگەن ئۇچقۇچى ھەيدىگەن «رونكى» ماركىلىق يولۇچىلار ئايروپىلانى سىناق تەرىقىسىدە ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم قونغان.

شۇنىڭدىن كېيىن جىن شۇرېن ئۇچقۇچى تەربىيىلەش مەقسىتىدە شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇچقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى قۇرغان. بۇ مەكتەپكە ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇچىنى پۇختا بىلىدىغان ئەخمەت (خەنزۇچە ئىسمى يۈخۇەنجاڭ) ئىسىملىك بىرلا بالا قوبۇل قىلىنغان. ئەخمەت ئەسلىدە خوتەنلىك بولۇپ، 20 – يىللارنىڭ باشلىرىدا دادىسى بىلەن تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋە ياڭ زېڭشىن ئاچقان شۆتاڭدا ئوقۇغان. ئۇ، شۇ جەرياندا خەنزۇچە تىل – يېزىقلارنى پۇختا ئىگىلەپلا قالماستىن بەلكى شۇ زاماندىكى خەنزۇ خەتتاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئەخمەت ئۇچقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن،



تېخنىكىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە 1936 – يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ سۇيىيۇەن ئالدىنقى سېپىگە قىلغان ئىئانە – ياردەملىرىنى ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

1938 – يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇچقۇچىلار ئەترىتىگە ئەۋەتكەن 43 كۇرسانتلاردىن لۇي لىپىڭ (ئەسلى ئىسمى لى ۋەنشەن) باشلىق 25 كىشى ئۇچقۇچىلار سىنىپىغا كىرگەن. لۇي لىپىڭ سىنىپ مۇدىرى بولغان. ئۇيغۇر ئۇچقۇچى ئەخمەت بۇ كۇرسانتلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، ئۇلارغا ئۇچقۇچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە بۇ ھەقتە دەرس ئۆتكەن. ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن (ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىدىن دەرس بېرىدىغان) ئۇچقۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى بولغان. 1939 – يىل 8 – ئاينىڭ 24 – كۈنى شىنجاڭ خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئىئانە قىلغان «شىنجاڭ» ماركىلىق ئايروپىلان (ئون دانە) لارنى ئالدىنقى سەپكە ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە قاتناشقان.

ئەخمەتنىڭ ئىقتىدارى ۋە جامائەت ئىچىدىكى شۆھرىتى شېڭ شىسەينى ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت توققۇز ئايروپىلان باشقۇرىدىغان ئۇچقۇچىلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. ھايات شاھىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر قېتىم ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە، ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا بىرقانچە مىنۇت ماھارەت كۆرسىتىپ ئاندىن يولغا راۋان بولىدىكەن.

1939 – يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ھەربىي مانېۋىردا ئەخمەت ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت كۆرسەتكەن، ئۇ، لاچىندەك ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ، يەرگە قاراپ شۇڭغۇپ، يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە، يەردىكى توپلار قويۇن ئۇچقاندەك يەردىن كۆتۈرۈلگەن. بىردەم جىمجىتلىق باسقان

مەيدان ئەخمەتنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھوررا ساداسىغا تولغان. ئەخمەتنىڭ ماھارىتى، خەلقنىڭ ھوررا ئالقىشىدىن شېڭ شىسەي قاتتىق چۆچۈگەن، شۇنىڭ ئەتىسىلا ئەخمەت قاتارلىق بىرقانچە ئىلغار ئوقۇغۇچى «زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بار» دېگەن باھانا بىلەن قولغا ئېلىنغان.

ئەخمەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە 1942 - يىلىغىچە شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە يېتىپ، ئاخىرى پۇت - قولى كىشەنلەنگەن ھالدا ئېغىر ئازاب ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن. ھازىر ئەخمەتنىڭ رەپىقىسى ۋە پەرزەنتلىرى بار.



# 21 - ئىيۇلدىكى تۇتقۇن

## مەمتىمىن نۇرۇز

1947 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭ غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي ھەيئىتىنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بېرىپ ئورنىغا مەسئۇت ئەپەندىنىڭ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. مەسئۇت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇشقا باشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك سەنيىخۇيىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە جايلاردىن كەلگەن ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى (شۇ چاغدا رامزان ئېپى ئىدى). شۇنىڭ بىلەن ناھىيىلەردە خەلق تەرىپىدىن سايلانغان ھاكىملارنى چەتكە قېقىش بىلەن مۇئەللىم - زىيالىيلارنى مەنسىتمەسلىك ھەتتا ئۇلارنى كەمسىتىدىغان قىلىقلار ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. بېتىمىنىڭ روھى بىلەن تارقىتىۋېتىلگەن جىڭساجۇيلەر يەنە قۇتراشقا باشلاپ جايلاردا ئۇرۇش، چېقىش، زىيالىيلارنى يوشۇرۇن تۇتۇش ھەرىكەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن، قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەق ئېزىزى ئىشپىيونلار تەرىپىدىن ئۇرۇلدى. زىيالىيلار ۋە گومىنداڭغا قارشى نامايىشقا قاتناشقان بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىردىكى كىشىلەر نامازشامدىن كېيىن كوچىلاردا يۈرەلمەس بولۇپ قالدى. ئىشپىيونلار، لۈكچەكلەر قۇتراشقا باشلىدى. شۇنىڭ

بىلەن 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەردە قانلىق تۇتقۇن يۈز بەردى. گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى ھەربىي دائىرىلىرى، يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر «ۋەزىيەتنى ئوڭشايمىز، قەشقەرنى تىنچىتىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر ۋە ناھىيىلەردىن كۆزگە كۆرۈنگەن بىرنەچچە ئۈچ ۋىلايەتپەرەس كىشىلەرنى قولغا ئالساق شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئوڭشىلىدۇ» دەپ پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلارنى قولغا ئېلىشقا باشلىدى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى نەزەرباغدىكى بىر يېرىم ئايلىق كۇرسنىڭ مۇئەللىمى، ئوقۇغۇچىلىرىغا ھېيتكار خەلق كىلوبىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شار يىگىتلەر»، «ۋولگا» دېگەن ئىككى فىلىمىنى قويۇپ بىرىشنى ئويۇشتۇرۇپ، زىيالىيلارنى بىريەرگە (كىنوخانىغا) توپلىدى. كىنو داۋاملىشىشقا باشلىغاندا پىلان بويىچە تۇتماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆي - جايلىرى ھەربى - ساقچىلار تەرىپىدىن قامال قىلىندى. رامىزاننىڭ زولۇق يەيدىغان ۋاقتى بىلەن نەزەرباغنىڭ ئەتراپىنىمۇ ئەسكەرلەر قاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋالىي مەھكىمىسىدىكى ئائىلىسىدە تۇرغان قاسىمجان قەمبىرىنى، ساندۇق بازىرىدىكى ئائىلىسىدە تۇرغان ئابلىز مۇھەممەدىنى، ئالىم ئىناخۇننى، نەزەرباغ دارىلمۇئەللىمىندىكى نىزامىدىن، تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇرېھىم پىتەك، بارات ئاخۇن، ئابلەق ئېزىزى، قاسىمۇپ قاتارلىق كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلدى. پەيزاۋاتتىن ئۆمەر سەلەي، توختى قۇربان، ئاتۇشتىن ئابلا مەخسۇم، ئابلا زوردۇنلارنى تۇتۇپ، تاغارغا سولاپ ئەكىلىپ 9 - لۈينىڭ (ھازىرقى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى) تۈرمىسىگە قامىدى. ئابلىز مۇھەممەدى، تۇرغۇن ئالماسلارنى يېڭىشەھەردىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ تۈرمىسىگە قامىدى. ئەسلىدە «بىرنەچچە كىشىنى (باشلىقلىرىنى) قولغا ئالساق تىنچىيدۇ» دېگەن ئەكسىيەتچىلەر ئەتىسى كوچىلاردىن مۇئەللىم، زىيالىيلارنى تۇتۇپ قاماشقا باشلىدى. ھەتتا قىزىل دوپپا كىيگەن كىشىلەرمۇ قامىلىشقا باشلىدى ياكى تاياق



يەپ پۈت - قولى سۇندى، تەرجىمان توختى باقى، ئارتىس ئەمەت ئۆمەرمۇ شۇ قاتاردا قامالدى. كونىشەھەردىن تۇتۇپ يېڭىشەھەردىكى سىلىڭبۇ تۈرمىسىگە ئېلىپ چىقىلغانلاردىن ئابلىز مۇھەممەدىنى تاغارغا سولاپ، ئۈستىدە ئەسكەر ئولتۇرۇپ ئېلىپ چىقتى. تۇرغۇن ئالماس ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جىنىغا شېئىر بىلەن تەگكەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇلدى. بارات ئاخۇننى ساقچىلار تۇرۇسقا ئېسىپ قويۇپ چاڭچىلە كۆرگىلى كەتكەن.

21 - ئىيۇلدىكى بۇ تۇتقۇندا نەزەرباغ دارىلمۇئەللىمىندە (ھازىرقى سىفەن شۆيۈەن) تۇرۇۋاتقان ئابدۇرېھىم ئۆمەر مىلتىق ئاۋازىدىن كېيىنلا ئويغىنىپ مەكتەپنىڭ رېشاتكىسىدىن سەكرەپ قاچماقچى بولغاندا رېشاتكا تۈۋىدە مۆكۈپ تۇرغان ساقچى ئابدۇرېھىم ئۆمەرگە ئېتىلغان. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئېلىشىش باشلىنىپ ئابدۇرېھىم ئۆمەر ساقچىنى پىچاق بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ تۆمەن بويى تەرەپكە قاراپ قاچقاندا چەتتە مۆكۈپ ياتقان يەنە بىر ساقچى ئوق چىقىرىپ ئابدۇرېھىم ئۆمەرنى ئاتقان (ئابدۇرېھىم ئۆمەر ئوقۇمۇشلۇق تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئۇ رۇسچىنى تولۇق بىلەتتى. «ئارشىن مال ئالان» نى رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ قەشقەر سەھنىسىدە ئوينىلىشىغا زور ھەسسە قوشقان).

بۇنداق ئەھۋاللار يالغۇز قەشقەردە ئەمەس بەلكى يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىمۇ زىيالىيلار ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. مەكتەپ، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشتى. تىياتىر - سەنئەت ھەربىي سىلىڭبۇنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. كىنولارمۇ شۇنداق بولدى. خەلق يەنە بىر قېتىم ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ ئىچىگە تاشلاندى.

1948 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شاڭخەينى ئازاد قىلغاندىن كېيىن غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلىش ھارپىسىدا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە بۇرھان شەھىدى تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن گېنېرال تاۋسىيۇ قەشقەردىكى گېنېرال جاۋ شىگۇاڭغا تېلېگرامما يوللاپ جەنۇبىي شىنجاڭ تۈرمىسىدىكى بىر تۈركۈم مەھبۇسلارنى بوشىتىپ، ئابلىز مۇھەممەدى باشلىق بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ قويۇشنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر لۈيبۇ (قۇم دەرۋازا سېپىل يېنىدىكى تۈرمە) دە ياتقان مەھبۇسلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ بوشىتىلدى.

بۇ چاغدا مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئايالى ئامىنەخان ھاجىم خوتەندىن قەشقەرگە كەلگەن ۋاقىت بولۇپ قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممەدى، تۇرغۇن ئالماسلارنى ئامىنەخاننىڭ ماشىنىسىدا ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە سالامەت يېتىپ كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ كۈتۈشىگە سازاۋەر بولۇپ، بىر نەچچە ۋاقىت دەم ئالغاندىن كېيىن خىزمەتكە تەيىنلەندى (مىزامىدىن سالىيوۋنى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا، ئابلىز مۇھەممەدىنى بانكىنىڭ خاڭجاڭلىقىغا، ئالىم ئاخۇننى مايتاغنىڭ دىرېكتورلۇقىغا، تۇرغۇن ئالماسنى ساقچى مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈمىگە تەيىنلىدى). شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردە خېلى ئۆزگىرىش بولۇپ ۋەزىيەتتە خېلى ياخشىلىنىش بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1949 - يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ بىر تۈركۈم جەڭچىلىرى قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىنلا خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشتى.



ماتېرىيال

# چىڭ سۇلالىسى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئىلىدا قۇرۇلۇشى

نىغمەت ياقۇپ

چىڭ سۇلالىسى 1755 — 1759 - يىلىغىچە شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن داۋاچىنىڭ بۆلگۈنچىلىكى، ئامۇرسانا توپىلىڭى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، 1762 - يىلى 10 - ئايدا ئىلىدا جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى①. جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپە ۋە ھوقۇقلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ھەرقايسى جايلارنى مۇداپىئە قىلغۇچى جياڭجۈنلەرنىڭ ۋەزىپە ۋە ھوقۇقلىرى ئومۇمەن ئالغاندا ئوخشاش......» ئىلى شىنجاڭنىڭ مەركىزىي ئورنى، جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن ئېتىبارەن ئۈرۈمچى، باركۆللەردىكى مانجۇ، سولۇن، چاخار ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلارنىڭ ھەممە ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرى جياڭجۈننىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، ئۇيغۇرلار ياشايدىغان رايونلار يەنى يەكەن، قەشقەردىن تارتىپ قۇمۇلغىچە بولغان ھەممە يەردىكى ھەربىي قوشۇنلارمۇ جياڭجۈننىڭ قوشۇمچە ئىدارە قىلىشىدا بولىدۇ. ئۇ جايلارنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ئىشلىرىنى بۇرۇنقىدەك شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق ئامباللار باشقۇرىدۇ.

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - كىتاب، 417 - بەت (تۆۋەندە ئىشلىتىلگەن مۇشۇ كىتاب).

يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەرلىرى چېگرىدا بولغاچقا، ئىلغا قاراشلىق قوشۇنلارنى يۆتكەپ ئىشلىتىشكە زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئامباللىرى جياڭجۈن بىلەن كېڭىشىپ، ئۆزىگە يېقىنراق جايدىن يۆتكەپ ئىشلەتسە بولىدۇ»①.

مانا بۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چيەنلۇڭ ئىمزا قويۇپ چۈشۈرگەن پەرمان. دېمەك، جياڭجۈن مەھكىمىسى چىڭ سۇلالىسىغا ۋەكالىتەن شىمالىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە چىڭ سۇلالىسىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، موڭغۇللار رايونىنى ھەربىي ۋە قوشۇمچە مەمۇرىي جەھەتتە بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان②

ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ئورگانىدى. بۇنداق مۇھىم ئورگان نېمە ئۈچۈن باشقا يەردە ئەمەس، بەلكى ئىلىدا قۇرۇلدى؟ ماتېرىياللاردا جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئىلىدا تەسىس قىلىنىشىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار سەۋەب بولغان.

1. ئىلى ئەينى زاماندا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىۋېلىشتەك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ قوماندانلىق شتابى بولغانىدى③. چۈنكى، XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئويراتلار ئاساسەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى قوبدۇنىڭ جەنۇبىي شىمالىي ۋە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە بولغان رايونلاردا ياشايتتى. لېكىن بۇ چاغدا ئويراتلارنىڭ جۇڭغار، تورغاۋۇت، خوشۇت، دوربۇتتىن ئىبارەت تۆت قەبىلىسى تېخى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ بىرلەشمىگەنىدى، شۇڭا ھازىرقى موڭغۇلىيە رايونىدىكى باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى④. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئويراتلار كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى، بۇ مەزگىلدە جۇڭ-

① «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرىگە قوشۇمچە» (خەنزۇچە) 19 - جىلد.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - كىتاب، 418 - بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - كىتاب، 337 - ، 338 - بەتلەر.

④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - كىتاب، 338 - بەت.



غار قەبىلىسى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا، دوربۇت قەبىلىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدا، تورغاۋۇت قەبىلىسى تارباغاتاي تېغى ئەتراپىدا، خوشۇت قەبىلىسى ئۈرۈمچى رايونىدا چارۋىچىلىق قىلاتتى. خوشۇت قەبىلىسى بىر مەزگىل چىڭخەينى ئىگىلەپ، شىزاڭغا بېسىپ كىردى.

باتۇر قونتەيجى دەۋرىدە (1630 — 1665 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) جۇڭغارلار كۈچىيىپ ئويرات قەبىلىسىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇندى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان تورغاۋۇت قەبىلىسى (1628 - يىلى) ۋولگا ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتتى. خوشۇت قەبىلىسى (1638 - يىلى) چىڭخەي چېگرىسىغا كۆچۈپ كەتتى. دوربۇت، خوئيت قەبىلىسى (كىچىك قەبىلىلەر ئىدى) جۇڭغارلارغا بويسۇندى. نەتىجىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي تەرىپى پۈتۈنلەي جۇڭغارلارنىڭ ئىلكىدىكى رايونغا ئايلاندى.

باتۇر قونتەيجى ئۆلگەندىن كېيىن سىڭگى تەختكە چىقتى (1666 —1671 - يىلغىچە ھۆكۈمران بولغان)، سىڭگى دەۋرىدە ئويراتلار جۈملىدىن جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان①. چىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ ھەر يىلى ئولپاڭ تاپشۇرۇپ كەلگەنىدى. چىڭ سۇلالىسىمۇ ئويراتلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ تۇراتتى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشى ئىدى. سىڭگى ئۆلگەندىن كېيىن (سىڭگىنىڭ ئانا بۆلەك ئىنىسى) غالدان ئۇنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تەختنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن غالدان (1672 — 1697 - يىلغىچە ھۆكۈمران بولغان) غەربكە يۈرۈش قىلىپ قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، سەمەرقەند، ئەنجان قاتارلىق رايونلارنى ئىگىلىدى، چىڭخەينى بېسىۋالدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغ-

① خاۋۇس: «موڭغۇل تارىخى» 1 - توم، (خەنزۇچە) 621 - بەت.

لىقلار ماجىراسىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن تارىم ئويمانلىقىنى ئىگىلىدى. شۇنداق قىلىپ غالدان دەۋرى جوڭغارلار ئەڭ كۈچەيگەن مەزگىل بولۇپ قالدى①. موللا مۇسا سايرامى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «غالدان بارلىق قالماقلارغا، ھەتتا خاقانى چىننىڭ بەزى رايونلىرىدىن تۈركىستانىغىچە بولغان جايلارغىچە ئۆز ھۆكۈمىنى جارى قىلاتتى ۋە تۆرە دېگەن نام بىلەن خۇددى خان ۋە پادىشاھلاردەك مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى»②. غالدان ئىچكى جەھەتتە خەلققە بولغان زۇلۇمنى كۈچەيتتى، تاشقى جەھەتتە گەرچە كۆرۈنۈشتە چىڭ سۇلالىسىغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كېڭەيمىچىلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىك يولىغا ماڭدى. ئاخىرى كاڭشى پادىشاھ دەۋرىدە (1662 — 1722 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. 1688 - يىلى غالدان ئىچكى موڭغۇل ئەتراپىدىكى خالقا موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قوزغاپ، بۇ رايونغا ئىچكىرىلەپ كىردى، بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ئۇنى توسۇپ، ئۇنىڭغا قايتىپ كېتىشنى ئېيتقاندا، ئۇ كاڭشىغا: «سەن جەنۇبنىڭ پادىشاھلىقىنى قىل، پېقىر شىمالنىڭ خاقانىمەن»③ دەيدۇ. 1670 - يىلى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. غالداننىڭ ھەددىدىن زىيادە مۇستەبىتلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئارقا سېپى بولغان ئىلى ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. سىڭگىنىڭ يەنە بىر ئوغلى چېۋان ئاراپتان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غالدانغا ئىلى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ۋە چېۋان ئاراپتاننىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا غالدان 1697 - يىلى مەغلۇپ بولۇپ، زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. غالدان ئۆلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى بىلەن چېۋان ئاراپتان تەختكە چىقتى (1698 — 1727 - يىلىغىچە

① «شىنجاڭنىڭ ئاممىباب تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 110 - بەت.

② «تارىخىي ھەممىدى» 130 - بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ ئاممىباب تارىخى» 361 - بەت.



ھۆكۈمران بولغان). لېكىن چېۋان ئاراپتانمۇ ئۆز كۈچىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىغا قارشى چىقىپ، بۆلگۈنچىلىكنى داۋاملاشتۇردى①. 1727 - يىلى چېۋان ئاراپتان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى غالدان سېرىن تەختكە چىقتى (1727 — 1745 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان). غالدان سېرىن چىڭ سۇلالىسى رايونلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى پادىشاھ يۇڭجېڭ دەۋرىدە (1723 — 1735) جوڭغارلارنى يېڭەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ «ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئالتاي تېغى چېگرا قىلىنسۇن، جوڭغارلارنىڭ ئۇنىڭ شەرقىدە چارۋىچىلىق قىلىشىغا بولمايدۇ②»، دەپ بەلگىلەندى.

1745 - يىلى غالدان سېرىن ئۆلۈپ، جوڭغار خانلىقى ئىچىدە تەخت تالىشىش ماجىراسى باشلاندى. نەتىجىدە غالدان سېرىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چېۋان دورجى نامجار تەختكە چىقتى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلتۈرۈلدى. ئاندىن ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى لاما دارجا تەختكە چىقتى (1745 — 1752 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان). لېكىن، خۇيت قەبىلىسى تەيجىسى ئامۇرسانا بىلەن ئىمىلدە تۇرغۇچى تەيجى داۋاچىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشى ئارقىسىدا لاما دارجامۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئامۇرسانانىڭ يۆلىشى بىلەن داۋاچى تەختكە چىقتى. داۋاچى تەختكە چىققاندىن كېيىن (1753 — 1755 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) بۆلگۈنچىلىكنى داۋاملاشتۇردى، ئىچكى جەھەتتە خانلىقنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى③. جوڭغارلارغا خاقان بولۇش كويىدا يۈرگەن ئامۇرسانا ئەتراپىغا كۈچ توپلاپ، داۋاچىغا ھۇجۇم

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 361 - بەت.

② «شىنجاڭنىڭ ئاممىباب تارىخى» 113 - بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 381 - بەت.

قىلىپ يېڭىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1754 - يىلى كۈزدە ئاكىسى بانجۇر بىلەن چىڭ سۇلالىسىغا ئەل بولۇپ، داۋاچىنىڭ ئەھۋالىدىن تەپسىلىي دوكلات بېرىپ، چىڭ سۇلالىسىدىن داۋاچىنى يوقىتىشقا ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما بۇ ۋاقىتلاردا چىڭ سۇلالىسى تېخى شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتكۈدەك قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئارىلىقتا ئۇلار ئۆزىنى ئۇكشاش، تۇرپان، قۇمۇل ۋاكىلىرىنى ئۆزىگە ماھىل قىلىش، مۇھىمى دوربۇت قەبىلىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ جۇڭغارلارنى پارچىلاش بىلەن غەربىي رايوننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزدى ھەم ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بەند بولدى.

ئاخىرى 1755 - يىلىغا كەلگەندە چيەنلۇڭ خان [illegible] يولغا قوشۇن ئەۋەتىپ، جۇڭغارلارنى جۇڭغارلارغا سېلىشكىسىنى قوللاندى ھەمدە تۇرپاندىكى ئېمىن خوجا قوشۇنلىرىنىڭ ياردەملىشىشى ئارقىسىدا ئىلىنى ئاسانلا ئىشغال قىلدى. داۋاچى ھۆكۈمرانلىقى گۇمران بولدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىكى تىنجىتىلىپ، شىنجاڭ يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنى پۈتۈن ئويراتقا ۋاڭ قىلىپ بەلگىلىمىگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ، 1755 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىلىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، 1757 - يىلى مەغلۇپ بولدى. بۇ ۋەقە ئىلىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ئىلىنى ئەڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك بازا سۈپىتىدە ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

2. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تىنجىتىپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئەينى زاماندىكى زېمىن ۋە بۇ زېمىندىكى ھەرمىل-



لەت خەلقى يەنە جۇڭگوغا تەۋە بولدى. بۇ چاغدا ھەتتا قوقانمۇ چىڭ سۇلالىسىغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى①. دېمەك ئىلىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىدە تۇتقان ئورنى تېخىمۇ مۇھىم ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا 1719 - يىلى بارىكۆلدە ۋە چىڭخەيدە ئەسكەر تۇرغۇزغان. كېيىنرەك قۇمۇل، تۇرپان، بولۇڭگى دەرياسى ۋە ئالتاي تاغلىرىدىمۇ ئەسكەر تۇرغۇزغانىدى؛ 1731 - يىلى قوبدۇ شەھىرىنى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى جىرغىلاڭتۇ)، 1733 - يىلى ئۇلاستاي شەھىرىنى سالغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە مۇستەھكەم ئىدى. مانا بۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 1755 — 1759 - يىلىغىچە داۋاملاشقان چوڭ - كىچىك خوجىلار (بورھانىدىن، خوجا جاھان) توپىلىڭىنىڭ غەلىبىلىك باشقۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. قىسقىسى، ئەينى چاغدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى؛ چىڭخەي، شىزاڭ، ئالتاي رايونىدىن ئانچە ئەنسىرىمەيتتى؛ غەربتە ئويرات، قازاق، قىرغىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلسىلا، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئاسانغا چۈشەتتى؛ قۇمۇل، تۇرپان، مۇز داۋاننى چىڭ ساقلىسىلا جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئەينى زاماندا چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئىلىنى مەركەز قىلىش غەربىي رايوننى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئالدىنقى شەرتى ئىدى. شۇنداقلا ئىلىدەك قولايلىق ئورۇنمۇ تېپىلمايتتى.

3. شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىقتىسادىي چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. شىمالىي شىنجاڭ ھاۋاسى مۆتىدىل، يېغىن مىقدارى مول، تۇراقلىق دەريا

① «ئىسلام قامۇسى. قوقان».

ئېقىنلىرى كۆپ، يېرى مۇنبەت، كەڭ، گۈزەل يايلاقلار بىلەن قاپلانغان جاي بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىققا تەڭ باب كېلەتتى. بولۇپمۇ ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شارائىتى ئەڭ ياخشى ئىدى. ئويراتلار دەۋرىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىقى ناھايىتى راۋاجلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئويراتلار ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللاندى①. باتۇر قونتەيجى دەۋرىدە، جۇڭغارلار بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىن تاجىكلار، ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ كەلدى②. كېيىنرەك ئۇلارنىڭ جەنۇبتىن ئاھالە يۆتكەپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەركىزى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن ھازىرقى غۇلجا، قورغاس ئەتراپىغا يۆتكەلدى. چىڭ سۇلالىسى ئىلىنى ئىشغال قىلغانغا قەدەر، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر نەچچە مىڭ موغا يەتكەنىدى. چىڭ سۇلالىسىمۇ جۇڭغارلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى چاغدىن تارتىپلا، ھەربىي تەمىناتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بوز يەر ئېچىشقا كىرىشكەنىدى. چۈنكى چىڭ سۇلالىسى چارۋىچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئات-ئۇلاغ، گۆش-ماي، يۇڭ-تېرە قاتارلىق نەرسىلەرنى ھازىرقى موڭغۇلىيە يايلىقىدىن ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ بازىسى ناھايىتى يىراق، يەنە كېلىپ قاتناش ئىنتايىن قولايسىز بولغانلىقتىن، ئاشلىق تەمىناتى زور مەسىلە ئىدى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ئالدىنقى سەپ رايونىدا بوز يەر ئېچىشقا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئېچىشى دەسلەپ قۇمۇل، باركۆلدىن باشلاندى. 1759-يىلى چىڭ سۇلالىسى ئىلىدا بىر نەچچە خىل ئۇسۇل بىلەن بوز يەر ئېچىشقا كىرىشتى. ئىلىدىكى چىڭ

① بادالاي: «روسىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭگو» (خەنزۇچە) 2-توم 189-بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 2-توم، 125-بەت.



سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى بوز يەر ئېچىشقا سېلىندى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇيغۇرلار يۆتكەپ كېلىندى؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن شىنجاڭغا پالانغان گۇناھكارلار ۋە يەرلىك گۇناھكارلار ئىشقا سېلىندى. بۇ چاغدا ئىلگىرى جۇڭغارلار ئۇيغۇرلارغا ئاچقۇزغان ئىلى دەياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قوجاجىر، خوجەكەنت، قاينۇق، جىتىم ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى غۇلجا، چاغانئۇسۇ، قورغاس قاتارلىق جايلاردىكى تەييار ئېكىنزارلىقلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇھىم ئاشلىق مەنبەسىگە ئايلانغانىدى. 1760-يىلدىن كېيىن شىمالىي شىنجاڭدىكى بوز يەر ئېچىش تېخىمۇ كېڭەيدى ھەمدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ماددىي ئاساسىغا ئايلاندى. دائىرە جەھەتتە قۇمۇل، باركۆل، گۇچۇڭ، مورى، ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس، قۇتۇبى، فۇكاڭ، جىمسار، تۇتۇڭ، لوسگو، شىخو، جىڭ، تارباغاتاي ۋە ئىلىغىچە بولدى. بوز يەر ئېچىش ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭدا ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا پەقەت پىچان، تۇرپان، توقسۇن، قارا شەھەر، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىلا بار بولۇپ، كۆلىمى كىچىك ئىدى. چىڭ سۇلالىسى مۇشۇنداق بوز يەر ئېچىشقا ۋە خەلقتىن ئېلىنىدىغان ئەللە-پاراق ئاشلىققا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى قوشۇنلىرىنىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەربىي لاگېرى ئۇزاق مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ۋەھالەنكى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا بۇ زور مەسىلىنى ئۇنداق ئاسان ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

4. مىللىي ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىمۇ چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن شىمالىي شىنجاڭ پايدىلىق ئىدى. ئەينى زاماندا شىمالىي شىنجاڭ ئاساسەن چارۋىچى مىللەتلەر رايونى ئىدى. بولۇپمۇ ئويراتلار مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى①.

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-كىتاب، 340-بەت.

XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىزاڭنىڭ لاما دىنى شەرقىي موڭغۇلغا تارقالغاندىن كېيىن، ئويراتلار ئارىسىدىمۇ تېز سۈرئەتتە تارقالدى. ئويرات ھۆكۈمرانلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن لاما دىنىنى ئاكتىپ قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. بولۇپمۇ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك جۇڭغار خەلقىنى لاما دىنى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى شىزاڭنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ قول قىلىشقا تىرىشتى. مەسىلەن: باتۇر قونتەيجى، دالاي قونتەيجى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئوغۇللىرىنى لاما بولۇش ئۈچۈن شىزاڭغا ئەۋەتتى. قىسقىسى لاما دىنى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى شىزاڭ جۇڭغارلارنىڭ ئىدىيىسىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان يېتەكچى مەركەزگە ئايلانغانىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا شىمالىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. ۋەھالەنكى مانجۇلارمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. يەنە كېلىپ مانجۇلار تارىختىن بۇيان موڭغۇل چارۋىچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكتىن، موڭغۇللارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئويراتلار جۈملىدىن جۇڭغارلارنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ياخشى چۈشىنەتتى ھەمدە مانجۇلار بىلەن جۇڭغارلار ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتلەردە نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە ئىدى. مۇھىمى جۇڭغارلارنىڭ روھىي تىرىكى شىزاڭ ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، جۇڭغارلارنى تىزگىنلەش تېخىمۇ ئاسانغا چۈشەتتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئاز سانىنى ئىگىلەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسى ئاتالمىش دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھىيلىسى ئارقىلىق، ئۇلارغا قارىتا ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش سىياسىتىنى قوللىناتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىگە كەلسەك، تارىخنى سۈرۈشتۈرگەندە مانجۇلارمۇ چارۋىچى مىللەت بولغانلىقتىن ئىگىلىك جەھەتتە قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئورتاقلىققا



ئىگە ئىدى. شۇڭا ئەگەر دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ، باشقا مۇناسىۋەتلەر مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنسىلا، ئۇ تەرەپتىن چىڭ سۇلالىسىغا كېلىدىغان خەۋپ چاغلىق ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە جەنۇبىي شىنجاڭ ئاساسلىقى دېھقان ئۇيغۇرلار ۋە قىسمەن خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، نوقۇل ئىسلام رايونى ئىدى. بۇ مىللەتلەرنىڭ جۇڭغارلار ۋە مانجۇلار بىلەن ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئورتاقلىقى يوق ئىدى. بۇنداق شارائىتتا دىنىي خۇراپاتلىقى كۈچلۈك بولغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ يات دىندىكى ھۆكۈمرانلارغا قارشى قوزغىلىشى ئىنتايىن ئاسان ئىش ئىدى. شۇڭا جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بۇنداق ۋەقەلەر كۆپ قېتىم يۈز بەردى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتۇرۇپ ئېلىش بىلەنلا چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭى يۈز بەردى ھەمدە خوجىلار جەمەتىنىڭ ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكىتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە توختىمىدى. بۇنداق شارائىتتا چىڭ سۇلالىسى ئۆزى ئۈچۈن ھەممە جەھەتتىن پايدىلىق بولغان ئىلىنى تاشلاپ قويۇپ، جياڭجۈن مەھكىمىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قىسقىسى، ئىلى شىنجاڭدىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي جەھەتتە مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە تەبىئىي مەركەز بولغانلىقتىن، جياڭجۈن مەھكىمىسى ئىلىدا قۇرۇلغانىدى. چىڭ سۇلالىسى بۇ ھەربىي لاگېرغا تايىنىپ شىمالىي شىنجاڭنى مۇستەھكەم تايانچ بازىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئۆزىگە تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى كونترول قىلىش ستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. جياڭجۈن مەھكىمىسى ئاخىرى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

# ياقۇپبەگ بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا غەيرىي رەسمىي ماتېرىيال

## ئابدۇۋەلى روزى

تارىختىن بۇيان ھەرقايسى مىللەت ھۆكۈمرانلىرى بىر - بىرى بىلەن بەس تالىشىپ، جەڭگە - جېدەل قىلىشىپ دۇنيا، زېمىن تالىشىپ زادىلا تىنچلانمىدى. بۇنداق جېدەللەرگە كەڭ خەلق سۆرەپ كىرىلدى. جۈملىدىن ناھىيىمىز چاقىلىقتىمۇ بۇنداق ئەھۋال ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ خەلق سۆرەپ كىرىلمىگەن بىرەرمۇ يېغىلىق بولمىدى. ئىگىلىشىمچە ياقۇپبەگ بىلەن نىيازبەگ ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋالمۇ خۇددى شۇنداق بولغانىكەن. مەن بۇ ھەقتە ئاڭلىغان، ئىگىلىگەن ھەم بىلگەنلىرىمنى تارىخىي ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئۇنىڭ جەريانىنى رەتلەپ يېزىپ چىقتىم. يولداشلارنىڭ تولۇقلىشى ۋە تۈزىتىشىنى، شۇنداقلا بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ياقۇپبەگ بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، ياقۇپبەگنىڭ قانداق شارائىتتا شىنجاڭغا كىرگەنلىكى ۋە نىياز ھېكىمبەگ بىلەن تونۇشقانلىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ياقۇپبەگنىڭ ئاتىسى ئىسمەتۇللا خوجەنتلىك داخان، ئۇنىڭ ئايالى پىسكەنتلىك بولۇپ، ياقۇپبەگ تۇغۇلغاندىن كېيىن بۇ خوتۇننى قويۇپ بەرگەن. كېيىن ياقۇپبەگنىڭ ئانىسى پىسكەنتلىك بىر قاساپقا نىكاھلانغان، ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئاشۇ



قاساپنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان، شۇ ئارىدا ئۇ خەلق سورۇنلىرىدىكى ئەلنەغمىلەردە ئۇسسۇلچى بولغان. ئۇنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىگە قايىل بولغان بىر ئەمەلدار ئۇنى قوقان شەھىرىگە ئېلىپ كەتكەن. ياقۇپبەگ قوقاندا ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان مەھەممەت كېرىمقاشقا دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلغان. بۇ كىشى قوقان خانى مەمەدەلىخانغا چىلىمچى ۋە ئۇسسۇلچى ئىكەن. ياقۇپبەگ بۇ ئادەمگە ئەگىشىپ يۈرۈپ ئۇسسۇلچىلىق ۋە چىلىمچىلىق قىلغان. شۇ كۈنلەردىكى تۇتقۇن قىلىش، ھاكىملارنى ئالماشتۇرۇشتا، مۇھەممەت كېرىمقاشقا دېرەكسىز يوقالغانلىقتىن، تاشكەنت ھاكىمى ياقۇپبەگنى ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ مەھرەم، پەنجابېشى، يۈزبېشى ۋە پەنسات مەنسەپلىرىگە كۆتۈرۈلۈپ ئاخىرىدا ئاق مەسچىت (قىزىل ئوردا) ناھىيىسىگە ھاكىمبەگ بولغان. 1864 - يىلى كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى راشىدىن خوجا قەشقەرگىچە بارغاندا، قەشقەردە سىدىقبەگ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قەشقەر ھاكىمى قۇتلۇقبەگ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىدىن توختىبەگ، نەزەربەگ، ئۆمەربەگ دېگەنلەرنى يوقاتتى... سىدىقبەگ شەھەرنى سوراشتا ئىقتىدارسىزلىقىنى، قەشقەردە ئىناۋىتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شۇ چاغدىكى قوقان شاھى — ئالىم قۇل يېنىغا (1928 - يىلى بېيجىڭدا ئۆلتۈرۈلگەن جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بوزرۇكخاننى ئېلىپ كېلىشكە) ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن [ئۇ چاغدا ئاپپاق خوجا (1622 — 1694) ئەۋلاتلىرىدىن بوزرۇكخان، كاتتا تۆرە (بوزرۇكخاننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى) قاتارلىقلار قوقان خانلىقىنىڭ پاناھىدا ئىدى]. ئالىمقۇل جاھانگىر خوجىنىڭ پۇشتلىرىنى قەشقەرگە يولغا سالغاندا، ياقۇپبەگ ئۇلارغا قوشۇلۇپ 1865 - يىلى 1 - ئايدا قەشقەرگە كەلگەن.

ياقۇپبەگ ئاۋۋال ھەربىي قوماندانلىقنى، كېيىن (بوزرۇكخاننى ھەج قىلىشقا يولغا سېلىۋېتىپ) قەشقەرنىڭ بارلىق

ھۆكۈمرانلىق چوڭ ھوقۇقلىرىنى ئىگىلىۋالغان ۋە ئۆزىنى «بەدۆلەت» (دۆلەتكە بەخت - سائادەت ئاتا قىلغۇچى) دەپ ئېلان قىلغان.

نىياز ھېكىمبەگ يەكەندە چىڭ خانلىقى ئەمەلدارىنىڭ ئىشىك ئاغىسى بولۇپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ بۇ يەردىكى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى، خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق بىلەتتى، شۇڭا ئۇ چوڭراق ئەمەل تۇتۇش كويىدا، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى.

ياقۇپبەگ يەكەننى بېسىۋېلىشقا يۈرۈش قىلىش ۋاقتىدا نىياز ھېكىمبەگ يەكەننىڭ قوماندانى بورھانىدىن خوجىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، ياقۇپبەگ يەكەنگە كىرىش ئالدىدا يەكەننىڭ مۇداپىئە مەخپىيەتلىكلىرىنى يوشۇرۇن ھالدا ياقۇپبەگكە دوكلات قىلىدۇ. نىياز ھېكىمبەگنىڭ ياردىمى بىلەن يەكەن ياقۇپبەگنىڭ قولىغا ئاسانلا ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ خوتەن ھۆكۈمرانى — ھەبىبۇللا خوجىغا: «بىز نىيە تەرەپكە بېرىپ ئىمام جەئپىر سادىق پادىشاھىمنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ قايتماقچىمىز، باشقا غەرىزىمىز يوق» دەپ ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئالدىغا سوۋغا - سالام كۆتۈرۈپ قارىقاشنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگە كەلگەن ھەبىبۇللا خوجىنى «ئىززەت - ئىكرام» بىلەن قوندۇرۇپ قېلىپ كېچىسى بوغۇزلاپ تاشلايدۇ.

نىياز ھېكىمبەگ 1866 — 1867 - يىللىرىدىن كېيىن خوتەننىڭ ھاكىمبېگى بولىدۇ، كېيىن يەكەن تەۋەسىنىمۇ قوشۇپ سورايدۇ. ئۇ، ياقۇپبەگنىڭ ئىشەنچىسىگە تېخىمۇ ئېرىشىپ، ياقۇپبەگنى جەھەننەمگە ئەۋەتىۋېتىپ تېخىمۇ چوڭراق ئەمەلدار بولۇشنى ئويلايدۇ.

1867 - يىلى ياقۇپبەگ خوتەندىن قايتىپلا كۇچاغا كېلىپ، راشىدىن خوجا قاتارلىقلارنى خوتەندە ھەبىبۇللا خوجىغا ئىشلەتكەن ھىيلىسى بويىچە: «مېنىڭ ئۇرۇشۇش نىيىتىم يوق، جانابلىرىنىڭ



بوۋىسى — ھەزرەتخان موللامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ قايتماقچىمەن» دەپ ئالداپ، راشىدىن خوجىنى ئۆز بارگاھىدا قوندۇرۇپ قېلىپ، كېچىسى بوغۇزلاپ تاشلايدۇ.

ياقۇپبەگ كېيىن كورلا تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ، كورلا سايباغنىڭ خەزىنە دېگەن يېرىدە ئوردا قۇرۇپ تەخت راستلايدۇ.

يەكەننى بويسۇندۇرۇش ۋاقتىدىن تارتىپ نىياز ھېكىمبەگ ياقۇپبەگكە ئەگىشىپ ماڭىدۇ، ئاخىرى ياقۇپبەگنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ. كورلا، قاراشەھەر، تۇرپان بويسۇندۇرۇلىدۇ. ئۇ چاغدا نىيازھېكىمبەگ ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا ئەركىن كىرىپ - چىقالايدىغان بىردىنبىر ئىشەنچلىك شەخسي بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: 1870 - يىلى (تۇڭجى 9 - يىلى) 3 - ئايدا ياقۇپبەگ تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، نىياز ھېكىمبەگكە باشقا قوماندانلارغا ئوخشاش بىر سۆتنە (250 ئاتلىق) لەشكەرگە ئەمەس، بەلكى ئىككى سۆتنە (500 ئاتلىق) لەشكەرگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى تۇتقۇزىدۇ. 1871 - يىلى 6 - ئايدا ياقۇپبەگنى ئۈرۈمچى خەلقى قوغلاپ چىقىرىدۇ. 12 - ئايدا ياقۇپبەگ ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كىرگەندە، نىياز ھېكىمبەگنى ئەتىۋارلاپ ئىشقا قويىدۇ. 1872 - يىلى 2 - ئايدا شۈي شۈگۈڭ، ما مىڭلار ياقۇپبەگنى ئۈرۈمچىدىن يەنە قوغلاپ چىقىرىدۇ. 6 - ئايدا ياقۇپبەگ ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ ئۈچىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كىرىدۇ. ما مىڭنىڭ ئاكىسىنىڭ تىلىنى كېسىپ، يۈرىكىنى ئويۇۋالىدۇ. ئۈرۈمچىگە قىلىنغان مۇشۇ ھۇجۇملاردا نىياز ھېكىمبەگ باشتىن ئاخىر ئىككىنچى لەشكەر ئون بىرىنچى ۋە ئون ئىككىنچى سۆتنەگە قوماندانلىق قىلىدۇ. لېكىن ياقۇپبەگ بىلەن قوقاندىن بىرگە كەلگەن جامەدار پەرمانچى 1 - لەشكەر 1- سۆتنەدىكى سەككىز زەمبىرەككە، ئابدۇللا 3 - لەشكەر 10 - سۆتنەگە، ئۆمەر قۇل دادخاھ 4 - لەشكەر 9 - سۆتنەگە قوماندان بولىدۇ. بۇلار نىياز ھېكىمبەگنىڭ ياقۇپبەگنىڭ ئىشەنچىسىگە

هەقىقەتەن قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى كىتابخانىلار جۇنەيد بەكرى چاغاتاي تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان «ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشى»، چاررۇسىيە ھەربىي قوماندانى كىروپاتكىننىڭ «قەشقەرىيە»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن كىتابلىرىدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ).

2. ياقۇپبەگ بىلەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ كېيىنكى مۇناسىۋىتى. 1865 - يىلى 1 - ئايدا ياقۇپبەگ قەشقەرگە كىرىپ، 1872 - يىلى 6 - ئايدا ئۇرۇمچىگە 3 - قېتىم كىرگەنگە قەدەر بولغان سەككىز يىلدا توختاۋسىز قىلىنغان ھەربىي يۈرۈشلەر ئاتا - ئانا، خوتۇن - بالىلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىدى. ھەربىي تەمىنات ئۈچۈن بولىدىغان باج - سېلىق كۆپەيدى، تەمىنات توشۇيدىغان ھاشار - سېلىقى خەلقنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇپ گادايلاشتۇردى. ياقۇپبەگنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ، ئۇنىڭ ئارقا سېپىدە نارازىلىق، قارشىلىقلار پەيدا بولىدۇ. ئەمما ياقۇپبەگ بولسا ئىلى تەرەپنى بويسۇندۇرۇش نىيىتىدىن يانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئارقا سەپنى تىنچلاندۇرۇش، خەزىنىنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن ئىلى تەرەپنى بويسۇندۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن كورلىغا قايتىدۇ. شۇنداقلا كېيىنكى يىللارنى ئارقا سەپنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. خەزىنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تاغ ۋە دەريالىرىدىن ئالتۇن چىقىدىغان خوتەن ئۇنىڭ بىردىنبىر زور ئۈمىدى ئىدى. ئۇ ئىككىنچى ئوغلى ھەققۇلبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۇقسۇن رايونىدا (ئىلى تەرەپنى بويسۇندۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن) ئالتۇن - كۈمۈش خەزىنىسى، ھەربىي كىيىم - كېچەك، تەمىنات، قورال - ياراغ ئامبىرى بەرپا قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ.

بۇ چاغدا نىياز ھېكىمبەگ خوتەنگە قايتۇرۇلىدۇ، ئۇ، ئۆزىنىڭ خوتەن ھۆكۈمرانلىقىدىنمۇ چوڭ مەنسەپكە سازاۋەر



بولالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، خوتەندىن توپلىغان ئالتۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىنىلا دۆلەت خەزىنىسىگە مەلۇم قىلىپ، بىر قىسمىنى يوشۇرۇپ (ئۆزىنىڭ يەر ئاستى خەزىنىسىدە) ساقلايدۇ. نىياز ھېكىمبەگ ھىيلە - مىكىر ۋە ساختىپەزلىكتە ياقۇپبەگدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەدبىرلىرى بىلەن خوتەن - كۆچا (خوتەن قېيى) يولى ۋە خوتەن - چاقىلىق يولى ئارقىلىق ئۇزۇلدۇرمەستىن كورلىغا — ياقۇپبەگ ھوزۇرىغا سوۋغا - سالاملار ئەۋەتىپ، ياقۇپبەگنى «مەمنۇن» قىلىپ بىر نەچچە يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. ياقۇپبەگنىڭ چەكسىز ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. قىلچە چاندۇرمايدۇ. ياقۇپبەگ 1877 - يىلى 2 - ئايدا نىياز ھېكىمبەگكە: «خەزىنىدىكى پىششىق ماللارنى ئېلىپ خوتەن - چاقىلىق يولى بىلەن كورلىغا دەرھال كەلسۇن!» دەپ مەخپىي يارلىق ئەۋەتىدۇ. (بەلكىم كېيىنكى پىلانلىرىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۇنى يېنىدا تۇرغۇزۇپ، مەسلىھەتچى قىلماقچى — ئۆزىنىڭ ئوڭ قولى قاتارىدا قويماقچى بولسا كېرەك؟ يەنە بىر تەرەپتىن ھېكىم خانتۆرە ئىشەنچلىك بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى.)

3. ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە چىڭ خاندانلىقى شىنجاڭ مەسىلىسىنى — ياقۇپبەگنى ئاللىقاچان مۇزاكىرە قىلغان بولۇپ، ئوردا كاتتىباشلىرىدىن لى خۇڭجاڭ دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەرنى قوغداش، ھازىرچە شىنجاڭنى قويۇپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن. زو زوڭتاڭ شەرقتە مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، غەربىي - شىمالنى چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوتقۇزۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، نەتىجىدە زو زوڭتاڭنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىنىپ، زو زوڭتاڭ باش قوماندانلىققا تەيىنلىنىدۇ. زو زوڭتاڭ سۇجۇ (جۇچۇەن) دە تۇرغان، قوشۇن 1876 - يىلى يازدا لىيۇ جىنتاڭنىڭ قوماندانلىقىدا شىنجاڭغا كىرىدۇ.

1877 ـ يىلى ئاپرېلدا، خوتەندىن چاقىلىق ئارقىلىق كور-
لىدىكى ياقۇپبەگ ھوزۇرىغا «پىششىق مـال» ئېلىپ كېلىۋاتقان
نىياز ھېكىم بەگ چـاقىلىقتىن 130 كىلومېتىر غـەربتە، چـەرچەن
دەرياسى بويىدىكى دۆڭگۈلدىمە كۆلگە بىر قىسىم ئالتۇن قاچىلا-
نغان تۆمۈر ساندۇقلارنى يـوشۇرغان (چـاقىلىقتا، توختىسۇن بـەگ
يېنىدا بىر قىسىم ئالتۇن «ئامانەت» قويغان، دېگەن ئىشەنچلىك
پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان گەپلەرمۇ بار). 1877 ـ يىلى ئاپرېلنىڭ
ئاخىرى نىياز ھېكىم بەگ كورلىغا، بـەدۆلـەتنىڭ سـەلتەنەتلىك
ھوزۇرىغا مول سوۋغا ـ سالام بىلەن كېلىدۇ. ئېزىز مېھمانغا ئاي-
لانغان (ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا، 22 ـ 23 ـ يانـۋاردىكى كىرو-
پاتكىن بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگكە
تولۇق دېگـەن، يەنە تۈركىيە، ئەنگلىيە بىلەن دىپلوماتىك ئەل-
چى ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئـورنىتىش، ئىلى تـەرەپنى ئىگىلەپ
روسىيە بىلەن بىرلىشىپ قـۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرۇش قاتـارلىق
ئىشلارنىمۇ دېگەن ئىمىش). نىياز ھېكىمبەگ سورۇنلاردا جىم ئول-
تۇرۇپ تىڭشاپ، سـۆز قىستۇرمىغان ھـەم ئىپادىسىمۇ بىلدۈرمىگەن.
ئەمما ياقۇپبەگنىڭ كەيپى چاغ بولغاچقا، نىياز ھېكىمبەگ زامانىخان
بىلەنـلا سۆزلەشكەن. ئاشۇ كۈنلەردە ياقۇپبەگ بېقىۋالغان ئوغلى
ھـوشـۇر (تـوڭگـان) نى ئىشەنچلىك ھېسابلاپ، 40 قېچىرلىق
ئالتۇن كارۋىنىنى توقسۇندىكى خەزىنىگە (ھەققۇلبەگ يېنىغا) مەخپىي
يولغـا سالغان، كېيىن بۇ ئالتۇننى ھوشۇرنىڭ ئۇرۇمچى ئەمەلدار-
لىرى قېشىغا ئېلىپ كەتكىنى مەلۇم بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن يا-
قۇپبەگنىڭ مىجەزىدە ئەسەبىيلىك پەيدا بولغان.
4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لـيوجىنتـاڭ قىسىملىرى ھەققۇل-
بەگنىڭ (تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ھېكىم خان تـۆرە بـاشچىلىقىدىكى)
قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلغان، 15 ـ ئاپرېل داۋانـچىڭغا ئـۇرۇمچى
تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان، 18 ـ ئاپرېل داۋانچىڭ قولدىن كەت-
كەن، بىرلا ۋاقىتتا تۇرپانمۇ قولدىن كەتكەن، ھېكىم خان تۆرە



تۇرپاندىن چېكىنىپ توقسۇندىكى ھەققۇلبەگ بىلەن قوشۇلغاندىن
كېيىن، كورلىغا ئادەم ماڭغۇزغان، ياردەم كېلىپ بولغۇچە توقسۇن
قولدىن كەتكەن، ئۇلار 10 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن بىلـەن قارا-
شەھەرگە چېكىنگەن.
1877 ـ يىلى 28 ـ ماي ئەسەبىيلەشكەن ياقۇپبەگ كاتىپى
كـامالنى تاپانچا بىلەن ئـاتقان، خەزىنىچى سابىر ئـاخۇننى (40
قېچىر ئالتۇن دەردىدە) قاتتىق ئۇرغان، سابىر ئاخۇن قارشىلىق
كـورسـىتىپ ياقۇپبەگنى بىر مۇشت قويۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەت-
كەن. 29 ـ ماي سەھەر سائەت 2 دە ياقۇپبەگ جان ئۈزگەن①،
«يـاقـۇپ بـەگ كىچىك ئوغلى تەرىپىدىن زەھەرلـەپ ئۆلتۈرۈل-
گەن»، «چىڭ خانلىقى قوشۇنىدىن يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن زەھەر ئى-
چىپ ئۆلۈۋالغان» دېگەن گەپلەر بار. ياقۇپبەگنىڭ ھاياتىغا دا-
ئىر ماتېرىياللاردا «ياقۇپبەگ قازا تاپقان كۈنى ھەققۇلبەگ قارا-
شەھەردىن كورلىغا كەلدى،» «6 ـ ئىيون ھەققۇلبەگ دادىسىنىڭ
جەسىدىنى ئېلىپ ئاكىسى بـەگقۇلبەگ قېشىـغا (قەشقەرگە) دەپنە
قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى»، «ھېكىم خان تۆرە كورلىنى مۇھا-
پىزەت قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان، لېكىن ئۇ ھەققۇلبەگنىڭ ئار-
قىسىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن» دېگەن گەپلەر يېزىلغان.
4. نىياز ھېكـىمبـەگ ياقۇپبەگ ئۆلگەن كېچىسى نەدە ئى-
دى؟ ياقۇپبەگنىڭ مۇلازىمى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ تەكىيىسى يېنىدا ئىدى.
ئۇنداقتا يـاقۇپبەگنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى روسىيىدە تـۇرغـان
كروپاتكىننىڭ گوۋاھلىقى، زامانىخانىنىڭ كـۆرمـەي تۇرۇپ ئاڭ-
لىغانلىرىغا (روسىيىگە قېچىپ بېرىپ) ئاساسەن كروپاتكىنغا ياز-
غـان خېتـى بـويىچـە بېكىتـمـەي ھـەقىـقىـي گـۇۋاھـچى
نىياز ھېكىمبـەگنىڭ گـۇۋاھلىقى بـويىچە بېكىتكەن ئىشەنچلىك.
شۇڭا گەپنى نېمە ئۈچۈن نىياز ھېكـىمبەگ يـاقۇپبەگنىڭ دەپنە

① كىروپاتكىننىڭ «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابىغا قاراڭ. بۇ نـەقىل زامانىخان
روسىيىگە قېچىپ بېرىپ كىروپاتكىنغا يازغان خېتىدىن كۆچۈرۈلگەن ئىكەن. تەھرىردىن.

مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ھەققۇلبەگ بىلەن ماڭغانلار ئارىسىدا يوق؟ ياكى كورلىدا قالغان ھېكىم خان تۆرە يېنىدىمۇ يوق؟ ئۇ نەدە؟ قاياققا كەتتى؟ دېگەندىن باشلايلى.

توخسۇنبەگ ئوغلى ياسىن مۇنداق ئەسلەيدۇ:

1877 - يىلىنىڭ 6 - ئايلىرى ئۆرۈك ئەمدى پىشقان چاغ ئىدى، يېرىم كېچىدە ئىشىك ئەنسىز تاراقلىدى، چىقسام نىياز ھېكىمبەگ بىزنىڭ بىر چارۋىچىمىز بىلەن دەرۋازا سىرتىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى ھويلىغا كىرىشنى رەت قىلدى، چارۋىچىنى ھويلا ئىچكىرىسىدىكى ئۆيلەردىن بىرىگە كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ئىككىمىز باغقا كىردۇق. ئۇ ئۆزىنى قۇم دەريا تەرەپ بىلەن قۇمۇلغا ئېلىپ بېرىشنى ئېيتتى. بىز نىياز ھېكىمبەگ ئېلىپ كەلگەن ئالتە ئات ۋە مەن مىنىدىغان ئىككى ئاتنىڭ ھەممىسىنى جابدۇپ تاڭ ئاتماستىنلا ئىككى كىشى سەككىز ئاتلىق يولۇپ كەتتۇق. ئاتنى ھارغۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەر سائەتتە ئاتتىن ئاتقا ئالماشتۇق... بىز قۇمۇلغا بارغاندا مېنىڭ ھارغىنلىقتىن جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، نىياز ھېكىمبەگ يېشىنىڭ چوڭ بولۇشىغا قارىماي تېتىك ئىدى... ئۈچ كۈندىن كېيىن بىز ئارقىغا ياندۇق. 27 كۈن دېگەندە قۇمۇلغا بېرىپ يەنە چاقىلىققا كېلىپ بولدۇق. بىر ھەپتە ئارام ئالغاندىن كېيىن (نىياز ھېكىمبەگ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىگەن ۋە قوبۇل قىلمىغان) نىياز ھېكىم بەگنى چەرچەنگىچە ئاپىرىپ قويۇپ ئارقىغا ياندۇق.

شۇ يىلى قىشنىڭ باشلىرىدا نىياز ھېكىمبەگ چاقىلىقتا پەيدا بولدى، بۇ چاغدا ئۇ نۇرغۇن ئادەم بىلەن كەلگەنىدى. ئۇ، قۇمۇل تەرەپكە يىگىرمىدەك ئادەم ماڭغۇزدى، كېيىن چىڭ خانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇپ، بىر كېچىدىلا چەرچەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. كېيىنكى يىلى (1878 - يىلى) يازدا نىياز ھېكىمبەگ چاقىلىققا يەنە كەلدى. بىرىنچى قېتىم بىز قۇمۇلغا ماڭغاندىلا



ئۇ لوپنۇر كۆلى رايونىغا قىزىقىپ قالغانلىقتىن، ياز كۈنلىرى ئوۋئىتلىرى، بۈركۈت، قارچىغا، لاچىن، ئوۋچى-مەرگەنلىرىنى ئېلىپ بوتەرەپلەردە يازنى ئۆتكۈزىدىغان بولدى. بەزىدە قۇربان خوجا بەگ ۋە مەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالماي توغراقلىق سايغا بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلەتتۇق. ئۇ مۇنداق ئىشلارغا قالتىس ھەۋەس قىلاتتى ھەم ئاتقان ئوقىنىڭ بىرسىمۇ زايا كەتمەيتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى سۈرلۈك بولۇپ، كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى.

بىر يىلى تاسادىپىي ھالدا ئۇنىڭ كورلىدا ياقۇپبەگنىڭ بىتاپ ۋاقتىدا ئۇنىڭ مۇلازىمىغا كۆپ ئالتۇن پارە بېرىپ، ياقۇپبەگنىڭ ئىچىدىغان دورىسىغا ئۆتكۈر زەھەر ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، شۇ كېچىسى ئالتە ئات بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى، كورلا - چاقىلىق ئارىلىقىدا ھېلىقى مۇلازىمنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپ، چاقىلىق تەۋەسىدىكى چارۋىچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ چاقىلىققا كەلگەنلىكىنى؛ شۇنداق قىلىپ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆز سىرىنى يوشۇرۇپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كېلىپ، بىرگە يۈرۈۋاتقانلاردىن بىلدۇق. نىياز ھېكىمبەگنىڭ توغراقلىق سايدا قانداقتۇر ئۆچكۈر قازدۇرغانلىقىنى ئاڭلايتتۇق. كېيىنكى كۈنلەردە نىياز ھېكىمبەگ چىڭ خانلىقىغا قارشى چىققانلىقتىن ھۆكۈمەت قولىغا ئالغان، ئۇ قەشقەرگە يالاپ بېرىلغاندا ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئۈزۈك ئارىسىدا ساقلىغان زەھەرنى شۈمۈرۈۋېلىپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. توغراقلىق سايدا ئۇنىڭ خەزىنىسى ۋە قورال - ياراغ، ئوق - دورا يوشۇرغان ئۆچكۈرى بار ئىكەن، دەپ ئاڭلىدۇق. كېيىن ئالتۇنتاغنىڭ چاقىلىققا يېقىن قىسمىدىكى تۆلكىلىك داۋانىنىڭ غەربىدىكى توغراقلىق سايىنى چاقىلىق خەلقى «بەگلىرىم كىرگەن ساي» ياكى «بەگلەر كىرگەن ساي» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

ياسىن توختىسۇن مۇندق ئەسلەيدۇ: نىياز ھېكىمبەگنى قۇمۇل تەرەپكە باشلاپ بېرىپ قايتقاندا، دادام — توختىسۇن بەگكە نى-

ياز ھېكىمبەگ ئۆز قولى بىلەن ئىران نەسىللىك ئاۋغان ئارغىمىقىدىن بىرنى، 50 سەرلىك يامبۇدىن بىرنى تارتۇق قىلغانىكەن. كېيىن چاقىلىقتا كەلسىلا دادامنى سوۋغا - سالاملار بىلەن يوقلاپ تۇرغانىكەن، دادامنى چاقىلىقنىڭ ھاكىم بېگى قىلغانىكەن......

يۇقىرىدىكىدەك تەپسىلاتلارنى تۇردى موللام قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرىدىن ۋە دادامدىن ئاڭلايتتىم، كېيىن «قەشقەرىيە»، «ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشى»، «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق ياقۇپبەگكە دائىر كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق مەن بۇ ئىشلارنىڭ يۇقىرىدىكىدەك بولغىنىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم. رەھبەرلىكنىڭ ئىلھام بېرىشى، رىغبەتلەندۇرۇشى بىلەن بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. يولداشلارنىڭ تۈزىتىشى، تولۇقلىشىنى سورايمەن.



# جاڭ جىجۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىقتىسادىي ئاخبارات جەھەتتىن نازارەت

ۋېي شىشى

چېن بۇلېي گومىنداڭ مەركىزىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىش داۋامىدا دائىم ئۆزىنىڭ كەلگۈسى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇۋاپىق چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەنلىكتىن، جياڭ جيېشىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغانىدى.

چېن بۇلېي تۈرلۈك ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى يىغىنچاقلاپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى تېزدىن ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ دانىشمەنلىكىنى نامايان قىلغانىدى.

گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قاتلىمى نەيرەڭۋازلىق، ھوقۇقۋازلىق، مۇستۇمزورلۇق ئەۋجىگە چىققان، تۈرلۈك دۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە تولغان چۇۋالچاق بىرلەشمە گەۋدە ھېسابلىناتتى. جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز گۇرۇھى ئىچىدىمۇ پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىدىن باشقا، بىر - بىرىگە ئىشىنىش ناھايىتى تەس ئىدى. بۇ، چېن بۇلېينىڭ مېنى ئىقتىسادىي ئاخبارات ئارقىلىق جاڭ جىجۇڭنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكىدىن ھەم كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىقتىسادىي ئاخبارات ئارقىلىق سىياسىي ۋەزىيەتنى كۆزىتىش — چېن بۇلېينىڭ ئاخبارات ئىگىلەش ئالاھىدىلىكى. چېن بۇلېي گومىنداڭنىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرىنىڭ سىياسىي خاھىشىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن نازارەت قىلىش ئۈچۈن، 1940 - يىلىنىڭ

باشلىرىدا كاتىبات ئىشخانىسى 2 - باشقارما 4 - گۇرۇپپىسى (مالىيە ئىقتىسادقا مەسئۇل) دا «ئىقتىسادىي ئاخبارات گۇرۇپپىسى» نى مەخپىي تەسىس قىلىپ، ئۆزى ئىشەنچسىز دەپ قارىغان ئالىي ئەمەلدارلار ياكى چېگرا رايونلاردىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئىقتىسادىي ئاخبارات ئارقىلىق نازارەت قىلىشنى باشلىغانىدى.

1945 - يىلى 11 - ئايدىن 1948 - يىلى 5 - ئايغىچە جياڭ جېيشىنىڭ سابىق كاتىبات ئىشخانىسى 2 - باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى ۋە كەسپىي خىزمىتىدە بىرقانچە قېتىم ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ئاخبارات گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى چېن بۇلېي بىۋاسىتە باشقۇرۇپ كەلگەچكە، تاكى ئۇ 1948 - يىلى 11 - ئايدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا قەدەر بۇ ئورگاننىڭ كادىرلىرى ۋە كەسپىي پائالىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

ئىقتىسادىي ئاخبارات گۇرۇپپىسىنىڭ مۇقىم شتاتى يوق بولۇپ، كاتىبات ئىشخانىسى 2 - باشقارما 4 - گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى چېن فاڭ ئۇنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئادەتتىكى ئىقتىسادىي ماتېرىياللارنى 4 - گۇرۇپپىنىڭ ئىككى خىزمەتچىسى رەتلەپ چىقاتتى. مۇھىم ئىقتىسادىي ئاخباراتلارنى چېن فاڭ، لى ۋېيگو (جياڭ جېيشىنىڭ فۇگۇەنى) ۋە چېن لياڭ (ھەربىي تەمىنات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى)لار بىرلىكتە كۆرۈپ ئانالىز يۈرگۈزۈپ، ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن چېن بۇلېيغا سۇناتتى، ئۇلارنىڭ كەسپىي خىزمەت تەقسىمات ئايرىمىسى ئېنىق بولۇپ، چېن لياڭ ھەربىي تەمىنات جەھەتتىكى ئىقتىسادىي ئاخباراتقا، چېن فاڭ، لى ۋېيگولار پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئائىت ئىقتىسادىي ئاخباراتلارغا مەسئۇل ئىدى.

1943 - يىلنىڭ باشلىرىدا، مەن چېن لياڭ، لى ۋېيگولارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن چېن بۇلېي تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، جاڭ جىجۇڭنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن نازارەت قىلىش



ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغانىدىم. مەن چېن لياڭنىڭ تۇققۇنچىسى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئادەم بولغاچقا، مۇناسىۋىتىمىز قويۇق ئىدى. چېن لياڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق ئىدى. جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي مەكتىپىنىڭ مائارىپ باشلىقى بولۇپ تۇرغاندا، چېن لياڭ بۇ مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن. جاڭ جىجۇڭ بۇ مەكتەپتىن يۆتكەلگەندە ئۇنىمۇ بىللە يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ قانات ئاستىدا ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، ھەربىي ئىشلار سىياسىي بۆلۈمىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك بوغالتىر باشلىقى، ھەربىي تەمىنات مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە شاڭخەي شەھەر باشلىقى بولغان.

1941 - يىلى مەن ھەربىي تەمىنات مەھكىمىسىدە مايور دەرىجىلىك لايىھىلىگۈچى بولۇپ، مۇھىم ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلاتتىم. بۇ چاغدا جاڭ جىجۇڭ سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ئىدى. ئۇ چېن لياڭغا سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مالىيە گۇرۇپپىسىغا باشلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغاندا، چېن لياڭ مېنى تونۇشتۇرغانىدى. چېن بىلەن جاڭنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن بولغاچقا، جاڭ جىجۇڭ مەندىنمۇ خاتىرجەم بولۇپ، مەركىزىي كومىتېتقا تەۋە بارلىق مالىيە خىزمەتلىرىنى مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا تاپشۇردى. جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىشەنچىسىگە تولۇق ئېرىشىشىم بىلەن، كېيىنكى كۈنلەردە كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتچىسى بولۇشۇمغا پايدىلىق شارائىتلار ھازىرلانغانىدى.

چېن بۇلېي بىلەن جاڭ جىجۇڭ گەرچە جياڭ جېيشى گۇرۇھىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن جاڭ جىجۇڭنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى ئاشكارا، ئىدىيىسىمۇ بىرقەدەر ئىلغار ئىدى. ئۇنىڭ

ئۈستىگە ئۇ كۆپ قېتىم يەنئەننى زىيارەت قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانىدى. شۇڭا، چېن بۇلېي ئۇنى «خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغان ئادەم» دەپ قاراپ، گومىنداڭ ۋە جياڭ جېيشىغا پايدىسىز خاھىش ياكى ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇراتتى.

چېن لىياڭ چېن بۇلېي بىلەن جاڭ جىجۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىقنىمۇ، كاۋاپنىمۇ كۆيدۈرمەسلىكنى مەقسەت قىلىپ، چېن بۇلېيدىن ئىبارەت بۇ جياڭ جېيشىغا يېقىنلاشقىلى بولىدىغان يولنى تاللىۋالغانىدى. ئۇ ھەممىگە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئۆزىگە داغدام يول ئېچىش ئۈچۈن قارىماققا جاڭ جىجۇڭ بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىگەنىدى. بۇخىل ئەھۋالدا مەنمۇ چېن لياڭنىڭ يولىنى مېڭىپ، كېيىنكى كۈنلەردە روناق تېپىشىم ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىرلاشقا كىرىشتىم.

1943 - يىلى 6 - ئايدا، مەن چېن بۇلېينىڭ مەخپىي يوليورۇقىنى ئېلىپ، سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقىدا جاڭ جىجۇڭنى نازارەت قىلدىم. چېن بۇلېي مەندىن جاڭ جىجۇڭنىڭ سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقىدىكى سىياسىي خاراكتېرلىك خىراجەت چىقىملىرىنى ۋە تۈرلۈك مەخسۇس خىراجەت، شەخسىي مەخپىيەتلىك خىراجىتى قاتارلىق ئاخباراتلارنى ئىقتىسادىي ئاخبارات گۇرۇپپىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقىدىكى سىياسىي خاھىشىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىگىلەش ئۈچۈن، مەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇش، جايلاردا ياشلار يۇرتى تەسىس قىلىش، ياشلارنىڭ يازلىق لاگېرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش، سەنمىنجۇيى



ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى كادىرلار مەكتىپىنى قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىراجەت خامچوتى، خىزمەت پىلانى، چىقىم ئەھۋالى، شۇنىڭدەك جاڭ جىجۇڭنىڭ ئالاھىدە ئىشلىتىدىغان خىراجەتلىرى قاتارلىقلارغا ئائىت ئاخباراتلارنى ئىقتىسادىي ئاخبارات گۇرۇپپىسىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇردۇم. بۇ ئاخباراتلار قارىماققا ئادەتتىكى ئىقتىسادىي ماتېرىياللار بولۇپ، ياشلارنىڭ دىققىتىنى ئوڭايلىقچە قوزغىمايتتى. ئەمما بۇ ئاخباراتلاردىن جاڭ جىجۇڭنىڭ سىياسىي خاھىشىنى تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە مىللىي قوراللىق ئىنقىلاب قوزغىلىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىلدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بورتالا، جىڭ، شىخو، ساۋەنلەرنى بويلاپ ئۈرۈمچىگە يۈزلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىنى خەۋپ ئىچىدە قالدۇردى. گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن گومىنداڭ مەركىزىگە جىددىي تېلېگىرامما يوللىدى. جياڭ جېيشى ئەھۋالدىن ۋاقىپلىنىپ، دەرھال بەي چۇڭشىدىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر ئالدى. بەي چۇڭشى جاڭ جىجۇڭنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سىياسىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. جياڭ جېيشى بەي چۇڭشىنىڭ پىكىرىنى چېن بۇلېيغا خەۋەر قىلدى. چېن بۇلېي: ئۈچ ۋىلايەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش، شۇڭا تاشقى كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن توپىلاڭ يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ھەربىي كۈچ بىلەن بىر تەرەپ قىلماق بولۇپ، غەربكە قوشۇن تارتساق، «كومپارتىيىنى يوقىتىش» تەك ئومۇمىي پىلانغا تەسىر يېتىدۇ، دەپ قاراپ، سىياسىي يول بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچىتىشقا قوشۇلدى. ئەمما نامزات مەسىلىسىنى جياڭ جېيشىنىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىشىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، شەرقىي - شىمال رايونى گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار ئۆزئارا تالىشىدىغان نۇقتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. «ئادەمگىيا، يۇلغۇن تېرىسى، ئالۋاڭ ئوت - چۆپى» ماكانى بولغان بۇ رايونغا جاڭ چۈن باشلىق سىياسىي پەن فاكۇلتېتىنى ئوقۇغانلار (بۇ گۇرۇھقا تەۋە ئادەملەر) ئالللىبۇرۇنلا كۆزىنى تىكىپ قويغانىدى. لېكىن جياڭ جيېشى دۆڭبېي رايونىدا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شەرقىي - شىمال لاگېرى تەسىس قىلماقچى بولۇپ، لاگېر مۇدىرلىقىغا سىياسىي پەن فاكۇلتېتىنى ئوقۇغانلارغا تەۋە بولمىغان جاڭ جېجۇڭنى ئىچكى جەھەتتىن بېكىتىپ بولغانىدى. جاڭ چۈن جاڭ جېجۇڭنى چەتكە قاقالماي راسا بېشى قېتىۋاتقاندا، دەل شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، ئۇنىڭغا خۇدا ئۆزى پۇرسەت بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ چۈن يولۋاسنى تاغدىن ئالداپ چۈشۈرۈش ھىيلىسى بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ئالدىدا بەي چۇڭشىنىڭ تەكلىپىگە ھە - ھۇ دېيىشىپ چېگرا رايوننى تىنچلىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال شىنجاڭدىكى توپىلاڭنى باستۇرۇش كېرەك، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى ھەمدە جاڭ جېجۇڭدىن باشقا ئادەم بۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. جياڭ جيېشى بەي چۇڭشى بىلەن جاڭ چۈننىڭ پىكرىنى چېن چېڭغا ئېيتتى. چېن چېڭ بىلەن جاڭ جېجۇڭنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى كۆزقارىشى ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلغۇسىز زىددىيەت بار ئىدى. چاڭشادا ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، چېن چېڭ ھەتتا جاڭ جېجۇڭنى ئېتىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. جاڭ جېجۇڭمۇ چېن چېڭنىڭ «كومپارتىيىنى ئۈچ ئاي ئىچىدە يوقىتىمىز» دېگەن غالجىرانە تەشەببۇسىغا قارشى ئىدى. چېن چېڭنىڭ جاڭ جېجۇڭنى جياڭ جيېشىنىڭ يېنىدىن يۆتكىۋېتىشنى كۆزلەپ يۈرگىنىگىمۇ ئۇزۇن بولغانىدى. شۇڭا ئۇ بەي چۇڭشى بىلەن جاڭ چۈننىڭ تەكلىپىگە



ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، جاڭ جېجۇڭ — شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق نامزات دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جياڭ جيېشى ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، شيۇڭ شىخۇينى شەرقىي شىمال لاگېرىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. جاڭ جېجۇڭنى غەربىي شىمال لاگېرىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنى تاپشۇردى.

جاڭ جېجۇڭ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 1945-يىلى 10-ئايدىن 1946-يىلى 3-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار بىلەن ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، تىنچلىق بېتىم ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇردى. بۇ چاغدا مەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇغالتىر باشلىقى، قوشۇمچە غەربىي - شىمال لاگېرى ئۈرۈمچى ئىشخانىسى 6-گۇرۇپپىسىنىڭ (مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل) گېنېرال مايور دەرىجىلىك گۇرۇپپا باشلىقى بولدۇم. چېن بۇلېي ماڭا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا جاڭ جېجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي خاھىشىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن نازارەت قىلىشىمنى ھەمدە ھەرۋاقىت سىياسىي خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ئاخباراتلارنى يوللاپ تۇرۇشۇمنى مەخپىي تاپىلىدى. مەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پوچتا، تاشيول قاتنىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەتكە ئاجرىتىپ بەرگەن خىراجەت، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي مائاشى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنىيخۇي يىغىنى چاقىرىش خىراجىتى، جاڭ جېجۇڭنىڭ ئىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش خىراجىتى، شىنجاڭ ھەربىي بىز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پىلانى ۋە خىراجەت خامچوتى، ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇل ئايرودرومىنى ياساش خىراجىتى، غەربىي-شىمال ھاياتلىق

سا نائەت شىركىتىنىڭ مەبلىغى، غەربىي ـ شىمال مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-
شى فوندى، جاڭ جىجۇڭنىڭ ھەر مىللەت مۆتىۋەرلىرىگە بەرگەن
ئىنئامى، مەدەنىيەت پائالىيەت خىراجىتى، مىللىي ھەرىكەت خىراجىتى
ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ مەخپىيەتلىك خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئىقتى-
سادىي ئاخبارات گۇرۇپپىسىغا تەپسىلىي مەلۇم قىلىپ تۇردۇم.
1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا مەن جاڭ جىجۇڭ بىلەن
بىللە ئۈرۈمچىدىن نەنجىڭگە بېرىپ، مەمۇرىي پالاتا بىلەن شىن-
جاڭنىڭ مالىيە مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغاندا، چېن
بۇلېي، چېن لياڭلار مېنى مەخپىي قوبۇل قىلىپ، مېنىڭ شىنجاڭدىكى
ئىقتىسادىي ئاخبارات خىزمىتىمدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتتى.
كېلەركى يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، مەن يەنە جاڭ جىجۇڭ
بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى-
دىكى بىر ئاخشىمى، جاڭ جىجۇڭ يېڭى بىنادىكى غەربىي ـ شىمال
لاگېرى ئورگىنىدا شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى سۇڭ شى-
ليەن، غەربىي ـ شىمال لاگېرىنىڭ باش كاتىپى ليۇمېڭچۈن، شىنجاڭ
تاشقى ئىشلار پەۋقۇلئاددە خادىمى ليۇ زېرۇڭ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك
خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشەن، ئۈرۈمچى شەھەر
باشلىقى چۇۋۋۇ ۋە مېنى چاقىرتىپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن مۇناسى-
ۋەت ئۈزۈلگەندىن كېيىنكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا مەخپىي
سۆھبەتلەشتى. ئۇ يىغىندا: «مەن بۇ قېتىم نەنجىڭگە بېرىپ جەن-
شاڭ (بەي چۇڭشىنىڭ تەخەللۇسى)، لى ليۇ (ۋۇجۇڭشىنىڭ تە-
خەللۇسى)لار بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتىم. ئۇلار مېنىڭ قوشۇمچە
ئۆلكە رەئىسى بولماسلىقىم ھەققىدە مەسلىھەت بەردى، رەئىسمۇ
(جياڭ جېيشىنى دېمەكچى) مېنىڭ مەركەزنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئىش-
تىراك قىلىشىمنى ئۈمىد قىلدى. مەركەز مەسئۇتنىڭ ئۆلكە رەئىسى
بولۇشىغا قوشۇلدى. ئىش قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى يەككە ـ يېگانە
ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىرچە شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئۈستىخاننى
ئۇلار (شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنى دېمەكچى) ئۆزلىرى تالى-



شىپ تۇرسۇن» دېدى. يىغىن يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. مەن
يىغىن ئەھۋالىنى يازما دوكلات قىلىپ چېن بۇلېيغا ئەۋەتىپ بەردىم.
1947 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ مەركىزى كو-
مىتېتى مەسئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەنلىكىنى
ئېلان قىلدى. بۇ، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن ھا-
سىل قىلغان تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى
كومپارتىيىگە قارشى ئەڭ ئاكتىپ باشلامچى بولغان مەسئۇت ئارقى-
لىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئىنقىلابىي كۈچلىرى بىلەن قارشىلىشىش
ئۈچۈن قوللانغان كونكرېت تەدبىرى ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇ-
نىڭغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، جاڭ جىجۇڭ ئۆز ۋەدىسىدە
تۇرماي، بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلاپ،
ئۆزى پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ، يەرلىك ھەر مىللەت خەلقى
ئوتتۇرىسىدىكى قان تۆكۈشتىن پايدىلىنىپ پايدا كۆرمەكچى بولدى.
شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، جاڭ جىجۇڭ ماڭا ئۈچ ۋىلايەتكە
بېرىلىدىغان بارلىق خىراجەتلەرنى توختىتىشنى بۇيرۇپ، ئۈچ
ۋىلايەت تەرەپنى ئىقتىسادىي كۈچ ئارقىلىق تەسلىم قىلدۇرۇشقا
ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گەنسۇ خېشى كارىدورىدىن
ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئالتە دىۋىزىيە قوشۇننى شىنجاڭغا يۆتكەپ،
قوراللىق باستۇرماقچى بولدى. 5 ـ ئايدا ئىككى تەرەپنىڭ مۇنا-
سىۋىتى ئۈزۈل ـ كېسىل بۇزۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوۋلار ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەتتى. ھەممە سابىق
بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان بارلىق خىزمەتچىلىرىنى چېكىن-
دۈرۈپ ئېلىپ كەتتى.
بۇ جەرياندا مەن ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن
كۆزىتىپ، چېن بۇلېيغا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاخبارات ئەۋەتىپ،
ئۇنى جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى سىياسىي ئەھۋالىدىن خەۋەر-
دار قىلىپ تۇردۇم. چېن بۇلېي جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا
تۇتقان قاتتىق پوزىتسىيىسى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈم-

رانلىق مەنپەئەتكە ئۇيغۇن، دەپ قاراپ، ماڭا نازارەت قىلىش
خىزمىتىنى ۋاقىتىنچە توختىتىشىمنى بۇيرۇدى.

1947 - يىلى 9 - ئايدا، جاڭجىجوڭ ئۈرۈمچىدىن لەنجۇ-
غا (غەربىي - شىمال لاگېرى تۇرۇشلۇق جاي)غا كەتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ بارلىق چىقىمى لەنجۇ غەربىي - شىمال لاگېرى باش-
قۇرۇش باشقارمىسى تەرىپىدىن بېجىرىلىدىغان بولدى. شۇنداقلا
مېنىڭ ئىقتىسادىي ئاخبارات گۇرۇپپىسى بىلەن بولغان ئالاقەممۇ
ئۈزۈلدى.

تۇردى سابىت تەرجىمىسى



## «ئۇيغۇرلارغا خەنزۇچە 维吾尔 نامىنى بېرىش» توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن

**خېي يۈيجۇ، كاڭ بىڭلىڭ**

1934 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاھالە نوپۇسى 4 مىليون بولۇپ،
ئۇيغۇرلار 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار گەرچە
كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلسىمۇ، ۋەھالەنكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر-
لار 缠头 (چەنتۇ) دېگەن بىھۆرمەت سۆز بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ نام
چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى 缠回 (چەنخۇي) دېگەن نامدىن كەلگەن.
«جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي (1943 -
يىللىرى) شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ
ھۆرمىتىگە باب كېلىدىغان مۇۋاپىق خەنزۇچە نام بېرىش ئۈچۈن،
بىر قېتىم يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا: بۇرھان شەھىدى، جاڭ يېڭۇ،
خې يۈجۇ، شۇ ليەن، كاڭ بىڭلىڭ، ۋاڭ لىشى، ۋاڭ يەنلىڭ، چېڭ
دۇڭبەي، گو شىلىڭ، لاڭ داۋخېڭ، سۈي جېمبېي قاتارلىقلار ۋە ھەر-
قايسى مىللەتلەردىن بولغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلار قاتناشتى. ئۇي-
غۇرلار ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن قاتناشقانلارمۇ ئاز ئەمەس
(ئەپسۇسلىنارلىقى قاتناشقانلارنىڭ ئىسمى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ياد-
دىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ). يىغىندا يولداشلار: ئۇيغۇرلار (维吾尔)
ئەسلى «Uyghur» دەپ ئاتىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن سۇڭ سۇلا-
لىسىدىن بۇيانقى تارىخنامىلەردە 回纥، 回纥، 畏吾儿
دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەل-
گەندە 缠回 (چەنخۇي) دەپ ئاتىلىپ ھازىرغا
قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇڭا ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن مۇۋا-

رانلىق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، دەپ قاراپ، ماڭا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ۋاقىتىنچە توختىتىشىمنى بۇيرۇدى.

1947 - يىلى 9 - ئايدا، جاڭجىجۇڭ ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغا (غەربىي - شىمال لاگېرى تۇرۇشلۇق جاي)غا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بارلىق چىقىمى لەنجۇ غەربىي-شىمال لاگېرى باشقۇرۇش باشقارمىسى تەرىپىدىن بېجىرىلىدىغان بولدى. شۇنداقلا مېنىڭ ئىقتىسادىي ئاخبارات گۇرۇپپىسى بىلەن بولغان ئالاقەممۇ ئۈزۈلدى.

تۇردى سابىت تەرجىمىسى



## «ئۇيغۇرلارغا خەنزۇچە 维吾尔 نامىنى بېرىش» توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن

**خېي يۈيجۇ، كاڭ بىڭلىڭ**

1934 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاھالە نوپۇسى 4 مىليون بولۇپ، ئۇيغۇرلار 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار گەرچە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلسىمۇ، ۋەھالەنكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار 缠头 (چەنتۇ) دېگەن بەھۇرمەت سۆز بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ نام چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى 缠回 (چەنخۇي) دېگەن نامدىن كەلگەن. «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي (1943- يىللىرى) شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرمىتىگە باب كېلىدىغان مۇۋاپىق خەنزۇچە نام بېرىش ئۈچۈن، بىر قېتىم يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا: بورھان شەھىدى، جاڭ يېۋۇ، خې يۈجۇ، شۇ لىيەن، كاڭ بىڭلىڭ، ۋاڭ لىشى، ۋاڭ يەنلىڭ، چېڭ دۇڭبەي، گو شىلىڭ، لاڭ داۋخېڭ، سۈي جېمىي قاتارلىقلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلار قاتناشتى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن قاتناشقانلارمۇ ئازئەمەس (ئەپسۇسلىنارلىقى قاتناشقانلارنىڭ ئىسمى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ). يىغىندا يولداشلار: ئۇيغۇرلار (维吾尔) ئەسلى «Uyghur» دەپ ئاتىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن سۇڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى تارىخنامىلەردە 回纥، 回纥، 畏吾儿 دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە 缠回 (چەنخۇي) دەپ ئاتىلىپ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شۇڭا ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن مۇۋا-

پەق نام بېرىش (تەرجىمە نام) كېرەك دېگەن مۇھاكىمىلەر بولىدى. يىغىندا بەزىلەر ئەسلىدىكى Uyghur سۆزىنى خەنزۇچە 威武儿 دېگەن خەتلەر بىلەن ئىپادىلەشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇ ۋاقىتتا يىغىنغا قاتناشقان. شۇلىيەن: 威武儿 (ۋېيۋۇئېر) دېگەن خەتلەرنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ، مۇشۇ مىللەتنىڭ «ئالىيجاناپ، جاسارەتلىك ۋە تەڭرىنىڭ ئامراق پەرزەنتى» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىدىن كۆرە 维吾尔 (ۋېيۋۇئېر) دېگەن خەتلەر بىلەن ئىپادىلىسەك تېخىمۇ ياخشى، بۇ ھالدا (维) ۋېي — ھىمايە قىلىش، ۋۇ (吾) — بىز، ئېر (尔) باشقا مىللەتلەر دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنى ئۇ بىزنىڭ چوڭ ئائىلىدىكى — شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئىناق مۇناسىۋىتى، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە شىنجاڭنى قوغداش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، جۇڭگونى ئازاد قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدى. كېيىن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق: 维吾尔 (ۋېيۋۇئېر) دېگەن ئۈچ خەت ھەم شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكى، تىنچلىقتا بىللە ئۆتۈش، ئۆز ئارا ياردەم قىلىش، بىرلىكتە شىنجاڭنى قوغداش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاھانگىرلىكنى يوقىتىپ، جۇڭگونى ئازاد قىلىشتەك مەناغا ئىگە، ھەم بۇنىڭدا ھەرگىزمۇ چوڭ مىللەتچىلىك شاۋىنىزمى ۋە تار يەرلىك مىللەتچىلىك تۈسى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆز مۇۋاپىق بولىدۇ، دېگەن پىكىر بىرلىككە كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىردەك Uyghur نامىنى خەنزۇچە 维吾尔 (ۋېيۋۇئېر) خەتلىرى بىلەن ئىپادىلەشكە قوشۇلدى، بۇ ھەم ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە.

1982 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

«شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» توغرىسىدىكى ماتېرىياللار توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تۇرسۇنگۈل ئابىت تەرجىمىسى



## «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» توغرىسىدا

**ۋاڭ مېيتاڭ**

شىنجاڭ بويىچە تۇنجى گېزىت 1910 - يىلى 3 - ئايدا ئىلى كۈرەدە نەشر قىلىنغان، گېزىت نامى «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» دەپ ئاتالغان.

بۇ گېزىت كۈندىلىك گېزىت بولۇپ، ئۇ تۇڭمېڭخۇيچىلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇرژۇئا ئىنقىلابى تۈسىنى ئالغان گېزىت ئىدى. فېڭ تېمىن، فېڭ داشۇ، لى پۇخۇاڭ، خاۋ كېچۇەن، جېن فاڭلۇ قاتارلىقلار مەزكۇر گېزىتنىڭ تەھرىرى ۋە ماقالا يازغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار تۇڭمېڭخۇي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. باش مۇھەررىر فېڭ تېمىن تۇڭمېڭخۇي تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بولۇپ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خياگشىيا دېگەن يېرىدىن ئىدى. ئۇ خۇبېيدىكى «زىچياڭ مەكتىپى»نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خۇبېي پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى، رىجېخۇي قاتارلىق ئىنقىلابىي تەشكىلاتلاردا غوللۇق رول ئوينىغان، ۋۇخەندە «چۇباۋ» گېزىتىنى تەسىس قىلغان، شۇنداقلا ئۆزى ماقالا يېزىپ: «خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ سىياسىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە رازىمىزكى، ھەرگىز تەھقىپ قىلىشتىن قورقمايمىز» — دەپ ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنى تەرغىپ قىلغان. كېيىن رىجېخۇي تەشكىلاتى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن پاش قىلىنغاندىن كېيىن، فېڭ تېمىن شاڭخەيگە قېچىپ كېلىۋالىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ۋۇخەنگە قايتىپ كېلىدۇ، لېكىن بۇ يەردە ئۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا نائىلاج بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا ياڭ زەڭشىن بۇيرۇققا

بىنائەن ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ چېگرا رايونغا ماڭىدۇ. فېڭ تېمىن باشقا ئىنقىلابچىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، ھەربىي قوشۇن بىلەن بىللە ئىلىغا كېلىدۇ، بۇ جايدا ئىنقىلابىي تەشۋىقات ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ، تۇڭمېڭخۇي ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. لېكىن بۇ چېگرا مۇداپىئە ئورنى بولغاچقا، بۇ يەردە ئىنقىلابنى ئاشكارا تەرغىپ قىلىشقا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ «يېزىقچىلىق ئارقىلىق خەلق ئېڭىنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا بىلىم ئۆگىتىش» تەك قانۇنلۇق شەكىلدىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابىي ئىدىيىنى تەرغىپ قىلدى. ھەرمىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ئۇلار ئىنقىلابقا مايىللىقى بار يەرلىك ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىختىيارى مۇخبىرلىققا تەكلىپ قىلىپ، ھەرقايسى ناھىيىلەرگە زىيارەتكە ئەۋەتتى، شۇ ئاساستا «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» ئىلى شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ ئاۋانگارتى بولۇپ قالدى.

مىللىي رايونلاردا ئىنقىلابىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مەزكۇر گېزىت تەسىس قىلىنغاندىلا خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنغانىدى (خەنزۇچىسى مىخ مەتبەئەدە بېسىلىپ، قالغان ئۈچ خىل يېزىقتىكىسى شافىگرافتا بېسىلغان) مەزكۇر گېزىت ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، مىللىي باراۋەرلىكنى تەرغىپ قىلدى، مىللەتلەرنىڭ يۇرتۋازلىق قىلماي، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى توغرىسىدا تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. شۇنداقلا چاررۇسىيىنىڭ دۆلىتىمىز ئىگىلىك ھوقۇقىغا مۇداخىلە قىلىپ، پۇقرالىرىمىزنى قىرغىن قىلغانلىقى، چەت ئەللىكلەرگە جازا كۆرۈلمەسلىك ھوقۇقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قىلغان قانۇنغا خىلاپ خىلمۇ خىل قىلمىشلىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تاجاۋۇزى، شىنجاڭنىڭ مالىيە - پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى كونترول قىلىشى، ئوغرىلىقچە ئەپيۇن كىرگۈزۈپ ھەر



مىللەت خەلقىنى زەھەرلىگەنلىكىدەك جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ تۇردى. بۇ گېزىتتە ئىنكاس قىلىنغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساداسى تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن بولۇپ، چاررۇسىيىگە قارشى كۈرەشنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىدى، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى ئۇرغۇتۇلۇپ، ستىخىيىلىك ھالدا گېزىتخانىغا پۇل ئىئانە قىلىشقان. شىنمەنىيىڭ، شى بوۋېي، سو لۇنيىڭ قاتارلىق چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىمۇ گېزىتخانىغا خەت يېزىپ، ئىلىدا دۆلەت قەرزىنى قايتۇرۇش يولىغا قويۇلغاندا «ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئاۋاز قوشۇدىغانلىقىنى» بىلدۈرگەن.

«ئىلى بەيخۇا گېزىتى»دە يەتتە ستون ئېچىلغان بولۇپ، ئۇلار: خەت - چەكلەر، كۆچۈرۈلمىلەر، سۆز - نۇتۇقلار، تارىختىن ۋەتەنگە نەزەر، ئۆلكە خەۋىرى، تەرجىمىلەر، تاغدىن - باغدىن قاتارلىقلار بولۇپ مەزمۇنى يېڭى، يېزىلىشى جانلىق ئىدى. ئايرىم كىشىلەر خەلق ئاممىسىنىڭ گېزىت كۆرۈشكە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن بىر نەچچە پارچە گېزىت سېتىۋېلىپ كوچىلارغا چاپلىغان. بۇ گېزىت شىنجاڭدىن باشقا يەنە بېيجىڭ، تىيەنجىن، شاڭخەي، خەنكۇ قاتارلىق جايلاردىكى گېزىتخانىلار ئارقىلىق تارقىتىلغان.

1911 - يىلى 11 - ئايدا مۇتەئەسسىپ جۇرۇۋي ئىلى جياڭجۇنى بولغاندىن كېيىن، جامائەت پىكرىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن بۇ گېزىتنى تاقىۋېتىدۇ.

ئىمىن ئۆمەر تەرجىمىسى

## شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى①

### سەي جىنسۇڭ

1903 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ياپونىيىلىك دۇبىيەن بىلەن كۇش يەن خوتەندىن يولغا چىقىپ، خوتەن دەرياسىنى بويلاپ 23 كۈن مېڭىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاقسۇغا كەلدى، ئۇلار يەنە قەشقەرگە قايتىپ تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا كۇچاغا باردى، ئۇلار قىزىل مىڭئۆيى بىلەن قۇمتۇرا مىڭئۆيىنى تۆت ئاي تەكشۈردى، تام رەسىمى ۋە يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆچۈرمىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كورلا، قاراشەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، قۇمۇللارغا باردى.

1904 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شىئەنگە كەلدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان باركۆل، قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئاشلىق، ئوت - چۆپ سېلىقى كەچۈرۈم قىلىندى.

ئەتىيازدا، ئۈرۈمچىدە ئون كۈن ئۇدا قاتتىق يەر تەۋرەپ كەتكەچكە، خىش تاملار يېرىلىپ كەتتى، ئاھالە ئۈچۈقچىلىقتا قوندى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، بۆرۈلتوقايدا چوڭ ئۆستەڭنى، كىچىك ئۆستەڭنى چېپىش ئاياقلاشتى.

5 - ئايدا، خوتەندە ئالتۇن كېنى شىركىتى قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت نازارەتچىلىك قىلىدىغان، سودىگەرلەر باشقۇرىدىغان

---

① بېشى 26 -، 27 - سانلاردا



بولدى، ھۆكۈمەت 20 مىڭ سەر، سودىگەرلەر ئون مىڭ سەر پاي قوشتى، يىللىق ئۆسۈمى يەتتە لىدىن ھېسابلىنىدىغان بولدى. شىركەت قارمىقىدا تۆت ئىدارە (زاۋۇت) تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى زاۋۇتلار يىغىلغان كېپەك ئالتۇنلارنى ئېرىتىپ زىقچا ئالتۇنغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە ئاپىرىپ ساتتى. شىركەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە كۆپ پايدا ئالدى. زىقچىغا ئايلاندۇرۇلغان ئالتۇن 4 مىڭ 770 نەچچە سەردىن كۆپرەككە، ئومۇمىي پايدا 40 مىڭ سەردىن كۆپرەككە يەتتى. گۇاڭشۈينىڭ 30 - يىلى (1904 - يىلى) قىشقا كەلگەندە، ئالتۇننىڭ باھاسى بەك چۈشۈپ كەتكەچكە، كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالماي، تىجارەت توختاپ قالدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ باش مەمۇرىي ئەمەلدارى مالىياڭ ئويرات قاتارلىقلارنىڭ چېگرىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، روسىيە چۆچەكتە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بانكا ئېچىپ، روسىيىلىك ئەمەلدار فېمنوۋنى مەسئۇل، ئارانچۇۋىلنى مۇئاۋىن مەسئۇل قىلدى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، بوران، ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىغان تۇرپاننىڭ غەللە - پاراق سېلىقى كەچۈرۈم قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، قوبدۇنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى يىلىڭ شيۇ ئالتايدىكى چىڭخۇاشى ئىبادەتخانىسىغا باردى، 29 - كۈنى، يەنە قابا دەرياسى بويىغا كەلدى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تارباغاتاينىڭ لەشكەر سەردارى تۇۋاچاڭئا بىلەن قابا دەرياسى بويىدا ئالتايدىكى ئىجارە بېرىلگەن يەر - زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش چارىسىنى مەسلىھەتلەشتى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، تۇۋاچاڭئا قابا دەرياسى بويىدىن تارباغاتايغا قايتتى، 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يىلىڭ شيۇ قوبدۇغا قاراپ يولغا چىقتى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، روسىيىنىڭ چۆچەكتىكى كونسۇلى چەت ئەل ئىشلىرى ئىدارىسىگە ئەسلەتمە خەت تاپشۇرۇپ، قوبدۇدىكى قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قارائېرتىش دەرياسىدا بېلىق تۇتۇشىنى يولسىزلارچە چەكلىدى، قوبدۇنىڭ ئامبىلى رۇي شۈن دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ: «قازاقلار قارائېرتىش دەرياسىنىڭ جۇڭگوغا تەۋە قىسمىدا بېلىق تۇتسا، چەكلەشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى. گۇاڭشۈينىڭ 18 -، 20 -، 27 - يىللىرى بۇ ئىش ئۈستىدە دىپلوماتىك ئالاقە ئېلىپ بېرىلدى.

كۈزدە، روسىيىنىڭ چۆچەكتىكى كونسۇلى سوكوف جۇڭگو - روسىيە چېگرىسىدا، ھەر يىلى كۈزدە بىر ئاي بازار ئېچىشنى تەكلىپ قىلدى.

باركۆل، ماناسلاردا چېكەتكە ئاپىتى، مۆلدۈر ئاپىتى بولدى.

10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سۇلۇن يىڭنىڭ سەردارى جى رۇي ئىلىدىن ئون نەپەر مانجۇ، موڭغۇل بالىسىنى روسىيىنىڭ يەتتىسۇ ئۆلكىسىدە ئوقۇتۇشقا ئېلىپ ماڭدى. 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۇ باللار يەتتىسۇ ئۆلكىسىگە يېتىپ باردى، يەتتىسۇنىڭ ۋالىيسى ئىۋانوۋ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، فەن شياۋسۇ: ماناس بىلەن باركۆل چېكەتكە، مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى، دەپ مەلۇمات يوللىدى. ئاپەتنىڭ دەرىجىسى ئېنىقلىنىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارغا قۇتقۇزۇش بېرىلسۇن دەپ يارلىق چۈشتى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قوبدۇنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى رۇي شۈن: ئالتاي قۇملۇقىنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم ئۆتكەل، قوبدۇنىڭ مەسلىھەتچىسى ئالتايدا تۇرغىنى تېخىمۇ پايدىلىق دەپ تەكلىپ سۇندى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىغان فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ غەللە - پارىقى ئازايتىلدى.



11 -، 12 - ئايلاردا، شىنجاڭدا يەرلىك ئۇسۇلدا بەش مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق تەڭگە قويۇلدى.

شۇ يىلى، ئۆلكىلىك باش باج ئىدارىسى قەشقەر ئۇيغۇر شەھىرىدە، يەكەندە، ئىلى تارباغاتايدا شۆبە ئىدارە تەسىس قىلدى.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق روسىيە سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ماللارنىڭ قىممىتى ئۈچ مىليون 143 مىڭ 260 سەرگە، روسىيىگە چىقىرىلغان ماللارنىڭ قىممىتى بىر مىليون 339 مىڭ 838 سەرگە يەتتى.

فەن شياۋسۇ چۆچەكتىكى كاتۇ ئالتۇن كېنىدا شىركەت تەسىس قىلدى، ھۆكۈمەت تەرەپ 20 مىڭ سەردىن كۆپرەك دەسمايە سالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسى، لىرىك شائىر موللا مۇساساي رامى (1836، 8، 23 — 1917) «تارىخىي ئەمنىيە»نى يازدى. بۇ كىتاب 1904 - يىلى قازاندا رەسمىي نەشر قىلىندى.

ئامېرىكىلىق گېئولوگ فانبورى، دەيۋىس، خىنىڭ ياتتۇنلار پىرېژېۋالىسكىدىن يولغا چىقىپ، تىيانشان ئېغىزلىكىدىن ئۆتۈپ چاتىر كۆلىگە كەلدى، ئاندىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، شارخۇ كۆلىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە باردى. ئۇلار ئون تاغ ئېغىزىدىن ئۆتتى، يەنە IV ئىمرا مۇز دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇن ئىزلارنى بايقىدى. فانبورى باش تەھرىرلىكىدە «تۈركىستاننى تەكشۈرۈش» ناملىق ئەسەر يېزىلدى. خىنىڭ ياتتۇننىڭ «مەركىزىي تۈركىستاننىڭ گېئولوگىيىسى ۋە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭنىڭ 2000 يىلى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ئەنگلىيىلىك كروبىس، فرانسىيىلىك ئوشنى قاتارلىقلار ئۈشتىن قەشقەر، يەكەن، خوتەنگە باردى.

### 1904 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 30 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، روسىيە تەۋەلىكىدىكى 100 قازاق 15 مىڭ تۇياق ئاتنى نارىنكۆل قاراۋۇلخانىسىدىن ھەيدەپ

كىرىپ، موقۇل مودۇندا باقتى، 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاتلىرىنى ھەيدەپ كەتتى.

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئىلىدىكى ياڭجىڭ مەكتىپىدە رەسمىي ئوقۇش باشلاندى، مەكتەپكە مانجۇ، موڭغۇل يىگىتلىرىنىڭ 40 پەرزەنتى قوبۇل قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، روسىيە ئەلچىسى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىگە خەت سۇنۇپ، روسىيىنىڭ تارباغاتايدىكى سودىسى ھەر يىلى تەخمىنەن تۆت مىليون سەردىن ئارتۇق بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا سودا ئىشلىرىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تارباغاتايدا مۇۋاپىق جاينى تاللاپ بازار ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسى روسىيە ئەلچىسىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان بارىكۆل، فۇكاڭ، ماناس ئۈچ ناھىيىدىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق ئازايتىلدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش باشقارمىسى شىنجاڭدىكى ئىلىغا، شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرىگە مەشىق قىلغۇچى يېڭى ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

7 -، 8 - ئايلاردا، فەن شياۋسۇ ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىن فۇكاڭغىچە، جىمسادىن گۇچۇڭغىچە سىم تارتىشنى تەكلىپ قىلدى. سىمنى روسىيە سودىگەرلىرىدىن سېتىۋالماقچى بولدى، 100 جىڭ سىمنىڭ باھاسى ۋە توشۇش كىراسى 23 سەر سەككىز مىسقال دەپ ھېسابلاندى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئەن چىڭ ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى، تارباغاتاينىڭ مەسلىھەت ئامبىلى بولدى.

11 -، 12 - ئايلاردا، روسىيىلىك سودىگەر زىميانوۋ تۇرپان



شەھىرىدە پاختا ئېتىش ماشىنىسى ئورناتتى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، روسىيىلىك 70 قازاق ئون مىڭ ئات بىلەن ئون چېدىرنى ئېلىپ، نارىنكۆل قاراۋۇلخانىسىدىن كىرىپ، ئويراتلارغا تەۋە موقۇل مودۇندا ئات باقتى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، قوبدۇنىڭ مەسلىھەت ئامبىلى رۈي شۈن كېسەل سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئورنىغا خىلۇڭجياڭنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى شۇ شۈن تەيىنلەندى.

شۇ يىلى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تاغ ئېغىزلىرى ئارقىلىق روسىيە سودىگەرلىرى ئېلىپ كىرگەن ماللارنىڭ مىقدارى 2 مىليون 15 مىڭ 517 سەرگە، روسىيىگە چىقىرىلغان ماللارنىڭ قىممىتى 1 مىليون 338 مىڭ 40 سەرگە يەتتى.

شۋېتسىيىلىك ئەر - ئايال مىسسىئونېرلار (دىن تارقاتقۇچىلار) دىن يەتتە كىشى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي قوۋۇقىدا ئەيسا چېركاۋىسىنى سالدۇردى، بۇ چېركاۋدا جەمئىي 20 نەچچە ئادەم دىنىي تەربىيە ئالدى.

1904 -، 1905 - يىللىرى، گېرمانىيىلىك لېكوك تۇرپاندا 2 - قېتىم قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، 1904 - يىلى 11 - ئايدا لېكوك سىمپالاتىسىك قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدىن تۇرپان ۋە قاراغوجىغا باردى، ئۇلار توققۇز ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇ جايلاردىن يۇناننىڭ ۋە ھىندىستاننىڭ ئۇسلۇبى بويىچە ياسالغان قورچاقلارنى، پۇللارنى، تۈرلۈك يېزىقتىكى ۋەسىقىلەرنى تېپىپ نەچچە 100 ساندۇققا قاچىلاپ ئەپكەتتى. 1905 - يىلى 10 - ئايدا لېكوك قەشقەرگە كەلدى، 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى گرونۋېدېل بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، يەنە كۇچا، تۇرپانلارغا كېلىپ داۋاملىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. لېكوكنىڭ «جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ يەر ئاستىدىكى گۆھەرلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

1905 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 31 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئامېرىكىلىق جۇغراپىيە شۇناس خىلىڭ ياشتون روران (كىرورەن) خارابىسىغا كەلدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، روسىيە كۇنسۇلخانىسى شىنجاڭ دائىرىلىرىگە، روسىيە سودىگىرى كوكوئۇنباسوۋ ماناس، شىخو ئىككى جايدا نېفت قۇدۇقى قازماقچى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا نېفت چىقىدىغان جاينى يا 40 يىل ئىجارىگە بېرىشنى، يا يىلىغا موسانى بويىچە ئىجارە ھەققى تۆلەشنى، يا نېفتنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن باج تۆلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت سۇندى. گەنسۇ - شىنجاڭ ۋالىيسى فەن شياۋسۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئىلىمىزدىكى ئويراتلارنىڭ زېمىنى — موقۇل مودۇندا 10 مىڭ ئېتىنى بېقىۋاتقان روسىيىلىك قازاقلار نارىنكۆل قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق چېقىپ كەتتى.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، مالىياڭ - موڭغۇل، قازاق چارۋىچىلىرىدىن يىغىۋېلىنغان يۈك - تېرىلەرنى روسىيە سودىگەرلىرى ئېلىپ - سېتىپ، ئۇرغۇن نەپ ئېلىۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت نامىدىن ئىدارە قۇرۇپ، قوشۇمچە يۈك - تېرە شىركىتى تەسىس قىلىپ، پايدا - مەنپەئەتنى قايتۇرۇۋالساق، دەپ تەكلىپ سۇندى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئىلى جياڭجۈنى مالىياڭ ئولاستايغا جياڭجۈن بولدى، ھەربىي مەھكىمىنىڭ مىرزىسى چاڭ گېڭ ئىلى جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلەندى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ليەن كۈي گەنسۇ - شىنجاڭ باش ۋالىيسى بولدى. ئۇ ۋەزىپىگە تېخى ئولتۇرماي تۇرۇپلا ئورنىغا ۋۇ يىنسۈن تەيىنلەندى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، روسىيىلىك 100 قازاق ئون چېدىرنى ئېلىپ، ئون مىڭ ئاتنى ھەيدەپ نارىنكۆل قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق ئويراتلارنىڭ زېمىنى موقۇل مودۇندا ئات باقتى. 1906 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.



12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، گەنسۇ - شىنجاڭ باش ۋالىيسى ۋۇ يىنسۈن: مۆلدۈر، سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان يېزىسار ناھىيىسىنىڭ ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، قۇتقۇزۇش بېرىشكە ئەمەلدار ئەۋەتىلدى، دەپ مەلۇمات يوللىدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، چېگرىدىن ئۆتۈپ تارباغاتايغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان روسىيىلىك قازاقلارنى ئىنقىلاش ئۈچۈن، ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىنقىلايدىغان ساقچىلار ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى، روسىيىلىك سودىگەرلەر شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن ماللارنىڭ قىممىتى 2 مىليون 367 مىڭ 89 سەرگە، روسىيىگە چىقىرىلغان ماللارنىڭ قىممىتى 1 مىليون 893 مىڭ 684 سەرگە يەتتى.

ئەنگلىيىلىك بىر چارۋا دوختۇرى ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى شىمالىي كوچىدا ئەنگلىيە ئەيسا چىركاۋىنى سالدۇرۇپ ئەيسا تەلىماتىنى تەرغىپ قىلدى. 16 ئەر - ئايال ئۇنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

روسىيە خارجى ئىشلار مىنىستىرلىكى قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا كومىتېتى تىلشۇناس ۋە ھىندىشۇناس ئولدىنبۇرگ باشچىلىقىدىكى تۇرپاننى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ئەترىتىنى بىرنەچچە يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتى، ئۇلار 1910 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى) دۆلىتىگە قايتتى.

1906 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 32 - يىلى)

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، گېرمانىيىدىن سېتىۋېلىنغان قورال - ياراغلار ئىلىغا توشۇپ كېلىندى. قورال - ياراغلار روسىيىدە تۈتۈپ قېلىنغان مەزگىلدە 5000 پاي مىلتىق ئوقى، 20 پاي زەمبىرەك ئوقى يوقاپ كەتتى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يەكەندە يەر تەۋرىدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، كۇچادا يەر تەۋرىدى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، تۇرغاۋۇت جەنۇبىي قىسىم قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقىلى جاساق جولىكتۇخان بۇيانمۇڭكۇ بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاۋستىرىيىلىك زۇئولوگ چۇگمانىل تاشقورغاندىن قەشقەرگە كەلدى. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە خوتەندە بولدى. ئۇ كىرىيىدە يىغىۋالغان تەبىئەت تارىخىغا دائىر ئەۋرىشكىلەرنى ئۈچ ساندۇققا قاچىلاپ ئەپچىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ «1906 - يىلى تاشقورغاندىن شىزاڭغا قىلىنغان سەپەر» ناملىق ئەسىرى بار.

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۆتكەن يىلى ئاپەتكە ئۇچرىغان پېچىسارنىڭ ئاشلىق، ئوت - چۆپ سېلىقى كەچۈرۈم قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، يەكەندىكى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان يەرلەردىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق كەچۈرۈم قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، سىتېيىن كەشمىردىن يولغا چىقىپ تاغدۇمباش، تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەرگە كەلدى. 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەردىن يولغا چىقىپ، 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خوتەنگە باردى. كۆكياردا باش شتاب قۇرۇپ، شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەسىدىكى مۇز چوققىلىرىنى جۇغراپىيىلىك تەكشۈردى. 9 - ئايدا خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، VIII ئەسىرگە تەئەللۇق سانسكرىتچە، خەنزۇچە، ئودۇن يېزىقىدىكى يازمىلارنى ۋە تۇبۇتچە، ئودۇن يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى تاپتى. 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، نىيىگە كېلىپ، نۇرغۇن تارشا پۈتۈكلەرنى، قارۇشتى يېزىقىدىكى يازمىلارنى، قەدىمكى پۇللارنىڭ ۋە تۈرلۈك قەدىمكى كىيىم - كېچەكلەرنى تاپتى. 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، مىران (كىروران) غا بېرىپ، نۇرغۇن خەنزۇچە يازمىلار ۋە قارۇشتى يېزىقىدىكى يازمىلارنى تاپتى، يازمىلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، كىروران شەھىرى III، IV ئەسىرلەردە



تاشلىنىپ قالغان، دەپ ھېسابلىندى.

8 - ئايدا، فىرانسىيە ئاممىۋى مائارىپ مىنىستىرلىكى، پارىژ جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە فىرانسىيە مەڭگۈ تاشلارنى تەتقىق قىلىش ئورنى بىرلىكتە بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللىدى. بۇ ئەترەت روسىيىدىن قەشقەرگە كەلدى، ئاندىن مارالبېشى، ئاقسۇ، باي ئارقىلىق تېكەس دەريا ۋادىسىدىن ئۆتۈپ كۇچاغا كەلدى. ئۇلار كۇچا بىلەن قارا شەھەردە سەككىز ئاي تۇردى. 1907 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە مىڭئۆيلەرنى تەكشۈردى، بىراھمى يېزىقىدىكى نۇرغۇن يازمىلارنى، تارشا پۈتۈكلەرنى، ياغاچ قورچاقلارنى، تامغا - مۆھۈرلەرنى، قەدىمكى پۇل قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا كوسەن يېزىقىدا يېزىلغان كارۋان يول خېتىنى ئەپچىقىپ كەتتى.

8 -، 9 - ئايلاردا، ئالتايدا مۇستەقىل ھەربىي كەنت تەسىس قىلىندى.

9 - ئايدا، تويۇن - قەشقەر يولىنى ياساشقا ئىشلىتىشكە، روسىيە جوڭگو - روسىيە داۋشېڭ بانكىسى ئارقىلىق قەشقەر ۋالىيسى يۈەن خۇڭيۇغا 20 مىڭ رۇبلى قەرز بەردى. بۇ پۇل يول بېجى ئارقىلىق تۇتۇپ قېلىنىدىغان بولدى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، گەنسۇ - شىنجاڭ باش ۋالىيسى لىيەن كۇي: لۈكچۈن - تۇرپان جۇڭۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ خۇسۇسىي جازا قوراللىرى پاچاقلاندى ھەمدە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە بۇ خىل قىلمىش مەنئى قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىندى، دەپ مەلۇمات يوللىدى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۆلكە مەركىزىي ئۈرۈمچىدە 15 مىنۇت يەر تەۋرىدى. ماناسنىڭ بەزى جايلىرىدا ئاپەت ئەھۋالى ئېغىر بولدى. شىمالدا چۆچەك، شىخو، جەنۇبتا تۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارمۇ ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

شۇ يىلى، روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى

چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزگەن مالنىڭ قىممىتى
3 مىليون 581 مىڭ 438 سەرگە، شىنجاڭ روسىيىگە چىقارغان مال-
نىڭ قىممىتى 2 مىليون 884 مىڭ 163 سەرگە يەتتى.

لىيەنكۇي ئۈرۈمچىنىڭ نەنلياڭ رايونىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيە
مەكتىپى ئېچىپ، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۈچ يىل ئوقۇ-
تۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىرىنى شەنشى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى-
گە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئەنگلىيىلىك بىر مال دوختۇرى ئۈرۈمچىدە ئەيسا چىركاۋى-
سىنى سالدۇرۇپ دىن تارقاتتى، ئۇ نەچچە كىشى ئۇنىڭغا ئىخ-
لاس قىلدى.

گېرمانىيىلىك گوكېل يۈك ـ تاقىلىرىمنى ئوغرى ئالدى،
دەپ ئايماق ـ ناھىيىلەردىن نۇرغۇن پۇل تۆلەپ بېرىشنى تە-
لەپ قىلدى. ئۇ باركۆلنىڭ غەربىي ئەمەلدارىغا تەلەپ قويغان-
دا، غەربىي ئەمەلدار قوشۇلمىسا، تاپانچا تەڭلەپ ماجرا تۇغدۇر-
دى. بۇ ئىش توغرۇلۇق روسىيە كونسۇلىغا تېلېگرامما يوللاندى
ۋە ئۇنىڭ ساياھەت گۇۋاھنامىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. گوكېل
چۆچەككە يالاپ ئاپىرىلىپ، كونسۇلغا تاپشۇرۇلۇپ، چېگرىدىن
قوغلاپ چىقىرىلدى.

ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ئىشلار ۋەكالەت خادىمى فورىيان قا-
راقورۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ خوتەن، يەكەن، قەشقەرلەرگە
كەلدى، ئاندىن تەلكە داۋىنىدىن ئۆتۈپ قوقەنت، تېھرانغا بار-
دى. 1907 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لوندونغا يېتىپ باردى.

1907 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 33 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ياپونىيىلىك رىيېچاڭ ياپونىيە
مەسلىھەتچىلەر شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىنجاڭنى تەكشۈ-
رۈشكە كەلدى. رىيېچاڭ بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، گەنسۇ ئار-
قىلىق شىنجاڭغا كەلدى. ئاندىن قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى،
ماناس، شىخو، تارباغاتاي، ئىلى، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ،



قەشقەرگە بېرىپ 9 ـ ئايدا يەكەنگە كەلدى. ئاندىن قاراقۇرۇم
تېغىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستان ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتتى.

1 ـ ئايدا، ستېيىن مىراندا نۇرغۇن تۇبۇتچە يازمىلارنى
ۋە III ئەسىرگە تەئەللۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى يازمىلارنى، كۆك
تۈركچە يازمىلارنى تاپتى. 2 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇن-
خۇاڭغا باردى. 10 ـ ئايدا قۇمۇلغا كېلىپ، تۇرپان ئارقىلىق يە-
كەنگە باردى ۋە پامىردىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا قايتتى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ: تۇر-
پاندىن يىلىغا نەچچە مىليون جىڭ پاختا چىقىدۇ، بۇلارنى روس-
يىلىكلەر سېتىۋېلىپ رەخت توقۇپ، يەنە جۇڭگودا سېتىپ ھەددى ـ
ھېسابسىز نەپ ئېلىۋاتىدۇ، ماشىنا ـ ئۈسكۈنە سېتىۋېلىپ، ئىدا-
رە تەسىس قىلىپ، بۇ ئىشتىن كېلىدىغان پايدا ـ مەنپەئەتكە
ئۆزىمىز ئىگە بولساق، دەپ تەكلىپ يوللىدى.

2 ـ، 4 ـ ئايلاردا، قۇمۇلدىكى غوجانىياز، دۇگامەت قاتار-
لىقلار قۇمۇل مەھكىمىسىگە كېلىپ، غەللە ـ پاراقنى ئازايتىشنى تە-
لەپ قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۆلكە مەركىزىدە ھۈنەر ـ سەن-
ئەت باش زاۋۇتى قۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئاقسۇنىڭ لەشكەر سەردارى تاڭ
يۈكشەن ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ بىشەملىك قىلغانلى-
قى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى: گەنسۇ ـ شىنجاڭ باش ۋالىيسى
لىيەنكۇي ماناستا يەر تەۋرەپ ئادەملەر زىيان ـ زەخمەتكە
ئۇچرىدى، قۇتقۇزۇش بېرىلسە دەپ مەكتۇپ سۇندى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى قو-
شۇمچە تارباغاتاينىڭ مەسلىھەت ئامبىلى ئەن چىڭ كىسەل سەۋە-
بىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تار-
باغاتاينىڭ لەشكەر سەردارى زارامۇئا تەيىنلەندى.

6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، تيانشان بويلىرىدا يەر تەۋرىدى، ئۈرۈمچىدە خېلى كۆپ ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۇيغۇر ۋاڭى قۇمۇلدا غوجانىياز بىلەن دوگامەتنى قولغا ئالدى. 7 ـ كۈنى، قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلاردىن 100 نەچچە كىشى ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ دەۋرازىسىنى كېسەك بىلەن توسۇۋەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شىنگودا بەش مىسقاللىق! ئىككى مىسقاللىق، بىر مىسقاللىق پۇل قۇيۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «جۇڭگو ـ روسىيە چېگرا تاختىلىرىنى تەكشۈرۈش چۆچەك كېلىشىمى» ئىمزالاندى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇمۇلنىڭ شاگىيۇسى موللا راجى مىڭ نەچچە يۈز كىشى توپلاپ ئۇيغۇر شەھىرىنى قورشىۋالدى، باركۆلنىڭ لەشكەر سەردارى يې شىڭخۇ قوشۇن ئەۋەتىپ، ئالتە كىشىنى ئۆلتۈردى، خەلق «مىلتىق، تاش ئېتىپ» قارشىلىق كۆرسەتتى. موللاراجى قولغا ئېلىندى. 1908 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غوجانىياز، دوگامەت، موللاراجىلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

9 ـ، 10 ـ ئايلاردا، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىدە ئوقۇش باشلاندى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى قوشۇمچە تارباغاتاينىڭ مەسلىھەت ئامبىلى زارافىڭا روسىيىنىڭ چۆچەكتىكى كونسۇلى سوكوف بىلەن روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ چاي ئەتكەسچىلىكىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سەككىز ماددىلىق كېلىشىم ئىمزالىدى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ھەرقايسى ئۆلكىلەردە تەكشۈرۈش ئىدارىسى قۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشتى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئىلىدىكى ھەربىلەرنى تېز تەربىيىلەش مەكتىپىدە ئوقۇش باشلاندى.



شۇ يىلى ئۆلكە مەركىزىدە سودا ئىشلىرى باش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

باش ئىدارە ۋە شۆبە ئىدارىلەر 77 مىڭ 314 سەر باج يىغدى. باشقا يىللاردا يىغىلغان پۇلمۇ ئاساسەن مۇشۇ يىلنىڭكىگە ئوخشاش بولدى.

يەكەندە ھۆكۈمەت باشقۇرغان ئىپتىدائىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى.

روسىيىلىكلەر مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسنى روسىيە گىراژدانلىرىنىڭ تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ، ئېلىمىزگە قايتۇرۇپ بەردى.

فرانسىيىلىك پوپ لىي چىڭخۇا بىلەن بىر ئايال مىسسىئونېر ئۈرۈمچى كاتولىك چېركاۋىسىنى ئاچتى، 83 كىشى كاتولىك دىنىغا كىردى.

ئۆلكە مەركىزىدە روسىيە سودىگەرلىرى 30 نەچچە دۇكان ئاچتى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە 800 نەچچە روسىيە سودىگىرى بار ئىدى. روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ماللىرىنىڭ قىممىتى 300 مىڭ رۇبلى ئىدى.

شياڭگاڭدىكى ئەنگلىيىلىك ئەمەلدارلار كرامپىنت ئەنجانىدىن پولغا چىقىپ، پامىردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە ئاسترونومىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1908 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 34 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، چۆچەكنىڭ مۇئاۋىن سەركەردىسى گۇ جېنجېي ئاقسۇنىڭ باش سەركەردىلىكىگە تەيىنلەندى.

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ مەسلىھەت ـ مۇھاكىمە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

9 ـ ئايلاردا، چۆچەكنىڭ غەربىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى سىكتۇدا بىر قاراۋۇلخانا قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ياپونىيىلىك جۇرۇيچياۋ، يېسۇنرۇڭسەنلاڭ بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، جاڭجياكۇ، كۇلۇن، ئۇلاس-

تاي، قۇبدۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلدى ۋە ئۈرۈمچىدە 20 نەچچە كۈن تۇردى. 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇرۇيچياۋ تۇرپاندا يېسۇنرۇگىسەنلاڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆزى يالغۇز قاراغوجىنى تەكشۈردى ۋە ئۇ يەردە II ئەسىرگە تەئەللۇق بەزى يازمىلارنى تاپتى. ئاندىن خوتەن، يەكەنگە بېرىپ، 1909 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەردە يېسۇنرۇگىسەنلاڭ بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلار بىرلىكتە يەكەنگە بېرىپ، قارا قۇرۇم، كەشمىردىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا باردى.

شۇ يىلى قاراشەھەردە ھۆكۈمەت تەرەپ ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچتى.

ئىلى ئامبىلى شۇي گوجىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچتى.

قەشقەر كونىشەھەردە مەكتەپ قۇرۇلدى.

يەكەندە ھۆكۈمەت مەكتىپى ۋە خەت تونۇتۇش سىنىپى ئېچىلدى.

تۇرپاننىڭ جۇنۋاڭى لۇكچۇننىڭ غەربىي كوچىسىدا خۇسۇسىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچتى.

1908 - يىل — 1909 - يىلنىڭ باشلىرى، بىرىيۇسىل پادىشاھلىق تەبىئىيەت تارىخىي مۇزېيىنىڭ دوكتورى گېلبور جەنۇبىي شىنجاڭدا گېئولوگىيە ۋە جۇغراپىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ سىزغان خەرىتە بۇ رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەنگلىيىلىك مېنھام شائىشياۋ قەشقەرگە كەلدى، ھەمدە تيانشاندىن ئۈچ قېتىم ئۆتتى. چۆل - جەزىرىدىن ئۆتۈپ لەنجۇغا ئاندىن شىزاڭنىڭ شەرقىگە، شەنشىگە، بېيجىڭغا باردى. ئۇ ئۆزى باسقان ۋە مۇھىم دەپ قارىغان مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى خەرىتىگە ئالدى. شۇنداقلا ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۇ «غەربتىن شەرققە ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» ناملىق ئەسەرنى يازدى.



1909 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى)

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، مۇئاۋىن دوتۇڭ سەن دو: غەربىي شىمالدىكى موڭغۇللار خەنزۇچە خەتنى تونۇمايدۇ، قاتناشمۇ قولايسىز، موڭغۇللارغا يېرىم كۈن ئوقۇيدىغان خەنزۇچە سىنىپ ئېچىپ بەرسەك، دەپ تەكلىپ سۇندى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، روسسىيە ئەلچىسى ئۈرۈمچى بىلەن چۆچەكنىڭ پوچتا ئالاقىسىنى كۆچەيتىشنى تەكلىپ قىلىپ خەت سۇندى.

4 -، 5 - ئايلاردا، مەسلىھەت - مۇھاكىمە ئىدارىسى قارىمىقىدا ئۆلكە بويىچە نوپۇسنى تەكشۈرۈش ئورنى تەسىس قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، چېكەتكە ۋە سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان بارىكۆل، يەكەن، فۇكاڭ، جىمسار قاتارلىق جايلاردىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق ئازايتىلدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆلكە مەركىزىدىكى قىزىلتاغ ئېغىزىدا تيەنجىنلىكلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى، تيەنجىنلىكلەردىن يەتتە - سەككىز كىشى ئۆلدى، يارىدارلاندى. ھەربىي ئىنتىزام قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ شەنشىنىڭ باش ۋالىيسى بولدى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى گۇاڭ فۇ ئىلى جياڭجۈنى بولدى.

7 - ئايدا، بوگور ناھىيىلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، گاۋ ۋېنشياڭ ئۇيۇشما باشلىقى بولدى.

8 - ئايدا، روسسىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى پېتىربۇرگتىن قەشقەرگە كېلىپ، نۇرغۇن ئىبادەتخانىلارنى ۋە ئۇلاردىكى نەقىشلەرنى بىر ئاي تەكشۈردى، ئاندىن قۇچۇ قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرۈشكە يولغا چىقتى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەتنىڭ باش پۇل ئىدارىسى قۇرۇلدى.

مايتاغ نېفت زاۋۇتى قۇرۇلدى.

جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ بانكىسى سىبىرىيە، سەمەرقەنتتە مەركىزىي تارماق بانكا تەسىس قىلدى. سەمەرقەنت مەركىزىي تارماق بانكا قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا شۆبە بانكا قۇردى.

1910 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۆلكە مەركىزىدە باش پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ھەر يىلى 50 مىڭ سەر خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرقىي كوچا پوچتا ئىدارىسى، غەربىي كوچا پوچتا ئىدارىسى، شىمالىي كوچا پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

2 - ئايدا، تارباغاتايدا ئىلىندىكىگە ئوخشاش يۇڭ - تېرە ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلدى. شىركەتكە ھۆكۈمەت ۋە سودىگەرلەر 100 مىڭ سەر پاي قوشماقچى بولىدى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، روسىيە ئەلچىسى: تومسكى داشۆسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سوبولېۋ، بوگىلېۋ قاتارلىقلار موڭغۇلىيە، چۆچەك، بورۇلتوقاي، ئالتاي، قوبدۇ، ئولاستاي قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولغاندا، ئۇ يەرلەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى كۈتۈۋېلىپتۇ، دەپ مەلۇمات يوللىدى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، چاخارنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى ئېي لىغۇي ئىلىنىڭ مۇئاۋىن دوتۇڭى، قوشۇمچە تارباغاتاينىڭ مەسلىھەت ئامبىلى بولدى.

7 - ئايدا، شىخودا بەش ئېغىزلىق پوچتىخانا سېلىندى. پوچتا يولى شەرقتە ئۈرۈمچى، ماناسقا، جەنۇبتا نەنسەندىن قارا شەھەرگىچە، غەربتە ئىلى، جىڭ، ساۋەنگىچە، شىمالدا چۆچەككىچە، شەرقىي - شىمالدا ئالتايغىچە، غەربىي - شىمالدا قوشتولغايغىچە تۇتاشتى.



8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، جۇڭ دۇۋەن قوبدۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئامبىلى بولدى.

8 - ئايدا، ياپونىيىلىك جۇرۇيىچياۋ لوندوندا داگۇگۇاگرۇي بىلەن خوشلىشىپ، ئومسكى ئارقىلىق چۆچەككە كەلدى. 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا باردى، لوپنۇرنى تەكشۈردى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان كۇچا، پىچان ناھىيىلىرىدىن ئېلىنىغان غەللە - پاراق ئازايتىلدى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ، باركۆل، قۇمۇل، شىخو، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەرگە قەرز بېرىلگەن ئۇرۇقلۇقنىڭ پۇلى كەچۈرۈم قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەندۇڭنىڭ سابىق باش ۋالىيسى يۈەن داخۇا گەنسۇ - شىنجاڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى، ئىلىدا 30 مىڭ ئاھالە نوپۇسى، ئۈرۈمچىدە 60 مىڭ ئاھالە نوپۇسى، گۇچۇڭدا 50 مىڭ ئاھالە نوپۇسى بار ئىدى.

شىنجاڭ بويىچە 213 پوچتا ئۆتەڭى، 1060 نەپەر پوچتىكەش، 2104 پوچتا ئېتى بار ئىدى.

كۇزدە، ئىلى، ئۈرۈمچى، قارا شەھەر، كۇچالاردا ئارقا - ئارقىدىن پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى، ئاقسۇ، قەشقەر، جېڭدى ئۈچ جايدىكى قاراۋۇلخانىلار ئارقىلىق روسىيە سودىگەرلىرى ئېلىپ كىرگەن ماللارنىڭ قىممىتى 2 مىليون 856 مىڭ 641 سەرگە، چىقىرىلغان ماللارنىڭ قىممىتى 2 مىليون 303 مىڭ 680 سەرگە يەتتى.

ئەنگلىيىلىك مۇخبىر مورىسون شىنجاڭغا ساياھەتكە كېلىپ، سودا ئىشلىرىنى، قاتناش ئىشلىرىنى ۋە مەكتەپلەرنى تەكشۈردى.

ياپونىيىلىك جۇرۇيچياۋ يەنە شىنجاڭغا كەلدى ۋە تۇرپان، قارا خوجا، يارغول، لوپنۇر، مىران قەدىمىي شەھىرى، ئالتۇنتاغ خوتەن، دۇنخۇاڭلارنى تەكشۈردى. ئۇ «ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈشتىن خاتىرە»، «يىڭى غەربىي رايوننى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن خاتىرە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى.

1910 -، 1911 - يىللىرى، گېرمانىيىنىڭ كارايىس - مىل ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى سىبىرىيىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، چۆچەك ۋە قۇمۇلدا سەككىز ئاي تاغ - جىلغىلارنى ۋە تەبىئەت تارىخىنى تەكشۈردى، ئاندىن گۇچۇڭغا باردى، بوغدا چوققىسىنى، ماناسنى، قەشقەرنى، ئىلىنى ۋە باشقا جايلارنى تەكشۈردى.

1911 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شىنجاڭدا سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شىنجاڭدا 100 كىشىلىك قوغداش ئەترىتى تەشكىللەندى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، خاڭجۇنىڭ جياڭجۇنى جىرۋى ئىلى جياڭجۇنلۇقىغا تەيىنلەندى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى: خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مەلۇماتى: 2 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ بويىچە 385 مىڭ 845 رەسمىي ئائىلە نوپۇسى، 67 مىڭ 632 قوشۇمچە ئائىلە نوپۇس بار ئىكەن.

5 - ئايدا، شىنجاڭدا سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. تيەنجىن گۇرۇھىدىكى «سەككىز بايۋەچچە»نىڭ بىرى — يۈگېيۈيدى تۇرلۇك ماللار سودا - سارىيىنىڭ جاڭگۈيسى ياڭ شاۋجۇ ئۇيۇشما باشلىقى بولدى. شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە جەمئىي 1134 سودا - سانائەتچى بولۇپ، ئۇلاردىن توقسان يەتتىسى ئۇيۇشمىغا ئەزا بولدى.

6 - ئايدا، ياڭ زېڭشىن ساقچى ئىشلار ئورگىنىنىڭ باشلىقى بولدى.



10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، گۇاڭ فۇ ياڭ زەڭشىنى يارەمچى مەھكىمە باشلىقى قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جىرۋى ئىلىغا كەلدى.

11 - ئايدا، ئۈرۈمچى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، دۇبەن مەھكىمىسى دەرۋازىسىغا قوزغىلاڭ قىلماڭ دېگەن مەزمۇندا خەت چاپلاندى. يۈەن داخۇا شەھەر مەركىزىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش، ئىنقىلاب قىلىش تەشەببۇسچىلىرىنى تۇتقۇن قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، يۈەن داخۇا مەخپىي مەلۇماتنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئىنقىلاب تەشەببۇسچىلىرىنىڭ باشلىقى تاڭ شياۋيۈن، يارەمچى چېن گۇاڭمۇ قاتارلىقلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ليۇشيەنجۇن 100 نەچچە ئادىمىنى باشلاپ ئۆلكە مەركىزىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار مۇھىم جايلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قورال - ياراغلىرى تولۇق بولغاچقا غەلىبە قىلالمىدى، ئۇلار چېكىنىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتلىق - پىيادە ئەسكەرلىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشتى. 29 - كۈنى چۈشكە كەلگەندە، ئۇلار تامامەن مەغلۇپ بولدى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ليۇشيەنجۇن قاتارلىقلار قۇربان بولدى، ئىنقىلاب پارتىيىسىدىكىلەردىن نەچچە ئون ئادەم ئۆلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى تيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىدا يەر تەۋرەپ، 450 ئادەم ئۆلدى، بەزى يەرلەر يېرىلىپ كەتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە 2 مىليون 162 مىڭ 30 ئەر - ئايال بار ئىدى.

1911 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوت كوللېگىيىسى تەشكىل قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، خاڭجۇ جياڭجۇنى جىرۋى ئىلى

جياڭجۇنلىككە، ئىلى جياڭجۇنى گۇاڭ فۇ خاڭجۇ جياڭجۇنلىككە يۆتكەلدى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مەلۇماتى: 2 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ بويىچە 385 مىڭ 835 رەسمىي تۈتۈن (ئائىلە)، 67 مىڭ 632 تۈتۈن بار ئىكەن.

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئورگىنى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ئەدلىيە بۆلۈمى، مەمۇرىي بۆلۈم، خوجىلىق بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمىدىن ئىبارەت تۆت بۆلۈم تەسىس قىلىندى.

4 - ئايدا، ۋاڭ شۈزېڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئورگىنىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەندى.

5 - ئايدا، شىنجاڭ سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، تيەنجىن گۇرۇھىدىكى «سەككىز بايۋەچچە»نىڭ بىرى — يۈڭ يۈيدې چەرچىن ماللار ماگىزىنىنىڭ جىڭلىسى، ياڭ شاۋجۇ ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى باشلىقى بولدى. شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە جەمئىي 1134 سودا - سانائەتچى (ئۇلاردىن 764 نىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك دۇكىنى، 370 نىڭ قول سانائەت دۇكىنى بار ئىدى) بولۇپ، ئاران توقسان يەتتىسى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولدى، بۇ سودا - سانائەتچىلەرنىڭ 8.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، يۈەن داخۇا سىلاۋچى (شۇنفۇ) بولدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى: يۈەن داخۇانىڭ مەلۇماتنامىسى: ئۆلكە مەركىزىدىكى جۇڭگو - روسىيە سودا ئىدارىسى خارجى ئىشلار باش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، قەشقەر، ئىلى ئىككى جايدىكى جۇڭگو - روسىيە سودا ئىدارىلىرىمۇ خارجى ئىشلار باش ئىدارىسىنىڭ شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، روسىيە ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق



ئەلچىسى مالايۋىدىنى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، جۇڭگو بىلەن 1881 - يىلى ئىمزالىغان «ئىلى شەرتنامىسى»نى قايتا مۇھاكىمە قىلىشقا ئەۋەتتى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، سۆھبەت پېتربۇرگتا ئۆتكۈزۈلدى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، قۇبدۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئامبىلى جۇڭ رۈيگە پايتەختكە كېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشتى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئىنقىلابىي قۇربان ليۇ شيەنجۈن، ئىنىسى ليۇ شيەنرېنلار ئۈرۈمچىگە كەلدى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، گۇاڭ فۇ ياڭ زەنشىنى مەھكىمە ياردەمچىلىككە تامزات قىلىپ كۆرسەتتى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا ئىسيان كۆتۈرۈمىز دېگەن ئىسمىسىز خەت چاپلاندى، يۈەن داخۇا ئۆلكە مەركىزىدە ھەربىي ھالەت يولغا قويۇش، ئىنقىلاب تەشەببۇسچىلىرىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، يۈەن داخۇا مەخپىي مەلۇماتنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئىنقىلاب تەشەببۇسچىلىرىنىڭ باشلىقى تاڭ شياۋيۈن، ياردەمچىسى چېن گۇاڭمۇ قاتارلىقلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈردى. ليۇ شيەنجۈن 100 نەچچە ئادەمنى باشلاپ شۇ ئاخشىمى ئۆلكە مەركىزىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ، دۇبەن مەھكىمىسى، سىلاۋچى مەھكىمىسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە توپچى ئەسكەر گازارمىسى، ساقچى ئورگىنى قاتارلىق ئورۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى، دۈشمەننىڭ قوراللىرى تولۇق بولغاچقا، ئۇلار غەلىبە قازىنالمىدى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتلىق - پىيادە قوشۇنى بىلەن 29 - كۈنى چۈشكىچە كەسكىن ئېلىشىپ، ئاخىرى مەغلۇپ بولدى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ليۇ شيەنجۈن، چېن كۈيفاڭ قاتارلىقلار قۇربان بولدى، ئىنقىلاب پارتىيىسىدىن نەچچە ئون كىشى قەتلى قىلىندى.

شۇ يىلى، تيانشاننىڭ شىمالىدا يەر تەۋرەپ، 450 ئادەم

ئۆلدى، بەزى يەرلەر يېرىلىپ كەتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە 2 مىليون 162 مىڭ 30 ئەر - ئايال بار ئىدى.

1912 - يىلى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى)

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئىنقىلاب تەشەببۇسچىلىرى ئىلىدا كەچ سائەت 9 دا ئىسيان كۆتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولغانلىقىنى جاكارلىدى.

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئىلى بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى (دادۇدۇفۇ) قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، گۇاڭ فۇ ۋاقىتلىق تۇتۇق بولدى. بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى روسىيە كونسۇلىغا: «مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن تۈزگەن شەرتنامىلىرى يەنىلا كۈچكە ئىگە، چەت ئەللىكلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى قوغدىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا خەت تاپشۇردى.

شۇ كۈنى، جېرۋي ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇدېجىن ئىلىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سەردارلىقىغا تەيىنلەندى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، روسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئالتايدىكى روسىيە قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشنىڭ ئالتە تۈرلۈك شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئىلى بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى ئورگان ژۇرنىلى — «يېڭى ژۇرنال»نىڭ تۇنجى سانىنى نەشر قىلدى.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئىلى بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى ئۆرۈمە چاچنى كېسىش، كىيىم - كېچەكنى ئالماشتۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى.

2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئىلى بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى «ئەسكەرلەرگە ئالتە تۈرلۈك مۇراجەت»نى ئېلان قىلىپ، ھەربىلەردىن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى، ئالدى - ساتتىدا ئادىل



بولۇشنى، چەت ئەللىكلەرنى قوغداشنى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلماسلىقنى، باسقۇنچىلىق قىلماسلىقنى، نەشە چەكمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن قەشقەرنىڭ باشبۇغلۇقىغا، قوشۇمچە خارجى ئىشلار ئالاھىدە خادىملىقىغا تەيىنلەندى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئىلى بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى خەلق ئىشلار ئورگىنىنىڭ باشلىقى ئازسانلىق مىللەتلەرنى ھاقارەتلىك نام بىلەن ئاتاشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئېلان چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، يۈەن داخۇا بېيجىڭغا تېلېگرامما يوللاپ، جۇمھۇرىيەتنى ياقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە خىزمىتىدىن ئىستېپا سورىدى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، خوتەندىكى گېلاۋخۇيچىلاردىن چېن يۈيشياڭ (چېن فېڭنيەن) يامۇلغا سۇقۇنۇپ كىرىپ ساقچى باشلىقى جاڭ رۇڭچاڭنى ئۆلتۈردى. 1915 - يىلى 12 - ئايدا چېن يۈيشياڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنى، بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تېلېگرامما يوللىدى.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، يۈەن داخۇا شىنجاڭنىڭ جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە يۈەن شىكەيگە تېلېگرامما يوللىدى.

3 - ئايدا، تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنى قوبدۇدا كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭچىلىق قىلدى ھەمدە شەھەرگە بىر كېچە - كۈندۈز ھۇجۇم قىلدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يۈەن داخۇا خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى، ئورنىغا يۈەن خۇڭيۇ تۇتۇق (دۇدۇ) بولدى.

25 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن باش ۋالى بولدى.

4 - ئايدا، قۇمۇلدا تۆمۈر ئۇيغۇر ۋاڭنىڭ فېئوداللىق ئالۋان - ياسىقىغا قارشى چىقىپ، 200 نەچچە ئادەمنى باشلاپ ئىسيان كۆتۈردى، يۈەن داخۇا ئەۋەتكەن قوشۇن تۆمۈرنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئۇيغۇر ۋاڭى ئالۋان - ياساقنى يېنىكلىتىشكە مەجبۇر بولدى، ئىسيان ۋاقتىنچە بېسىقتى.

زەمبىرەكچىلەرنىڭ باشلىقى تاڭ يۇتىڭ باشقا تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئاقسۇ ۋالىيسى چېن جىڭيۈەننى، ئامبال ۋاڭ تەيفانى ئۆلتۈردى.

بارىكۆل خەلقى ئامبال جاڭ زەيرېننى ئۆلتۈردى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، خوتەنلىك سەرگەردان ۋاڭ دىڭباڭ 20 نەچچە كىشىنى باشلاپ، ناھىيىلىك يامۇلغا بېسىپ كىردى ۋە زەمبىرەكلەرنى تارتىۋالدى. 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كەچقۇرۇن ۋاڭ دىڭباڭ جۇرۇيچېننىڭ مۇھاپىزەتچىسى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، كۇچانىڭ ئامبىلى ماۋ يىڭۋې يامۇل ئالدىدا ئاتلىق ئەترەتتىكى جۇڭ گۈەنخۇا تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. جۇڭ گۈەنخۇا ئاقسۇغا قېچىپ بارغاندا قولغا ئېلىندى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەردە، قەشقەردىكى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقلىرى بيەن يۇڭفۇ، ۋېي دىشىيەنلەر ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن تۇتۇق يۈەن خۇڭيۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئۆلتۈردى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ تۇتۇق (دۇدۇ) لىقىغا، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئىلىدىكى ئىنقىلاب تەشەببۇسچىلىرى تىنچلىق بىتىمى توغرىسىدا 11 ماددىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.



5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئىلى بۇيۇك تۇتۇق مەھكىمىسى پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇمىي تېلېگرامما يوللاپ، يۈەن شىكەينىڭ شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنى قايتا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىلى ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، يۈەن داخۇا ئىچكىرىگە كەتتى، ياڭ زېڭشىن تامغىنى ۋە خىزمەتنى تاپشۇرۇۋالدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيدىغان جاڭ سېيتىڭنى قۇمۇلغا قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى بەزلەپ قورال تاپشۇرۇشقا كۆندۈرۈشكە ئەۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن قوزغىلاڭنى تىنچ يول بىلەن تىنجىتىش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭىدىن ئالۋان - ياساقنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن مالىيىنى ئېنىقلاش بۇيرۇقى چۈشۈردى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چاررۇسىيە مۇھاجىر سودىگەرلەرنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، قەشقەردىكى ئەسكىرىنى كۆپەيتتى، قەشقەر دەرۋازىسىنى پارتلىتىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ياڭ زەڭشۈي قەشقەرنىڭ باشبۇغ (تىدۇ) لىقىغا تەيىنلەندى، ياڭ زەڭشۈي ئىچكىرىگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ما فۇشىڭ ئۆتىدى.

10 - ئايدا، غەللە - پاراق، ئوت - چۆپ يىغىش توغرىسىدىكى 14 ماددىلىق بەلگىلىمە ئېلان قىلىنىپ، دۆلەت بېجى بىلەن يەرلىك باجنىڭ پەرقى ئايرىلدى.

شۇ يىلى يازدا، قۇمۇلدىكى تۆمۈر قاتارلىقلار نەنسەندە بارىكۆلنىڭ ئامبىلى يى شىڭفۇنى ئۆلتۈردى. يۈەن داخۇا قوشۇن باشلاپ كەلگەن بولسىمۇ، قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرالمىدى. 7 - ئايدا، ياڭ زېڭشىن جاڭ سېيتىڭنى بەزلەشكە ئەۋەتتى. قىشتا، تۆمۈر 2- قېتىم ئىسيان كۆتۈردى. ياڭ زېڭشىن ھەم يۇمشاق قول ھەم قاتتىق

قول بولۇش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئاخىرى تۆمۈرنى ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ يىڭجاڭ بولۇشقا كۆندۈردى، ئاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارنى تارقىتىۋېتىپ، ئىسيانىنى جىمىقتۇردى.

بېيجىڭ باش پوچتا ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلدى.

شۇ يىلى، شايار ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ياقا بۇلاق قاتارلىق تۆت كەنت ئۆگەن دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ سۇ تېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىدى. جەمئىي **2576** مو ئېتىزدىكى زىرائەت سۇ ئاستىدا قالدى.

چارروسىيە ئالتايدا كونسۇلخانا قۇردى.

شىنجاڭنىڭ شۇ يىلقى كىرىمى 1 مىليون 583 مىڭ 67 يۈەن، چىقىمى 3 مىليون 369 مىڭ 989 يۈەن بولۇپ، چىقىم كىرىمدىن 1 مىليون 786 مىڭ 922 يۈەن ئېشىپ كەتتى.

**1913 - يىلى (مىنگونىڭ 2 - يىلى)**

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئۆلكىلىك سەنيىخۇي قۇرۇلدى، دىڭ ئەنيۈەن كېڭەش باشلىقى، گۇمىڭدى مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى.

شۇ يىلى 2 - ئايدا، ئىلى، تارباغاتايدىن باشقا شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 102 يىڭ ئەسكەر بار ئىدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، كۇچانىڭ جۇڭۋاڭى مەتنىسىن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىپ ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا چىنۋاڭلىق ئۇنۋانى بېرىلدى.

3 - ئايدا، قۇمۇللۇق تۆمۈر (تىي جىڭيۈەن) ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكىلىپ، ئاتلىق ئەترەت 3 - يىڭنىڭ يىڭجاڭى بولدى.

4 - ئايدا، مائارىپ مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە ئاممىباپ كىتابلار قىرائەتخانىسى قۇردى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ياڭ فېيشيا تۇتۇق مەھكىمىسى شتابىنىڭ باشلىقى بولدى.



5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، شىنجاڭدا خارجى ئىشلار ئالاھىدە خادىمى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى.

6 - ئايدا، خۇاڭ لىجۇڭ مالىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ۋاڭ جىيايەن ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. 1914 - يىلى 5 - ئايدا ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى قۇرۇلدى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئالتايدا تۇرۇشلۇق روسىيە كونسۇلى جۇڭگو ئەسكىرىنى ئۇردى، جۇڭگو ئەسكەرلىرى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، كونسۇلنى ياريدارلاندۇردى.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، شاياردا ئۆگەن دەرياسىنىڭ مىڭ گەز ئۇزۇنلۇقتىكى قېشىنى يار ئېلىپ كەتتى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، بايلىق سىدىققا بەگ دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ياڭ دىڭشىڭ قەشقەرنىڭ باشبۇغى بولدى.

8 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئۆلكىلىك كېڭەش قارىمىقىدا قانۇن تۈزۈش كومىتېتى تەسىس قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭ ئارقىلىق تۆمۈرنى ئۆلتۈردى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ داھىسى مۆيدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى.

9 - ئايدا، چارروسىيە 1500 ئەسكىرىنى ئالتايدا تۇرۇشقا ئەۋەتتى، ئۇلار يەرلەرنى ئىگىلەپ، دەرەخلەرنى قومۇرۇپ، گەزىرمە سالدى، سىم تارتىپ، پوچتىخانا قۇرۇپ، ئالتاينى ئۇزۇن مۇددەت بېسىۋالماقچى بولدى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، قەشقەرگە بېسىپ كىرگەن رۇس ئەسكەرلىرى چېكىندى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭگو - روسىيە ئۆزئارا كېلىشىمنامە ئالماشتۇردى.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، شىنجاڭدا ئەپيۇن تېرىشنى مەنئى قىلىش بەلگىلىمىسى يولغا قويۇلدى.

شۇ يىلى، شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن روسىيە تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى 8 مىليون 424 مىڭ رۇبلىغا، شىنجاڭدىن روسىيىگە توشۇلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 9 مىليون 846 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. روسىيىدىن ئاساسلىقى ئۇن، شېكەر، چاي، تۆمۈر، ياغاچ، رەخت، مېتال بۇيۇم، ئۇسكۈنە - ئەسۋاب، كىرسىن، سەرەڭگە قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن بولسا، شىنجاڭ ئاساسلىقى ئەلتېرە، يۇڭ - تىۋىت، تېرىدىن ئىشلەنگەن ماللار، ماتا، قۇرۇتۇلغان مېۋە، بۇغداي، ئۆي ھايۋانلىرى، يىپەك قاتارلىقلارنى چىقاردى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە توققۇز پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بولۇپ، 182 ئىشچىسى بار ئىدى. كېيىم تىكىش كارخانىسىدىن يەتتىسى بولۇپ، ئۇلاردا 177 كىشى ئىشلەيتتى، تۆت كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى بولۇپ، 49 ئىشچىسى بار ئىدى. شىنجاڭدا جەمئىي 28 زاۋۇت بولۇپ، 350 ئەر ئىشچى، 57 ئايال ئىشچى جەمئىي 407 ئىشچى ئىشلەيتتى.

روسىيە زايساندىن بۇرچىنغا بارىدىغان سۇ يولىنى ئاچتى.

شۇ يىلى، شىنجاڭنىڭ كىرىمى 1 مىليون 788 مىڭ 217 يۈەن، چىقىمى 5 مىليون 842 مىڭ 704 يۈەن بولۇپ، قىزىل رەقەم 4 مىليون 54 مىڭ 487 يۈەنگە يەتتى.

1915 - يىلى (مىنگونىڭ 4 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، باركۆل ناھىيىسىدە يۇڭ - تېرە شىركىتى قۇرۇلدى.



1 - ئايدا، ستېپىن ئاستانىدا قېزىش - تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، گۆرلۈكلەردىن دەپنە بۇيۇملىرىنى، توقۇلمىلارنى تاپتى. 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قۇرۇقتاغقا قاراپ يولغا چىقتى، ياداڭبۇلاق بىلەن مىران (كىروران)نى خەرىتىگە ئالدى، قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋە باشقا يېزىقلاردىكى تارشا پۈتۈكلەرنى ھەمدە خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن پۇللارنى تاپتى، ئاندىن كورلا، كۇچا، ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قەشقەرگە باردى. 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېپىلغان ئاسار - ئەتىقىلەرنى 182 چوڭ ساندۇققا قاچىلاپ ماڭدۇردى، ئۆزى ئۇلۇغچات ئېغىزى ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ، 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سەمەرقەنتكە باردى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى 3 - قېتىم قىدىرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، «1913—1916 - يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيانى 3 - قېتىم قىدىرىپ تەكشۈرۈش»، «ئاسىيانىڭ مەركىزى قىسمى» دېگەن ئەسەرلەرنى يازدى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن شاڭيۇلۇق ئەمەلنى سېتىشنى چەكلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ماناس ناھىيىسىدىكى داگۈەي دېگەن جايدا، دەريانىڭ ئون گەز كەڭلىكتىكى قېشىنى يار ئېلىپ كەتتى، سۇ غەربتىن شەرققە نەچچە ئون چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا ئېقىپ 270 نەچچە تال ستولبىنى ئۆرۈۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ پىلە غوزىكىنى سېتىۋېلىشىنى چەكلەش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، «جۇڭگو - روسىيە - موڭغۇلىيە كېلىشىمى» چاقتۇدا ئىمزالاندى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ساۋەندا دامبىنىڭ 30 گەز كەڭلىكتىكى قېشى يار كەتتى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېچىسى، كورلىنىڭ خامانگۇ

جىلغىسى دېگەن جايدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، دەريا سۈيى تېشىپ كەتتى، 22 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئۆيلەرنى، ئېتىزلارنى سۇ بېسىپ كەتتى.

7 - ئاينىڭ 24 -، 26 - كۈنلىرى، كۇچانىڭ 16 كەنتى ئۆگەن دەرياسى سۇ تاشقىنىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى.

7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئاقسۇنىڭ قۇمباش، تۆۋەنكى دولان قاتارلىق كەنتلىرى مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بالدۇر توي قىلىشىنى مەنئىي قىلىش يۈزىسىدىن توي قىلىدىغانلار 14 ياشتىن كىچىك بولماسلىقى لازىم دەپ بەلگىلىمە چىقاردى.

كۈزدە، روسىيە گېئولوگلىرى شىخو، ماناسقا كېلىپ كان تەكشۈردى.

10 - ئايدا «شىنجاڭ ئاخباراتى» نەشر قىلىندى. بۇ جەمئىي 147 سان چىقتى، ئۇنىڭدا ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر - پەرمان، ئېلانلىرىغا دائىر مەزمۇنلار بار ئىدى.

11 - ئايدا، ماناس دەرياسى دامبىسىدىن يار كەتتى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن ياڭ دېشىڭنى قەشقەرنىڭ باشبۇغلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ما فۇشىڭنى تەيىنلىدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاقسۇ كونىشەھەردە يەر تەۋرىدى، ئاقسۇنىڭ شەرقىي قىسمى، قەشقەر رايونىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

12 - ئايدا، شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلدى.

كۇچانىڭ 11 كەنتىدە سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، 144 ئائىلە، 2560 مو يەردىكى زىرائەت زىيانىغا ئۇچرىدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە 31 زاۋۇت، 373 ئەر ئىشچى، 44 ئايال ئىشچى، 25 باللانما ئىشچى بار ئىدى.



شۇ يىلى ئۈرۈمچى 2 مىليون 290 مىڭ يۈەنلىك مال ئېكسپورت قىلدى، 1 مىليون 720 مىڭ يۈەنلىك مال ئىمپورت قىلدى.

ئىلى 3 مىليون 890 مىڭ يۈەنلىك مال ئېكسپورت قىلدى، 4 مىليون 820 مىڭ يۈەنلىك مال ئىمپورت قىلدى.

قەشقەر 3 مىليون 450 مىڭ يۈەنلىك مال ئېكسپورت قىلدى، 4 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك مال ئىمپورت قىلدى.

1916 - يىلى (مىنگونىڭ 5 - يىلى)

1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە، نىكەنكا قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 756 مىڭ 991 سەرگە، چىقىرىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 227 مىڭ 650 سەرگە يەتتى.

2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن ليۇيىڭفۇنى ئۆلكىلىك ساقچى - تەپتىش نازىرلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا فىڭ جىڭتاۋنى تەيىنلىدى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، چاڭ يۈچىڭ قەشقەرنىڭ ۋالىسى بولدى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، يى باۋيى مۇۋەققەت سىياسىي ئىشلار نازىرى بولدى. 1918 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مائارىپ نازىرى، قوشۇمچە سىياسىي ئىشلار نازىرى بولدى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن ھەرقايسى ناھىيىلەرگە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە، نىكەنكا قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق شىنجاڭدىن چىقىرىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 517 مىڭ 750 سەرگە، كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 281 مىڭ 520 سەرگە يەتتى.

5 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئالتايدىكى كىلان دەريا-

سىغا كەلگۈن كېلىپ، ئۈچ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتتى.

5 - ئايدا، قۇمۇل ۋاڭى شامەقسۇت، تۇرپان ۋاڭى ئىمىن خوجا، كۇچا ۋاڭى مەمتىمىن، ئاقسۇ ۋاڭى قادىر، باينىڭ بېگى سىدىق، ئۇچتۇرپان بېگى ئىبراھىم، خوتەن ۋاڭى مۇسا قاتارلىقلار يۈەن شىكەينىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشىگە ئېتىراز بىلدۈردى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جىڭ ناھىيىسىنىڭ بەزى جايلىرىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئەمەلدار تەربىيىلەش ئۈچۈن، شىنجاڭدا سىياسەت تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى.

7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، نىكەنكا قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق شىنجاڭدىن چىقىرىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 588 مىڭ 854 سەرگە، كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 675 مىڭ 699 سەرگە يەتتى.

8 - ئايدا، روسىيىنىڭ توقماق قاتارلىق جايلىرىدىكى قازاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئەسكەر تۇتۇشقا قارشى چىقتى، روسىيە قوشۇنى ئۇلارنى باستۇردى، ھەر مىللەت چارۋىچىلىرى ئارقار ئارقىدىن قاچتى، 10 مىڭچە قازاق تارباغاتايغا قېچىپ كېلىپ، يايلاقلارنى ئىگىلىۋالدى، يەرلىك قازاقلار شىخو، ساۋەن، جىڭ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

قەشقەر، ئاقسۇلارغا روسىيىلىك خۇيزۇلار ۋە قىرغىزلار قېچىپ كەلدى.

9 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، روسىيىلىك قازاقلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شىخوغا قېچىپ كەلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئۇيغۇر سودىگەرلەرنى قوغداش ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئەنجاندا كونسۇل تۇرغۇزۇشنى تەكلىپ قىلدى.



10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، روسىيىلىك كازاك ئەسكەرلەر پرژېۋالىسكى دېگەن جايدا 400 نەچچە خۇيزۇنى ئۆلتۈردى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى روسىيىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىسىگە نارازىلىق بىلدۈردى.

10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، ئاقسۇ، ئاقسۇ كونىشەھەر ئىككى ناھىيىدە ئەنگلىيە سودىگەرلىرى بىلەن روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ چىقارغان، كىرگۈزگەن ماللىرىنىڭ قىممىتى مۇنداق:

ئەنگلىيە سودىگەرلىرى چىقارغان ماللارنىڭ قىممىتى 2987 سەر؛

ئەنگلىيە سودىگەرلىرى كىرگۈزگەن مالنىڭ قىممىتى 2712 سەر، روسىيە سودىگەرلىرى كىرگۈزگەن ماللارنىڭ قىممىتى 3768 سەر.

12 - ئاينىڭ 1 كۈنى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ شەرقىي يېزىلىرىدا مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، 3168 مو زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى.

قۇمۇلنىڭ خەنزۇ شەھىرىدە 543 مو ئېتىز ھاشارات ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

پىچاننىڭ تۈيۇق يېزىسىدا يەر تەۋرىدى، كۇچادا يەر تەۋرىدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە 27 زاۋۇت (مەيدان) بار ئىدى.

شىنجاڭنىڭ شۇ يىلقى مالىيە كىرىمى 3 مىليون 343 مىڭ 699 يۈەن، چىقىمى 4 مىليون 730 مىڭ 279 سەر بولۇپ، 1 مىليون 386 مىڭ 580 يۈەن قىزىل رەقەم كۆرۈلدى.

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى شىنجاڭدا 2 مىليون 278 مىڭ 727 ئائىلە نوپۇسى بار ئىكەن.

## 1917 - يىلى (مىنگونىڭ 6 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن روسسىيەدىن قېچىپ كەلگەن ئاسىيالار باشلىقلىرىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا جايلارغا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، فەن ياۋنەن ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جۇرۇيچى قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە: ھۆكۈمەتنىڭ تېلېگراممىسىغا بىنائەن گېرمانىيە بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش كېرەك، دەپ مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى.

1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە، ئىنكەنكا قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 493 مىڭ 184 سەرگە، چىقىرىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 192 مىڭ 458 سەرگە يەتتى.

3 - ئايدا، ئىلى ناھىيىسىدە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

5 - ئايدا، باندىتلار كورلىدا ئوت قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلدى، سودىگەرلەرنىڭ مال - مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە، ئىنكەنكا قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 315 مىڭ 20 سەرگە يەتتى.

6 - ئايدا، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى، خوتەن، كېرىيە، لوپ قاتارلىق جايلاردا ۋابا كېسىلى تارقالدى، خەلق ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلگەنلەر بەزى ناھىيىلەردە نەچچە ئون مىڭغا، بەزى ناھىيىلەردە ئون نەچچە مىڭغا يەتتى. بەزى ئۆيلەردە ھەممە كىشى ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلكە مەركىزى ئۈچ ناھىيىگە كېسەل داۋالاشقا ئۈچ دوختۇر ئەۋەتتى.



(1918 - يىل) 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى قۇرۇلدى، يى باۋيى نازىر بولدى.

1917 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن پەن يۈيشەننى سودا - سانائەت نازىرلىقىغا تەيىنلىدى.

7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، ئىنكەنكا قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 470 مىڭ 860 سەرگە يەتتى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، سوۋېت ھۆكۈمىتى چاررۇسسىيە ئەۋەتكەن ئەلچى، كونسۇل قاتارلىقلار ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، بۇنىڭدىن باش ئەلچى ياكى كونسۇل ئەۋەتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، ئىنكەنكا قاراۋۇلخانىسى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 289 مىڭ 180 سەرگە يەتتى.

شۇ يىلى، روسىيە قورغاس دەرياسىغا كۆۋرۈك سالدى.

قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ئېچىلدى.

ئۆلكە بويىچە 29 زاۋۇت بار ئىدى.

ئۆلكە بويىچە 691 مىڭ 569 يۈەن يەر بېجى يىغىلدى.

1918 - يىلى (مىنگونىڭ 7 - يىلى)

1 - ئايدا، ئاقسۇ كونىشەھەرگە روسسىيەدىن 2 مىڭدىن ئارتۇق قازاق، 161 ئائىلىلىك قىرغىز يەنى 400 دىن ئارتۇق ئەر - ئايال قېچىپ كەلدى، ياڭ زېڭشىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مىڭ قازاق قايتۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، شىڭشىڭشيادا تېلېگرافخانا قۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، خوتەندە راخمان باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسيان كۆتۈردى، ياڭ زېڭشىن راخماننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى.

ياڭ زېڭشىن ھەرقايسى ناھىيىلەرگە نوپۇس ئېنىقلاش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى.

5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، كۇچادا مەمتىلى قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈردى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەمتىلى قاتارلىق بەش كىشى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ ئەتراپلىرىدا يەر تەۋرىدى.

1918 - يىلى، كىتاب ئىدارىسى كىتاب - گېزىت ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، «تەڭرىتاغ گېزىتى» قەرەلسىز چىقىرىلىدىغان بولدى.

1919 - يىلى (مىنگونىڭ 8 - يىلى) ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى.

1920 - يىلى (مىنگونىڭ 9 - يىلى)

1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئاق رۇسلارنىڭ باچىچ قىسمى بىلەن ئالىيانكوۋ قىسمىنىڭ قالدۇقلىرىدىن 20 مىڭدىن كۆپرەك كىشى ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىمىزغا سوقۇنۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى.

1921 - يىلى (مىنگونىڭ 10 - يىلى)

1 - ئايدا، ئالىيانكوۋ قىسمى گۇچۇڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئاق رۇسلارنىڭ دوتۇپ قىسمى ئىلىنىڭ كورە دېگەن يېرىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئوت قويۇش، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

3 - ئايدا، ئالىيانكوۋ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىندى، 1923 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

5 - ئايدا، ئاق رۇسلاردىن نوۋىكوۋ تارباغاتايغا سوقۇنۇپ كىرىپ باچىچ قىسمى بىلەن بىرلىكتە مالىمانچىلىق تۇغدۇردى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى كېلىشىمگە ئاساسەن شىنجاڭنىڭ



ئۆلكە قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە باندىتلارنى قورشاپ يوقاتتى.

10 - ئايدا باچىچ قىسمى تولۇق يوقىتىلدى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى چېكىنىپ كەتتى.

1924 - يىلى (مىنگونىڭ 13 - يىلى)

كۈزدە، شىنجاڭدا رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپى قۇرۇلدى.

ياڭ زېڭشىن قەشقەردە ما فۇشىڭ كۈچلىرىنى تازىلىدى.

1925 - يىلى (مىنگونىڭ 15 - يىلى)

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ياڭ زېڭشىنغا تېلېگرامما بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، ئالتاي، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر شەھەرلىرىدە كونسۇلخانا قۇرۇشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جۇڭگو شەمەي، زايسان، ئالمۇتا، تاشكەنت ۋە ئەنجان قاتارلىق بەش جايدا كونسۇلخانا تەسىس قىلدى.

سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى قۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى قۇرۇلدى.

1928 - يىلى (مىنگونىڭ 17 - يىلى)

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى. فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتى قۇرۇلدى ۋە تىجارەت باشلىدى. 1933 - يىلى بۇ شىركەتنىڭ زاۋۇتى ئۇرۇشتا كۆيۈپ كەتتى. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، فەن ياۋنەن رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش مۇراسىمىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە باشقىلار ئارقىلىق ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقە تارىختا «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى.

جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. 1931 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولدى.

1931 - يىلى (مىنگونىڭ 20 - يىلى)

قۇمۇلدا يەر تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىندى، قۇمۇل، باركۆل، ئېۋىرغول ئۈچ ناھىيە تەسىس قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شوباۋدىكى بىر ھەربىي بىر ئۇيغۇر قىزغا زورلۇق بىلەن ئۆيلەنگەچكە «شوپۇل ۋەقەسى» يۈز بەردى، بۇ قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى كۈرىشىگە ئوت پىلتىسى بولدى.

ما جۇڭيىڭ يارىلىنىپ گەنسۇدىكى ئەنشى، دۇنخۇاڭ، يۈيمىن ئەتراپلىرىغا چېكىندى.

1932 - يىلى (مىنگونىڭ 21 - يىلى)

يازدا، جىن شۇرېن شېڭ شىسەينى «شەرقىي يول باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى»لىققا تەيىنلەپ قۇمۇلغا تۆت يولدىن ھۇجۇم قىلدى، خوجانىياز، يولۋاسلار پىچانغا كەتتى.

8 - ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ ما شىمىڭ قىسمى شىنجاڭغا كىردى.

12 - ئايدا، ما شىمىڭ بىلەن خوجانىياز، يولۋاسلار بىرلىشىپ پىچاننى ئىشغال قىلدى، ما چۈەنلۇ ئۈرۈمچىدىكى نەنسەنگە كىردى.

1933 - يىلى (مىنگونىڭ 22 - يىلى)

1 - ئايدا، ما جۇڭيىڭ قوشۇن باشلاپ 2 - قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، ئۆلكە مەركىزىگە ئىككى يولدىن ھۇجۇم قىلدى. يولۋاس پىچان بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. ما شىمىڭ قاراشەھەردە 36 - دىۋىزىيىنىڭ باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانلىق شتابىنى قۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى كۇچا، بۈگۈر، باي، ئاقسۇغا كېڭەيدى. قارىقاش، خوتەن، لوپ، كېرىيە، گۇما، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن قاتارلىق جايلار جىن شۇرېنغا قارشى چىقتى.



2 - ئايدا، ما چۈەنلۇ قىسمى ئۈرۈمچىدىكى ياۋمۇشەن تېغىغا، غەربىي چوڭ كۆۋرۈككە، قىزىلتاغ ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلدى. ھەمدە مىچۈەن، سانجى، فۇكاڭ، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق جايلار ئۆلكە قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلدى.

3 - ئايدا شەرقىي شىمال ئارمىيىسى (دۇڭبېيجۈن) ئۈرۈمچىگە كىردى.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بەردى، جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى.

6 - ئايدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر شتابىنىڭ 2 - باشلىقى خۇاڭ موسۇڭنى شىنجاڭغا «ھال سوراش»قا ئەۋەتتى، شېڭ شىسەي، چېن جۇڭ، تاۋمىڭيۆ، لى شياۋتيەن قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلاشتى. 8 - ئايدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى لىيۇ ۋېنلۇڭنى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە، شېڭ شىسەينى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە، جاڭ پېيىۋەننى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە يېڭى تەشكىللەنگەن 8 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلىدى.

9 - ئايدا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئەدلىيە - مەمۇرىي مىنىستىرى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتىپ شېڭ شىسەينى نۇقتىلاش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى.

1934 - يىلى (مىنگونىڭ 23 - يىلى)

2 - ئايدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گۇمران بولدى.

4 - ئايدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «سەككىز ماددىلىق خىتابنامە» ئېلان قىلدى. پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنى چاقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىپ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق، بىرلىك خاتىرە كۈنى دەپ ئېلان قىلدى.

10 - ئايدا، ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1935 - يىلى (مىنگونىڭ 24 - يىلى)

4 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپە» نى ئوتتۇرىغا قويدى.

5 - ئايدا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى قەرز ئالدى.

1936 - يىلى (مىنگونىڭ 25 - يىلى)

5 - ئايدا ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

7 - ئايدىن 1939 - يىلى 6 - ئايغىچە 1 - ئۈچ يىللىق پىلان مەزگىلى بولدى. شۇ يىلى شېڭ شىسەي كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى تەمىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئېلان قىلدى.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

1937 - يىلى (مىنگونىڭ 26 - يىلى)

1 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى 2 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز بەردى.

4 - ئايدا، قەشقەردىكى دىۋىزىيە كوماندىرى مامۇت، خوتەندە ماخۇشەن قىسمى توپىلاڭ كۆتۈردى، 10 - ئايدا شېڭ شىسەي چەتنىڭ ياردىمىدە توپىلاڭنى تىنجىتتى.

5 - ئايدا، شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭغا قوشۇن



ئەۋەتىشتىن ئاۋۋال يولۋاسنىڭ كۈچلىرىنى قۇمۇلدىن قوغلاپ چىقاردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ تارماق ئەترىتى شىنجاڭغا كەلدى؛ بۇ قوشۇن «يېڭى ئەسكەرلەر گازارمىسى» دەپ ئاتالدى.

8 - ئايدىن باشلاپ شېڭ شىسەي «سۈيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، سوۋېت كوممۇنىستلىرىغا ۋە نۇرغۇن سىياسىي رەقىبلىرىگە زەربە بەردى.

9 - ئايدا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، ئۇ خەلق ئاممىسىنى ئىئانە توپلاپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە قوزغىدى.

10 - ئايدا، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىپ، بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا ئىشلەشكە كەلدى.

1938 - يىلى (مىنگونىڭ 27 - يىلى)

1 - ئايدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 8 - پولكى قۇمۇلغا ئورۇنلاشتى.

10 - ئايدا، شىنجاڭ خەلق ۋەكىللىرىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى.

1939 - يىلى (مىنگونىڭ 28 - يىلى)

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا سودا بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

2 - ئايدا پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ پۇلنىڭ قىممەت ئۆلچىمى «كوي»، «يۈەن» دىن «سەر» گە ئۆزگەرتىلدى.

11 - ئايدا، جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

7 - ئايدىن 1942 - يىلى 8 - ئايغىچە 2 - ئۈچ يىللىق

پىلان مەزگىلى بولدى.

1940 - يىلى (مىنگونىڭ 29 - يىلى)

2 - ئايدا ئالتاينىڭ كۆكتوقاي رايونىدىكى قازاق چارۋىچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭ جىڭ قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيدى، 9 - ئايدا قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ ۋاقىتىنچە بېسىقتى.

1941 - يىلى (مىنگونىڭ 30 - يىلى)

4 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى 4 مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇش زايومى تارقاتتى.

5 - ئايدىن باشلاپ شېڭ شىسەي شىنجاڭ بويىچە 2 - قېتىم «سوۋېتقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقتى. مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر زات دۇجۇڭيۈەن قولغا ئېلىنىپ، 1943 - يىلى 7 - ئايدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

6 - ئايدا قېلىن قار تاغ يولىنى ئېتىۋالغاچقا قوزغىلاڭ بېسىقىپ قالدى. شۇ يىلى ئېچكى، تاشقى ۋەزىيەت يامانلاشتى، شېڭ شىسەي ئىلغارلىق چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاشقا باشلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

1942 - يىلى (مىنگونىڭ 31 - يىلى)

3 ئايدا شېڭ شىسەي شېڭ شىچېنىنى ئۆلتۈرگۈزدى ۋە بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستلارغا زىيانكەشلىك قىلدى.

8 - ئايىنىڭ ئاخىردا، سوڭ مېيلىڭ شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەينى ئۆز يېنىغا تارتتى، شېڭ شىسەي «پىرقى دۆلەت»كە سادىق بولىدىغانلىقىنى، جياڭ جېيشىغا مۇتلەق بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما تارقىلىپ كەتتى.

9 - ئايدا، ۋۇ زېشياڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ



شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە خادىمى قىلىپ بەلگىلەندى.

11 - ئايدا، شېڭ شىسەي قوشۇمچە 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

1943 - يىلى (مىنگونىڭ 32 - يىلى)

1 - ئايدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى يەنە قۇرۇلدى، ھەربىي قىسىملاردا ئالاھىدە پىرقە قۇرۇلدى.

3 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىسى تەپتىش رايونىدا تەپتىش تەسىس قىلىندى.

6 - ئايدا ئوسمان، دەلىلقان شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قوراللىق قارشى چىقتى. 9 - ئايدا چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار شېڭ شىسەي تەرىپىدىن يوشۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى ساقچى باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1944 يىلى (مىنگونىڭ 33 - يىلى)

6 - ئايدا، تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

9 - ئايدا، شېڭ شىسەي خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇشقا چۇڭچىڭغا كەتتى، ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. ئىلقا چارۋىچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سەھىپىسى ئېچىلدى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا ئىنقىلابى پارتىلىدى. 12 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

1945 - يىلى (مىنگونىڭ 34 - يىلى)

4 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەتتە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ شىمالىي فرونت، ئوتتۇرا فرونت، جەنۇبىي فرونتتىن ئىبارەت ئۈچ يۆنىلىش بويىچە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قوزغاشنى قارار قىلدى.

پىلان ...ەنۇبىي سەپتىكى مىللىي ئارمىيە بايىنى ئىش... ...ي شىنجاڭ پارتىزانلىرى تاشقورغاننى ئىشغال ... يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى.

...نىدى. ... مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئەترىتى شىمالىي ... تارباغاتاي بىلەن ئالتاينى ئىشغال قىلدى، ئوتتۇرا فرونتتا ماناس دەرياسىغىچە ئىلگىرىلەپ باردى. جەنۇبىي فرونتتىكى قىسىملار ۋىنسۇنى ئىشغال قىلىپ، ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى،

10 - ئايدا مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا چېكىندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

1946 - يىلى (مىنگونىڭ 35 - يىلى)

1 - ئايدا، تاشقۇرغان پارتىزانلار ئەترىتى قاغىلىق، پوسكامنى ئىشغال قىلدى، 7 - ئاينىڭ ئالدى - كەينىدە تاشقورغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي - مەمۇرىي ئورگانلار ئىلگىرىكىيىن بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

11 مـاددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە ۋە 1 - قوشۇمچە ھۆججەتكە ئىمزا قويۇلدى.

4 - ئايدا، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە قۇرۇلدى.

6 - ئايدا، تىنچلىق بىتىمىنىڭ 2 - قوشۇمچە ھۆججىتىگە ئىمزا قويۇلدى. قامالغان كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 130 نەچچە كىشى شىنجاڭدىن ئايرىلىپ شەنشىگە يېتىپ باردى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە رەئىس، ئەخمەتجان، بورھانلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى. 18 - كۈنى سىياسىي پروگرامما ئېلان قىلىندى.

8 - ئايدا، ئوسمان گومىنداڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى چىقتى.



9 - ئايدا، تارباغاتاي ۋەقەسى يۈز بەردى.

1947 - يىلى (مىنگونىڭ 36 - يىلى)

2 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسەت قىلىنغان «25 - فېۋرال ۋەقەسى» يۈز بەردى.

4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە جاڭ جىجۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى، قەشقەردە كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا ئېلىنىپ ئەيىبلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشقا باشلىدى.

5 - ئايدا پانتۈركىست مەسئۇت ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، بۇ ئىش ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئۆلكىلىك كېڭەش بۇزۇلدى.

6 - ئايدا، بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەردى.

7 - ئايدا، تۇرپان، پىچان، توقسۇندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

8 - ئايدا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىلىغا قايتىپ كەتتى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلاندى.

1948 - يىلى (مىنگونىڭ 37 - يىلى)

شىنجاڭدا تىنچلىق - خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى (قىسقارتىلىپ «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ بارلىق ئەزالىرى «شىنجاڭ ئىتتىپاقى»غا كىردى.

1949 - يىلى (مىنگونىڭ 38 - يىلى)

1 - ئايدا، بورھان ئۆلكە رەئىسى بولدى.

4 - ئايدا، جاڭ جىجۇڭ بېيپىڭدا قېپقالدى، ئورنىغا مابۇفاڭ غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ قوماندانى بولدى.

8 - ئايدا، جەنۇبىي سەپتىكى مىللىي ئارمىيە باينى ئىشغال قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىزانلىرى تاشقورغاننى ئىشغال قىلدى ھەمدە قەشقەر، يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى.

9 - ئايدا، مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزانلار ئەترىتى شىمالىي فرونتتا تارباغاتاي بىلەن ئالتاينى ئىشغال قىلدى، ئوتتۇرا فرونتتا ماناس دەرياسىغىچە ئىلگىرىلەپ باردى. جەنۇبىي فرونتتىكى قىسىملار ۋىنسۇنى ئىشغال قىلىپ، ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى،

10 - ئايدا مۇز داۋان ئارقىلىق ئىلىغا چېكىندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

1946 - يىلى (مىنگونىڭ 35 - يىلى)

1 - ئايدا، تاشقورغان پارتىزانلار ئەترىتى قاغىلىق، پوسكامنى ئىشغال قىلدى، 7 - ئاينىڭ ئالدى - كەينىدە تاشقورغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي - مەمۇرىي ئورگانلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە ۋە 1 - قوشۇمچە ھۆججەتكە ئىمزا قويۇلدى.

4 - ئايدا، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيە قۇرۇلدى.

6 - ئايدا، تىنچلىق بىتىمىنىڭ 2 - قوشۇمچە ھۆججىتىگە ئىمزا قويۇلدى. قامالغان كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 130 نەچچە كىشى شىنجاڭدىن ئايرىلىپ شەنشىگە يېتىپ باردى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە رەئىس، ئەخمەتجان، بۇرھانلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى. 18 - كۈنى سىياسىي پروگرامما ئېلان قىلىندى.

8 - ئايدا، ئوسمان گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى چىقتى.



9 - ئايدا، تارباغاتاي ۋەقەسى يۈز بەردى.

1947 - يىلى (مىنگونىڭ 36 - يىلى)

2 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسەت قىلىنغان «25 - فېۋرال ۋەقەسى» يۈز بەردى.

4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە جاڭ جىجۇڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى، قەشقەردە كىشىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا ئېلىنىپ ئەيىبلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشقا باشلىدى.

5 - ئايدا پانتۈركىست مەسئۇت ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى، بۇ ئىش ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئۆلكىلىك كېڭەش بۇزۇلدى.

6 - ئايدا، بەيتىك ۋەقەسى يۈز بەردى.

7 - ئايدا، تۇرپان، پىچان، توقسۇندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

8 - ئايدا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىلىغا قايتىپ كەتتى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلاندى.

1948 - يىلى (مىنگونىڭ 37 - يىلى)

شىنجاڭدا تىنچلىق - خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى (قىسقارتىلىپ «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ بارلىق ئەزالىرى «شىنجاڭ ئىتتىپاقى»غا كىردى.

1949 - يىلى (مىنگونىڭ 38 - يىلى)

1 - ئايدا، بورھان ئۆلكە رەئىسى بولدى.

4 - ئايدا، جاڭ جىجۇڭ بېيپىڭدا قېپقالدى، ئورنىغا مابۇفاڭ غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ قوماندانى بولدى.

5 ـ ئايدا، شىنجاڭدا مەملىكىتىمىزنىڭ پۇل تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن، سومما سانى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1 مىليارد يۈەنلىك ئۆلكە پۇلى تارقىتىلدى.
8 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن غۇلجىغا كېلىپ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ماۋ زېدۇڭ ــ ئەخمەتجان قاسىملارغا خەت يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەركىتىنىڭ بىر قىسمى» دېدى.
27 ـ كۈنى، ئەخمەتجان، ئىسھاقبېگ، ئاببासوۋ، دەلىلقان، لوجى قاتارلىق بەش كىشى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىغا كېتىۋاتقاندا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى.
9 ـ ئايدا، دېڭ لىچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى، 25 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانى تاۋجىيۆ قاتارلىقلار ھەققەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلدى. 26 ـ كۈنى ئۆلكە رەئىسى بورھان قاتارلىقلار ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ گومىنداڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى.
10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويدى.

(تۈگىدى)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت نۇردۇن
ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



**新 疆 文 史 资 料 选 辑（28）**（维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会编

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　　新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米　32开本　13.5印张　3插页
1990年8月第1版　　1990年8月第1次印刷
印数：1——2,450

ISBN 7—228—01353—0/K· 25元
（内部发行 20 元